ئەركىن سىدىق يازمىلىرى

5 - قىسىم

# غالىپلارنىڭ خاراكتېرى ۋە ساۋاقلىرى



# ئەركىن سىدىق يازمىلىرى

**(5 ـ قىسىم)**

## غالىپلارنىڭ خاراكتېرى ۋە ساۋاقلىرى

ئەركىن سىدىق يازمىلىرى 5 ـ قىسىم

# غالىپلارنىڭ خاراكتېرى ۋە ساۋاقلىرى

يازغۇچى: ئەركىن سىدىق ( ئامېرىكا )
ئېلخەت: erkinsidiq@gmail.com

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابدۇلئەزىز بەشتوغراق
مۇقاۋا: ئەفۋان
بەتچىك: پىداكار
ئالاقىلاشقۇچى : تەدبىر شىركىتى www.tedbirltd.com

مەتبەئە ۋە نەشرىيات: تۈنچېئەل رېزىنكە باسما مەتبەئەچىلىك نەشرىيات
سانائەت تىجارەت چەكلىك مەسئۇلىيەتلىك شىركىتى
Tunçel Ofset Matbaacılık Yay. San. Tic. Ltd. Şti. Davutpaşa Cad. Güven Sanayi Sitesi
B.blok 369-370 Topkapı / İstanbul Tel:(0212) 501 95 85 - (0212) 565 37 00

تۇنجى نەشرى: 2016 ـ يىل ئۆكتەبىر ISBN: 978-605-9078-78-8

ئاغاچ كىتاپخانا نەشرىيات قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىك غىزا ۋە تىببى بۇيۇملار
سانائەت تىجارەت چەكلىك مەسئۇلىيەتلىك شىركىتى

AĞAÇ KİTABEVİ YAY. İNŞ. TAAH.
GIDA VE MEDİKAL ARAÇLAR. SAN. TİC. LTD. ŞTİ.
**Fevzi Paşa Cad. Şehit Kubilay Sk. No:6 Fatih/İstanbul**

« ئاراف نەشرىيات » بولسا « ئاغاچ كىتاپخانىسى » ماركىسىدۇر.
مەنبەسى ئەسكەرتىلگەن ھالدا پايدىلانسا بولىدۇ.
رۇخسەتسىز كۆپەيتىشكە، بېسىشقا بولمايدۇ.
Araf Yayınları” bir “Ağaç Kitabevi” markasıdır.
Kaynak gösterilerek alıntı yapılabilir
İzinsiz çoğaltılamaz, basılamaz

Araf


**ئاپتور: دوكتور ئەركىن سىدىق**

# مۇندەرىجە


ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزى........................................1

ئەركىن سىدىق ئاكا، ۋەتەندىكىلەر سىزگە رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايمىز ...... 12

خەنزۇ مىللىتى ئىرقىي كەمسىتىشنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ........ 22

يەھۇدىيلارنى 3000 يىل ساقلاپ قالغان ئامىللار ...................... 39

يەھۇدىيلارنىڭ كۈچلۈك بولالىشىدىكى مۇھىم ئامىللار........................ 62

ياپونلۇقلارنىڭ ئېتىقادى، ئەخلاقى ۋە تەبىئىي خاراكتېرى ............ 91

ياپونلۇقلارنىڭ مىللىي روھى ...................................... 125

گېرمانلارنىڭ 7 خىل كىشىلىك خاراكتېرى........................... 172

گېرمانلارنىڭ ئادەتلىرى ۋە مەدەنىيەت خاراكتېرلىرى ................ 191

«پىسخولوگىيەلىك ئۇرۇش» ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە ............. 199

تارىختىكى ۋە ھازىرقى پىسخولوگىيەلىك ئۇرۇشلارنىڭ مىساللىرى...... 214

پىسخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ 4 چوڭ قەدەم-باسقۇچى ................ 236

پىسخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ ئوخشىمىغان تۈرلىرى...................... 261

«ياپونلارنىڭ مىللىي روھى» دېگەن ماقالىگە چۈشكەن بىر قانچە ئىنكاسلار ................................................ 277

ئاپتورنىڭ يەھۇدىيلار ۋە ياپونلۇقلار ھەققىدىكى يازمىلىرىغا چۈشكەن ئىنكاسلاردىن تاللانمىلار ................................ 289

# ئالدىمىزدىكى ۋەزىپە — ئېتىقادنى ساقلاپ، مائارىپ ۋە ئىلىم-پەندە زامانىۋىلىققا يېتىشىۋېلىپ، سانائەتلىشىش باسقۇچىنى تولۇقلىۋېلىش

— ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزى —



مەن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بىر مىللەتنى ساقلاپ قېلىش ۋە مىللەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە ناھايىتى قىزىقىپ كەلدىم. ماتېرىيال ئىزدەش ۋە ئوقۇش جەريانىدا بۇ مەسىلىگە ئىنچىل تۈردە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدىم، ھەمدە مۇشۇ ھەقتە بىر قىسىم ئۇچۇر ۋە بىلىملەرنى توپلىدىم. مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزگىنىم ئەنە شۇنداق ئىزدىنىش ئارقىلىق توپلىغان ئۇچۇر ۋە بىلىملەر ئاساسىدا يېزىپ تەييارلىغان بىر قىسىم ماقالىلەر. بۇ ماقالىلەر ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرى ئەمەس — ۋاقىت چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، مەن ھازىرغىچە ئىلمىي تەتقىقاتلارنى پەقەت ئۆزۈمنىڭ كەسپىي دائىرىسىدىلا قىلىپ كەلدىم. ئەمما، مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈلگىنى ئاساسىي جەھەتتىن باشقا كەسىپ

ئەھلىلىرىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغان ۋە باشقىلارنىڭ تەكشۈرۈش ۋە ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىدىكى بىر قىسىم جەۋھەرلەرنى سۈزۈپ ئالغان مەزمۇنلار.

ئۆز تارىخىنى ئۆگىنىشتىكى مەقسەتلەرنىڭ بىرى ئۆزىنىڭ كىملىكىنى تېپىۋېلىش، ۋە ئۆتمۈشتىكى ئىشلاردىن ساۋاق ئېلىش. باشقىلارنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشىدىكى مەقسەتلىرىنىڭ بىرى، ئۇنى كەلگۈسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش. بىر مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ باشقا مىللەتلەرنى ئۆگىنىشى ۋە تەتقىق قىلىشىدىكى مەقسەتلىرىنىڭ بىرى، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىدىكى ئاجىزلىقلارنى بايقاش، باشقىلارنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى تېپىپ چىقىپ، ئۇلاردىن ئۆگىنىش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش. بۇ كىتابتىكى ماقالىلەردە يەھۇدىيلار، ياپونلار ۋە گېرمانلارغا ئائىت بىر قىسىم تارىخىي ئۇچۇرلار بار. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مىللىي خاراكتېرى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىگە ئائىت بىر قىسىم بىلىم ۋە مۇھىم مەلۇماتلارمۇ بار.

تۆۋەندىكىسى مەن ھازىرغىچە توپلىغان، ھەممە ئۆزۈم مۇھىم بىلگەن تارىخ، مىللەت، مىللىي كىملىك ۋە دۆلەتكە ئائىت بىر قىسىم مۇھىم مەلۇماتلار.

**تارىخ تەتقىقاتىنىڭ توغرا ئۇسۇلى:** تارىخ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئىچىدە مۇنداق 2 خىل كىشىلەر بار. ئۇلارنىڭ بىرى، «تارىختىن پايدىلانغۇچىلار» بولۇپ، ئۇلار پەقەت پاكىتلار ۋە سانلىق مەلۇماتلار ئاساسىدا تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلارنىڭ يەنە بىرى بولسا «قوپال تەپەككۇرچىلار» بولۇپ، ئۇلار نەزەرىيىلەرنى ئەمەلىيەتكە ۋە پاكىتلارغا تەتبىقلايدۇ. دېمىسىمۇ پاكىتلار ئۆز-ئۆزى ئۈچۈن سۆزلىمەيدىغان بولۇپ، پەقەت ئانالىز قىلىش ئارقىلىقلا پاكىتلارنى مۇۋاپىق قىممەتكە ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ. ئانالىز قىلىش بولسا «قوپال تەپەككۇر» نى تەلەپ قىلىدۇ. چوڭقۇر ئانالىز بىلەن بىرلەشتۈرمەي، پەقەت تارىختىكى چوڭ ۋەقەلەر ۋە ئاشۇ ۋەقەلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان ئىندىۋىدۇئاللارنى بايان قىلىدىغان مەزمۇنلار پەقەت ئويدۇرمىلار ۋە رىۋايەتلەر دەرىجىسىدىلا توختاپ قالىدۇ. ئۇنداق مەزمۇنلار قىزىقارلىق ئوقۇشلۇق بولالىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇلار ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي كۈرەشلەرنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە ئاشۇ كۈرەشلەر تەسىر كۆرسەتكەن ئۆزگىرىشلەرنى چۈشىنىشكە ياردەم قىلالمايدۇ. ئۇنداق مەزمۇنلار ئاشۇ

كۇرەشلەر پەيدا قىلىدىغان ھوقۇق-ھاكىمىيەت مۇناسىۋەتلىرىنى، ۋە ئۇلار ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان كونترول قىلىش ۋە مەجبۇرلاش ئۇسۇللىرىنى چۈشىنىشكىمۇ ياردەم قىلالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن تارىخ بىر قانچە ئىندىۋىدۇئاللار قولىغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر بىلەن ئۇلار سەۋەبچى بولغان مەغلۇبىيەتلەر، ھەمدە ئۇلارنىڭ «ياخشى» نىيەتلىرى بىلەن «يامان» ئەمەللىرىنىڭ تارىخىغىلا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئاشۇنداق بىر جەرياندا تارىخ رىۋايەتكە، ۋە تارىخشۇناسلار بولسا ھېكايە ئېيتقۇچىلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تارىخىي شەخسلەر چوقۇم ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشلىرى بىلەن بىللە چۈشىنىلىشى كېرەك.

**ئېتنىك توقۇنۇش سىياسىي مەسىلە:** ئېتنىك توقۇنۇشنى سىياسىي مەسىلە، دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. سىياسىي جەريان ئەخلاق ۋە پرىنسىپلارنى ئېتىبارغا ئالماي، پەقەت ھوقۇق-ھاكىمىيەتنىلا كۆزدە تۇتىدۇ. ھوقۇق-ھاكىمىيەتنى ئانالىز قىلىش ئۇسۇللىرى ئىچىدە مۇنداق 2 خىل ئۇسۇلمۇ بار. ئۇنىڭ بىرى «ھوقۇق كېلىشىش ۋە ئېرىش ئارقىلىق يۈرگۈزۈلىدۇ»، دەپ ئانالىز قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ، يەنە بىرى بولسا «ھوقۇق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەش ۋە باستۇرۇش ئارقىلىق يۈرگۈزۈلىدۇ»، دەپ ئانالىز قىلىش ئۇسۇلى. بىرىنچى خىل ئۇسۇلدا، «ئىگىلىك ھوقۇقىنى تىكلەش ئۈچۈن، بىر ئىجتىمائىي كېلىشىم سۈپىتىدە، ئەسلىدىكى ھوقۇقتىن ۋاز كېچىلىدۇ»، دەپ قارىلىدۇ. مۇشۇ خىل ئۇسۇل بويىچە قارىغاندا، ھەر قېتىم ھوقۇق كېڭەيتىلگەندە، ئۇ بىر ئېرىش جەريانىغا ئۆزگىرىدۇ. ئىككىنچى خىل ئۇسۇل بويىچە بولغاندا، كېلىشىم مەۋجۇت بولمايدۇ، شۇڭلاشقا ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىش مەسىلىسىمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا باستۇرۇش ھوقۇقنى كېڭەيتىش بولماستىن، پەقەتلا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇشنىڭ داۋامى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىرىنچى خىل ئۇسۇل بويىچە قارىغاندا، كېلىشىش ۋە ئېرىشنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ قارشىلىق كۆرسىتىش كېلىپ چىقىدۇ. ئىككىنچى خىل ئۇسۇل بويىچە بولسا، كۇرەش ۋە بويسۇندۇرۇش ئاساسىدا قارشىلىق كېلىپ چىقىدۇ. بىر ئىشنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى بەلگىلەيدىغىنى دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆزى بولۇپ، بىر بېقىندى خەلق ئۈچۈن ئېيتقاندا بىر ئىشنى «قانۇنلۇق» ياكى «قانۇنسىز» دېيىش ھوقۇقى مەۋجۇت بولمايدۇ. بېقىندى خەلقنىڭ دۇچ

كېلىدىغىنى ھۆكۈمران ئورۇندىكى خەلق بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىدىن ئىبارەت بولىدۇ. كۆپ مىللەتلىك ئەلدە ھۆكۈمەت تەشەببۇس قىلىدىغان «رەسمىي مىللەتپەرۋەرلىك» ياكى «ۋەتەنپەرۋەرلىك» بىر خىل يالغانچىلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا دۆلەت «تارىخى ئوخشاش، مەدەنىيىتى ئوخشاش، تىلى ئوخشاش ۋە دىنى ئوخشاش خەلقلەرنىڭ بىرلىشىشىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن دۆلەت» ، دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئەمما، ئوخشىمىغان ئېتنىك گۇرۇپپىلار ئۇنداق يالغانچىلىقنى قوبۇل قىلماي، ئۆزىنىڭ خاس تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە تىلىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ئۇنداق يالغانچىلىققا جەڭ ئېلان قىلىدۇ.

**دۆلەتنىڭ رولى:** دۆلەت بىر سىياسىي ھوقۇق ئىنستىتۇتىدۇر. شۇڭلاشقا دۆلەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇش تارىخى قەدىمكى ئىنسان جەمئىيەتلىرىگە بېرىپ تۇتىشىدۇ. ئەمما، بۈگۈنكىدەك بيۇروكراتلىق ئەللەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى پەقەت يېقىنقى زاماننىڭ ئىشى بولۇپ، دۆلەت چېگرالىرى ۋە گراجدانلىرى قاتتىق كونترول قىلىنغان ئەللەرنىڭ ۋۇجۇدقا كەلگىنىگە ئەمدى ئاران 100 يىلدەك ۋاقىت بولدى. ھازىرقى زامان ئەللىرىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، ئۆز گراجدانلىرىنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدە ۋە ئىنتايىن كەڭ دائىرىدە ئارىلىشىش بولۇپ، بۇنداق ئارىلىشىش دائىرىسى ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى، ھەمدە ھازىرقى زامان ئەللىرىنىڭ ئاشۇنداق ئالاھىدىلىكى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن يېقىنقى يىللاردا دۆلەتنىڭ ماھىيىتىنى ئۆزگەرتىدىغان مۇھىم ئىشلار ئېلىپ بېرىلدى. ھازىرقى زامان ئەللىرىنىڭ شەكلى ھەر خىل. مەسىلەن، ھازىرقى زامان ئەللىرى دېموكراتىيە، سوتسىيالىزم، كوممۇنىزم، فاشىزم ياكى ھەربىي دىكتاتورىلىق قاتارلىق ھەر خىل شەكىلدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەمما، گەرچە ئۇلارنىڭ شەكلى بىر-بىرىنىڭكىگە ئوخشاشمايدىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئارىلىشىۋېلىش ماھىيىتى ئوخشاش. يەنى، ھازىرقى زامان ئەللىرىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى ئوخشاش بولۇپ، ئۇلار پەقەت ھېلىقىدەك مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇسۇللىرىدىلا بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، ئىدېئولوگىيە ئىنژېنېرلىقى ھازىرقى زاماندىكى ھەر بىر ئەلنىڭ قۇرۇلمىلىرىنىڭ بىر مۇھىم قىسمى، ئەمما ئاشۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئوخشىمىغان ئەللەر ئوخشىمىغان ئۇسۇللارنى قوللىنىدۇ. بۇ ئۇسۇللار تەۋسىيە قىلىش بىلەن مەجبۇرلاش، ۋە زىيانكەشلىك قىلىش

بىلەن قاتتىق باستۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دۆلەتلەرنىڭ مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشىنىش مىللەتپەرۋەرلىكنى توغرا چۈشىنىشنىڭ مۇھىم شەرتلىرىنىڭ بىرى.

**ياۋروپا ئەللىرى بىلەن ئاسىيا ئەللىرىنىڭ پەرقى:** ياۋروپادا يېڭى سىنىپلار ۋە يېڭى سالاھىيەت گۇرۇپپىلىرىنىڭ كۈرەشلىرى ئارقىلىق ھاكىممۇتلەقلىق تۈزۈمىدىكى ئەللەر ئەركىن ئەللەرگە ئۆزگەرتىلدى. ئاشۇ گۇرۇپپىلارنىڭ ئۆز ئورۇنلىرىنى مۇستەھكەملىشى ۋە ۋەتەنلىرىنىڭ ئۆز تەلەپلىرىگە ماقۇل بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن ئۇزۇن مۇددەت ۋاقىت كەتتى. 1789 ــ 1848 ـ يىللىرىدىكى «ئۇلۇغ ئىنقىلاب» ئوتتۇراھال سىنىپ ياكى «بۇرژۇئازىيە سىنىپلىرى» ۋە ئۇلارنىڭ ئەركىن جەمئىيەت چۈشەنچىسىنىڭ غەلىبىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىنقىلابتا ياۋروپادىكى كۆپلىگەن دىكتاتور ئەللەر ئاساسىي قانۇنى بار ئەللەرگە ۋە جۇمھۇرىيەتلەرگە ئۆزگەرتىلدى. ئاسىيا ۋە ئافرىقىدىكى كۆپلىگەن ئەللەر بولسا تاكى يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە ھەر خىل شەكىلدىكى مۇستەملىكە ئەللەر سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. ياۋروپا ئەللىرى بىلەن پەرقلىق ھالدا، بۇ ئەللەر زامانىۋىلىققا ئاساسىي جەھەتتىن بازار تەدبىرلىرى ئارقىلىق كىرمەي، سىياسىي ـ ھەربىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق كىردى. ئاسىيا ۋە ئافرىقىدىكى كۆپىنچە ئەللەرنىڭ مىللىتارىستىك ۋە دىكتاتورلۇق تۈزۈمى ئاستىدىكى ئەللەر بولۇپ قېلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبلەر ئەنە شۇ. ياۋروپادىكى ئەللەر ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەردىكى ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق تەرەققىي قىلدى. ئاسىيا ۋە ئافرىقىدىكى ئەللەر بولسا ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ ئەللەر يېڭى ھوقۇق مۇناسىۋەتلىرىنى مۇستەھكەملىمەي، ۋە يېڭى ئىقتىسادىي كۈچلەرنى كۈچلەندۈرمەي تۇرۇپلا زامانىۋىلىققا قەدەم قويىدى. ئىمپېرىيىلەرگە ماس كېلىدىغان ھاكىممۇتلەقلىق روللىرىنى ئېلىپ، يەرلىك جامائەتلەرنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھوقۇق سىستېمىسىنىڭ ئورنىغا بىر مەركىزىي بيۇروكراتىك سىستېمىنى دەسسەتتى.

**مىللەت ۋە مىللەتپەرۋەرلىك:** ياۋروپادا مىللەتپەرۋەرلىك ئۇقۇمى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا كېلىپ، يەرلىك جامائەتلەر ۋە يەرلىك ھوقۇقلارنىڭ ئورنىنى ئۇلارنى ئۆز ـ ئارا باغلاپ تۇرىدىغان بىر دۆلەت ۋە ئۇنىڭ مەركىزىي ھوقۇق سىستېمىسى ئالدى. ئەمما ئاسىيا ۋە ئافرىقىدىكى ئەللەردە ئىشلار ئۇنداق بولمىدى. ئۇ يەردىكى ئەللەردە مىللەتپەرۋەرلىكنى دۆلەتنىڭ بيۇروكراتلىشىشى كەلتۈرۈپ

چىقاردى. يەنى ئۇ يەردىكى ئەللەردە مىللەتپەرۋەرلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغان نەرسە دۆلەتنىڭ ئارىلىششى پەيدا قىلغان ئەنئەنىلەر ئۆستىدىكى بۇزغۇنچىلىقلار بولدى. شۇنداقلا دۆلەتنىڭ بازار ئىقتىسادى، سانائەتلىشىش ۋە قۇرۇلما تەرەققىياتىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي كۈچلىرى تەرىپىدىن تەدرىجىي ھالدا ئۆزگەرتىلمىگەنلىكى بولدى. مۇستەملىكىلىككە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ۋۇجۇدقا كەلگەن مىللەتپەرۋەرلىك مۇستەملىكىچى ئەلگە قارشى تۇردى. ئۇ مۇستەملىكە قىلىنغان خەلقلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى بولغان مۇستەملىكىچى ئەلگە قارشى ئىتتىپاقلاشتۇردى. ئۇ ئەللەر مۇستەملىكىلىكتىن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئەللەردىكى خەلقلەرنىڭ مىللەتپەرۋەرلىكى ۋەتەنپەرۋەرلىككە ئۆزگەردى. ئۇ ئەللەردىكى جەۋھەر كۈچلەرنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئۆز دۆلىتىنى تولۇق قۇرۇپ چىقىش بولۇپ قالدى. ياۋروپادىكى ئىشلار بولسا پۈتۈنلەي باشقىچە بولدى. ئۇ يەردىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئەڭ دەسلەپتىن باشلاپلا ئۆز ۋەتىنى بىلەن باغلىدى. يەنى ئۇلار ئۆز ۋەتىنىنى باشقىلارنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋېلىش جەريانىغا دۇچ كەلمىدى. ئۇلارغا ئۆز ھۆكۈمىتىدىكى دىكتاتورلىقنى ئازايتىپ، ھۆكۈمىتىنى ئۆزلىرىنىڭ تەلەپلىرىگە قۇلاق سالىدىغان قىلىش يولىدا تىرىششلا يېتەرلىك ئىش بولدى. مۇستەملىكە قىلىنغان ئەللەردە بولسا مىللەتپەرۋەرلىك كىشىلەرنى ئۆز ۋەتىنىنى ئۆز قولىغا قايتۇرۇپ كېلىپ، بىر مەركىزىي دۆلەت سىستېمىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئەمما، بۇ جەريان كۆپىنچە ۋاقىتلاردا مىللىتارىستىك ۋە دىكتاتورلىق ھاكىمىيەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، ئۇ ھاكىمىيەت ئۆز دۆلىتىدىكى ئاز سانلىق ياكى بېقىندى ئورۇندىكى مىللەتلەرگە يېڭى تىپتىكى «يەرلىك مۇستەملىكىچىلىك» تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

ئېتنىك ۋە مىللىي توقۇنۇشلار يېقىنقى زاماندىن باشلاپ يۈز بەرگەن ۋە ھازىرمۇ يۈز بېرىۋاتقان ئەڭ چوڭ ھادىسىلەرنىڭ بىرى. مىڭلىغان ۋە مىليونلىغان كىشىلەر ئاشۇ ھادىسىلەر تۈپەيلىدىن ئۆز ھاياتىدىن ئايرىلدى. ئاشۇ ھادىسىلەر ئۈستىدە گەپ بولغاندا، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ھادىسىلەر ئاسىيا ۋە ئافرىقىدا ئەڭ ئومۇملاشقان، دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ياۋروپامۇ بۇ خىل ھادىسىلەردىن مۇستەسنا ئەمەس. مەسىلەن، ناتسىست گېرمانىيە بىلەن يۇگوسلاۋىيە ئېتنىك قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىپ، ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىنتايىن كۆپ ساندىكى كىشىلەرنى ئۆلتۈردى. ئىرېلاندىيە ۋە ئىسپانىيە مىللەتچى گۇرۇھلىرىمۇ تېررورلۇق ۋاقىتلىرى

ئارقىلىق ئەنگلىيە ۋە ئىسپانىيە شەھەرلىرىدە ئىنتايىن كۆپ ساندىكى بىگۇناھ كىشىلەرنى ئۆلتۈردى.

كىشىلەر ئادەتتە ئېتنىك توقۇنۇشنى «ئىپتىدائىي» ۋە «مەدەنىيەتسىز» ھەرىكەت، دەپ ھېسابلايدۇ. مىللىي كىملىك ۋە ئېتنىك توقۇنۇش ھەقىقەتەنمۇ قەدىمدىن تارتىپ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن نەرسە. ئەمما، ئەگەر بىز بارلىق پاكىتلارغا قاراپ باقىدىغان بولساق، ئېتنىك توقۇنۇشنىڭ ھازىرقىدەك كۆلىمى ۋە ۋەھشىيلىك دەرىجىسى پەقەت يېقىنقى زامانىنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ زامانىۋىلىق ۋە زامانىۋى ئەللەر بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. بارلىق ئېتنىك ۋە مىللىي كۈرەشلەرنىڭ ھەممىسى زامانىۋى ئەللەرنى چۆرىدىگەن ھالدا يۈز بېرىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئەڭ ۋەھشىي ئېتنىك توقۇنۇشلارنىڭ بىر قىسمىنى بەزى دۆلەتلەر ئۆزلىرى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ. ناتسىست گېرمانىيە بىلەن يۇگوسلاۋىيە مانا شۇنىڭ مىساللىرى. دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ دۆلەت ھاكىمىيەتلىرى ئېلىپ بارغان زوراۋانلىق ۋە تېررورلۇق تۈپەيلىدىن مىڭلىغان ۋە ئون مىڭلىغان كىشىلەر ئۆلۈپ كەتكەن ئەھۋاللار ئاز ئەمەس.

ئېتنىك ۋە مىللىي زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى ئادەتتە ئىككى خىل شەكىلدە يۈز بېرىدۇ: ئۇنىڭ بىرى دۆلەت تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان، يەنە بىرى بولسا دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان. دۆلەتلەر ئوخشىمىغان پىكىردىكىلەرنىڭ ئاۋازىنى ۋە ئاپتونومىيە ياكى ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە قىلىش تەلەپلىرىنى «تەبىقىلەر ھەرىكەتلىرى» ياكى «بۆزغۇنچى ھەرىكەتلەر» دەپ قارايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئېتنىك، يەرلىك تىللىق ۋە دىنىي گۇرۇپپىلار ئۆزلىرىنى «چەتكە قېقىلدۇق» ۋە «بۇ دۆلەتكە ھەقىقىي تۈردە تەۋە بولالمىدۇق» دەپ ھېسابلاپ، ئۆز دۆلىتىنى ئۆزلىرىنىڭ تەلەپلىرىگە قۇلاق سالىدىغان قىلىشقا ئۈرۈنىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلىش مۇمكىن بولمايدىكەن، ئۇ ھالدا ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر ئايرىم دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. بۇنداق كۈرەشلەر يالغۇز سىياسىي كۈرەشلەر بولۇپلا قالماي، ئۇلار يەنە ئىقتىسادىي كۈرەش، مەدەنىيەت كۈرىشى، يەرلىك كۈرەش، ئېتنىك كۈرەش ۋە دىنىي كۈرەش بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەيلى ئۇلار قايسى خىلدىكى كۈرەش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ يەردە ئاساسىي رول ئالغۇچى دۆلەتنىڭ ئۆزى بولۇپ، ئاشۇنداق كۈرەشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچىمۇ دۆلەتنىڭ ئۆزى بولىدۇ. مىللىي ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئالدىغا ئايرىم دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن،

دەپ ئويلاش خاتا. ئەمما مىللىي ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئاشۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ئىگىلىرى ئۆز دۆلىتىنىڭ ئادىل مۇئامىلىسىگە ئېرىشىشنى، يەنى ئۆزلىرى ھەقىقىي تۇردە ئاشۇ دۆلەتنىڭ پۇقرالىرىدەك ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مىللىي ۋە دىنىي كۇرەشلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ مىللىي ياكى دىنىي كىملىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئەمەس. مىللىي ھەرىكەتلەر ئوخشىمىغان نىقاب بىلەن، ئوخشىمىغان شەكىلدە ۋە كۆپلىگەن ئوخشىمىغان ئەھۋال ئاستىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. شۇنداقلا مىللىي ھەرىكەتلەر يالغۇز ئېزىلگەن مىللەتلەر ئىچىدىلا ئەڭ كۈچلۈك بولمايدۇ. ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان مىللەتلەرمۇ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، تىل، دىن ۋە سىياسىي جەھەتلەردىكى ھەر خىل مىللىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بارىدۇ. مەيلى ھۆكۈمران ئورۇندىكى مىللەتلەر بولسۇن ياكى ئېزىلگەن مىللەتلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ مىللىي ھەرىكەتلىرىنىڭ مەنبەسى يەنىلا دۆلەتنىڭ ئۆزى بولىدۇ.

مەن بۇ يەردە بايان قىلماقچى بولغان، ئۆزۈم توپلىغان بىر قىسىم ئۇچۇر ۋە بىلىملەر شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. مېنىڭ مۇشۇ يەرگە يۇقىرىدىكى مەزمۇنلارنى كىرگۈزۈپ قويۇشۇمدىكى ئاساسىي سەۋەب، ئۆزىمىزنىڭ ئەھۋالى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەھۋاللارنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىدۇر. بۇ يەردە بۇنىڭدىن كۆپ ئانالىز ۋە تەتبىقلاش ئېلىپ بېرىش مۇۋاپىق ئەمەس بولۇپ، مەن ئۇ ئىشنى ھەر بىر ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم قىلىپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن 2005-يىلى ئۇيغۇرچە تورلاردا ماقالە تەييارلاپ ئېلان قىلىشنى باشلىغاندىن بۇيان، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تىرىشىش نىشانى ھەققىدە بىر قانچە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاخىرقىسى مۇنداق: **ئۆز ئېتىقادىنى ساقلاپ، مائارىپقا تايىنىپ، تەبىئىي-پەن، تېخنولوگىيە، ئىنژېنېرلىق ۋە ماتېماتىكىدىن ئىبارەت 4 ساھەدە دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن قاتتىق كۈرەش قىلىپ، شۇ ئاساستا سانائەت بىلەن ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش.** بىزنىڭ نېمە ئۈچۈن ھازىرقىدەك بىر ھالەتتە كىرىپ قالغانلىقىمىز ھەققىدە مەن داۋاملىق ئويلىنىۋاتىمەن، ۋە داۋاملىق ئىزدىنىۋاتىمەن. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەزمۇنلاردىن سىستېمىلىق ھالدا خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، مەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانائەت ئىنقىلابى دەۋرىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزمىگەنلىكى،

ياۋروپا ئەللىرىگە ئوخشاش ئالدى بىلەن ئۆلنى پۈختىلاپ، ھازىرقى زامانغا تەدرىجىي ھالدا تولۇق تەييارلىقى بار ھالەتتە كىرمىگەنلىكى ئۇيغۇرلارنى بىر ناھايىتى پايدىسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى ھېس قىلدىم. سانائەتلىشىش كىشىلەردىن مائارىپنى ھەر بىر دەۋردىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكۈزۈشنى، تەبىئىي-پەن، تېخنولوگىيە، ئىنژېنېرلىق ۋە ماتېماتىكىدا دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسى بىلەن ماس قەدەمدە مېڭىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇلار ئەنئەنىۋى كۆز-قاراش بىلەن دىنىي چۈشەنچىلەرنى زامانىۋىلىقتا ماسلىشالايدىغان بىر تەرىقىدە ساقلاپ مېڭىشنىڭمۇ ئالدىنقى شەرتى بولالايدۇ. يەھۇدىي، ياپون ۋە گېرمان نوپۇسلىرى ئىچىدىكى ئىنژېنېرلار ھازىر ئۇلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ كەم دېگەندە 25 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئەمما ئۇيغۇرلار ھازىرمۇ بىر دېھقان مىللىتى ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئۆزۈمنىڭ مۆلچەرىچە، ئۇيغۇر نوپۇسىدىكى ئىنژېنېرلارنىڭ نىسبىتى ھازىر 0.25 پىرسەنتتىنمۇ تۆۋەن بولۇشى مۇمكىن. بىر قىسىم ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ تولۇق ئوتتۇرىدىن باشلاپ ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئوقۇشى ئۇلارنىڭ زامانىۋىلىقتا ماسلىشالايدىغان كىشىلەردىن بولۇپ تەربىيىلىنىپ چىقىش قەدىمىنى تېزلىتىدۇ. ئەمما، بىرىنچىدىن ئۇنداقلارنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز، ئىككىنچىدىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلۇقىنى زور نىسبەتتە يوقىتىپ قويۇشتەك ئېغىر ۋە ئېچىنىشلىق بەدەللەرنى تۆلەۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا نۇرغۇن ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتلارنى يەنىلا ئۆز زېمىنىدا ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. يېقىنقى ئون نەچچە يىلنىڭ مابەينىدە ئۇيغۇر كارخانىچىلىقى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۆزۈمنىڭ چۈشىنىشىچە ئۇ جەھەتتىكى تەرەققىيات ھازىرمۇ ناھايىتى تېز بولۇۋاتىدۇ. ئەمما، ئۇيغۇرلار قۇرغان كارخانىلار ئىچىدە ماددىي بۇيۇملارنى ئۆزلىرى بىۋاستە ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلار ھازىرچە ئىنتايىن كىچىك نىسبەتنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سانائەتلىشىش باسقۇچىغا كىرگەنلىكى ھەققىدە ھازىرچە سۆز ئېچىش يەنىلا مۇمكىن ئەمەس. قىسقىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئالدىدىكى ۋەزىپە ئېغىر ۋە مۇساپە ئۇزۇن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن ھەر بىر ۋىجدان ئىگىسى ئۆز ئىمكانىيەتلىرىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئىشقا سېلىپ، قاتتىق تىرىشمىسا بولمايدۇ. مەن مەزكۇر كىتابتىكى مەزمۇنلارنىڭ ئوقۇرمەنلەرنى مىللەتنى قانداق گۈللەندۈرۈش مەسىلىسىدە بىر قىسىم يېڭى چۈشەنچە ۋە يېڭى بىلىملەر بىلەن تەمىن ئېتىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇ كىتابقا كىرگۈزگەن ماقالىلەرنىڭ ھەجمى سەل كىچىك بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، مەن مەزكۇر كىتابنىڭ ئاخىرىغا تورلاردىكى يەھۇدىيلار، ياپونلار ۋە گېرمانلار ھەققىدىكى ماقالىلىرىم ئاستىغا چۈشكەن بىر قىسىم ئىنكاسلارنى قوشۇپ قويدۇم. ئۇ ئىنكاسلار يالغۇز ماڭا بېرىلگەن باھا ۋە مەدھىيەلەرلا ئەمەس. ئەگەر يالغۇز باھا ۋە مەدھىيەلەرلا بولغان بولسا، مەن ئۇلارنى بۇ كىتابقا كىرگۈزمەيتتىم. ئۇ ئىنكاسلاردا دىيارىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ھەققىدىكى تەھلىللەر، ۋەتەندىكى ياشلارغا بېرىلگەن تەكلىپ-تەۋسىيەلەر، پۈتۈن خەلققە قارىتىلغان بىر قىسىم تەشەببۇسلار، ۋە بىر قىسىم قىممەتلىك تولۇقلىما مەزمۇنلارمۇ بار. شۇڭلاشقا ئۇ مەزمۇنلار ھەم مەن ئۈچۈن ھەم باشقا ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن بىر ناھايىتى ياخشى ئوقۇش ماتېرىيالى بولالايدىغان بولۇپ، مەن ئۇ مەزمۇنلارنى مۇشۇ كىتاب ئارقىلىق ساقلاپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئاشۇنىڭغا ئوخشاش سەمىمىي سۆزلىرى ماڭا ئىزچىل تۈردە زور مەدەت، زور مەنىۋى ئوزۇق، ۋە ئۆزۈم ئۆزۈمنى توغرا چۈشىنىپ تۈرۈشتىكى قىممەتلىك «ئەينەك» بولۇپ كەلدى. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، توردىكى ماقالىلىرىمگە ئىنكاس يېزىش ئارقىلىق مېنى قوللاپ ۋە ماڭا مەدەت بېرىپ كەلگەن بارلىق قېرىنداشلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

ئالدىنقى 4 كىتاب بىلەن ئوخشاش، مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەرنى قەدىرلىك ئىنىم «پىداكار» تورغا چىقىرىشتىن بۇرۇن تەھرىرلەپ بەردى، بۇ قېتىم ئۇلارنى قايتا بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈپ، كىتاب ئۈچۈن تەييار قىلدى، ۋە كىتابنىڭ كومپيۇتېر ھۆججىتىنى بىر قوللۇق تەييارلاپ چىقتى. يەنە بىر قەدىرلىك ئىنىم ئابدۇلئەزىز بەشتوغراق بولسا مېنىڭ كىتابلىرىمنىڭ مۇقاۋىسىنى تەييار قىلىش، كىتابلارنى باستۇرۇش، ۋە ئۇلارنى تارقىتىش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى داۋاملىق ھالدا بىر قوللۇق قىلىپ بېرىۋاتىدۇ. مەن بۇ ئىككى ئۇكىمىزغا قانچىلىك رەھمەت ئېيتساممۇ ئازلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان ئابدۇرەھىم غېنى ئۇكىمىز مېنىڭ ئالدىنقى 3 كىتابىمنى ياۋروپادىكى قېرىنداشلارغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئالدى. مەن بۇ يەردە ئابدۇرېھمجان ئىنىمىزغىمۇ چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەزكۇر كىتابنىڭ مۇقاۋىسىنى لايىھىلەپ بەرگەن، ھازىرچە نامسىز تۇرۇشنى تاللىغان قېرىندىشىمىزغىمۇ چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن. بۇ كىتابتىكى «يەھۇدىيلار، ياپونلار ۋە

گېرمانلار ھەققىدىكى يازمىلارغا چۈشكەن ئىنكاسلاردىن تاللانمىلار» دېگەن مەزمۇنىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىنى تۇرسۇن ئەرتۇنا ئۈكىمىز، كېيىنكى يېرىمىنى بولسا دىلبەر خەمىت سىڭلىمىز تەھرىرلەپ بەردى. مەن بۇ يەردە بۇ ئىككىيلەنگىمۇ چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

ئاخىرىدا مەن بۇ كىتابىنىمۇ مىللەتنىڭ غېمىنى ئۆز مەنپەئىتىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ياخشىلاش يولىدا پاك يۈرەك بىلەن توختاۋسىز، ئۈن-تىنسىز ۋە ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان بارلىق قېرىنداشلارغا بېغىشلايمەن.

**ئەركىن سدىق**

ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى لوس ئانژېلىس شەھىرى

2016-يىلى 15-ئىيۇن

# ئەركىن سىدىق ئاكا، ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلار سىزگە رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايمىز

ئاپتورى: بۆرە010

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئەركىن سىدىق ئاكا. مەن سىزنىڭ ئۇيغۇرچە تور بېكەتلىرىگە ئالدىراشلىق ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ يوللاۋاتقان ئەسەرلىرىڭىزنى ئىزچىل كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن. ئەلۋەتتە سىزگە پۈتكۈل ئۇيغۇر قېرىنداشلار نامىدىن رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايمەن. تۇرمۇش ۋە خىزمەت رىتىمى شۇنداق تېز، رىقابەت شۇنداق كەسكىن بولغان ئامېرىكا جەمئىيىتىدە يەنە ۋاقىت چىقىرىپ بىزنى نادىر ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتىسىز. ئەسەرلىرىڭىز يۇرتىمىزدىكى يازغۇچىلار يازغان ئەمما سېتىلماي كىتابخانىلاردا توپا بېسىپ ياتقان كىتابلاردىن مىڭ مەرتىۋە ئېسىل بولغاچقا ھەممىمىزنى مەپتۇن قىلىدۇ. مەنمۇ ھەم سىز ۋە تۇرسۇنجان نۇرمەمەت بىلگە، تاشپولات روزى، قەيسەر مىجىت قاتارلىق قېرىنداشلىرىمىز قاچانمۇ بىرەر پارچە ماقالە ئېلان قىلار دەپ تۆت كۆزىمىز بىلەن كۈتۈپ تۇرىمىز.

ئۇيغۇرلار 21-ئەسىرگە بىر خىل تېڭىرقاش ئىچىدە كىرىپ كەلگەن ئىدى. ھەرھالدا خۇداغا شۈكرى. مۇشۇ يىللاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىدا گەرچە يۈرەكنى ئەزگۈدەك ھەسرەتلىك ۋە ئېچىنىشلىق ئىشلار يۈز بەرگەن بولسىمۇ ئەمما يەنە نۇرغۇن خۇشاللىنارلىق ئىشلارمۇ مەيدانغا كەلدى. بىزدە گەرچە ئاز بولسىمۇ سىلەرگە ئوخشاش خەلقئارادا كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىملار بارلىققا كەلدى. ۋەتەن ئىچىدە گەرچە كۆلىمى كىچىك بولسىمۇ يەنە نۇرغۇنلىغان كارخانىلار بارلىققا كەلدى. ئەمدىلىكتە ئاز تولا پۇل تاپقان بەزى مەرىپەتپەرۋەر غورۇرلۇق كارخانىچىلىرىمىزدا يېڭىچە بىر خىل قىزغىنلىق يەنى خەيرى-ساخاۋەت قىزغىنلىقى مەيدانغا كەلدى. دېمەكچى بولغىنىم ئۆگىنىش نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى بولغان، چەتئەللەردىكى داڭلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇغۇسى بولسىمۇ ئەمما ئىقتىسادىي جەھەتتىكى توسالغۇ تۈپەيلىدىن ئوقۇيالماي قالغان بىر قىسىم

ئوقۇغۇچىلارنى ئاشۇ كارخانىچىلىرىمىز ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ئوقۇشقا يولغا سېلىۋاتىدۇ. ئىشقىلىپ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ.

ئامېرىكىدىكى سىلەرگە ئوخشاش ئالىملار نادىر ئەسەرلىرىڭلار ئارقىلىق قەلبىنى بىر خىل ئۈمىدسىزلىك ۋە تېڭىرقاش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ياشلارغا ناھايىتى چوڭ ئۈمىد ۋە ئىلھام ئاتا قىلدىڭلار. سىلەر ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئاسمان-زېمىن ئالتۇن-كۈمۈش، ئۈنچە-مەرۋايىت دۆۋىلەپ بەرمىدىڭلار. ئەمما سىلەر ھەددى-ھېسابسىز ئالتۇندىنمۇ بىباھا نەرسىنى يەنى بىزلەرگە ئۈمىد ئاتا قىلدىڭلار. ئىشەنچ ئاتا قىلدىڭلار. بىر خىل ئۆگىنىش قىزغىنلىقى قوزغىيالىدىڭلار. سىلەر كۆپ قىسىم ئۇيغۇر ياشلىرىغا بىر خىل ماياك بولالىدىڭلار. سىلەر بىزگە ۋوي، ئەركىن سىدىق، شۆھرەت مۇتەللىپ، تاشپولات روزى، تۇرسۇنجان نۇرمەمەت بىلگە، قەيسەر مىجىت قاتارلىق ئالىملىرىمىزمۇ بىزگە ئوخشاش ئۆز ئانا تىلىمىزدا ئوقۇپ، سەھرادا توپا كېچىپ چوڭ بولۇپ، ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن قىلچىلىك ساختىپەزلىك ۋە شەكىلۋازلىققا ئورۇن بولمىغان، بۈگۈنكى دۇنيانىڭ خوجىسى ھېسابلانغان دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەت ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدا ئۆزىنى ئاكاڭ قارغاي جاھاندا بىر دەپ يۈرگەن ئىنگلىزلارنى تاڭ قالدۇرۇپ شۇنداق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۇلارمۇ ئۇيغۇر پەرزەنتىغۇ، ئەجەبا بىزمۇ نېمىشقا شۇلار قىلغاننى قىلالمايمىز دەيدىغان ھېس تۇيغۇلارنى ئويغاتتىڭلار. مانا بۇ سىلەرنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە قوشقان تۆھپەڭلار. مېنىڭ بىلىشىمچە ھازىر دۇنيادا ئالدىنقى 100 نىڭ ئىچىگە كىرگەن ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردىن تاشقىرى شۇ مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلارنى تاپقىلى بولىدىغان بوپتۇ. پەقەت ئىلىم-مەرىپەت تىرىشچانلىق، قەيسەرلىك بىلەن ياشاش روھىلا بىزنىڭ تەقدىرىمىزنى ئۆزگەرتىپ، ئۇيغۇرلارنى يەھۇدىيلار، ياپونلار، ئىنگلىزلار، نېمىسلار ۋە كورىيانلارغا ئوخشاش دۇنيادىكى مۇنەۋۋەر مىللەتلەر قاتارىغا ئۆتكۈزەلىشى مۇمكىن.

ئەركىن سىدىق ئاكا، مەن سەل كۆپ سۆزلەپ قويدۇممۇ نېمە؟ ئەمما سۆزلەيدىغان يەرگىمۇ كەلدى. چۈنكى سىلەر ۋەتەندىكى قېرىنداشلار ئۈچۈن ئۈن-تىنسىز، مېھنەتسىز تەر تۆكۈۋاتىسىلەر. ئەمدى رەھمەت ئېيتىدىغان يەرگىمۇ كەلدى. مەن قەلبىمگە گۈزەل يۈكسەك ئارمانلارنى پۈككەن سودا ساھەسىدە ئىزدىنىۋاتقان ئاددىي بىر ئۇيغۇر. پۈتكۈل ئۇيغۇر

جەمئىيەتتىگە ۋە ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلالمايمەن. شۇنداق بولسىمۇ چەتئەللەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئىزدىنىۋاتقان، ئۇيغۇرنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىش ئۈچۈن جاپا-مۇشەققەتلەرگە چىداپ تىرىشىۋاتقان، چەتئەللىكلەرنىڭ «سەن كىم؟ قەيەردىن كەلدىڭ؟» دېگەن سوئالىغا ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى نەتىجىسى ئارقىلىق جاۋاب بېرىپ، ئۇيغۇردىن ئىبارەت بۇ مىللەتنى جاھانغا تونۇتۇش ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاۋاتقان، ۋەتەندىن ئوقۇش ئۈچۈن چىقىپ تېنەپ-تەمتىرەپ قېلىۋاتقان، ياتسىراپ قېلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مىننەتسىز مەقسەتسىز قولىدىن كېلىشىچە ياردەملەردە بولۇۋاتقان دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بارلىق ئالىملىرىمىزغا، كارخانىچىلىرىمىزغا ۋە شۇ جايلاردا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر جامائەتتىگە ۋەتەندىكى بارلىق ئۇيغۇرلار نامىدىن بىر رەھمەت ئېيتىپ قويغۇم كەلدى خالاس.

سىلەر ئۇيغۇرنىڭ يۈرىكى. تېخىمۇ كۆكلەڭلار. سىلەر بىز ئۈچۈن بىر ماياك. تېخىمۇ نۇرلىنىپ كېتىڭلار. سىلەر بىز ئۈچۈن بىر ئۈمىد، سىلەرنىڭ نەتىجىلىرىڭلار بىزگە بىر ھەقىقەتنى يەنى دۇنيادا ھەرقانداق بىر مىللەت قىلغان ئىشنى ئۇيغۇرلارمۇ چوقۇم قىلالايدۇ، يەنە كېلىپ ئۇلاردىنمۇ ئاشۇرۇپ ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلالايدۇ، دېگەن بىر ئىدانى ياڭراتماقتا. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان ئالىملىرىمىزنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئائىلىسىگە تىنچ-ئامانلىق، تۇرمۇشىغا بەخت، كەسپىي ئىشلىرىنىڭ نەتىجىلىك بولۇشىنى تىلەيمەن. تېخىمۇ كۆپ ۋە نادىر يازمىلىرىڭلار ئۈزۈلۈپ قالمىسۇن. ئۇيغۇر ئانا تىلىدىكى تور بېكەتلىرىمۇ ھەم سىلەرنىڭ نادىر يازمىلىرىڭلار ئارقىلىق كۈنسېرى ئاۋاتلىشىۋاتىدۇ. مۇنبەرنىڭ نېمىلىكنى بىلمەيدىغان، مۇنبەرگە قىزىقمايدىغان قېرىنداشلىرىمىزدىمۇ ھازىر تورغا كىرىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلمەكتە. ئەلۋەتتە مۇنبەر مۇنداقچە ئېيتقاندا ھازىر ئۇيغۇرنىڭ يۈرىكىگە ئايلاندى. بىز بارلىق خۇشاللىقلىرىمىزنى قايغۇ-ھەسرەتلىرىمىزنى مۇنبەردە تۆكۈپ مۇنبەردە كۈلۈپ يەنە مۇنبەردە يىغلاپ مانا بۈگۈنگە كەلدۇق. سىلەرگە ئالەمچە رەھمەت.

**مەنبە:** http://bbs.bagdax.cn/thread-29161-1-1.html

2015-يىلى 4-ئاينىڭ 4-كۈنى

## مەزكۇر تېما ئاستىغا چۈشكەن ئىنكاسلار

(1) **SEMENGAH:** رەھمەت سىزگە، مىللىتىمىزنىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى قىلىپسىز. ئەركىن سىدىق ھەقىقەتەن رەھمەت ئېيتىشقا تېگىشلىك ئالىمىمىز. بىز ئەركىن سىدىقتەك ئالىملىرىمىز بىلەن پەخىرلىنىمىز.

(2) **karluk007:** توغرا ئەركىن سىدىق ئالىمىمىز، ئىلىم ـ پەن ئاسمىنىدا توختاۋسىز كۆككە ئۆرلەۋاتقان ئۇيغۇرىمىزنىڭ بىرىدۇر. ئىلىم ـ پەندە ئۆزىمىزنى دۇنياغا تونۇتالىساقلا بىزنىڭ يۈزىمىز يورۇق بولىدۇ.

(3) **Zahir:** ئەركىن سىدىق، شۆھرەت مۇتەللىپ ۋە باشقا **100**لىگەن ئالىملىرىمىزدىن ئالەمچە سۆيۈنىمىز. سىلەرگە سالاملار بولسۇن.

(4) **sultan777:** چەتئەللەردىكى خىزمەت قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنى بىزلەرگە تونۇتۇش ئارقىلىق بىزلەرگە ئىلھام ئۈمىدلەرنى ئاتا قىلدى. بىز ئۇلاردىن پەخىرلىنىمىز.

(5) **LAQIN610:** راستلا ئۇلارنى مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغان شەخسلەردۇر. مەن بولۇپمۇ ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ يازمىلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇيمەن ، خۇددى مەندە كەم نەرسىلەرنى مەن ئۇچۇنلا يازغاندەك.

(6) **jim ـ jit:** تېما ئىگىسى بىزنىڭ كۆڭلىمىزدىكىنى دەپتۇ. كۆزىدىن ئايرىغان ئاللاھ ھاسىسىدىن ئايرىمايدىكەن.

(7) **tokqi123:** تېما ئىگىسى راستىنلا خەلقىمىزنىڭ كۆڭلىدىكى سۆزنى قىپتۇ. شۇنداق بىز سىلەردەك ئالىملىرىمىزنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىمىز، سىلەرنىڭ خالىس خىزمەتلىرىڭلارغا چەكسىز رەھمەت ئېيتىمىز، تېنىڭلارغا سالامەتلىك، ئىشلىرىڭلارغا ئۇتۇقلار تىلەيمىز!

**(8) karabag:** ئەركىن ئاكا قەلىمىڭىز ھارمىغاي. بىز ھەقىقەتەن سىزنىڭ يازمىلىرىڭىز ئارقىلىق ئۆزىمىزنى بىلىم بىلەن كۈچلەندۈرۈشكە بولغان ئىرادىمىز ۋە ئىشەنچىمىز ئېشىۋاتىدۇ. سىز ۋە ئائىلىڭىزدىكىلەرگە سالامەتلىك ۋە ئۇتۇق تىلەيمىز.

**(9) uyghari:** بۇ تېمىدا ئۇيغۇرلارنىڭ كۆڭلىدىكى سۆزلەر دېيىلىپتۇ. ئامېرىكىدىكى ئىلىم-پەن ساھەسىدە ئۇتۇق قازىنىپ، ئۇيغۇرلارنى دۇنياغا تونۇتۇشتا زور تۆھپە ياراتقان ئۇيغۇر ئالىملىرىمىز خەلقىمىزنىڭ پەخىرلىك ئوغلانلىرىدۇر. مۇۋەپپەقىيەت ئۇلارغا ھەر دائىم يار بولسۇن.

**(10) uyghuran:** ئەركىن سىدىق ئاكىمىز كەبى ئوغلانلىرىمىزدىن پەخىرلىنىمىز. ئۆتكەندە ئاكىمىز توغرۇلۇق تەپسىلىي ماتېرىياللارغا ئىگە بولاي دەپ بەيدۇ قامۇسىدىن ئىزدەپ كۆرسەم ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنى تونۇشتۇرغىنى بار ئىكەن. يارقىن 7 نامىلىق تورداش يوللاپتۇ. تولىمۇ ئەپسۇس ئۇ ئىنىمىز ئاكىمىزنى تونۇمىسا كېرەك.

**(11) mirza1:** تېما ئىگىسىنىڭ كۆڭلىمىزدىكى سۆزلەرنى قىلغىنىغا ئاپىرىن! ئەركىن سىدىق ئەپەندى كەبى ئەزىمەتلىرىمىز بولغاچقا كۆڭلىمىز توق، يۈزىمىز يورۇق تۇرىدۇ.

**(12) karakhan07:** مەنمۇ مۇشۇ سەپتە. ئەركىن سىدىق ئاكىمىزغا رەھمەت ئېيتىمەن. باشقا ئىش قىلىپ بېرەلمىسەكمۇ خاتىرجەملىك، ئۇتۇقلۇق تىلەيمەن.

**(13) honzade:** ئامان بولسۇن! ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسۇن! تېخىمۇ كۆپ ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگىلى نېسىپ قىلسۇن! دۇئالىرىمىزدا ياد ئېتىمىز ئاكىمىزنى!

**(14) alaman0998:** ئەركىن سىدىق ئاكا، سىزگە مىڭلىغان تەشەككۈرلەرنى ئېيتساقمۇ كەملىك قىلىدۇ! يىغىپ ئېيتقاندا سىزنىڭ يۇرتىمىزدىن شۇنچە يىراق جايدا تۇرۇپمۇ مۇشۇ ئۇيغۇر ئۇچۇن يالقۇنجاپ كۆيۈپ تۇرغان ساپ ئالىيجاناب يۈرىكىڭىزگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەتلەر ئېيتىمەن. ئىشخانامدا خەن مىللىتىدىكى خىزمەتداشلار راكېتا، ئالەم كېمىسى ۋە ياكى دۆلىتىمىز قويۇپ

بەرگەن قايسىبىر راكېتا توغرىسىدا گەپ بولۇنسا يۈرەكلىك هالدا بىزنىڭمۇ بىر ئالىمىمىز هازىر ئامېرىكىنىڭ ناسا ئالەم تەتقىقات مەركىزىدە دەپ سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى ۋىجدانىم، غۇرۇرۇم ۋە ئىپتىخارلىق بىلەن سۆزلەپ كېتىمەن ... ئاللاھ ئىگەم سىزگە ئوخشاش ئۇيغۇر ئالىملىرىمىزنىڭ يولىنى يورۇق قىلغاي، تېنىنى سالامەت ئائىلىسىگە زور خۇشاللىق ۋە شاتلىق يار بولغاي. ئۇيغۇرنىڭ سىزدەك ئالىمىمىز بولغاندەك سىزنىڭمۇ ئەقىللىق، ئىشچان، غۇرۇرلۇق، ۋىجدانلىق بولغان سىزنىڭ هەر بىر قەدىمىڭىزنى قوللايدىغان مۇشتۇمنى تۈگۈپ تۇرۇپ «ئۇيغۇر» دەپ توۋلايدىغان شىرمەت خەلقىڭىز بار!! رەهمەت سىزگە.

**(15) iltebir107:** خەلق ياخشىلىق قىلغاننى، قانداق هۆرمەتلەشنى بىلىدۇ. سىز مەيلى قايسى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىڭ، ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەرگە ئازراق بولسىمۇ قولىڭىزدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىڭ. قىلغىنىڭىزنى بىلىپ سىزگە هۆرمەت بىلەن باقىدىغانلار چوقۇم چىقىدۇ. خۇددى بىلىمخۇمار ئۇستازغا ئوخشاش.

**(16) 1398029499:** ماختاشلار بەكمۇ ئورۇنلۇق بەكمۇ جايىدا. كۆپ تەشەككۇر سىزگە ئەركىن سىدىق موللام كۆپ تەشەككۇر. تېنىڭىز سالامەت بولغاي.

**(17) salih:** جاهان ئەهلىنى تاڭ قالدۇرغان، دىن ۋە مىللەت ئۈچۈن تۆهپە قوشۇۋاتقان شۇ ئالىملىرىمىزنىڭ ئائىلىسىنىڭ بەختلىك، خىزمىتىنىڭ تېخىمۇ ئۇتۇقلۇق بولىشىنى ئۇلۇغ ئاللاهتىن تىلەيمەن.

**(18) tewelgha:** بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر تىلىمىزدىكى «ئالىم» سۆزىنىڭ ۋەزنى ۋە هەجمى كېڭىيىپ كەتكەن، قىممىتى چۈشكەن بولسىمۇ، بىلىمخۇمار ئەپەندىمدەك ئۆزگە يۇرتلاردا تۇرۇپمۇ ئەلنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئېقىۋاتقان ھەقىقىي ئالىملىرىمىزمۇ ئاز ئەمەس. قەلەم ئىگىسى ئېيتقاندەك بىز ئۇلاردىن پەخىرلىنىمىز. سىلەرگە ئاللاهتىن سالامەتلىك تىلەش بىلەن بىرگە يەنە ئۆزىمىزنىڭ بىر كىشىلىك ئىنسانلىق بۇرچىمىزنى ياخشى ئادا قىلىش ۋەدىمىز بىلەن كەلگۈسىگە نەزەر تاشلاۋاتىمىز.

**(19) sawda571:** تىما ئىگىسىگە چىن يۈرىكىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. ھەقىقەتەن كۆڭلىمىزدىكى گەپنى قىلىپسىز. بىز ئەركىن ئاكىمىزنىڭ ۋە باشقا بىزنى رىغبەتكە ئىگە قىلغان، شۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مەنىۋى ئېنېرگىيىسى بىلەن قايتا ئۈمىدكە تولغاندەك بولدۇق. بىز ھەقىقەتەن ئۈمىدكە ۋە بىزنى ئۈمىدلەندۈرىدىغان، روھىي يۆلەنچۈك بولىدىغان ئەركىن ئاكىمىزدەك قېرىنداشلىرىمىزغا ھەقىقەتەن موھتاج. ۋەتەندە بولمىسىمۇ، بىز ئۈچۈن كۆپ كۈچ سەرپ قىلىۋاتقان ئەركىن ئاكىمىزغا چىن يۈرىكىمدىن كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن.

**(20) putukqi:** مۇشۇ مۇناسىۋەتتە چەتئەلدىكى ئىلىم يولىدا تىنىمسىز تىرىشىپ بىلىم ئېلىۋاتقان، ھەم ئەركىن سىدىق ئاكىمىزدەك يۈكسەك شان-شەرەپلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ مىللىتىمىزنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىپ بىز ھەم ئەۋلادلىرىمىزغا ئۆلۈگۋار غايىلەرنىڭ چۈش ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ پەقەتلا بىلىم-مەرىپەت ئارقىلىقلا يۈكسىلىش ئەكېلىدىغىنىنى ئۆزلىرى ھەم ئىش-ئىزلىرى ئارقىلىق دەلىللەپ بەرگىنىدىن بارچىمىز خۇرسەن.

ھەممىڭىزلارنىڭ تېنىگە سالامەتلىك، ئائىلەڭلارنىڭ خاتىرجەم، ئىشلىرىڭلارنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىنى تىلەيمىز.

**(21) purux:** كۆزىدىن ئايرىغان خۇدايىم ھاسسىدىن ئايرىماپتۇ دېگەندەك ئەركىن ئاكام دۇنيا سەپىرىدە بىز ئۈچۈن بىر ھاسا بولۇۋاتىدۇ. ئەركىن ئاكا، ئائىلىڭىزگە خاتىرجەملىك تىلەيمەن.

**(22) 5sawr5:** چەتئەللەردە ۋەتەن سېغىنچىنى يېڭىپ ھەر ساھەدە ئۇتۇق قازىنىۋاتقان، بىر مىنۇتمۇ ئۇيغۇرنى، يۇرتنى ئەستىن چىقارماي تىنىمسىز ئىزدىنىۋاتقان، ماددىي مەئىشەتكە تويۇنغان مۇھىتتا ياشاپمۇ دىللىرى پۈتۈن بولالمايۋاتقان بارلىق ۋەتەنداشلىرىمغا سالام يوللايمەن. سىلەردىن، سىلەردەك قەلبكە ئىگە قېرىنداشلىرىمدىن پەخىرلەنمەيدىغان، مىننەتدار بولمايدىغان ئىنسان بولمىسا كېرەك. دۇئالىرىمىز سىلەر بىلەن بىللە. مەڭگۈ بەختكە چۆمۈڭلار، غەلىبە، شەرەپ سىلەردىن نېرى بولمىسۇن.

**(23) imildulkini:** ئەركىن سىدىقتەك ئالىملىرىمىزنىڭ كۆپلەپ چىقىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن.

**(24) aptapliq:** ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ مىللەت ئۈچۈن قىلىۋاتقان خىزمەتلىرىگە ھەرقانچە تەشەككۈر ئېيتساقمۇ ئازلىق قىلىدۇ. سىزدىن مەڭگۈ پەخىرلىنىمىز، بۇ مىللەتكە لىدىر بولۇشقا لايىقسىز، ئاكا. سىزگە ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرىڭىزغا سالامەتلىك، ئۇزاق ئۆمۈر تىلەيمىز.

**(25) eqiniman:** بىلىمخۇمار ئاكىمىز بىزدەك ئانا دىياردا تۇرۇپ قەلبلىرىمىز تەسكىن تاپمايۋاتقان، ماددىي ئېھتىياجىمىز، مەنىۋى ئېھتىياجلىرىمىز، خاتىرجەم تۇرالغۇ ئېھتىياجلىرىمىز، ئۆزلۈك ئېھتىياجلىرىمىز خىرىسقا دۇچ كېلىپ گاڭگىراپ قېلىۋاتقىنىمىزدا بىز ئۈچۈن ئاز تولا ئۈمىدلىنىش پەيدا قىلالايدۇ. ئالىملىرىمىز دىيارىمىزدىكى ياشلارغا ئۈمىد، غايە ئاتا قىلىش ئۈستىدە توختاپ قالماس تۇلپارلارغا ئايلانسا ... ئاللاھ ئالىملىرىمىزنى ئەلگە بەرىكەتلىك قىلسۇن.

**(26) yagurqak:** بولىدىغان تېمىدىن بىرنى يوللاپسىز جۇمۇ بالا. راست دېمىسىمۇ ئەركىن سىدىق ئاكىمىزدەك ئىشتىن، ئائىلىدىن، تەتقىقاتتىن سىرت ئۇيغۇر ئۈچۈن ھەر جەھەتتىن (مەيلى دىن ياكى پەن جەھەتتىن بولسۇن) ئەمەلىي ئەھۋالغا، ھازىرقى جەمئىيىتىمىزگە قارىتا كەڭ تۈردە توغرا مۆتىدىل چىقىش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان بىردىنبىر ئۇيغۇر مۇسۇلمان ئالىمى. ھازىر قاراپ باقساق بىزدە بۇنداق كىشىلەر يوق دېيەرلىك كەم. بولۇپمۇ ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ ھەممە تېمىسىنىڭ يىغىندىسىنى يىغىنچاق قىلىپ قويغان «ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بىلەن بولغان كۈنلىرى توغرىسىدا، ئوقۇغۇچىلىق ۋاقىتلىرى بالىلىق ۋاقىتلىرىدىكى جاپالىق كۈرەشلىرى، ئامېرىكىغا قانداق تىرىشچانلىق نەتىجە بىلەن بارغانلىقى توغرىسىدا يېزىلغان تېمىلىرى ھەممىمىزنىڭ قەلب تۆرىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغۇسى، ھەم ئەبەدىي ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولغۇسى. بۇنىڭغا سېلىشتۇرۇپ ھازىرقى ياخشى كۈنلەرگە شۈكرى قىلماي ۋايساشلىرىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرغىچە ئويلىغىنىمدەك ياخشى نەتىجە چىقمايۋاتقىنىغا قاراپ بەك ئەپسۇسلىنىدىكەن كىشى. لېكىن يەنىلا ئادەم قىلغاننى ئادەم قىلالايدۇ. «بۇيرۇلغان ياردەم ۋە تىرىشچانلىق» ھەم شۇنىڭدەك تېمىلارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ بەزىدە قايتىلاپ كۆرۈپ ، ئەلى قۇربان لېكسىيىلىرىنىمۇ ئارىلاپ كۆرۈپ دېگەندەك ئۆز ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىپ يەنە ئۆز ئىشىمغا مەشغۇل بولىمەن. ئىشقىلىپ ھەممىمىز بۇ ئادەمدىن ئالەمچە خۇشالمىز. بولسا ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى ھەممە ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ ئۇتۇقلۇق ئوڭۇشلۇق، ئائىلىسىنىڭ ئىناق ـ ئىجىل، تېنىگە سالامەتلىك، ئالتۇن بويىغا

ئامانلىق، تېمىلىرى ھەم تەتقىقاتىنىڭ ئەبەدىي ئۆزۈلمەسلىكىنى، ئۇنىڭدىن پورەكلەپ سەر خىل گۈللەرنىڭ ئېچىلىشىنى چىن دىلىمىزدىن تىلەيمىز. مەن شۇڭا ئىنكاسىمنىڭ كەينىنى بىر ھەدىس بىلەن ئاخىرلاشتۇراي. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە قەدىمىي دۆلەت بابىلۇندا نەمرۇد دەپ بىر زالىم پادىشاھ ئۆتكەنىكەن (بۇ ھەممىمىزگە ئېنىققۇ). بۇ ئىككىسىنىڭ بىر بىرىنىڭ يولىغا دەۋەت قىلىش رىقابىتى باشلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي نەمرۇد دېگەن بۇ پادىشاھ يۇقىرى ئىمتىيازىغا تايىنىپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى چىڭ باغلاپ كىشەنلەپ كۈچلۈك بىر ئوتقا سالسا بۇ ئوت قىلچە كۆيدۈرەلمەيدىكەن خۇدايىتائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن. شۇنىڭ بىلەن ئاچچىقىدا بۇ ئوتنى قانچە كۈچەيتىسمۇ ھېچقانچە بولمايدىكەن. شۇ ئەسنادا بىر كىچىككىنە قۇش ئاسماندا ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بۇنى كۆرۈپ ئاغزىدىكى بىر تامچە سۇنى شۇ ئوتقا چاچرىتىپ ئۆتۈپ كېتىدىكەن. ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھ ئىگىمىز بىلىپ تۇرسىمۇ قەستەنگە يەنە پەرىشتىلەردىن بىرىنى نېمە ئىشلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتىدىكەن، بەلكىم پەرىشتىلەرنى بىلىۋالسۇن دېگەندۇ. ئەۋەتكەن پەرىشتە كېلىپ سورايدىكەن: ھەي قۇش، سەن بۇ كىچىك ئاجىز تۇرۇپ بۇ ئوتنى ئۆچۈرەلەمتىڭ؟ ئەمەلىيەتتە بۇنى سەن بىلىشىڭ كېرەكتىغۇ، ئەمىسە سەن نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلدىڭ دەپ سورالغاندا، قۇش تەمكىن ھالدا جاۋاب قىلىدىكەن: توغرا، مەن ئاجىز ھەم كىچىك، بۇ ئوتنى مەن ئۆچۈرەلمەيمەن، بۇ ئوتنى ئاللاھ ئۆچۈرىدۇ. لېكىن مېنىڭ بۇ بىر تامچە سۇنى چاچرىتىپ قويۇشۇم، كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە كىچىككىنە تۆھپە قوشۇپ قويۇشۇم مېنىڭ ئاللاھ ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىم، قەرزىم ھەم بەرگەن قەسىمىم. ناۋادا ئاللاھ يولىدا قىلغان مېنىڭ بۇ ياخشى ئىشىم ئاللاھقا ئىگىمىزنى رازى قىلالىغان يارىغانلا بولسا مېنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق تەلىپىم يوق دەيدىكەن. شۇڭا ھەممىمىز مۇشۇ قۇشتىن ئۆگىنەيلى دېمەكچىمەن.

ئاخىردا ئۆزۈم يازغان بىر كۇپلېت شېئىر بىلەن ئاخىرلاشتۇراي.

ئادەمنىڭ كەتمىكى ئەبەدىي تۇپراق ،
ھاياتتىن سورايدۇ جاۋابى سوراق.
تۆھپىدىن بىخەۋەر تۇپراقتا ياتماق ،
تۇزكوردىن پەرقى يوق ھاياتتۇر بىراق.

**(27) begmurad:** ئەركىن سىدىق ئاكىمىزنىڭ ئىلىم-پەن روھى ئادەمنى بەكلا قايىل قىلىدۇ.

**(28) arturan:** تېما ئىگىسىگە رەھمەت! بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ قەلبىدىكى گەپلەرنى قىپسىز!

**(29) ihsani2:** ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەركىن ئاكا. ئاڭلىسام سىزنىڭ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىلىرىڭىزدا 7 مىنۇت، ئەركىن 7 مىنۇت دەپ لەقىمىڭىز بار ئىكەن. بۇ راستمۇ؟ بۇ لەقەم سىزنىڭ ئوبۇرنىدە ئولتۇرۇپمۇ 7 مىنۇت گېزىت كۆرۈپ ئولتۇرۇپ تەرەت قىلىدىغان ئادەتلىرىڭىزدىن پەيدا بوپتىكەن.

**(30) karwan912:** تېما ئىگىسىگە كۆپ رەھمەت. بىزنىڭ يۈرەك سۆزلىرىمىزنى ئېيتىپسىز، ياشلىرىمىزنىڭ ئارىسىدا ئىلىم- پەنگە ئىنتىلىش، يېڭى تېخنىكىلارنى ئىگىلەش كەيپىياتىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# خەنزۇ مىللىتى ئىرقىي كەمستىشىنىڭ تارىخي

## ئارقا كۆرۈنۈشى

2011 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

مەن يېقىندا بىر ئامېرىكىلىق تونۇشۇمدىن «*خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئىرقىي كەمستىشى توغرىسىدا*» دېگەن بىر پارچە ماقالىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. بۇ ماقالىنىڭ ئىنگلىزچە تېمىسى «Notes on Han Chinese Racism» بولۇپ، ئۇنى تەيۋەن قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتى جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى چېن گۇاڭ ـ شىڭ (陳 光興, 台灣交通大學社會與文化研究所) ئەپەندى يېزىپ، 2007 ـ يىلى شاڭخەيدە ئېچىلغان بىر قېتىملىق خەلقئارالىق ئىلمىي تەتقىقات يىغىنىدا دوكلات قىلغانىكەن. كۆپ سانلىق ئۇيغۇرلارغا خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئىرقىي كەمستىش جەھەتتىكى ھازىرقى ئەھۋالى ئىنتايىن ئايان. لېكىن خەنزۇ مىللىتىنىڭ بۇنداق خاراكتېرى قاچان ۋە قانداق شەكىللەنگەنلىكىدىن تولۇق خەۋىرى بار ئۇيغۇرلار ئانچە كۆپ بولماسلىقى مۇمكىن. شەخسەن مەن ھازىرغىچە ئۇ ساھەدە بىرەر پارچە ماتېرىيال كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. شۇنداق بولغاچقا، مەن بۇ ماقالىغا ناھايىتى قىزىقتىم، ھەمدە ئۇنى بىر قانچە قېتىم ئوقۇپ چىقتىم. شۇنىڭدىن كېيىن مەن بۇ ماقالىدىكى مەزمۇنلارنىڭ ئۇيغۇرلار ۋە خەلقئارالىق جەمئىيەتلەر بۇرۇن دۇچ كەلگەن، ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان، ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ۋاقىت ئىچىدىمۇ داۋاملىق دۇچ كېلىدىغان بەزى مۇھىم ئەھۋاللارنى چۈشىنىشكە نىسبەتەن ناھايىتى پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن مەزكۇر ماقالىنى يېزىش ئارقىلىق، ئۆزۈم ئوقۇغان چېن ئەپەندىنىڭ يۇقىرىقى ماقالىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشنى قارار قىلدىم.

ئەسلىدىكى ماقالە بىر خەنزۇ مىللىتىدىن بولغان زىيالىي ئىنگلىز تىلىدا يازغان ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدىكى بىر پارچە ئىلمىي ماقالە

بولۇپ (ئاپتور ئۆنى بەزىدە «كىتاب» دەپ ئاتىغان بولۇپ، مەن ئۆنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلمىدىم)، ئۆنىڭدا خەنزۇ مىللىتىنىڭ تارىخىغا ئائىت مەزمۇنلارمۇ ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، ئۆنىڭدىكى مەزمۇنلارنى ئامبباب تىلدا ئۇيغۇرچە ماقالە قىلىپ يېزىپ چىقىش، مەن ئۈچۈن ئانچە ئاسانغا توختىمىدى. شۇنداقتىمۇ مەن مەزكۇر ماقالىنى ئۆنچىلىك بەدەل تۆلەشكە ئەرزىيدۇ، دەپ ئويلايمەن. بۇنىڭدىن بىر قانچە يىل ئىلگىرى، خەنزۇ مىللىتىدىن بولغان، جۇڭگونىڭ ئىچ ـ سىرتىدا خېلى تونۇلغان بىر زىيالىي «خوڭكوڭ ھازىر پەخىرلىنىپ يۈرۈۋاتقان سەۋىيىگە 100 يىل مۇستەملىكە بولۇش ئارقىلىق ئېرىشەلىدى. ئۆنداقتا جۇڭگو 300 يىل مۇستەملىكە بولۇشقا توغرا كېلىدۇ» دېگەنىدى (ئاڭلىشىمچە ئۇ كىشى مۇشۇنداق سۆزلىرى ئۈچۈن كۆپلىگەن خەنزۇ زىيالىيلىرىنىڭ قاتتىق ئەيىبلىشىگە ئۇچرىغان). ئۇ نېمىشقا ئۆنداق دەيدۇ؟ مەن يېقىندا خەلقئارادىكى خېلى يۇقىرى نوپۇزلۇق ژۇرناللارنىڭ بىرىدە غەربلىكلەرنىڭ «جۇڭگو ھازىر دۇنيادىكى ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان چوڭ دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇشقا تىرىشىۋاتىدۇ. لېكىن، بەزى جەھەتلەردە ئۇ تەرەققىي قىلغان بىر قىسىم كىچىك دۆلەتلەردىنمۇ خېلىلا كېيىن تۇرۇۋاتىدۇ» دېگەندەك مەزمۇننى كۆردۈم. ئۇلار نېمىشقا ئۆنداق دەيدۇ؟ مەزكۇر ماقالىنى ئوقۇغان كىشى ئاشۇنداق سوئاللارغا مەلۇم دەرىجىدە جاۋاب تاپالايدۇ. شۇڭلاشقا مەن ئۆزى ياشاۋاتقان سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتنى، ھەمدە خەلقئارا بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا ھازىر يۈز بېرىۋاتقان ۋە بۇنىڭدىن كېيىن يۈز بېرىدىغان بىر قىسىم ئىشلارنى چۈشىنىشكە قىزىقىدىغان ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ بۇ ماقالىنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشىنى تەشەببۇس قىلىمەن. شۇنداقلا ئىنگلىزچە بىلىدىغان ئوقۇرمەنلەرگە ئەسلىدىكى ماقالىنىڭ ئۆزىنى بىر قېتىم ئوقۇپ بېقىشنى تەكلىپ قىلىمەن (ئەسلىدىكى ئىنگلىزچە ماقالىنىڭ تور ئادرېسى مۇشۇ ماقالىنىڭ ئاخىرىدا بار). ئىشىنىمەنكى، بۇ ماقالىنى ئوقۇپ چىققان ھەر بىر كىشى بىر قىسىم ناھايىتى قىممەتلىك بىلىملەرگە ئېرىشەلەيدۇ.

## 1. ئەسلىدىكى ماقالە ۋە ئۆنىڭ ئاپتورى توغرىسىدا

ئەسلىدىكى ماقالىنىڭ ئاپتورى چېن گۋاڭ ـ شىڭ ئەپەندى باكلاۋۇر ئوقۇشىنى تەيۋەندە تاماملاپ، ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئوقۇشلىرىنى بولسا 1981 ـ 1988 ـ يىللىرى ئامېرىكىدا ئوقۇغان ئىكەن. شۇنداقلا ئۆزى

نۇرغۇن ئىلمىي ماقالە ۋە كىتاب يازغان، ھەمدە كىتاب ۋە ئىلمىي ماقالىلەرگە تەھرىر، مۇھەررىر ۋە باش مۇھەررىر بولۇپمۇ ئىشلىگەنىكەن. ئۇنىڭ تەتقىقاتلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى مەدەنىيەت، جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە ئىمپېرىئالىزملىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

چېن ئەپەندىنىڭ ھېلىقى ماقالىنى يېزىشىغا مۇنداق بىر ۋەقە سەۋەبچى بولغان: چېن گۇاڭ-شىڭ 1996-يىلى لوندوندا چىقىدىغان «بۈگۈنكى ماركسىزم» دېگەن ژۇرنالنىڭ تەھرىرى، داڭلىق ژۇرنالىست، تېلېۋىزور فىلمى ئىشلىگۈچى، ۋە سىياسىي ئانالىزچى مارتېن جەكۋېس (Martin Jacques) بىلەن تونۇشقان بولۇپ، مارتېن ئائىلىسى بىلەن خوڭكوڭدا تۇرغان بىر قانچە يىل جەريانىدا ئۇلار ناھايىتى ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالغان. مارتىننىڭ ئايالى خەرى (Harinder Veriah) ھىندىستانلىق مالاي مىللىتىدىن بولۇپ، ئۇ بىر خەنزۇلار توپلىشىپ ياشايدىغان مەھەللىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنىكەن. شۇڭا گۇاندۇڭلۇقچە خەنزۇ تىلىنى ئوبدان سۆزلەيدىكەن. ئۇ بىر ناھايىتى خۇشخۇي، قىزغىن، ئېسىل خىسلەتلىك، تەپەككۇرغا باي قىز بولۇپ (ئۇنىڭ بىر پارچە رەسىمىنى مۇشۇ ماقالىنىڭ ئاخىرىغا كىرگۈزۈپ قويدۇم)، ئادۋوكاتلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. 2000-يىلى 1-ئاينىڭ 2-كۈنى، خەرى خوڭكوڭدىكى بىر دوختۇرخانىدا ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۆلۈمى خوڭكوڭدىكى چەت ئەللىكلەر جەمئىيەتلىرىدە ئىنتايىن كۈچلۈك ئىنكاس پەيدا قىلىپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ ئۆلۈمىنىڭ سەۋەبى، ئۇ بىر ھىندىستانلىق بولغانلىقتىن، دوختۇرخانىدىكىلەر ئۇنى ۋاقتىدا داۋالىمىغان ۋە ياخشى داۋالىمىغان، دەپ قاراپ، دوختۇرخانا ئۈستىدىن ئەرز قىلىپتۇ، ھەمدە بىر كەڭ-كۆلەملىك ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى ھەرىكەت باشلاپتۇ. ئاشۇ ھەرىكەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن خوڭكوڭدا بىر ئىرقىي كەمسىتىشنى چەكلەيدىغان قانۇنمۇ ماقۇللىنىپتۇ.

بۇ ۋەقە چېن گۇاڭ-شىڭغا ناھايىتى قاتتىق تەسىر قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن چېن ئەپەندى خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئىرقىي كەمسىتىشى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، بۇ ماقالىنى يېزىش ئارقىلىق، مارتىنغا ئۇنىڭ بۇ پاجىئەلىك يوقىتىشىنىڭ ئارقىسىدىكى ئېھتىماللىقى بار بولغان سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى قارار قىلىپتۇ .

ئەگەر ئەسلىدىكى ماقالىنى باشقا بىر مىللەتتىن كېلىپ چىققان زىيالىي يازغان بولسا، مەن ئۇنىڭغا ھازىرقىدەك قىزىقمىغان، ھەمدە ئۇنى بىر ئۇيغۇرچە ماقالە قىلىپ تونۇشتۇرمىغان بولاتتىم. ئەسلىدىكى ماقالىنى بىر خەنزۇ مىللىتىدىن كېلىپ چىققان زىيالىي ئۆز-ئۆزىنى ئوپپېراتسىيە قىلىش، ھەمدە شۇ ئارقىلىق خەنزۇ مىللىتىدە ساقلىنىۋاتقان بىر يامان ئىللەتنى يوقىتىپ، خەنزۇلارنىڭ ھازىرقى زامان دۇنيا ۋەزىيىتىگە ياخشىراق ماسلىششىغا تۆھپە قوشۇش مەقسىتىدە يازغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بۇ ماقالىنىڭ خېلى زور قىممىتى بارلىقىنى ھېس قىلدىم.

چېن ئەپەندى ماقالىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ (نەقىل):

مۇشۇنداق بىر ئېسىل ئىنساننىڭ يوقىتىلىشىنىڭ ئورنىنى بىر ئائىلىز ئارقىلىق تولدۇرغىلى بولمايدۇ. ئەمما، ئائىدىغا قاراپ مېڭىپ، ھاياتتىكى قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان ئەھۋاللارغا سەمىمىيلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇلارنى ئۆزگەرتىش بىزدەك ھايات كىشىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى.

قانۇن جەھەتتىن ئېلىپ بېرىلغان ئىشلار جەريانىدا خەرىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئىرقىي كەمسىتىش ئوتتۇرىسىدىكى ئېنىق باغلىنىشنى ئېچىپ بېرىش مۇمكىن بولماي قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاشۇنداق بىر كۈچلۈك باغلىنىشنىڭ بارلىقىنى ھېچ كىم كەسكىن ھالدا ئىنكارمۇ قىلالمىدى. مېنىڭ بۇ يەردىكى مەقسىتىم خەرىنىڭ ئۆلۈمى ئىرقىي قىرغىنچىلىقتىن كېلىپ چىققان-چىقمىغانلىقى توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىش ئەمەس، بىراق، بۇ ئەھۋال خوڭكوڭدا ھەقىقەتەنمۇ بىر ئىرقىي كەمسىتىش مەسىلىسى ئۈستىدىكى ئاممىۋى تالاش-تارتىشنى باشلاپ بەرگەن بولغاچقا، مەن ئاشۇ مۇزاكىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇنى بىر تېخىمۇ ئەتراپلىق ئائىلىزغا كېڭەيتىشنىڭ پايدىسى بار، دەپ قارايمەن. ھازىر خوڭكوڭ، تەيۋەن، سىنگاپور، ۋە مالايسىيا قاتارلىق دۆلەتلەردە رەڭگارەڭ ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئېقىپ كىرىشى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان بولۇپ، بۇرۇن بايقالمىغان توقۇنۇشلار ئوتتۇرىغا چىقىۋاتىدۇ. شۇنداقلا جۇڭگونىڭ «تىنچ كۆتۈرۈلۈشى» توغرىسىدىكى كەڭ تارقالغان ئاساسىي كۆز-قاراشلار ۋەھىمە پەيدا قىلىشى ۋە ئىرقىي توقۇنۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. جۇڭگو سودا شىركەتلىرىنىڭ ئافرىقىدا ئىش ئېلىپ بېرىشتا قوللانغان قوپاللىقلار توغرىسىدىكى خەۋەرلەر شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئىرقىي كەمسىتىشى پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدىكى مەسىلىگە ئايلانمىغان تەقدىردىمۇ، بىر رايونلۇق مەسىلىگە ئايلىنىدۇ. جۇڭگولۇق زىيالىيلار بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بىزنىڭ بۇ ساقلانغىلى بولمايدىغان مەسىلىگە قارىتا جەڭ ئېلان قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. (نەقىل تۈگىدى)

بۇ يەردە مەزكۇر ماقالىدا كۆزدە تۇتۇلغان مىللەت ھەققىدە چېن ئەپەندى بەرگەن چۈشەنچىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن. جۇڭگودا ياشايدىغان ئەڭ چوڭ ئېتنىك گۇرۇھ خەنزۇ مىللىتى، جۇڭگونىڭ رەسمىي (ئىنگلىزچە «official») تىلى خەنزۇ تىلى (汉语) بولۇپ، ئۇ خەنزۇ يېزىقى (汉字) نى قوللىنىدۇ. ھازىر دۇنيا مىقياسىدا «خەن» نىڭ ئورنىنى بارغانسېرى (Chinese, 华人, 中国人) دېگەن سۆز ئېلىشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ. مەزكۇر ماقالىدا پەقەت خەنزۇ دېگەن سۆزلا ئىشلىتىدۇ. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، خەنزۇلارنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخى ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى، ئەقلىي تەپەككۇرى، ۋە مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ قانداق بولۇشىنى ھازىرمۇ قاتتىق كونترول قىلىۋاتىدۇ. سىياسىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، خەنزۇ مىللىتى ھازىر دۇنيادىكى ئاساسىي ئورۇندىكى نوپۇسلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلارغا «جۇڭگولۇقلار» دېگەن كاتېگورىيە ئىچىگە كىرىدىغان باشقا كۆپلىگەن ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىپ قاراش، خەنزۇ مىللىتىنىڭ تارىخىي ۋە باشقا مەسىلىلىرىگە تەنقىدىي ھالدا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن باسمىسا بولمايدىغان بىرىنچى قەدەمدىن ئىبارەتتۇر.

ئىرقىي كەمستىش مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندىمۇ، ئىرق (race, 种族)، ئېتنىك گۇرۇھ (ethnicity, 族群)، ۋە مىللەت (nationality, 民族) ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرگىمۇ دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ سۆزلەر ھازىر خەنزۇ تىلى بىلەن ئىنگلىزچىنىڭ ھەر ئىككىسىدە مەنە جەھەتتىن ئۆز-ئارا كىرىشىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. مەسىلەن، مالايسىيادا ئاساسىي «ئېتنىك گۇرۇھ» لاردىن مالايلار، جۇڭگولۇقلار، ۋە ھىندىستانلىقلاردىن ئىبارەت ئۈچى بار بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا «ئىرقىي» مەسىلىلەر بار. جۇڭگودا خەنزۇلار «مىللەت» كاتېگورىيىسىدىكى خەلق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن بولغان پەرقى ئىرقىي پەرق بولماستىن، مىللىي پەرقتىن ئىبارەت .

ئىرقىي كەمستىش ھەققىدىكى ئىجتىمائىي-پەن ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئادەتتە ئىقتىسادىي ۋە سىنىپىي پەرقلەرنى ئانالىز قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. ياكى بولمىسا «مەدەنىيەت توقۇنۇشى» دېگەنگە ئوخشاش يېڭى مەدەنىيەت چۈشەنچىسىگە تايىنىدۇ. ئەمما، بۇنداق چۈشەندۈرۈش خەنزۇلار جەمئىيىتىدىكى ئىرقىي كەمستىشنىڭ كەڭ تارقالغان لوگىكىسى بىلەن ئالاھىدىلىكىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. بۇ دېگەنلىك خەنزۇلار

بىر ئالاھىدە مىللەت، دېگەنلىك ئەمەس. خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئىرقىي كەمسىتىشى ئۇلار غەربلىكلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشنى باشلاشتىن بۇرۇنلا مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ ھازىرمۇ خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئاسىيالىق قوشنىلىرى بىلەن، شۇنداقلا ئۆز ئىچىدىكى بىر-بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئۆز جەمئىيىتىدىكى ئىرقىي كەمسىتىش لوگىكىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئېچىپ بېرىش باشقا جايلاردىكى ئىرقىي كەمسىتىش مەشغۇلات-ئەمەلىيەتلىرىنى چۈشىنىشنى يېڭى نەزەر بىلەن تەمىن ئېتىشى مۇمكىن.

چېن ئەپەندى ئۆز ماقالىسىنى تەييارلاشتا مارام ئېپپستېيىن (Maram Epstein) بىلەن ئۆزىنىڭ خىزمەتدىشى لىيۇ جېن-پىڭ (Liu Jen-ping) نىڭ ئەسەرلىرىدىن پايدىلانغان بولۇپ، ئۇ ئىككى زىيالىينىڭ ئەسەرلىرى 1368-يىلى باشلانغان مىڭ سۇلالىسى بىلەن 1644-يىلى باشلانغان چىڭ (Qing) سۇلالىسى دەۋرلىرىدىكى ئاياللار ھوقۇقى ئۈستىدىكى تەتقىقاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 2. خەنزۇ ۋە باشقىلار لوگىكىسى

بۇ بۆلۈمدىكى مەزمۇنلارنى چېن ئەپەندى مارام ئېپپستېيىننىڭ ئەسەرلىرىدىن ئالغان. شىيا جىڭ-چۈ (Xia Jingqu, 1705-1787) نىڭ «بىر يېزىلىق ئاقساقالنىڭ كۆرگەنلىرى» (Yesou Puyan, 野叟曝言, A Country Codger’s Words of Exposure) دېگەن روماندا تەسۋىرلىنىشىچە، باش پېرسوناژ ئىتالىيە، پورتۇگالىيە، ئىسپانىيە ۋە ھىندىستان قاتارلىق يىراق جايلاردىكى كىشىلەر بىلەن، شۇنداقلا جۇڭگو ئىمپېرىيىسىنىڭ چېگرا رايونلىرىغا جايلاشقان تەيۋەن، ياپونىيە، بىرما، سىئام (تايلاند)، سەيلون (سىرىلانكا)، ۋە مياۋ ۋە ياۋ پادىشاھلىقى قاتارلىق جايلاردىكى ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ھەممە ئاشۇ جايلاردا ياشايدىغان «باشقىلار» بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشتا بىر قىسىم چېچىلاڭغۇ ۋە روھىي (psychic) تاكتىكىلارنى ئىشلىتىدۇ .

بىرىنچى تاكتىكا ئۆزگە تونۇش بولمىغان باشقا كىشىلەرگە رەزىل، ۋەھشىي ۋە ئىنسان ئەمەس، دەپ مۇئامىلە قىلىش (demonize, 鬼化, 使成魔鬼). ئۇ روماندا باشقىلار بەزىدە «يۈزى كۆك، ئۇزۇن ھىڭگاي چىشلىرى ئاغزىدىن چىقىپ قالغان» دەپ تەسۋىرلەنگەن، يەنە بەزىدە بولسا قۇيرۇقى بار ھەممە يۇڭلۇق بەدىنى بار، تەسۋىرلەنگەن. بۇ باشقىلارنى «چەت ئەل

ئالۋاستىلىرى» دېگەن تۈرگە كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئۇلاردىن ئەجەبلىنىش ۋە قورقۇشتۇر. بۇ تۈرنىڭ ئىچىدە دەرىجە تۈزۈمى ياكى دەرىجە بالدىقى (hierarchy) بويىچە قۇرۇلغان ھەر خىل كىچىك كاتېگورىيەلەر بار بولۇپ، بۇ كىچىك كاتېگورىيە چىراي شەكلى جەھەتتىن ناھايىتى ھەيۋەتلىك بولغان «غەربلىك چەت ئەل ئالۋاستىلىرى» بىلەن پاكار بويلۇق ياپونلۇقتىن ئىبارەت «شەرقىي چەت ئەل ئالۋاستىلىرى» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان. باشقىلارنى ئالۋاستىلاشتۇرۇش خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئىنسان ھېسابلانغان ئۆزى بىلەن ئىنسان ھېسابلانمايدىغان باشقىلارنى ئايرىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەتكەن، ھەممەيلەنگە تونۇشلۇق بولغان مەدەنىي تەسۋىرنىڭ بىر قىسمىدۇر.

ئىككىنچى تاكتىكا باشقىلارنى ھايۋانلاشتۇرۇش. باش پېرسوناژ تەيۋەنگە بارغاندا، بۇ ئارالنىڭ ئادەم ئېيىق (人熊) لىرى ياشايدىغان ياۋا ماكان ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. ئۇ مياۋ مىللىتى ياشايدىغان جەنۇبىي جۇڭگوغا بارغاندا، مياۋ خەلقلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇلارنى جۇڭگو ئىمپېرىيىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان ئالتە-جۈپ ئاق يىرتقۇچ يىلاننى ئۆچۈرىدۇ. بۇ يىرتقۇچ يىلانلار ئادەمگە ئوخشايدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ شەكلى بىلەن قاپلانغان ئۈزۈن بەدىنى، ئاق چېچى، ۋە سوغۇق ھەم ئۇيۇشۇپ قالغان جىنسىي ئورگىنى بار بولىدۇ. ھىندىستانغا كەلگەندە، باش پېرسوناژ ئۇنى بىر بۇددا دىنى دۆلىتى، دەپ تەسۋىرلەيدۇ: «ئۇ يەردىكى بۇددا دىن مۇرىتلىرى ھېچ قانداق تىرىشمايدۇ، ئۇلار كالىغا ئوخشاش دۆت، ئىتقا ئوخشاش سەت، ئۇلارنىڭ كۈن-بويى قىلىدىغىنى بۇددا نومىنى يادلاش بىلەن روزا تۇتۇش.» قىزىقارلىق يېرى شۇكى، ئاشۇ ھايۋانلاشتۇرۇلغان باشقىلارمۇ باش پېرسوناژنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتكە بولغان ئىستىكىنى قوزغايدۇ. ھايۋان بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشقا بولغان مۇشۇنداق ئىستەكمۇ ئاشۇنداق جىنسىي پائالىيەت ئارقىلىق «مالىمانچىلىق ئۆزىنى مەدەنىيلىككە ئۆزگەرتىدۇ»، دېگەن قاراش ئاستىدا ئاقلانغان. بۇمۇ مۇستەملىكىچىلەرنىڭ باشقىلارنى مەدەنىيەتلەشتۈرۈش ئىش-ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا بازارغا سالىدىغان، ھەممەيلەنگە تونۇشلۇق بولغان گەپلىرىنىڭ بىرىدۇر. خەنزۇ مىللىتىنىڭ قارىشىچە، ھايۋانلاشتۇرۇلغان باشقىلار خەنزۇلارنىڭ تەربىيىلىشى ئارقىلىق كۆرۈنۈشتە ۋە تۇيغۇ-ھېسسىيات جەھەتتىن (gut level) ئىنسانغا

ئۆزگىرىدۇ، لېكىن ئۇلار مەڭگۈ ھەقىقىي تۈردە خەنزۇ مىللىتىدەك تولۇق ئىنسان بولالمايدۇ.

ئۈچىنچى تاكتىكا كۆپىنچە قوشنا ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرى ئۈچۈن قوللىنىلغان تاكتىكا بولۇپ، ئۇ يات كىشىلەرنى تېخىمۇ ئىنچىكە تۈرلەر بويىچە ئايرىيدۇ. شۇ ئارقىلىق بۇرۇنقىدىنمۇ باشقا دەرىجە تۈزۈمىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. بۇ تاكتىكىدا، ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرى «پىشقان ئادەملەر» بىلەن «خام ئادەملەر» دېگەن ئىككى خىل كەڭ-دائىرىلىك تۈركۈمگە بۆلۈنگەن. «پىشقان ئادەملەر» تۈركۈمىگە «مەدەنىيەت جەھەتتە بىز (خەنزۇلار) دىن پەرقلىنىدىغان، ئەمما ئاسانلا جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ ھەزىم قىلىۋەتكىلى بولىدىغان» لار كىرگۈزۈلگەن. مىياۋلار ھالاكەتكە يۈز تۇتقان ۋە «خام» لىقىنى ئۆزگەرتىش مەڭگۈ مۇمكىن بولمايدىغان شەرقىي ئالۋاستىلار (ياپونلۇقلار) گە ئوخشىمايدىغان بولۇپ، ئۇلار «جۇڭگولۇقلار ئېڭىغا ئۇسسۇل ئويناپ كىرىپ كېتىۋاتىدۇ». خەنلەشتۈرۈلگەن بولسىمۇ، مىياۋ مىللىتى تولۇق ئىنسان بولماسلىقى، ھەمدە خەنلەردىن پەرقلىنىدىغانلىقى سەۋەبلىرىدىن، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش جەريانى مەڭگۈ مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملانمايدۇ، دەپ قارالغان. مانا مۇشۇنداق باشقىلارنى «ئىنسانلاشتۇرۇش» پروجېكتلىرىگە مەجبۇرلاش بىلەن بىللە، ئىجتىمائىي دەرىجە تۈزۈمىدە ئۆزىنى مەڭگۈ باشقىلاردىن ئۈستۈن قويىدىغان تاكتىكا مۇستەملىكىچىلىكنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ بار بولغان خۇسۇسىيىتىدۇر.

## 3. ئىنسان ۋە چالا ئىنسان لوگىكىسى

خەنزۇلار (yang) بىلەن باشقىلار (yin) لوگىكىسى خەنلەر بىلەن باشقىلار ئوتتۇرىسىدىكى دەرىجە تۈزۈمىنىڭ بىرى بولۇپ، مۇشۇ لوگىكا بويىچە قارىغاندا، خەنلەر ھەر ۋاقىت باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئەمما يۇقىرىقى ئۈچ تاكتىكىنى بىرلىككە كەلتۈرىدىغان نەرسە ئىنسانلار بىلەن ئىنسان ئەمەسلەرنى پەرقلەندۈرىدىغان، ياكى تېخىمۇ توغرا قىلىپ ئېيتقاندا، باشقىلارنىڭ ئىنسانلىق دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان دەرىجە تۈزۈمىدۇر. بۇ دەرىجە تۈزۈمى ھازىرغىچە بەرپا قىلىنغان كاتېگورىيىلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر سۆزلەش دەرىجىسى ئارقىلىق ئېنىق ئىپادىلەنگەن. ھەمدە بۇ ئورۇننى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مەدەنىي كاپىتال ۋە ھوقۇقنى ئىگە قىلىنغان بىر ئەر كىشى ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇ ئادەمگە ھەممىنى

بېسىپ چۈشىدىغان ھۆكۈملەرنى چىقىرىش ھوقۇقى بېرىلگەن. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ «ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئىنسان» ھەممە ئادەملەرنى ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدە كۆندۈرگەن كىشىلىك ئۈبراز بولۇپ، ئۇ ئۈبراز ئۆزۈن مۇددەتلىك قاتتىق ۋە تەلتۆكۈس تەربىيىلەش ئارقىلىق يېتىلدۈرۈلگەن بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ دەرىجە تۈزۈمى جىسمانىي جەھەتتىن ئىنسانلىق شەرتىگە توشىدىغان، لېكىن ئىنسانلىق دەرىجىسىگە تولۇق يېتەلمىگەن چالا ئىنسانلار بار، دەپ پەرەز قىلىدۇ. كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئوقۇش ۋە يادلاش (sishu wujing)، ھەمدە بەدەن ۋە گۈزەل ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈش (xiushen yangxing)، بىرى ئىنسانلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈش ئۈچۈن باسمىسا بولمايدىغان مۇساپە، دەپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىرغىچە قوللىنىپ كېلىنگەن كۇڭزىچى ئەخلاق (ethics) بىلەن ئەخلاقىي ئىدىيىلەر (moral thought) نى مۇشۇ ئۇقۇملار ئارقىلىق چۈشەنگىلى بولىدىغان بولۇپ، مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «ئىنسانلار» بولسا باشقا كاتېگورىيەلەر، خەنلەر بىلەن باشقىلار (yin-yang)، شۇنداقلا ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ سۆزلەش دەرىجىسىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. مانا بۇ خەنزۇ مىللىتى ئىرقىي كەمسىتىشنى چۈشىنىشتىكى ئىنتايىن ھالقىلىق نۇقتىدۇر.

## 4. ئىنسانلارنى ئىنسانلىق دەرىجىسىگە ئايرىش لوگىكىسىنىڭ كېلىش مەنبەسى

ئىنسانلارنى ئىنسانلىق دەرىجىسىگە ئايرىش لوگىكىسى خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئىرقىي كەمسىتىشنىڭ كەڭ تارقالغان لوگىكىسىنى چۈشىنىشتىكى ئاچقۇچ. ئۇنداقتا بۇ لوگىكا نەدىن كەلگەن؟ ئىرقىي كەمسىتىش ماتېرىيالىزمچى ئىش-ھەرىكەتلەر بولۇپ، ئۇ بىر ئالاھىدە دۇنياقاراش تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلىدۇ. خەنزۇ مىللىتى ئىرقىي كەمسىتىش ئىش-ھەرىكەتلىرى سىستېمىسى ئىچىدە، بۇ لوگىكا ئۆزۈن يىللاردىن بۇيان باشقىلارغا يولۇققان ۋاقىتتىكى تەبىئىي ئىنكاس شەكلىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. يەنى، خەنلەر ئۆزلىرىنىڭ قانداق قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە بۇرۇن يىغقان بىر تۈركۈم بىلىملىرىنىڭ بارلىقىنى ئالدىن پەرەز قىلىپ، ئۆزلىرىگە ناتونۇش بولغان باشقىلارغا يولۇققاندا، ئۆزى قوللىنىدىغان ئىش-ھەرىكەتلەرنى ئاشۇ بىلىملەر ئاساسىدا تەڭشەيدۇ ۋە ئىجرا قىلىدۇ.

بۇ خىل ئىش-ھەرىكەتلەرنىڭ بىر مەنبەسىنى «ئىچىگە قارىتا دانىشمەن، سىرتقا قارىتا پادىشاھ» (内圣外王) دېگەن كۆز-قاراشنى چۆرىدىگەن ھالدا يېتىلدۈرۈلگەن نەزەرىيە ۋە تارىخىي ئەمەلىيەتتىن تاپقىلى بولىدۇ. ليۇ جېن-پېڭنىڭ بەزى تارىخىي ئەسەرلەرگە ئاساسەن كۆرسىتىپ بېرىشىچە، Dumont نىڭ دەرىجە تۈزۈمى نەزەرىيىسى «ئۆز ئىچىگە ئالغۇچىلار» بىلەن «ئۆز ئىچىگە ئېلىنغۇچىلار» ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئېنىق ئىپادىلىنىشىدىن ئىبارەت. يەنى، مۇناسىۋەت سىستېمىسىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ئىچىدە، يۇقىرى ئورۇندىكىلەر تۆۋەن ئورۇندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالالايدۇ، ئەمما تۆۋەندىكىلەر يۇقىرىدىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالالمايدۇ. مەسىلەن، ئەرلەرنىڭ ئورنى ئاياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالالايدۇ، ئەمما ئاياللارنىڭ ئورنى ئەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالالمايدۇ. بەزى دەرىجىلەردە ئەرلەر بىلەن ئاياللار بىر-بىرىنى يۆلەيدۇ، ئەمما تۈزۈلمە جەھەتتە ئۇلار باراۋەر بولالمايدۇ.

ليۇ جېن-پېڭ نىڭ ئەسرىدە جۇاڭزى (Zhuangzi، مىلادىدىن بۇرۇنقى 369-286 يىللىرى) ئىشلەتكەن بىر تەمسىل نەقىل كەلتۈرۈلۈپ، ئوخشىمىغان سۆزلەش دەرىجىسى تۈزۈمى بىلەن ئۇلارنىڭ ئاممۋى سورۇنلاردىكى باراۋەرسىزلىك يوسۇندا ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنىڭ قانداق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەنلىكىگە قايتىدىن قاراپ چىقىلغان. ئۇ تەمسىل ئۈچ دەرىجىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ئىگە (形، شەكىل، ماددا)، ئۇنىڭ شولىسى (影)، ۋە ئۇ شولىسىنىڭ سىرت بىلەن بولغان چېگرىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان غۇۋا كۆلەڭگە. ئەگەر ئىگە بىر شەكىل ياكى بەدەندىن تەركىب تاپقان بولسا، شولا ئاشۇ ئىگىگە تايىنىپ تۇرۇپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان بولۇپ، غۇۋا كۆلەڭگە بولسا شولىغا تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. غۇۋا كۆلەڭگە قالايمىقان ۋە ئېنىق ئەمەس بولۇپ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى بىرەر كونكرېت نەرسە ئارقىلىق ئىپادىلىگىلى بولمىغاچقا، ئۇ دائىم شولىنىڭ ئېتىراپىغا توپلاشقان بىر توپ پارچە-پۇرات نەرسىدەك كۆرۈنىدۇ. ئۇ تەمسىلدە شولا قارىماققا غۇۋا كۆلەڭگە بىلەن دىئالوگ قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنىڭ سۆزلىرى بولسا ئىگىگە قارىتىلغان. ئىگە ھەرگىزمۇ جىسمانىي جەھەتتىن ئۇ يەردە يوق بولسىمۇ، شولىنىڭ غۇۋا كۆلەڭگىگە بەرگەن جاۋابىدا ئۇ خۇددى ئاشۇ يەردە باردەك كۆرۈنىدۇ. يەنى، ئىگە بىر مەۋجۇت ئەمەس مەۋجۇتلۇق بولۇپ قالىدۇ.

ليۇ جېن-پېڭ نىڭ بۇ نەزەرىيىۋى تەسۋىرىنى كىملىك سىياسەت ئىلمى ئارقىلىق تېخىمۇ ئاسانراق چۈشەنگىلى بولىدۇ. ئەگەر بۇ يەردىكى قۇرۇلما بىر يات جىنسلىقلارغا قىزىققۇچى ئەرلەر ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان جەمئىيەت بولىدىكەن، ئەرلەر ئىگە، ئايالالار شولا، ئوخشاش جىنسلىقلارغا قىزىققۇچى ئايالالار بولسا غۇۋا كۆلەڭگە بولىدۇ. ئەگەر بۇ يەردىكى قۇرۇلما كاپىتالىزم بولىدىكەن، كاپىتالىستلار ئىگە، ئەمگەك سىنىپى شولا، كۆچمەن ئىشچىلار بولسا غۇۋا كۆلەڭگە بولىدۇ. ئەگەر بۇ يەردىكى قۇرۇلما «دۇنيا سىستېمىسى» بولىدىكەن، ھۆكۈمران ئورۇندىكى ئىرقلار ئىگە، ئاز سانلىق مىللەتلەر شولا، جىن-ئالۋاستىلار، ھايۋانلار، خاملار، ۋە ئىنسان ئەمەسلەر غۇۋا كۆلەڭگە بولىدۇ. بۇ ئۈچ مىسالدا، ئىگە بىر ئورۇننى ئىگىلەپ، ئاشۇ ئورۇندىن باشلاپ بىر قۇرۇلما دۇنياسى شەكىللەندۈرۈلىدۇ، ھەمدە شۇ ئارقىلىق باشقا سۆزلەش دەرىجىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئىگە باشقا كاتېگورىيىلەردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ھەمدە بۇ قۇرۇلمىنىڭ قانداق ھەرىكەتلىنىشىنى كونترول قىلىدۇ.

## 5. تارىخي ئىدىيىلەردىن كېلىپ چىققان ھازىرقى ئەھۋاللار

بىر دانىشمەننىڭ مەۋجۇتلۇقى تۆۋەندىكىلەرنى ئالدىن پەرەز قىلىدۇ: ئىنسانلار كۆپ تۈرلۈك بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ رەڭدارلىقى بىر دەرىجە تۈزۈمى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. دانىشمەن ئەڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ، «تۆۋەن تەبىقە» لەر ئۇلنى شەكىللەندۈرىدۇ، ھەمدە ئىنسان ئەمەس جىن-شەيتانلار بىلەن ھايۋانلار دەرىجە بالدىقىدىنمۇ تۆۋەن بىر ئورۇندا تۇرىدۇ .

ئەمدى بىز خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئىرقىي كەمسىتىشىگە قايتىپ كېلەيلى. خەنزۇ مىللىتى ئۈچۈن، دەرىجە بالدىقىنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى «ئىنسان» دېگەن ئورۇن يالغۇز ئوخشىمىغان جىنسلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئۈستىدىلا ئەمەس، ئىرقىي ۋە سىنىپ مۇناسىۋەتلىرىنىڭمۇ ئۈستىدە تۇرىدۇ. «بىز ھەممىمىز باراۋەر، ئەمما سەن تولۇق ئىنسان ئەمەس» دېگەن ئوقۇم خەنزۇ مىللىتىنىڭ بىر ئەڭ يۇقىرى پىسخولوگىيەلىك ئورۇننى ساقلاش ئارقىلىق ئۆزىنى قوغداش ئاساسىي فورمۇلىسى بولۇپ، ئۇلار باشقىلارغا يولۇققاندا، ھەر ۋاقىت ئاشۇ پىسخولوگىيەلىك مېخانىزمنى قوللىنىدۇ .

مانا مۇشۇ لوگىكا جۇڭگو ئىمپېرىيىسىنىڭ ئېپىستېمولوگىيە (بىلىش نەزەرىيىسى) ئاساسى بولۇپ، ئىشلارنىڭ مۇشۇ ئىمپېرىيىلىك تەرتىپى

خەنزۇلارنىڭ پسخولوگىيىسى بىلەن ئىش-ھەرىكىتىگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن. غەرب ئىمپېرىيە تاجاۋۇزچىلىقلىرىغا ياندىشىپ كەلگەن زامانىۋىلاشتۇرۇش پروجېكتىنىڭ بىر قىسمى بولۇش تەرىقىسىدە، ئىسلاھاتپەرۋەر خەنزۇ ئەدەبىيات ماھىرلىرى باراۋەرلىك نەزەرىيىسىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلاندى. بولۇپمۇ باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە شۇنداق بولدى. ئەمما، خەنزۇ مىللىتىنىڭ «بىز ھەممىمىز باراۋەر، ئەمما سەن تولۇق ئىنسان ئەمەس» دېگەن فورمۇلىغا ئاساسلانغان كۆڭۈل قۇرۇلمىسى، پسخولوگىيەلىك قۇرۇلما ۋە ئىدېئولوگىيىلىك ئىش-ھەرىكەتلەر ھازىرغىچە ئاشكارا سۆزلەنمەيدىغان سىياسىي ئاڭسىزلىق بولۇپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ ھازىرمۇ ئۆز پېتىچە داۋاملاشماقتا. «ئىنسان ۋە چالا ئىنسان» دەپ پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى ھازىرمۇ داۋاملىق قوللىنىلماقتا. بۇ فورمۇلا كونتېكستىكە مۇناسىۋەتلىك (باش-ئايىغى ماسلاشقان) ھالدا يۇقىرى دەرىجىلىكلەر (ئاق تەنلىكلەر)، ئاجىزلار (ئاز سانلىق مىللەتلەر)، ياكى ناتونۇش ۋە تۆۋەن دەرىجىلىكلەر (قارا-تەنلىك جەنۇبىي ئاسىيالىقلار) سىنىپلىرىغا ئايرىغىلى بولىدىغان باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ئۈچۈن ئىشقا سېلىنماقتا. بۇ ئۇنىۋېرسال شوۋىنىزم (ئەرلەر بىرىنچىلىك ئىدىيىسى) خەنزۇ مىللىتىنىڭ جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزلىرىغا تاقابىل تۇرۇشىنى ۋە تۇرمۇشىنى سەل چېدىغىلى بولىدىغان دەرىجىگە ئەكېلىشىنى بىر پسخولوگىيەلىك مېخانىزم بىلەن تەمىنلىدى. «بۇ ئاق تەنلىك چەت ئەللىك ئالۋاستىلار بىزنى جىسمانىي جەھەتتىن دۇمبالىيالايدۇ، ئەمما بىزنىڭ روھىيىتىمىزنى مەڭگۈ باش ئەگدۈرەلمەيدۇ» -- مانا بۇ دەل لۇ شۈنىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئاQ نىڭ لوگىكىسىدىن ئىبارەتتۇر. شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەنزۇ مىللىتى يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش ئىرقىي كەمسىتىش لوگىكىسىنى جۇڭگونىڭ چېگرا رايونلىرىدا ياشايدىغان باشقا يەرلىك مىللەتلەرنى كەمسىتىش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىۋاتقان بولۇپ، خەرى گە ئوخشاش بىر ئېسىل ئىنساننىڭ ئۆلۈشىگىمۇ ئاشۇنداق لوگىكا سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن .

بىر ناھايىتى ئىتتىك قىرغىقى بار قالقاننى ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئىشلەتكىلى بولىدۇ، ئەمما، ئەگەر ئۇ بىغەملىك بىلەن ئىشلىتىلىدىكەن، ئۇ بىر قىرغۇچى قورالمۇ بولالايدۇ.

خەنزۇ مىللىتىنىڭ پۈتۈن تارىخى جەريانىدا، كۆپ-قەۋەتلىك كەمسىتىش ئىدىيىسى «ئىنسان» غا بولغان بىر ئالاھىدە چۈشەنچىدىن

كىلىپ چىققان ئىش-ھەرىكەتنىڭ نامايەندىسى بولۇپ كەلدى. بۇ چۈشەنچە تۈپ يىلتىزىدىن باشقىلارنى كەمستىش خاراكتېرىنى ئالغان بىر دەرىجە بالدىقى قۇرۇلمىسى ئىچىگە چوڭقۇر سىڭگەن ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. ئاشۇ ئۇقۇم بويىچە بولغاندا، سىرتقى كۆرۈنۈشتىن قارىغاندا، «ئىنسان» بىر ئۇنىۋېرسال ئۇيۇق بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ئەمما ئاشۇ سىرتقى كۆرۈنۈش يۈزىنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ قارايدىغان بولسا، ئەر-ئايال، سىنىپ، دۆلەت ۋە ئىرق جەھەتتىكى پەرقلەندۈرۈشلەر ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، جىنس (gender)، جىنسىي ھەۋەس (sexuality)، سىنىپ، دۆلەت، ۋە ئىرق كاتېگورىيىلىرىگە مەنسۇپ بولغان دەرىجە بالداقلىرىدىكى پەرقلەر ئىش بېجىرىش رېجىمى رولىنى ئالغان ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي ئىپادىسى بولۇپ قارىلىدۇ. بۇ رېجىم بىر پىرامىدا شەكلىدە قۇرۇلغان بولۇپ، «ئىنسان» بۇ پىرامىدىنىڭ ئەڭ ئۈستىدە تۇرىدۇ، چالا-ئىنسان ۋە ئىنسان ئەمەس نەرسىلەرگە مەنسۇپ بولغانلار (شولا ۋە غۇۋا كۆلەڭگىلەر) بولسا ئاشۇ پىرامىداغا ئاستا سۈرئەت بىلەن ئۆتۈمسىز ھالدا يامىشىپ چىقىش مۇساپىسى جەريانىدا، ئاشۇ پىرامىدىنىڭ چوققىسىغا ھەۋەسلىك بىلەن قارايدۇ. ھېلىقى «ئىنسان» بولسا پىرامىدىنىڭ چوققىسىدىن تۆۋەنگە قارايدۇ. ئۇ «ئىنسان» باشقىلارنىڭ چوققىغا يېتىپ بېرىپ، ئۆزىگە ئوخشاش بىر ھەقىقىي ئىنسان بولۇشتىن قانچىلىك يىراقلىقتا ئىكەنلىكىنى بەلگىلەيدىغان ئەڭ چوڭ نوپۇز ئىگىسى بولىدۇ. بۇ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان «ئىنسان» نىڭ ھېچ قانداق ئالاھىدىلىكى يوق بولۇپ، ئۇ جىنس، جىنسىي ھەۋەس، سىنىپ ۋە ئىرقلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇنىڭ سەۋرچانلىق بىلەن ۋە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا سىزگە «قاتتىق تىرىشساڭ، سەنمۇ مۇشۇ چوققىغا چىقالايسەن» دېگەن ۋاقتى، ئۇنىڭ دەل ئىرقىي كەمستىشنى ئەڭ ئېنىق قىلىپ ئىپادىلىگەن ۋاقتى بولىدۇ. ئەگەر سىز ئۇنىڭغا بۇ ئويۇننىڭ قائىدىسىنى خەنلەر ئۆزلىرى كەشىپ قىلغانلىقىنى دەپ، بۇ پىرامىدا لوگىكىسىدىن يىراقلاپ كەتمەكچى بولىدىكەنسىز، ئۇ سىزگە مۇلايىملىق بىلەن مۇنداق دەيدۇ: سىزنىڭ زېھنىڭىز بىلەن ئەقىل-پاراستىڭىز تېخى تولۇق يېتىلمىگەن؛ سىز تېخى ئىنسانلىقنىڭ سىزىقىدىن ئۆتمىگەن؛ سىز بەك غەربلىشىپ كەتكەن، ھەمدە ئاياللار ھوقۇقى، ماركسىزم ۋە مۇستەملىكىچىلىكتىن كېيىنكى دەۋر قاتارلىقلار تەرىپىدىن زەھەرلىنىپ قالغان.

كىملىك سىياسىي ئىلمى تېخىچە يوقاپ كەتمىگەن بولۇپ، ئۇ يېقىن كەلگۈسىدىمۇ يوقاپ كەتمەيدۇ. ھالقىلىق زىيالىيلار سىياسىي جەھەتتىن توغرا ئىش قىلىپ ياشاش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئۆزىمىز قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان كىملىكنى ئاكتىپلىق بىلەن ئىشقا سېلىپ، مەسىلىنى ئۆز ئىچىمىزدە ئاشكارىلاپ، بىز تەۋە بولغان ئادەم توپىنىڭ يۇقىرىقى مەسىلىنى ھەل قىلىش يولىدا ئىش كۆرۈشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. بىر كونا سۆز بويىچە ئېيتقاندا، بىر ئادەم باشقىلارنى تەنقىد قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆز-ئۆزىنى بىر قېتىم تەكشۈرۈپ كۆرۈشى كېرەك .

ھازىر دۇنيا دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىمپېراتورلۇقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىن ئىبارەت بىرلا مەسىلىگە يىغىنچاقلىغىلى بولمايدۇ. ئەمما، دۆلەتلەر چېگرىسى ئوتتۇرىسىدىكى، شۇنداقلا دۆلەتلەر بىلەن رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ۋە توقۇنۇشلارنىڭ ھەممىسىنى كۆپىنچە ۋاقىتتا مۇستەملىكىچىلىك ۋە ئىمپېرىئالىزم تارىخى بىلەن باغلىغىلى بولىدۇ. ھازىرغىچە بۇنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئىمپېرىئالىزمنىڭ بۇ جەھەتتىكى مەسئۇلىيىتىنى يوق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كەلدى. ئىرقىي كەمستىش ھازىرمۇ ھەممە يەردە مەۋجۇت، ئۇنىڭ ئىپادىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىشنىڭ ھاجىتى يوق، تارىخ ھەر ۋاقىت جاھانگىرلارچە قارشىلىشىش ۋە بويسۇندۇرۇشلارنىڭ مەھسۇلى، بۇ پاكىتنى ئۆزگەرتىشنىڭ ھەم زۆرۈرىيىتى يوق، ھەم مۇمكىنچىلىكىمۇ يوق، دېگەن گەپلەرنى بىز ھازىرمۇ داۋاملىق ئاڭلاپ تۇرىمىز. مەزكۇر ماقالە ئاشۇنداق كۆز قاراشتا بولغۇچىلارنى يۆلەپ تۇرىدىغان بىلىملەرنى ئىشلەپ چىقارغۇچىلارنىڭ پەرەزلىرى بىلەن كۆرەشلىشىرىگە بىر قېتىم جەڭ ئېلان قىلىدۇ.

## 6. ئاخىرقى سۆز

مەن ھازىرغىچە چەت ئەللىك تونۇشلا بىلەن پاراڭلاشقان بەزى ۋاقىتلاردا، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسىم ئىشلىرىنىڭ ياخشى بولماسلىقىنىڭ سەۋەبى خەنزۇ مىللىتىنىڭ ئىرقىي كەمستىشى ئىكەنلىكىنى دەپ كەلدىم. مەسىلەن، ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلار سانىنىڭ ھازىرغىچە بىر مىڭ ئادەمگە بارمايدىغانلىقى (بۇ مېنىڭ شەخسىي پەرىزىم). لېكىن ئۇلار مەندىن «خەنزۇلار سىلەرنى نېمە ئۈچۈن ئۇنداق كەمسىتىدۇ؟» دەپ سورىغاندا،

مەن ئۇلارغا بىر ئىلمىي يوسۇندا جاۋاب بېرىشتە قىينىلىپ كەلگەن ئىدىم. بۇ قېتىم مېنىڭ بىر يەھۇدىي تونۇشۇم ماڭا چىن ئەپەندىنىڭ ماقالىسىنىڭ تور ئادرېسىنى ماڭدۇرۇپ، ئۇ ماقالىنى ئۆزىنىڭ بىر قېتىم ئوقۇپ چىققانلىقىنى، ھەمدە بىر قىسىم قىممەتلىك يېڭى بىلىملەرگە ئېرىشكەنلىكىنى ئېيتقاندىن كېيىن، مەنمۇ ئۇ ماقالىنى دەرھال بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتىم. ھەمدە ئۇ ماقالىدىكى ئۇچۇرلار مېنىڭ بەزى كەم بىلىملىرىنى تولدۇرىدىغانلىقىنى، ھەمدە ئۇنىڭ باشقا ئۇيغۇرلار ئۈچۈنمۇ خېلى پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ماقالىنى قايتا-قايتا ئوقۇپ، شۇ ئارقىلىق ئىگە بولغان چۈشەنچەمگە ئاساسەن مەزكۇر ماقالىنى يېزىپ چىقتىم.

ھازىر ئۇيغۇرلاردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان خېلى كۆپ مەسىلىلەرنىڭ يىلتىزىنى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە بىلىم سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى، ۋە شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان نادانلىقى بىلەن باغلىغىلى بولىدۇ. بۇ ئەھۋال ۋەتەن ئىچىدىمۇ شۇنداق. چەت ئەلدىمۇ ھەم شۇنداق. مەسىلەن، مەن بۇنىڭدىن بىرەر يىل بۇرۇن بىر تونۇلغان ئۇيغۇر زىيالىيسىدىن غازى ئەمەت ئاكىمىز سىزغان ئۇلۇغ ئالىملىرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد قەشقەرى پورترېتلىرىدىكىسى ئۇ ئىككى زاتنىڭ ھەقىقىي چىرايلىرى ياكى پەرەز ئىكەنلىكىنى سورىغىنىمدا، ماڭا ئۇ زىيالىي ھېچ قانداق ئىككىلەنمەي تۇرۇپلا ئۇلارنىڭ ھەقىقىي چىرايى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى. لېكىن يېقىندا مەن يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق ئەپەندىنىڭ «*ئېتىراپ قىلىشقا بولمايدىغان ئىككى پورترېت*» دېگەن ماقالىسىنى ئوقۇپ، ئۇ پورترېتلەرنىڭ پەرەز بىلەن سىزىلغانلىقىنى بىلدىم. ھەر بىر زىيالىينىڭ ھەممە ئىشنى بىلىشى مۇمكىن ئەمەس. بىلمەيدىغىنىنى «بىلمەيمەن» دېيىش ئىلمىي پوزىتسىيىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئوقۇغان ئادەملەردە كەم بولسا بولمايدىغان، تەرەققىي تاپقان مىللەتلەردە ئومۇملىشىپ كەتكەن بىر ئادەتتىكى ئەخلاق ئىدى. ئەپسۇسكى، بەزى ئوقۇغان ئۇيغۇرلاردا مۇشۇنچىلىك ئەخلاقمۇ كەم بولۇۋاتىدۇ. مەيلى ۋەتەندىكىلەر بولسۇن، ياكى چەت ئەلدىكىلەر بولسۇن، بىزنىڭ ئۇيغۇرلىرىمىزنىڭ خېلى كۆپ قىسمى مىللەتنىڭ ساپاسىنىڭ ھازىرمۇ بىر قەدەر تۆۋەنلىكىنى، مىللىي ساپانى ئۆستۈرۈش يولىدا قاتتىق تىرىشىش ئۆز مەۋجۇتلۇقىمىزنى ساقلاپ قېلىشتا ئىنتايىن ھالقىلىق رول ئوينايدىغانلىقىنى تېخىچە تولۇق تونۇپ

يېتەلمەيۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا مەن يېقىندىن بۇيان ئىزچىل تۇردە، ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى مىللىي ساپانى ئۆستۈرۈش ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ كېلىۋاتىمەن. بۇ سۆز ئاددىي بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە ئىنتايىن كەڭ. ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن چوڭ. ئۇ ھەر بىر ئۇيغۇردىن ئۇزۇن مۇددەت جاپالىق تىرىشىشنى، نۇرغۇن بەدەللەرنى تۆلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنى، ھەممە ئۇيغۇرلاردىن ئۆزىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى ۋە باشقا مۇمكىنچىلىكلىرى يار بەرگەن دائىرە ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى پەللىگىچە ئوقۇشنى، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى كىتاب ئوقۇشقا سەرپ قىلىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ .

ئۆزلىرى خەنزۇ مىللىتى بىلەن بىرگە ياشمايدىغان يەھۇدىي مىللىتىدىن كېلىپ چىققان بىر كىشىنىڭ مۇشۇنداق بىر ماقالىنى قەدىرلەپ ئوقۇشىدىن، مىللىي ساپاسى يۇقىرى بىر مىللەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، مىللىي ساپانى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن قانداق تىرىشىش كېرەكلىكىنى مەلۇم دەرىجىدە كۆرۈۋالالايمىز. مەن بۇ ئىشقا ئاشۇنداق قارىدىم. مەن بارلىق قېرىنداشلارنىڭ مېنىڭ مەزكۇر ماقالىنى تەييارلىشىمدىكى سەۋەبنى مانا شۇنداق چۈشىنىشىنى، ھەمدە ۋاقىت چىقىرىپ بۇ ماقالىنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.



2000-يىلى 1-ئاينىڭ 2-كۈنى خوڭكوڭ (شياڭگاڭ) دىكى بىر دوختۇرخانىدا ئۆلۈپ كەتكەن خەرى خانىم.

**مەزكۇر ماقالىدا تىلغا ئېلىنغان بىر قىسىم ئەسەرلەرنىڭ تور ئادرېسلىرى:**

1. چېن ئەپەندىنىڭ «خەنزۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىرقىي كەمسىتىشى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسى (ئىنگلىزچە):

http://www.inter-asia.org/khChén/online/Epilogue.pdf

2. چېن ئەپەندىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى:

http://apcsapcs.blogspot.com/search/label/CV%28%E4%B8%AD%E6%96%87%EF%BC%89

3. «ئېتىراپ قىلىنىشقا بولمايدىغان ئىككى پورترېت»:

http://qamus.okyan.com/View.aspx?ID=10232
http://www.meripet.com/Academy/20110206_MehmudQeshqiri.htm

# يەھۇدىيلارنى 3000 يىل ساقلاپ قالغان ئامىللار

2013 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

بىر مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە قۇدرەت تېپىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى، شۇ مىللەت ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكىنى ساقلاپ قېلىش. مىللەت ساقلىنىپ قالمايدىكەن، ھەرگىزمۇ مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە قۇدرەت تېپىشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئۇنداقتا بىر مىللەت ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشى ئۈچۈن قانداق شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك؟ مەن ئاشۇ سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەپ بېقىشنى ئويلىغىلى خېلى ئۇزۇن بولدى. باشقىلار بىلەن مۇشۇ تېما ئۈستىدە پاراڭلىشىش جەريانىدا، مەن بىر تونۇشۇمدىن «ھالال گۆش يەيدىغان مىللەتلەر يوقاپ كەتمەيدىكەن. مەن بىر ياۋروپالىق داڭلىق ئاپتورنىڭ كىتابىدا ئاشۇنداق مەزمۇننى كۆرگەن ئىدىم»، دېگەن سۆزنى ئاڭلىدىم. ئۇيغۇرچە تور بەتلىرىنىڭ بىرىگە چاپلانغان بىر پارچە ماقالىدا «دېھقان نوپۇسىغا ئىگە مىللەتلەر يوقاپ كەتمەيدىكەن» دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇننىمۇ كۆردۈم. راست شۇنداقمۇ؟ بىر مىللەتنىڭ ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىللار قايسىلا؟ يۇقىرىدىكى گەپلەر خېلى ئورۇنلۇقتەك كۆرۈنسىمۇ، ئۇ سۆزلەر ھەرگىزمۇ بىر پۈتۈن ئىلمىي نەزەرىيىگە ۋەكىللىك قىلالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئاشۇ سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلمىي ئۇقۇملارنى تولۇق ئېنىقلاپ چىقىش قارارىغا كەلدىم.

مەن ئالدى بىلەن چەت ئەلدىكى ئىنگلىزچە Google ۋە Amazon.com تور بەتلىرىدىكە كىرىپ، «بىر مىللەتنىڭ ساقلىنىپ قېلىنىشى» (The survival of a people) دېگەندەك سۆزلەرنى كىرگۈزۈپ ئىزدەپ باقتىم. لېكىن مەن كۈتكەن نەتىجىگە ئېرىشەلمىدىم. مەن ئىزدىگەن مەزمۇنغا ئەڭ يېقىن كېلىدىغان بىر كىتابنىڭ ئىسمى «ساق قالغۇچىنىڭ كىشىلىك خاراكتېرلىرى» (Al Siebert, The survivor personality) بولۇپ، مەن ئۇنى توردىن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا سېتىۋېلىپ، كۆرۈپ باقتىم. ئەمما، بۇ كىتاب ئوت ئاپىتى، يەر تەۋرەش ۋە سۇ ئاپىتىگە

ئوخشاش تەبىئىي ئاپەتلەرگە ئۇچراپ ساق قالغان كىشلەر، ھەممە ئائىلە پاجىئەلىرىگە يولۇققان كىشلەرنىڭ ئاشۇنداق ۋەقەلەردىن كېيىنكى روھىي ھالىتى، ۋە ئاشۇنداق روھىي ھالەتتىن قۇتۇلۇش يوللىرى ئۈستىدە بولۇپ، ئۇنىڭدا مەن ئىستىگەن مەزمۇنلار يوق ئىكەن.

ئۇنىڭدىن كېيىن مەن يەنە «مىللىي گۈللىنىش» دېگەن سۆزنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق تورلارنى قايتىدىن ئىزدىدىم. نەتىجىدە ئىنگلىزچە «ئېتنىك گۈللىنىش» (The ethnic revival)، «مىللەتپەرۋەرلىك بىلەن مودېرنىزم (زامانىۋىلىق)»، (Nationalism and modernism)، «مىللىي كىملىك» (National identity) دېگەن كىتابلارنى تېپىپ، ئۇلارنىمۇ سېتىۋېلىپ ۋاراقلاپ چىقتىم. بۇ ئۈچ كىتابنىڭ ئاپتورى ئەنگلىيەدىكى لوندون ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى دوكتور ئەنتونى سمىز (Anthony D. Smith) بولۇپ، بۇ ئاپتورنىڭ مىللەتپەرۋەرلىك تەتقىقاتىدا كۆپلىگەن ئىلمىي ساھەلەرنى بىرلەشتۈرگەن دۇنياغا داڭلىق مۇتەخەسسىس ئىكەنلىكىنى ئۇ كىتابلار قولۇمغا تەگكەندىن كېيىن ئاندىن بىلدىم. بىراق، بۇ كىتابلاردا تەسۋىرلەنگىنى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن قايتىدىن گۈللەنگەن، مۇستەقىل ياشايدىغان، گېرمانلىقلارغا ئوخشاش مىللەتلەر ھەققىدە بولۇپ، ئۇ كىتابلاردىمۇ مەن ئىستىگەن مەزمۇنلار تېپىلمىدى.

مۇستەقىل ياشايدىغان بىر مىللەت بىلەن مۇستەملىكە قىلىنغان بىر مىللەتنىڭ ئەھۋالى تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. بىر مىللەت ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ياشىغاندا، ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتالايدۇ. ئۆزىنىڭ ئەقىدىسى، قىممەت قارىشى، قانۇنى، ئۆرپ-ئادىتى، ۋە ئىجتىمائىي شەكىللىرىنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ. ئۆزىنىڭ تىلى، دىنى، يېسە بولىدىغان يېمەكلىكلىرى، ۋە كىيىم-كېچەكلىرى قاتارلىقلارنى ئۆزىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ساقلاپ قالالايدۇ، ۋە پەقەت ئۆزى مۇۋاپىق كۆرگەندىلا ئۆزگەرتەلەيدۇ. ياد مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىدىن ئۆزىنى ئۆزى خالىغان دەرىجىدە ساقلاپ، ئۆز مەدەنىيىتىدىن بىمالال بەھرىمەن بولۇپ ۋە ئۇنى ساقلاپ ماڭالايدۇ (بۇلار بىر تولۇق تىزىملىك ئەمەس).

بىزنىڭ بۇ يەردە بىلمەكچى بولغىنىمىز، مۇستەقىل ياشىمايدىغان بىر مىللەت ئۆزىنى ساقلاپ قالالىشى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ئامىللار قايسىلا، دېگەندىن ئىبارەت. كەلگۈسى ئۈچۈن قايسى يولنى تالLاشنى بىلەلمىگەندە، تارىخنى ۋاراقلاپ، بۇرۇنقىلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ۋە تەجرىبىلىرىدىن ئەقىل تېپىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنداقتا يۇقىرىقى سوئالغا

جاۋاب تېپىش ئۈچۈن كىمنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ۋە تەجرىبىلىرى ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدۇ؟

ئىزدىگەن كىتابلارنى تاپالمىغاندىن كېيىن، مەن دىققىتىمنى تور بەتلىرىدىكى ئىنگلىزچە ماقالىلەرگە بۇرىدىم. ھەمدە بىر قىسىم قىممەتلىك ماتېرىياللارغا ئىگە بولدۇم. مەزكۇر ماقالىدا مەن بۇ قېتىم ئىگىلىگەن ئۇچۇرلارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

## 1. ئارقا كۆرۈنۈش

مەن ئوقۇرمەنلەرگە ئالدى بىلەن تۆۋەندىكى بىر خيالىي ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىمەن. بىر يۇمشاق ۋە پاكىز ئاق قۇم بىلەن تولغان دېڭىز قىرغىقىدا 100 ئادەم ئاپتاپ قاقلىنىدۇ. باشقا 20 ئادەم دېڭىز ئىچىدە سۇ ئۈزۈپ ئوينايدۇ. توساتتىن بىر چوڭ دولقۇن كېلىپ، سۇ ئۈزۈۋاتقان 20 ئادەمنى سۇ ئاستىغا ئەكىرىپ كېتىدۇ. قىرغاقتىكىلەر ساق قالىدۇ، ئەلۋەتتە. سۇغا چۆكۈپ كەتكەنلەر سۇ ئاستىدىن 30 مىنۇتقىچە چىقالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 20 ئادەمدىن 18 كىشى ئۆلۈپ كېتىپ، ئاران ئىككىسى ساق قالىدۇ. (سىزچە ئۇيغۇرلار ھازىر يۇقىرىدىكى 3 گۇرۇپپا ئادەملەرنىڭ قايسى گۇرۇپپىسىغا ئوخشايدۇ؟) دۇنيادا ھازىرغىچە ياشىغان مىللەتلەرنىڭ ئىچىدە، ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش شارائىتىغا ئىگە ئەمەس، يوقاپ كېتىشكە تېگىشلىك ئەھۋال ئاستىدا ياشاپ تۇرۇپ، ئۆزىنى 3000 يىلدىن ئارتۇق ساقلاپ قالالىغان بىرلا مىللەت بار. ئۇ بولسىمۇ يەھۇدىيلاردىن ئىبارەت. يەھۇدىيلار يۇقىرىدىكى ۋەقەدىكى دېڭىز سۈيىنىڭ ئاستىغا كىرىپ كېتىپ، سۇ ئاستىدا 30 مىنۇتتىن ئارتۇق تۇرۇپ، يەنە ھايات قالغان ھېلىقى ئىككى ئادەمگە ئوخشايدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش مىللەتلەردىن ھازىرغىچە يەھۇدىيلاردىن باشقىسى ياشاپ باقمىغان. شۇڭلاشقا بىر مىللەتنى ساقلاپ قېلىشتا ئەڭ مۇھىم رول ئوينايدىغان ئامىللار ئۈستىدە ئىزدەنمەكچى بولغان ھەر قانداق بىر ئادەم، ئالدى بىلەن يەھۇدىيلار ئۈستىدە ئىزدىنىشكە مەجبۇرى بولىدىكەن. مەنمۇ شۇنداق بولدۇم.

مەن ھازىرغىچە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ھەققىدە بىرەر نەرسە يېزىپ باقمىدىم. بۇنىڭ سەۋەبى ھەرگىزمۇ مېنىڭ ئۇيغۇر تارىخىنىڭ مۇھىملىقىغا سەل قارايدىغانلىقىمدىن ئەمەس. مەن ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ھازىرقى دەۋردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرى ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىملىقىنى خېلى بۇرۇنلا تونۇپ يەتكەن ئىدىم. ئۇيغۇر تارىخىدىن خەۋەردار ياشلارنىڭ ئۆزىنىڭ بىر

ئۇيغۇر بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىپ ياشايدىغانلىقىنى، ئۇيغۇر تارىخىدىن خەۋەردار ئەمەس ياشلارنىڭ ئىچىدە بولسا، ئۆزىنىڭ بىر ئۇيغۇر بولۇپ قالغانلىقىغا پۇشايمان قىلىدىغانلارمۇ بارلىقىنى بۇرۇنلا ھېس قىلغان ئىدىم (ھۆكۈمران ئورۇندىكى مىللەتلەر بۇ نۇقتىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنىدىغان بولغاچقا، ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى مىللەتلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارنى چەكلەش ياكى ئۇلارنىڭ تارىخنى ئۆزگەرتىپ قايتىدىن يېزىپ چىقىش جەھەتتە ئەڭ زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ). مەن كەلگۈسىدە ئىزدەنمەكچى بولغان تېمىلار ئىچىدە ئۇيغۇر تارىخىمۇ بار. مېنىڭ ھازىر قىلىۋاتقىنىم، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ئۇيغۇر دىيارىدا ئاساسەن ياكى ئاسانلىقچە تېپىلمايدىغان بىلىملەر بىلەن تەمىنلەش بولۇپ، مەن ئوقۇرمەنلەردىن مەزكۇر ماقالىنىمۇ ئاشۇنداق بىر ئىدىيە ئاساسىدا چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن تۆۋەندە بايان قىلىدىغان يەھۇدىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى مەزكۇر ماقالىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى چۈشىنىشكە خېلى چوڭ ياردەم قىلىدۇ. شۇڭا ئوقۇرمەنلەرنىڭ تۆۋەندىكى يەھۇدىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخىغا سەل قارىماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 2. يەھۇدىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى

يەھۇدىيلارنىڭ تارىخىنى مۇنداق ئىككى چوڭ دەۋرگە بۆلۈش مۇمكىن. بىرىنچىسى، يەھۇدىيلارنىڭ ئىككىنچى ئىبادەتخانىسى بۇزۇۋېتىلگەن مىلادىيىدىن كېيىنكى 70-يىللارغىچە بولغان ئالدىنقى 1000 يىللىق دەۋر. ئىككىنچىسى مىلادىيىدىن كېيىنكى 70-يىللاردىن بۈگۈنگىچە بولغان 1940 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دەۋر.

بىرىنچى دەۋرنىڭ 90 پىرسەنتىدە، يەھۇدىي نوپۇسىنىڭ ئاساسلىق قىسمى توپلىشىپ ياشىغان، ھەمدە ھازىرقى ئىسرائىل زېمىنىدا ئۆزلىرىنىڭ بىر مۇستەقىل دۆلىتىمۇ مەۋجۇت بولغان. بۇ دەۋرنىڭ بىر چوڭ ئالاھىدىلىكى، بۇ دەۋردە يەھۇدىيلار باشقا مىللەتلەرنىڭ دىنىغا ئوخشىمايدىغان يەھۇدىي دىنىغا ئىگە بولغان. بۇ دەۋردىكى باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ ئورتاقلىقى مۇنداق ئىككى نۇقتىدا ئىپادىلىنىدۇ: بىرى، ئۇلارنىڭ ئېتىقادلىرى بىر خىل ئورتاق ئەھۋالنى، يەنى تۇغۇلۇش، ئۆلۈش، ئۇرۇش ۋە تىنچلىق، ۋە تولۇق چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ بولالمىغان تەبىئىي ھادىسىلەرگە بولغان بېقىندىلىق قاتارلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

يەنە بىرى بولسا، ئۆز-ئارا ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان مەدەنىيەتلەر بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن. يەنى، ئىدىيىلەر ئۆز-ئارا قوبۇل قىلىنغان ۋە ئۆزگەرتىلگەن. يەھۇدىيلارنىڭ يۇقىرىقى بىرىنچى نۇقتىدا باشقا مەدەنىيەتلەر بىلەن ئورتاقلىقى بولغان. ئەمما، گەرچە ئۇلار ياشىغان ماكان ئۈچ چوڭ قىتئە ئۆز-ئارا ئۇچرىشىدىغان جايدا بولسىمۇ، تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتلەردە يەھۇدىي ئېتىقادى باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭكىدىن تۈپتىن پەرقلەنگەن:

(1) تەبىئىي ھادىسىلەر بىر-بىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان بولغاچقا، باشقا مەدەنىيەتلەر ئۇ ھادىسىلەر ئۈچۈن ئايرىم-ئايرىم ئىلاھ بەلگىلەپ قويغان. پەقەت يەھۇدىي دىنى بولغان جۇدائىزملا «ئىلاھتىن پەقەت بىرسىلا بار» دەپ قارىغان.

(2) قەدىمكى ئەللەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئىلاھى بار بولغان. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەر بىرى باشقىسىنىڭ ئىلاھىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلغان. بىر ئەل يەنە بىر ئەلنى ئۇرۇشتا يېڭىپ بېسىۋالغاندا، يېڭىلگەن ئەل «ئۇلارنىڭ خۇداسى بىزنىڭكىدىن كۈچلۈك ئىكەن» دەپ قاراپ، يەڭگۈچى ئەلنىڭ خۇداسىنى ئەينەن قوبۇل قىلغان. ھەرگىزمۇ دىنىي ئۇرۇش بولمىغان. پەقەت جۇدائىزملا «خۇدا ئۇنىۋېرسال بولۇپ، ئۇنىڭدىن پەقەت بىرسىلا بار، قالغانلىرى بولسا فانتازىيەدىن باشقا نەرسە ئەمەس»، دەپ قارىغان.

(3) باشقا قەدىمكى دىنلارنىڭ ھەممىسى خۇدالىرىنى بىرەر فىزىكىلىق جىسىم ياكى ھادىسىلەر بىلەن زىچ باغلاپ قويغان، ھەمدە كۈننىڭ خۇداسى، ئاينىڭ خۇداسى، دېڭىز خۇداسى، ھامىلىدار بولۇش خۇداسى، ۋە ئۆلۈش خۇداسى قاتارلىق كۆپ ساندىكى خۇدالارغا ئىگە بولغان. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ خۇدالىرى بىر خىل ئىنسان شەكلىنى ئالغان. پەقەت جۇدائىزملا خۇدانىڭ فىزىكىلىق گەۋدىسى، شەكلى ۋە شۇلارغا ئوخشاش باشقا نەرسىسى يوق، دەپ قارىغان.

ئىلاۋە: ئەگەر سىز ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان «يۈسۈپ زىلەيخا» دېگەن كۆپ قىسىملىق كىنونى كۆرۈپ باققان بولسىڭىز، يۇقىرىدىكى مەزمۇنلارنى ئاشۇ كىنودىكى مەزمۇنلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئويلاپ بېقىڭ. مەن كۆرگەن بەزى ماتېرىياللاردا دېيىلىشچە، ئاشۇ كىنودىكى يۈسۈپ پەيغەمبەر بىلەن ئۇنىڭ دادىسى ياقۇپ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەر ئىككىسى يەھۇدىي ئىكەن. ئەگەر سىز ئۇ كىنونى تېخى كۆرۈپ باقمىغان بولسىڭىز، ئۇنى چوقۇم كۆرۈپ بېقىڭ. مەن سىزنىڭ ئۇنى ناھايىتى ياقتۇرۇپ قالىدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. مەن مەزكۇر ماقالىنى يېزىشتا پايدىلانغان

ماتېرىياللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يەھۇدىيلار تەرىپىدىن يېزىلغان. لېكىن، يۇقىرىقىدەك پۈتۈن دۇنيا بىلىدىغان پاكىتلارنى بايان قىلىشتا يەھۇدىي ئالىم-تەتقىقاتچىلىرىنىڭ سەمىمىي بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

(4) باشقا قەدىمكى دىنلارنىڭ ھەممىسى «خۇدا چەكلىك كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە» دەپ قارىغان. بۇنداق بولغاندا، خۇدانى پەيدا قىلغان باشقا بىر خىل كۈچنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما جۇدائىزم ھەممە مەۋجۇتلۇقلارنىڭ ياراتقۇچىسى خۇدا بولۇپ، ئۇ يارىتىش جەھەتتە چەكسىز كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە، دەپ قارىغان.

(5) قەدىمكى دۇنيانىڭ ھەممىسى خۇدا دېگەن بىر قورسىقى كىچىك زومىگەر بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئىنسانلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش نەپسى بىلەن ئىش ئېلىپ بارىدۇ، شۇڭا ئادەتتىكى ئىنسانلار بىلەنمۇ، ۋە بىر-بىرى بىلەنمۇ توقۇنۇشىدۇ، دەپ قارىغان. ئۆز خۇدالىرىدىن ھەرگىزمۇ ئەخلاق جەھەتتە مۇتلەق ھالدا مۇكەممەل بولۇشنى كۈتمىگەن. پەقەت يەھۇدىي خۇداسىلا ئاشۇنداق شەرتكە توشقان.

(6) باشقا قەدىمكى دىنلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم شەكىلدىكى ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتىگە يول قويغان. پەقەت جۇدائىزملا ھەر قانداق شەكىلدىكى ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتىگە قارشى تۇرغان.

يۇقىرىدىكىدەك پەرقلەر تۈپەيلىدىن، قەدىمكى مەدەنىيەتلەرگە يەھۇدىي ئەقىدىسى بىمەنە بولۇپ تۇيۇلغان. يەھۇدىيلار باشقىلارغا ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمىي سەرگۈزەشتلىرى بىلەن ئورتاق ھۆكۈمگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان شەكىلدە نامايان بولغان. يەھۇدىيلار «خەتەرلىك ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان دوستسىز ئىنسانلار»، دەپ قارالغان. قىسقىسى، مىلادىيىدىن كېيىنكى 70-يىللاردىن بۇرۇنلا، يەھۇدىيلار باشقا بارلىق ئەللەرنىڭ چەتكە قېقىشىغا دۇچ كەلگەن. ئۇ دەۋردە يەھۇدىيلار جۇدائىزمنى ساقلاپ قېلىشقا سەۋەب بولغان، دىن بىلەن مۇناسىۋەتسىز مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرمىگەن. دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك بىرەر يەھۇدىي ئىمپېراتورلۇقىمۇ مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان. يەھۇدىيلار ماتېماتىكا، مېدىتسىنا، ئىقتىساد، بىناكارلىق، سەنئەت ۋە پەلسەپە قاتارلىق ساھەلەردە بىرەر دەۋر بۆلگۈچ ئىجادىيەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ باققانمۇ ئەمەس. ئەگەر ئاشۇنداق ئىشلار مەۋجۇت بولۇپ باققان بولسا،

جۇدائىزمنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىنى بىر مۇۋەپپەقىيەتلىك جەمئىيەت بەرپا قىلغان مۆجىزىلەرنىڭ بىرى، دەپ قاراشقىمۇ بولار ئىدى.

ئىلاۋە: مۇھەممەد پەيغەمبەر مىلادىيەدىن كېيىنكى 570-يىلدىن 632-يىلغىچە ياشىغان بولۇپ، كۆپلىگەن تارىخشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، ئىسلام دىنىنى مۇھەممەد پەيغەمبەر 622-يىلى ئىجاد قىلغان. يۇقىرىدىكى يەھۇدىيلارغا ئائىت ئىشلار مىلادىيەدىن كېيىنكى 70-يىللاردىن بۇرۇنقى دەۋردە يۈز بەرگەن بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ ۋاقىتلارغا دىققەت قىلىشىنى سورايمەن.

يەھۇدىيلارنىڭ 70 ـ يىللاردىن باشلانغان ئىككىنچى تارىخىي دەۋرىدە، يەھۇدىي جەمئىيىتى ئۆز ـ ئارا قارشىلاشقان نۇرغۇن مەدەنىيەت ئىچىگە تارقالغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھېچ قانداق مەركىزىي ھاكىمىيىتى ياكى كونتروللۇقى مەۋجۇت بولمىغان. ئادەتتە، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا قالغان بىر مىللەت باشقا مىللەت مەدەنىيەتلىرىنىڭ تەسىرىگە زور كۆلەمدە ئۇچرىغان، ۋە باشقا مەدەنىيەتلەرنى كۆپلەپ قوبۇل قىلغان بولاتتى. دۇنيانىڭ ئوخشىمىغان جايلىرىدىكى يەھۇدىي جەمئىيەتلىرى ئۆزى تۇرۇۋاتقان دۆلەت ۋە رايوننىڭ مۇھىتىغا ماسلاشقان، ۋە شۇ جايدىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى خېلى چوڭقۇر قوبۇل قىلغان بولاتتى. ئاشۇ دەۋردىكى خرىستىئان دىنىنىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ باقىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا نەچچە يۈزلىگەن مەزھەپنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى بايقايمىز. بۇ دىنىي مەزھەپلەر ئەينى زاماندىكى ئۆزۈن مۇددەتلىك ۋاقىت ئىچىدە بىر ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەن، ۋە ئۆز ئالدىغا مەركىزىي ھاكىمىيىتى ۋە كونتروللۇقىغا ئىگە بولغان بىر دىندا بارلىققا كەلگەن. ئاشۇنداق ئەھۋالنى بارلىققا كەلتۈرگەن كۈچ جۇدائىزمغا تېخىمۇ زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن بولسا توغرا بولاتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان ئىش يۈز بەرگەن: ھازىرقى جۇدائىزم بىلەن بۇنىڭدىن 1900 يىل ئىلگىرىكى جۇدائىزم ئوتتۇرىسىدا دىنىي ئېتىقاد ۋە دىنىي ئىش ـ ھەرىكەت جەھەتتە ھېچ قانداق تۈپ پەرق مەۋجۇت ئەمەس. بۇ بىر ھېچ كىم تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان ئەھۋال بولۇپ، ئۇ مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ نورمال جەريانىغا خىلاپلىق قىلىدۇ.

ئۇنداقتا يەھۇدىيلار بىلەن ئۇلارنىڭ جۇدائىزم دىنىنى ساقلاپ قالغان ئامىللار قايسىلا؟ بۇ نۇقتىلار تۆۋەندىكى قىسىملاردا بايان قىلىنىدۇ.

## 3. يەھۇدىيلارنى 3000 يىل ساقلاپ قالغان مۇھىم ئامىللار

يەھۇدىيلارنى ساقلاپ قالغان ئامىللار ئۈستىدە تېخىچە بىرەر بىرلىككە كەلگەن نەزەرىيە مەۋجۇت ئەمەس. يەھۇدىيدىن بولغان مۇتەخەسسىسلەر ئىچىدە ئۆزلىرىنى 3000 يىلدىن ئارتۇق ساقلاپ قالغىنى يەھۇدىي دىنى — جۇدائىزم، ۋە يەھۇدىيلارنىڭ دىنى بىلەن ئەخلاقى توغرىسىدىكى 613 تەلىماتلار، دەپ قارايدىغانلار كۆپ ئىكەن. مەن ئوقۇغان 2008-يىلى نەشر قىلىنغان «ھەقىقەتكە كۆرە ياشاش» (Living up to the Truth, Dr. Dovid Gottlieb) دېگەن كىتابتا، ئاپتور باشقىلار ئوتتۇرىغا قويغان، يەھۇدىيلارنى 3000 يىل ساقلاپ قالغان ئامىللار ھەققىدىكى بارلىق كۆز-قاراشلارنى مۇنداق 3 ئامىلغا يىغىنچاقلىغان:

(1) ئېزىلىش

(2) يەھۇدىي دىنى-جۇدائىزم

(3) مائارىپ بىلەن دىن ئاساسىغا قۇرۇلغان ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشتىكى بىر قىسىم ئالاھىدە ئىقتىدارلار

### 1) ئېزىلىش

«ئېزىلىش» ياكى «زۇلۇم» دېگەن ئامىل ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ناھايىتىمۇ تونۇشلۇق. بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتنى ئەزسە، ئېزىلگۈچى مىللەتتە ئەزگۈچى مىللەتنىڭ ئۆز خەلقى بىلەن ئۆز مەدەنىيىتىنى يوقىتىۋېتىش مەقسىتىگە قارشى ئىرادە ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. تارىختا دۇنيادىكى يەھۇدىي ئەمەس مىللەتلەر يەھۇدىيلارغا «باشقا دۇنيا ئادەملىرى» دەپ ئېنىقلىما بەرگەن. مەن يەھۇدىيلارنىڭ تارىخى ھەققىدىكى بىر تور بېتىنى كۆرگەن، ئۇنىڭدا يەھۇدىيلارغا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنىڭ ۋاقتى، ئورنى ۋە ۋەقەنىڭ تۈرى بىر جەدۋەل شەكلىدە تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن:

-- قوغلاندى قىلىنغان

-- مەجبۇرى ھالدا باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەرگە ئۆزگەرتىلگەن

-- كىتابلىرى كۆيدۈرۈلگەن

-- مال-مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغان

-- يەھۇدىي چېركاۋلىرى كۆيدۈرۈلگەن

-- قىرغىن قىلىنغان

ـ ـ مال ـ مۈلكى كۆيدۈرۈلگەن
ـ ـ يېرى تارتىۋېلىنغان
ـ ـ دېڭىزدا سەپەر قىلىشى چەكلەنگەن
ـ ـ كەڭ ـ كۆلەملىك قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغان
ـ ـ تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن
ـ ـ گېرمانىيە ۋە فىرانسىيەدىكى يەھۇدىي نوپۇسىنىڭ 1/3 قىسمى قىرىلغان
ـ ـ قىرىلغان
ـ ـ بۇلاڭچىلار ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان

تارىختا يەھۇدىيلار جەمئىي 79 دۆلەتتىن قوغلاندى قىلىنغان بولۇپ، بەزى دۆلەت ۋە جايلاردىن كۆپ قېتىملاپ قوغلانغان. بۇ يەردە تەبىئىي ھالدا سورىلىدىغان بىر سوئال، «دۇنيا يەھۇدىيلارغا نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا ئۆچ؟» دېگەندىن ئىبارەت. بۇنىڭ جاۋابىنى تارىختىكى سەۋەبلەر بىلەن ھازىرقى سەۋەبلەر، دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ بايان قىلىش مۇمكىن بولۇپ، مەن بۇ يەردە تارىختىكى سەۋەبىنىڭ بىر قانچە ئاساسلىق قىسمىنىلا قىسقىچە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈپ كېتەي:
ـ ـ يەھۇدىيلارنىڭ دىنى، مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ-ئادىتى باشقىچە بولۇپ، خرىستىئان دىنىغا ئىشىنىدىغان مىللەتلەرنىڭكىدىن تۈپتىن پەرقلىق. شۇڭا خرىستىئان دۇنياسى ئۇلارنى تەبىئىي ھالدا ئۆچ كۆرگەن.
ـ ـ ئۇلار ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرغۇچى ئىنسان، ياكى «ئاللا تاللىغان ئىنسانلار» ھېسابلاپ، خرىستىئانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغان.
ـ ـ ئۇلار تارىختا ئاچ كۆزلۈك، ئوغرىلىق، يالغانچىلىق، باشقىلاردىن پايدىلىنىش، سودىدا جازانىخورلۇق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان.
ـ ـ يەھۇدىيلار نەدە ياشىشىدىن قەتئىينەزەر، باشقا مىللەتلەر بىلەن ئارىلاشماي، ئۆزلىرى ئۆز-ئالدىغا ئايرىم ياشىغان. باشقا مىللەتكە ھېچ قانداق مەنپەئەت بەرمىگەن. شۇنىڭ بىلەن باشقا مىللەتلەرگە بىر غەيرىي مىللەت بولۇپ كۆرۈنگەن.
ـ ـ ئۇلار يەھۇدىي ئەمەسلەرنىڭ جېنىنى بىر ھايۋاننىڭ جېنى بىلەن تەڭ قاراپ، ئۆزلىرىنى «مۇقەددەس ئىنسانلار» دەپ ھېسابلىغان. شۇڭا باشقا مىللەت كىشىلىرىنى ئۆلتۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئوغرىلاشنى ئورۇنلۇق ئىشلار قاتارىدا كۆرگەن (ھازىر پەلەستىنلىكلەر ئەسىرگە چۈشكەن

بىر يەھۇدىينى ئىسرائىلىيىگە قايتۇرۇپ بەرسە، يەھۇدىيلار ئۇنىڭ ئورنىغا 300ـ50 ئەرەبلىك ئەسىرنى قايتۇرۇپ بېرىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئەرەبلەردىن نەقەدەر ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى نامايان قىلىدۇ).

يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر پۈتۈن دۇنيانىڭ يەھۇدىيلارنى چەتكە قېقىشىنى ۋە ئېزىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇنداق ئېزىلىش بولسا يەھۇدىيلارنىڭ ئۆز كىملىكىنى ساقلاشتىكى قەتئىي ئىرادىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. ئەگەر يەھۇدىيلار دۇنيادا باشقا مىللەتلەر بىلەن ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنغان بولسا، ۋە جەمئىيەتتە باشقا مىللەتلەر بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا ئېرىشەلىگەن بولسا، ئۇلارنىڭ بۇ چاققا يوقاپ كېتىشى پۈتۈنلەي مۇمكىن ئىدى.

كەمسىتىشكە ئۇچراش يامان ئىش بولۇپ، ھېچ قانداق بىر مىللەت باشقىلار تەرىپىدىن كەمسىتىلىشنى ۋە چەتكە قېقىلىشنى خالىمايدۇ. لېكىن، ھەممىمىزنىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، بەزىدە يامان ئىشتىن ياخشى نەتىجىمۇ كېلىپ چىقىدۇ. كەمسىتىلىشنىڭ ئىجابىي رولىمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، بىر مىللەتنىڭ ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشتىكى رولىدۇر. مەن يېقىندا ئىدارەمدە كېچە سائەت 11 گىچە ئىشلەشكە مەجبۇرى بولۇپ قالدىم. ئۇ كۈنى ئەتىگىنى ئىدارىنىڭ كىچىك ئاپتوبۇسى بىلەن ئىشقا كەلگەن بولۇپ، ئۇ ماشىنا ئاللىبۇرۇن كەتكەن بولغاچقا، يېرىم كېچىدە ئۆيگە بىر يەھۇدىي خىزمەتدىشىمنىڭ ماشىنىسى بىلەن قايتىپ كەلدىم. بىز يولدا پاراڭلىشىپ، مەن ئۇنىڭغا يۇقىرىقى 3 ئامىل ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىمنى سۆزلەپ بەرسەم، ئۇ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى. ھەمدە «ئۇ ئىشلارنى مەن بىلمەيدىكەنمەن. ھازىر بىزگە نىسبەتەن ھېچ قانداق كەمسىتىش بولمىغاچقا، مەن ئوغلۇمنى يەھۇدىي قىلىپ تەربىيىلەشتە ئىنتايىن قاتتىق قىينىلىپ كېتىۋاتىمەن»، دېدى. ھەمدە مېنى بىزنىڭ شەھەردىكى «يەھۇدىيلار مەركىزى» دە بىر قېتىم يۇقىرىقى تېمىدا ئىلمىي دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. قىسقىسى، بىر مىللەتنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ يوقىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى، ھەممە مىللەتلەرنى ھەممە ئىشتا باراۋەر قىلىۋېتىش. بۇنىڭ ئەڭ ياخشى بىر مىسالى ئامېرىكىدۇر. ئامېرىكىدا 200 دەك مىللەت ياشايدۇ. ھەر بىر داڭلىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى تەكشۈرسىڭىز، ئۇلاردىنمۇ ئاسانلا بىرەر يۈز مىللەت تېپىلىدۇ. لېكىن، ئامېرىكىغا كىچىكىدە كەلگەن، ياكى ئامېرىكىدا

تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ياشلارنى تەكشۇرسىڭىز، ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى، ئاساسەن ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقايسىز. بۇنداق ياشلارنىڭ ئاساسىي قىسمىغا نىسبەتەن ئۆزى ئايرىم بىر مىللەت بولۇپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئانچە ئەھمىيىتى قالمىغان بولۇپ تۇيۇلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال باشقا دېموكراتىك دۆلەتلەردىمۇ ئوخشاش. ئاشۇنداق سەۋەب تۈپەيلىدىن، تەرەققىي تاپقان ياكى دېموكراتىك دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇرلار ئۆز بالىلىرىنى ئۇيغۇر قىلىپ چوڭ قىلىشتا ئىنتايىن ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. ئۆز بالىلىرىنى ئۇيغۇر قىلىپ تەربىيىلەشكە كۆزى يەتمەي، ئۇيغۇر دىيارىغا قايتىپ كەتكەنلەر (مەسىلەن، «چەتئەل ئىشتىياقى ۋە ئۇيغۇرلۇق ئەندىشىسى»
http://bbs.misranim.com/thread-80167-1-1.html

نى كۆرۈپ بېقىڭ) ۋە قايتىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقانلارمۇ بار.

مەن بۇ يەردە ئوقۇرمەنلەرگە ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە 2009-يىلى تومۇزدىن كېيىن يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى ئوبدان كۆزىتىپ، ئاشۇ ئۆزگىرىشلەرنى يۇقىرىدىكى مەزمۇن بىلەن باغلاپ تەھلىل قىلىپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

**2) دىن**

يەھۇدىيلار ئىنجىلىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى «تەۋرات» بولۇپ، ئۇ جەمئىي 5 كىتابتىن تەركىب تاپقان. يەھۇدىيلارنىڭ ئەنئەنىسىگە ئاساسلانغاندا، تەۋراتتىكى بارلىق قانۇن-تەلىماتلارنى ئۇلارنىڭ خۇداسى مۇسا پەيغەمبەرگە چۈشۈرۈپ بەرگەن بولۇپ، كېيىن مۇسا پەيغەمبەر ئۇلارنى ئاشۇ 5 كىتاب قىلىپ يېزىپ چىققان ئىكەن. تەۋراتتا يېزىلغان مەزمۇنلار ئۇقۇم ۋە سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىشى جەھەتتىن ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە يۇقىرى سەۋىيىلىك بولۇپ، جۈملىلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئالاھىدە تەرتىپ بويىچە تىزىلغان سۆزلەر بىلەن يېزىلغان ئىكەن. شۇڭا تەۋراتنى ئەسلىدىكى سۈپىتىنى ساقلىغان ھالدا باشقا بىر تىلغا تەرجىمە قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن يەھۇدىيلارنىڭ ھەممىسىدىن ئۆز ئانا تىلىدا يېزىلغان تەۋراتنى ئوقۇش تەلەپ قىلىنغان. مىلادىيىدىن كېيىنكى 64-يىلىدىن بۇرۇن يەھۇدىيلار چېركاۋغا بېرىپ، ئاللاھقا سەجدە قىلغاندا تەۋراتنى يادلىۋالغان بويىچە ئوقۇيدىغان بولۇپ، 64-يىلىغا كەلگەندە

يەھۇدىيلار بىر يېڭى قانۇن چىقىرىپ، ھەممە يەھۇدىيلاردىن تەۋراتنى يادلىۋېلىپ ئەمەس، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنىپ تۇرۇپ، كىتابتىن بىۋاستە ئوقۇشنى تەلەپ قىلغان. ھەمدە باللىرىغا تەۋراتنى ئوقۇشنى ئۆگىتىشنى دادىلارنىڭ مەجبۇرىيىتى قىلىپ بېكىتكەن. دادىلار باللىرىغا تەۋراتنى توغرا ئۆگىتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۇنى ئۆزلىرى توغرا ئۆگىنىشكە مەجبۇرى بولغان. شۇنىڭ بىلەن تەۋراتنى ئۆگىنىشتىكى يالغانچىلىق ياكى كۆز-بويامچىلىققا ئىمكان قالمىغان. شۇنداق قىلىپ، دۇنيانىڭ قايسى جايىدا ياشىشىدىن قەتئىينەزەر، يەھۇدىيلار ئۆز ئانا تىلىنى چوقۇم ئۆگەنگەن، ئۆز ئانا تىلى ئارقىلىق تەۋراتنى چوقۇم ئۆگەنگەن، ھەمدە دادىلار باللىرىغا تەۋراتنى ئۆز ئانا تىلىدا چوقۇم ئۆگەتكەن. تەۋرات يەھۇدىيلارنى بىرلەشتۈرۈپ تۇرغان. ئۇ يەھۇدىيلارنى توپلىشىپ ياشاشقا مەجبۇرى قىلغان. ھەمدە ئۇ يەھۇدىيلارنى ئۆز ئانا تىلى، ئەنئەنىسى، ئۆرپ ئادىتى ۋە مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. مۇتلەق كۆپ ساندىكى يەھۇدىي دىنىي ئالىملىرى، يەھۇدىينى 3000 يىل ساقلاپ قالغان بىردىن-بىر ئامىل تەۋرات، دەپ قارايدىكەن.

تەۋراتتا تەسۋىرلەنگەن جۇدائىزمنىڭ تۆۋەندىكى ئامىللىرى يەھۇدىيلارنى ساقلاپ قېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان: ئەقىدە، قىممەت قارىشى، قانۇن، ئۆرپ-ئادەت، ۋە ئىجتىمائىي شەكىللەر. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئايرىم تىلى، يېمەكلىكلىرى، ۋە كىيىم-كېچەكلىرى. يەنى، تەۋراتتا تەسۋىرلەنگىنى يالغۇز دىنىي ئۇقۇمدىنلا ئىبارەت ئەمەس بولۇپ، ئۇنىڭدا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يېزىلغان.

بۇ ئەھۋالنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى بىلەن سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ: ئۇيغۇرچە قۇرئان قاچان نەشر قىلىندى؟ ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچە قۇرئاننى ھازىرغىچە بىر قېتىم ئوقۇپ باققانلار قانچە پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ؟

يەھۇدىيلار ئۆزىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ۋە ئەنئەنىسىنى تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. مەن بۇنىڭ بىر مىسالى سۈپىتىدە سىلەرگە تۆۋەندىكى بىر ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرەي. 2013-يىلى 10-يانۋار كۈنى ئامېرىكا پرېزىدېنتى ئوباما «ياقۇب لىيۇ» (Jacob J. Lew) ئىسىملىك بىر يەھۇدىينى ئامېرىكىنىڭ مالىيە مىنىستىرى قىلىپ تەيىنلىدى. ياقۇب جۇدائىزمنىڭ «ساباس» دەپ ئاتىلىدىغان بىر پەرىزىگە ئەمەل قىلىدىغان

بولۇپ، شۇ پەرزنىڭ تەلپىي بويىچە ھەر ھەپتە جۈمە كۈنى كەچتىن باشلاپ، شەنبە كۈنى كەچكىچە قەتئىي خىزمەت قىلمايدىكەن، ماشىنا ھەيدىمەيدىكەن، ئۆيدە توك ئىشلەتمەيدىكەن (ئېلېكتىر لامپۇچكىسى ياندۇرماي، شام ياندۇرىدىكەن)، ھەممە يانفون ئىشلەتمەيدىكەن. ئۇ ھازىرغىچە پرېزىدېنت ئوباما مەمۇرىي ئىشخانىسىنىڭ دىرېكتورى بولۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتقان بولۇپ، پەقەت ئوباما ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغاندىلا ئۇ جۈمە كۈنى كەچتىن شەنبە كۈنى كەچكىچە خىزمەتكە كېلىدىكەن. بۇنداق ۋاقىتنىڭ بەزىلىرىدە ئۇ ئۆيىدىن ئىشخانىسىغا پىيادە كېلىدىكەن. لىۋ نىڭ ئىمزاسى 3-4 ياشلىق باللار قەغەزگە سىزىپ ئوينىغان ۋاقىتتىكى شەكىلگە ئوخشاش ئىكەن. ئامېرىكىدا يېڭىدىن پۇل باسقاندا، ئۇ پۇللارغا شۇ چاغدىكى مالىيە مىنىستىرىنىڭ ئىمزاسى بېسىلىدىغان بولغاچقا، بۇ ئىش دۇنيادا ناھايىتى چوڭ خەۋەرگە ئايلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىمزاسىنى تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتىن كۆرگىلى بولىدۇ:

https://www.washingtonpost.com/rf/image_606w/WashingtonPost/Content/Blogs/in-the-loop/201301/Images/lew.png?uuid=wVyMMlqjEeK-7m449SFUAg

يەھۇدىيلارنىڭ پۈتۈن خەلق دىنغا ئېتىقاد قىلىش، پۈتۈن خەلق تەۋراتنى ئۆز ئانا-تىلىدا چۈشىنىپ تۇرۇپ ئوقۇپ مېڭىش، ۋە بارلىق دادىلار باللىرىغا تەۋراتنى ئوقۇشنى ئۆگىتىش مەجبۇرىيىتى ئۇلاردىن ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەقلىي ئىقتىدارنى تەلەپ قىلغان. شۇڭلاشقا ھازىر نۇرغۇن كىشىلەر ئېتىراپ قىلغىنىدەك «يەھۇدىيلار ئەقىللىق» بولماستىن، پەقەت «ئەقىللىق يەھۇدىيلارلا ساقلىنىپ قېلىپ، قالغانلىرى ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ تۈگەپ كەتكەن». مەن بۇ ھەقتە ماقالىنىڭ كېيىنكى بىر قىسمىدا يەنە ئازراق توختىلىمەن.

### 3) ئالاھىدە ئىقتىدار

#### --پۈتۈن خەلق زىيالىي بولۇش

يەھۇدىيلارنىڭ مىللىي مەجبۇرىيەتلىرىنىڭ بىرى، بارلىق ئادەم دىندار بولۇش، ۋە پۈتۈن خەلق زىيالىي بولۇشتىن ئىبارەت. مېنىڭ بىلىشىمچە، پۈتۈن خەلق ئوقۇغان بولۇش ياپونلۇقلارنىڭمۇ مىللىي مەجبۇرىيەتلىرىنىڭ بىرى. ياپونىيە ۋە تەرەققىي قىلغان ياۋروپا ئەللىرىدىكى مىللەتلەرنىڭ

پۈتۈن خەلق ئوقۇغان بولۇش قانۇننى يولغا قويغىنىغا 200 يىلچە ۋاقىت بولدى. ئەمما يەھۇدىيلار مىلادىيىدىن كېيىنكى 64-يىلىلا ئوغۇللار 6 ياشتىن باشلاپ مەجبۇرى ئوقۇش قانۇننى يولغا قويغان، ھەمدە ئۇ قانۇننى 100 يىل ئىچىدە، يەنى 164-يىلىغا كەلگەندە تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولغان. شۇنىڭدىن باشلاپ، يەھۇدىي ئەرلىرىنىڭ تىل-يېزىق ۋە ھېسابلاشتا ساۋاتلىق بولۇش دەرىجىسى 100 پىرسەنتكە يەتكەن. يەنى، يەھۇدىيلار مەجبۇرى مائارىپنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى ھازىر 1900 يىلدىن ئۆزۈنراق ۋاقىت بولدى.

يەھۇدىيلار ئارىسىدا تارقالغان مۇنداق بىر داڭلىق سۆز بار: «بىر ئەر بىر زىيالىينىڭ قىزىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھەممە مال-مۈلكىنى قۇربان قىلىشقا ئەرزىيدۇ. شۇنداقلا قىزىنى بىر زىيالىيغا بېرىش ئۈچۈنمۇ ئۆزىنىڭ بارلىق مال-مۈلكىنى قۇربان قىلىشقا ئەرزىيدۇ». مەن بۇ سۆزنى بىر قانچە يەھۇدىي خىزمەتداشلىرىمغا دەپ باققان ئىدىم، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ سۆزنى بىلىدىغان بولۇپ چىقتى. مېنىڭ بىر يېقىن ئۇيغۇر دوستۇم بار بولۇپ، ئۇ ماڭا مۇنداق بىر ئەھۋالنى دەپ بەردى: ئۇنىڭ دادىسى بىر ناھايىتى كەمبەغەل ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، 1950-يىللىرىلا ئورۇمچى ۋە بېيجىڭدا ئوقۇپ كادىر بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئاپىسى بولسا بىر ناھايىتى كۆپ مال-مۈلكى ۋە يەر-جايلىرى بار دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئىكەن. ئۇنىڭ دادىسى ئاپىسنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، توي قىلىش تەلىپىنى ئېيتقاندا، ئاپىسىنىڭ دادىسى «كادىر دېگەن قەلەندەر كېلىدۇ»، دەپ بۇ توي ئىشىغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ تۇرۇۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دادىسى يەرلىك گوڭشې ھۆكۈمىتىنى ئىزدەپ، ئاشۇ ھۆكۈمەتنىڭ بېسىمىنىڭ ياردىمىدە ئاپىسى بىلەن توي قىلىپتۇ. مەن بۇ يەردە ھەممە ئۇيغۇرلار ئاشۇنداق، دېمەكچى ئەمەسمەن. ھەممە ئۇيغۇرلار ئۇنداق ئەمەس. لېكىن، بۇ بىر مىسالدىن زىيالىي بولۇشقا قانداق قاراشتا ئۇيغۇرلار بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك چوڭلۇقتىكى پەرقلەر بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. يۇقىرىدىكى ئىش بولغىنىغا ھازىر 60 يىلدىن ئاشتى. ئۇيغۇر دېھقانلىرى باللىرىنى زىيالىي قىلىشقا ھازىر قانداق قارايدۇ؟ مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۇيغۇرلاردا پۈتۈن خەلق زىيالىي بولۇش ئېڭى زادىلا تىكلىنىپ باقمىغان بولۇپ، ئۆز پەرزەنتلىرىنى زىيالىي قىلىشنى ئارزۇلايدىغانلارمۇ بارلىق ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىنىلا تەشكىل قىلاتتى. ھازىر بولسا ئاتالمىش «قوش تىل مائارىپى» سىياستى

كەلتۈرۈپ چىقارغان ئادەم چىدىغۇسىز دەرىجىدىكى ئېچىنىشلىق ئەھۋاللار تۈپەيلىدىن، بىر قىسىم ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنى تاشلاپ، باشقا ياشاش يولىنى تاللاۋاتقانلىقىنىمۇ ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمەن.

ئامېرىكىدا باشلانغۇچ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مەكتەپ بىلەن شەخسىي مەكتەپ، دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. ئامېرىكىدىكى شەخسىي مەكتەپلەر بارلىق مەكتەپلەرنىڭ 25 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان بولۇپ، شەخسىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغانلارنىڭ سانى بارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاران 10 پىرسەنتىنىلا تەشكىل قىلىدۇ. يەنى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مەكتەپتە بىر سىنىپتا 40 ئوقۇغۇچى ئوقۇسا، شەخسىي مەكتەپتە ئاران 15 ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ. شۇ ئارقىلىق شەخسىي مەكتەپنىڭ ئوقۇش سۈپىتىنى ناھايىتى يۇقىرى ساقلايدۇ. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئوقۇش پۇلى ئېلىنمايدۇ. ئەمما شەخسىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بولسا ھەر ئېيىغا 1000 دوللار ئەتراپىدا ئوقۇش پۇلى ئېلىنىدۇ. ئالىي مەكتەپلەردىمۇ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مەكتەپلەرنىڭ يىللىق ئوقۇش پۇلى 12 مىڭ دوللار ئەتراپىدا بولسا، داڭلىق شەخسىي مەكتەپلەر (مەسىلەن، Havard، MIT، Stanford، Caltech قاتارلىقلار) نىڭ ئوقۇش پۇلى 30 مىڭ دوللار ئەتراپىدا بولىدۇ. مەن بىلىدىغان كىچىك باللىرى بار يەھۇدىيلارنىڭ ھەممىسى باللىرىنى شەخسىي مەكتەپتە ئوقۇتىدۇ. مەن بىلىدىغان يەھۇدىيلارنىڭ ھەممىسى ئاتا-ئانىسى 2-3 خىزمەت ئىشلەپ، ھەر كۈنى 15 سائەتتىن كۆپرەك ئىشلەپ، تاپقان پۇلى بىلەن ئۇلارنى ئەڭ قىممەت ۋە ئەڭ داڭلىق ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتقان كىشىلەر. مېنىڭ ھازىرقى بىر يەھۇدىي خىزمەتدىشىمنىڭ 10 يىلدەك تۇتقان ئۆيى ئەسلىدە ئىدارىگە 5 كىلومېتىر كېلىدىغان بىر شەھەردە ئىدى. لېكىن ئۇ 2 يىلنىڭ ئالدىدا ئىدارىگە 55 كىلومېتىر كېلىدىغان بىز تۇرىدىغان شەھەرگە يېقىن بىر شەھەرگە كۆچۈپ كەلدى. مەن ئۇنىڭدىن ئۆي كۆچۈشتىكى سەۋەبىنى سورىسام، ئۇ ماڭا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «بالام شەخسىي مەكتەپتە ئوقۇيتتى. بىز بۇرۇن تۇرغان شەھەردىكى شەخسىي مەكتەپنىڭ ئوقۇش سۈپىتى سەل تۆۋەنلەپ كەتتى. ھازىرقى شەھەرنىڭ ئوقۇش سۈپىتى مۇشۇ پۈتۈن رايون بويىچە ئەڭ ياخشى ئىكەن. بىز شۇڭا كۆچتۇق.» دېمەك، بۇ يەھۇدىي خىزمەتدىشىم بالىسىنىڭ ئوقۇشىنى دەپ، بالىسىنى بىر شەخسىي مەكتەپتە ئوقۇتۇۋاتقىنىغىمۇ رازى بولماي، ئۇنى ئەڭ ياخشى شەخسىي

مەكتەپتە ئوقۇتۇش ئۈچۈن، كۈنىگە 5 كىلومېتىر ماشىنا ھەيدەپ ئىشقا بارىدىغان يەردىن، كۈنىگە 55 كىلومېتىر ماشىنا ھەيدەپ ئىشقا بارىدىغان يەرگە كۆچۈپ كەلگەن. بالىنىڭ ئوقۇشىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش ئېگى جەھەتتە بىز ئۇلاردىن قانچىلىك ئارقىدا تۇرىمىز؟

يەھۇدىيلار ئىچىدە ئەڭ قىيىن كەسىپلەردە ئوقۇيدىغانلار، ۋە ئەڭ قىيىن ۋە پۇلنى ئەڭ كۆپ تاپقىلى بولىدىغان كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار كۆپ. ئالىي مەكتەپنى ئەڭ يۇقىرى ئۇنۋانغىچە ئوقۇيدىغانلارمۇ كۆپ.

**--يەھۇدىيلارنىڭ ئەقىللىقلىقى**

مەن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتتۈپ كەتكىنىمدەك، 64-يىلدىن باشلاپ، يەھۇدىيلار دىنىي ئايەتلەرنى يادلىۋېلىپ ئوقۇشتىن، تەۋراتنى ئۆز تىلىدا تولۇق ۋە چۈشىنىپ ئوقۇشنى قانۇن قىلىپ يولغا قويغان. يېقىنقى 2000 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئۇلار ئاساسەن باشقىلارنىڭ يېرىدە ياشىغان بولغاچقا، ئۇلار يالغۇز ئۆز تىلىدا تولۇق ساۋاتلىق بولۇپلا قالماي، يەرلىك مىللەت تىلىدىمۇ تولۇق ساۋاتلىق بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار يېزىق، سۆز ۋە ماتېماتىكا جەھەتتە ئۆزى ياشىغان جايلاردىكى يەرلىك مىللەتلەردىن كۆپ ئۈستۈن تۇرغان. شۇڭلاشقا يەرلىك مىللەتلەر شەھەردە ئىشلەيدىغان بىلىملىك ئەمگەكچىلەرگە ھاجەتنى چۈشكەندە، يېزىلاردىكى بىلىملىك يەھۇدىيلارنى ئاپىرىپ ئىشلەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە سودا-سېتىق، ئىقتىساد ۋە بازارلاش كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇرلانغانلار مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلىگەن (ئاشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ھازىر دۇنيادىكى چوڭ بانكىلارنىڭ ھەممىسى ئاساسەن يەھۇدىيلارنىڭ قولىدا). ساۋاتى ۋە بىلىم سەۋىيىسى تەۋراتنى چۈشىنىپ ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ يەھۇدىيلىقىنى ساقلاپ مېڭىشقا يەتمىگەن يەھۇدىيلار ئۆز مىللىتىدىن ۋاز كېچىپ، ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ يوقاپ كەتكەن. مەسىلەن، 1-ئەسىردىن 6-ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا، يەھۇدىيلارنىڭ دۇنيادىكى نوپۇسى 4.5 مىليوندىن 1.5 مىليونغا چۈشۈپ كەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە بىر مىليونغا يېقىن يەھۇدىيلار جۇدېئا (Judea) بىلەن مىسىردىكى رىملىقلارغا قارشى ئېلىپ بارغان قوزغىلاڭلاردا ئۆلۈپ كەتكەن. قالغان 2 مىليون يەھۇدىي بولسا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ يوقاپ كەتكەن .

يىغىپ ئېيتساق، پەقەت ئەڭ ئەقىللىق يەھۇدىيلارلا قىرغىنچىلىقتىن قۇتۇلۇپ قالغان، ۋە ئۆزلىرىنى يەھۇدىي سۈپىتىدە ساقلاپ قالالىغان. مانا بۇ ھازىرقى يەھۇدىيلارنىڭ ناھايىتى ئەقىللىق بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ يەنە بىر سەۋەبى بولسا، ئەقىللىق ياكى زىيالىي كىشىلەر پەقەت ئەقىللىق ۋە زىيالىي كىشىلەر بىلەنلا توي قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ساقلىنىپ قالغان يەھۇدىيلارنىڭ ئەقىللىق دەرىجىسى تەدرىجىي ھالدا ئۆسۈپ كەتكەن. يەھۇدىيلارنىڭ نوپۇسى دۇنيا نوپۇسىنىڭ 0.2 پىرسەنتىگە تەڭ. يەنى، دۇنيا نوپۇسى 7 مىليارد بولۇپ، يەھۇدىينىڭ بولسا 13 مىليون. ئۇلارنىڭ بۇ نوپۇس سانى ئۇيغۇرلارنىڭكىگە يېقىن كېلىدىغان بولۇپ، بۇ سان جۇڭگودىكى ھەر بىر قېتىملىق ئومۇمىي نوپۇس ساناش جەريانىدا كېلىپ چىقىدىغان ئەڭ كىچىك خاتالىقتىنمۇ كىچىك. ئەمما، 1870-يىلدىن 1950-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدىن چىققان داڭلىق ئالىملارنىڭ ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكىلىقلار ئىچىدىكى نىسبىتى ئەدەبىياتتا 4 ھەسسە كۆپ، مۇزىكىدا 5 ھەسسە كۆپ، گۈزەل سەنئەتتە 5 ھەسسە، بىئولوگىيىدە 8 ھەسسە، خىمىيىدە 6 ھەسسە، فىزىكىدا 9 ھەسسە، ماتېماتىكىدا 12 ھەسسە، ۋە پەلسەپىدە 14 ھەسسە كۆپ بولغان. ئەدەبىيات، خىمىيە، فىزىكا، مېدىتسىنا ۋە پەلسەپىدە نوبېل مۇكاپاتى ئالغانلارنىڭ ئىچىدە يەھۇدىيلارنىڭ نىسبىتى 1900-1950 دە 14 پىرسەنت، 1950-2000 دە 29 پىرسەنت، ۋە 2000 دىن ھازىرغىچە 32 پىرسەنت بولغان. پۈتۈن دۇنيا بويىچە ھازىرغىچە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەرنىڭ سانى 360 ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ سانى 165 ئەتراپىدا ئىكەن.

ئىنسانلارنىڭ ئەقىللىق دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان «ئەقىللىق بۆلۈنمىسى» (Intelligence Quotient) دېگەن بىر بىرلىك بار بولۇپ، ئۇ قىسقارتىلىپ IQ دەپ ئاتىلىدۇ. مۇشۇ بىرلىك بويىچە ئۆلچەملىك سىناق ئېلىپ بارغاندا، ھەر بىر ياش گۇرۇپپىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە IQ نومۇرى 100 دەپ ئېلىنىدىغان بولۇپ، مۇشۇنداق قىلغاندا ھەر بىر ياش گۇرۇپپىسىدىكى كىشىلەر ئېرىشكەن نومۇرنىڭ «ئۆلچەملىك ئېغىشى» (standard deviation) ئاساسەن 15 بولۇپ چىقىدۇ. ھەمدە ھەر بىر ياش گۇرۇپپىسىدىكى 95 پىرسەنت كىشىلەر ئېرىشىدىغان نومۇر 70 بىلەن 130 نىڭ ئارىلىقىدا بولىدۇ. 1954-يىلى ئامېرىكىدىكى بىر پسىخولوگىيە مۇتەخەسسىسى نيۇ يورك شەھىرىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مەكتەپ

ئوقۇغۇچىلىرى ئۇستىدىن ئۆلچەملىك سىناق ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ IQ نومۇرىنى ئۆلچەپ چىققان. نەتىجىدە ھېچ نومۇرى 170 تىن يۇقىرى ئوقۇغۇچىلاردىن 28 كىشى تېپىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 24 ئوقۇغۇچى يەھۇدىي بولۇپ چىققان.

### --ئۆز ئەنئەنىسى ۋە ئۆز تۇرمۇش ئادىتىگە سادىق بولۇش

يەھۇدىيلارنىڭ يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان، ئىنگلىزچە «Passover» دەپ ئاتىلىدىغان مىللىي بايرىمى بار بولۇپ، ئۇ ھەر يىلنىڭ ئەتىياز مەزگىلىدە كېلىپ، جەمئىي 7-8 كۈن تەبرىكلىنىدۇ. كۆپ ساندىكى يەھۇدىيلار بۇ بايرامنىڭ دەسلەپكى ئىككى كۈنى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى ئىككى كۈنى ئىشلىمەيدىغان بولۇپ، بۇ بايرامنىڭ قانداق تەبرىكلىنىشى، قانداق تاماقلار ئىستېمال قىلىنىشى قاتارلىقلار تەۋراتتا قانۇن قىلىپ بەلگىلەنگەن. ئامېرىكىمۇ ھازىر ئاشۇ كۈنلەردە يەھۇدىيلارنىڭ ئىشقا ۋە مەكتەپكە كەلمەسلىكىنى قانۇن بويىچە يوللۇق قىلىۋەتكەن. يەھۇدىيلار بۇ بايرامنى ئۆزلىرىگە ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش، ئۆزىنى قۇتقۇزۇش، ۋە ئەركىنلىككە ئېرىشىش ئۈمىدىنى مۇددەتلىك ھالدا ئەسلىتىپ تۇرىدىغان بىر ئادەت قىلىپ يېتىلدۈرگەن. بۇ بايرام بۇنىڭدىن تەخمىنەن 3000 يىل بۇرۇن باشلانغان بولۇپ، ئۇ تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. قەدىمدىن تارتىپ ئۇلار ئازراقمۇ ئۆزى بىللە ياشاۋاتقان باشقا مىللەتلەرنى دوراشقا ئىنتىلمىگەن، ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۆز ئەنئەنىسىگە ۋە ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە سادىق بولغان. دۇنيانىڭ قەيرىدە ياشىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار بىر جايغا توپلىشىپ، يەھۇدىيلار جەمئىيىتى قۇرۇپ ياشاپ، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىملىكىنى، مىللىي ئىپتىخارىنى، ۋە مىللىي غۇرۇرىنى ساقلىغان ۋە ئۇلارنى نامايان قىلغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ خىل ئەنئەنىسىنى ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئامېرىكىدىكى كۆپلىگەن شەھەرلەردە بىردىن «يەھۇدىيلار مەركىزى» بار بولۇپ، يەھۇدىيلار ئالاھىدە كۈنلەرنىڭ ھەممىسىدە ئاشۇنداق مەركەزلەرگە يىغىلىپ، ئۇيۇشمە پائالىيەت ئۆتكۈزىدۇ. مەن ئىدارەمدە ۋە خەلقئارالىق يىغىنلاردا بېشىغا يەھۇدىيلارغا خاس كىچىك دوپپا كىيىۋالغان يەھۇدىيلارنى داۋاملىق ئۇچرىتىپ تۇرىمەن.

1994-يىلى مەن، مېنىڭ يېتەكچى پروفېسسورۇم ۋە ئامېرىكىنىڭ بىر دۆلەت تەجرىبىخانىسىدا ئىشلەيدىغان بىر يەھۇدىي ئۇچەيلەن بىر

خەلقئارالىق ئىلمىي تەتقىقات ژۇرنىلىدا بىر پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدۇق. مەن ئۇ چاغدا ئۇ يەھۇدىينى كۆرۈپ باقمىغان بولۇپ، پەقەت ئۇنىڭ مېنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىمنىڭ دوكتورلۇق ئوقۇشى جەريانىدىكى ساۋاقدىشى ئىكەنلىكىنىلا بىلەتتىم. ئارىلىقتىن بىرەر يىل ئۆتكەندە، مەن بىر بىر خەلقئارالىق ئىلمىي دوكلات يىغىنىغا بارغاندا، ھېلىقى يەھۇدىينى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئىككىمىز يېرىم سائەتتەك پاراڭلاشتۇق. ئاشۇ پاراڭلىشىش جەريانىدا ئۇ ماڭا قىزىقىپ، مېنىڭ قايسى مىللەتتىن ئىكەنلىكىمنى، ۋە نەدىن كەلگەنلىكىمنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ كىملىكىنى چۈشەندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، «ئاڭلىسام سەن يەھۇدىي مىللىتىدىن ئىكەنسەن»، دېدىم. ئۇ دەرھاللا: «شۇنداق. مەن بىر يەھۇدىي. مەن ئۆزۈمنىڭ بىر يەھۇدىي ئىكەنلىكىمدىن ناھايىتى پەخىرلىنىمەن»، دېدى. بۇ گەپ ماڭا بەك تەسىر قىلدى. ناھايىتى ھا كەلدى. مەن ئۇنىڭدىن «سەن ئۆزۈڭنىڭ بىر يەھۇدىي ئىكەنلىكىڭگە قانداق قارايسەن؟» دەپ سورىمىغان تۇرسام، ئۇ ماڭا نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق جاۋاب بېرىدۇ؟، دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا خېلى ئاچچىقىممۇ كەلدى. ھازىر ئويلىسام، ئۇ يەھۇدىينىڭ ھېلىقىدەك دېيىشى، ۋە نۇرغۇن يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ نېمە مىللەتتىن ئىكەنلىكىنى كىشىلەر بىلمەي قالمىسۇن، دەپ ئويلاپ بېشىغا بىردىن كىچىك دوپپا كىيىپ يۈرۈشى، ئۇلارنىڭ مىللىي ئىپتىخارىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇنداق ئىشلىرىنى ئەيىبكە بۇيرۇش ھەرگىزمۇ مۇۋاپىق ئەمەس ئىكەن. ئۇلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىز بۇ جەھەتتە كۆپ ئاجىز ئىكەنمىز-مەن چەت ئەلدىكى خىزمەت ئورنىدا ئۆزىنىڭ بىر ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى يوشۇرۇپ يۈرىدىغان ئۇيغۇرلاردىن نەچچىنى بىلىمەن.

**--ئىنسان مۇكەممەللىكىنى قوغلىشىش**

يەھۇدىيلارنىڭ يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان، «ئالىي بايرام كۈنى» (High holidays) دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر مىللىي بايرىمى بار. ئۇ جەمئىي 10 كۈن تەبرىكلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ بايرام كۈنلىرىدە ئېلىپ بارىدىغان ئەڭ مۇھىم ئىشى، ئىنسان مۇكەممەللىكىنى قوغلىشىش، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆز خاراكتېرى ياكى كىشىلىك ئەخلاقىنى داۋاملىق باھالاش ۋە ياخشىلاش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش، ۋە ئۆزىنىڭ مىجەزىنى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەخلاقىي مۇمكىنچىلىكى بويىچە قايتىدىن

قۇراشتۇرۇپ چىقىشقا تىرىشىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەزمۇن ناھايىتى مۇھىم بولغاچقا، مەن بۇ مەزمۇننى ئۆزۈمنىڭ كېيىنكى بىر ماقالىسىدە ئايرىم بايان قىلىمەن.

قىسقارتىپ ئېيتقاندا، مىللىي كىملىكنى ساقلاشتا بىر مىللەت ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئايرىم بايرىمى بولۇش ناھايىتى مۇھىم. ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندارچىلىق ۋە سورۇن مەدەنىيىتى، ھەمدە ناخشا-ئۇسسۇل ۋە يۇمۇر-چاقچاقتىكى ئالاھىدە تالانت-ئىقتىدارلىرى ۋە ئالاھىدە مەدەنىيىتى ھازىرغىچە يەھۇدىيلارنىڭ مىللىي بايرىمى مىللىي كىملىكنى ساقلاشتا ئوينىغان رولىلارنىڭ بىر قىسمىنى ئويناپ كەلدى. لېكىن، ئىنسان مۇكەممەللىكىنى قوغلىشىش، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا بىر قىسىم نەرسىلەرنى يېتىلدۈرۈش، ياكى ئۆزىنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىر قىسىم شەرت-شارائىتلارنى ھازىرلاش جەھەتتە خېلى ئېغىر سەلبىي رولىنىمۇ ئويناپ كەلدى. بۇ مەسىلە مەزكۇر ماقالىنىڭ مەزمۇن دائىرىسىنىڭ سىرتىدىكى مەسىلە بولۇپ، مەن ئۇ توغرۇلۇق بۇنىڭدىن ئارتۇق توختالمايمەن. لېكىن، مەن ئۇيغۇر ئىجتىمائىي-پەن مۇتەخەسسىسلىرىدىن مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدىنىپ بېقىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 4. ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ رولى

يەھۇدىيلارنىڭ ھازىرقىدەك ساقلىنىپ قېلىنىشىدا، ئوسمان ئىمپېرىيىسى ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. يەنى مىلادىيىدىن كېيىنكى 70-يىللاردا زور ساندىكى باشقا جايلاردىن قوغلانغان يەھۇدىيلار ئىسپانىيەگە بېرىپ يەرلەشكەن. لېكىن ئۇلار 15-ئەسىرگە كەلگەندە ئىسپانىيە تەرىپىدىن خىرىستىئانلارغا ئۆزگىرىشكە مەجبۇرلانغان. بىر قىسىم يەھۇدىيلار بېسىمغا چىدىماي خىرىستىئانلارغا ئۆزگىرىپ كەتكەن. 1492-يىلى بۇ خەۋەر شۇ ۋاقىتتىكى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇلتانى بېيازىتنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇ بىر پارچە بۇيرۇق چىقىرىپ، ئىسپانىيەدىن قوغلانغان يەھۇدىيلارنىڭ تۈركىيەگە كېلىپ يەرلىشىشىنى قارشى ئالغان. شۇنىڭ بىلەن خېلى زور ساندىكى يەھۇدىيلار تۈركىيەنىڭ ياۋروپا قىسمىغا كۆچۈپ كېلىپ يەرلەشكەن. ئوسمان ئىمپېرىيىسى بۇ يەھۇدىيلارغا باشقا مىللەتلەر بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە دىنىي ئەركىنلىك بەرگەن. يەنى، ئوسمان ئىمپېرىيىسى يەھۇدىي ۋە باشقا مىللەتلەردىن ھەرگىزمۇ دىنىنى

ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلمىغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەھۇدىيلار كېيىنكى 5 ئەسىر ۋاقىت ئىچىدە تۈركىيەنى پاناھلىق جاي تۇتۇپ، باشقىلارنىڭ باستۇرۇشى ۋە قوغلاندى قىلىشىدىن قۇتۇلۇپ قالغان. بەزى تارىخچىلارنىڭ قارىشىچە، ئوسمان ئىمپېرىيىسى تۇتقان يۇقىرىقىدەك يول ئۇنىڭ دۇنيا تارىخىدا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدىكى چوڭ ئىمپېرىيە بولۇپ كېڭىيەلىشىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان.

## 5. ئاخىرقى سۆز

يەھۇدىيلاردا نىمىلەرنىڭ بار بولغانلىقى، ۋە ھازىر نىمىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىشتىكى مەقسەت، ئۇيغۇرلاردا نىمىلەرنىڭ كەملىكىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈندۇر. مەن مەزكۇر ماقالىدا يەھۇدىيلارنى 3000 مىڭ ساقلاپ قالغان ئەڭ مۇھىم ئامىل ئېزىلىش، دىن، ۋە مائارىپ بىلەن دىن ئاساسىغا قۇرۇلغان بىر قىسىم ئالاھىدە ئىقتىدار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۈم. مەن يۇقىرىدا تىلغا ئالغىنىمدەك، يەھۇدىيلارنىڭ يېزىق ۋە ھېساب جەھەتتىكى ساۋاتلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولغىنىغا 2000 يىل ۋاقىت بولدى. مەن كۆرگەن بىر ماتېرىيالدا ئېيتىلىشىچە، ھازىر ئىسرائىلىيە نوپۇسىنىڭ 25 پىرسەنتى ئىنژېنېر ئىكەن. ياپونىيە ۋە ياۋروپادىكى تەرەققىي تاپقان مىللەتلەرنىڭ پۈتۈن خەلق مەجبۇرى مائارىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولغىنىغىمۇ ھازىر 200 يىلدىن ئاشتى. ھازىر ياپونىيە نوپۇسىنىڭ 10 پىرسەنتى ئاپتوموبىل ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق نوپۇسى يېزىلاردا بولۇپ، ئۇلار ھازىرمۇ يېزىق بىلەن ھېسابتا ئاساسەن ساۋاتسىز. ئۇلار ھازىرمۇ بىر ئىلىم-پەنگە ئائىت ئاممىباب كىتابنى ئوقۇپ چۈشىنىپ، ئۇنىڭدىن مەلۇم ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشىش قابىلىيىتىگە ئىگە ئەمەس. مۇشۇنداق مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار ئىشنى بۇنىڭدىن كېيىن نۆلدىن باشلىشى كېرەك. ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مائارىپى 50- ۋە 60-يىللاردا جۇڭگودىكى مائارىپى ئەڭ تەرەققىي قىلغان جايلار بىلەن ئوخشاش ئورۇن ئالغانىدى. لېكىن ئۇ يېقىنقى 10 يىلدەك ۋاقىتنىڭ مابەينىدە خېلى زور دەرىجىدە چېكىنىدى. ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتى ئۈستىدە بۇ يەردە سۆزلەپ ئۆلتۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق .

مەن مەزكۇر ماقالىنىڭ ئەڭ بېشىدا بەزىلەردىن بىر مىللەتنىڭ ساقلىنىپ قېلىنىشىدا ھالال گۆش يەيدىغان بولۇش ۋە دېھقانلىرى كۆپ

بولۇشىنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە بەزى گەپلەرنى ئاڭلىغانلىقىمنى تىلغا ئالغان ئىدىم. يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمدەك، يەھۇدىيلار ئۆچۈن قانداق يېمەكلىكلەرنى يېيىش بولىدىغانلىقى ۋە قانداق يېمەكلىكنىڭ چەكلەنگەنلىكى تەۋراتتا قانۇن سۈپىتىدە ئېنىق بەلگىلەنگەن بولۇپ، ئۇ يەھۇدىيلارنى ساقلاپ قالغان كۆپلىگەن ئامىللارنىڭ پەقەت بىرسىلا بولغان. ھەممە يەھۇدىينىڭ دېھقانلىرىنىڭ ئەقلىي كۈچى ئۆزىنى يەھۇدىي قىلىپ ساقلاپ تۇرۇشقا يەتمەي، ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ يوقاپ كەتكەن. ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان يەھۇدىيلار ئاساسەن شەھەرگە كۆچۈپ، شەھەردە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەقلىي ئىقتىدارلارنى تەلەپ قىلىدىغان كەسپلەر بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەردىن تەركىب تاپقان.

ھازىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مەسىلىلەر ئىنتايىن كۆپ. ھەممە ئۇ مەسىلىلەرگە ھەر كۈنى دېگۈدەك يېڭى مەسىلىلەر قوشۇلۇۋاتىدۇ. ئۇ مەسىلىلەرنىڭ يىلتىزىنى ئاساسەن ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ئىچىدە مەكتەپ تەربىيىسى كۆرگەنلەرنىڭ بەك ئازلىقى، مەكتەپ تەربىيىسى كۆرگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسىمۇ ئۇنىڭ ئىنتايىن تۆۋەن سەۋىيىسىدىلا توختاپ قالغانلىقى، ئومۇمىي خەلقنىڭ ئىچىدە ھازىرمۇ ھازىرقى زامان ئىلىم-پەنلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالايدىغانلارنىڭ سانىنىڭ ئىنتايىن ئازلىقى بىلەن باغلاش مۇمكىن. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، ئۇيغۇرنى روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن چوقۇم ئۇيغۇرلار مائارىپ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ھەممە تولۇقسىز مەكتەپ مائارىپ سەۋىيىسىگە يەتكەنلەرنىڭ سانىنى 100 پىرسەنتكە كۆتۈرۈش كېرەك. ھازىرقى شارائىتتا ھەر قانداق بىر ئۇيغۇر ئۈچۈن بىر ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ ياشاش ئىنتايىن قىيىن. لېكىن، مېنىڭچە شەرەپلىك دەرىجىسىدە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان كەسىپ يوق. ئۇيغۇرلار ھازىرقىدىن ياخشىراق ياشايمەن دەيدىكەن، چوقۇم ھەممە ئادەم «مائارىپ، مائارىپ، مائارىپ» دەپ تەڭ توۋلىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا چىقىش يولى يوق. تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەخلاق تەربىيىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا دىن ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. مەكتەپ تەربىيىسى قوشۇمچە رول ئوينايدۇ. شۇڭلاشقا دىنىنىڭ سۈسلىشى ھەر قانداق بىر مىللەت ئۈچۈن ئىنتايىن زىيانلىق.

مەن يېقىندىن بۇيان بارغان يەرلىرىمدە ئۇيغۇرلار ھازىر بۇنىڭدىن كېيىن قىلىدىغان كونكرېت ئىشلار توغرىسىدا يېتەكلەشكە موھتاج

ئىكەنلىكىنى كۆپ ئاڭلاۋاتىمەن. مېنىڭچە ئۇيغۇرلار ئىچىدە ھازىر يىراقنى كۆرىدىغان ئىدىيىگە ئىگە كىشىلەر ئازلىق قىلمايدۇ. ئۇ ئىدىيىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان شەرت-شارائىتقا ئىگە بولماسلىق تۇپەيلىدىن، ئاشۇنداق كىشىلەر ئىچىدىكى كۆپ ساندىكىلەر ھازىر سۈكۈتتە تۇرۇۋاتىدۇ. مەن بۇ يەردە ھەر بىر ئادەم ئۆز ئائىلىسىدە قىلالايدىغان ئىشلاردىن بىر قانچىنى تەۋسىيە قىلاي:

(1) ئۆيىڭىزدە چوقۇم ئۆزىڭىز ئۈچۈن ۋە بالىڭىز ئۈچۈن ئۆيىڭىزنىڭ بىر بۇلۇڭىدا بىر كىچىك «كۇتۇپخانا» قۇرۇپ چىقىڭ. ئەگەر سىز پەرزەنتلىك بولسىڭىز، بالىڭىز 2-3 ياشتىن باشلاپلا كىتاب بىلەن ۋە باشقا ئەقلىي كۈچنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئويۇنچۇق بىلەن ئويناپ چوڭ بولسۇن.

(2) بالىڭىزغا 3-4 يېشىدىن باشلاپ ئۆيىڭىزدە كىتاب ئوقۇپ بېرىشنى بىر ئادەتكە ئايلاندۇرۇڭ.

(3) بالىڭىزغا 4-5 يېشىدىن باشلاپ ئۇيغۇرچە ئېلىپبەنى ئۆگىتىپ، ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدىكى ساۋاتىنى ئۆيىڭىزدە چىقىرىپ قويۇڭ.

(4) ھازىر ئويۇن-تاماشىغا سەرپ قىلىۋاتقان ۋاقتىڭىزنىڭ بىر قىسمىنى كىتاب ئوقۇشقا، ئۆز كەسپىڭىزنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىشقا، ۋە ئىنسان مۇكەممەللىكىگە قاراپ يۈرۈش قىلىشقا ئاجرىتىڭ. ئۇيغۇرلاردا ئېچىلمىغان يوشۇرۇن كۈچلەر ئىنتايىن كۆپ. سىزدىمۇ ھەم شۇنداق. ئاشۇلارنى تېپىپ چىقىڭ ھەم ئىشقا سېلىڭ. كىشىلەر ئۆزى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان ياكى ئۆزىدىن كۈچلۈك كىشىلەرنى ئاسانلىقچە بوزەك قىلالمايدۇ. ئۆزىدىن ئاجىزلارنى كۆرگەندە بولسا پۇرسەتلا بولسا بوزەك قىلغۇسى كېلىدۇ. باشقىلارغا بوزەك بولماي دېسىڭىز، ئۆزىڭىزنى باشقىلار بىلەن تەڭ تۇرىدىغان ياكى ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان دەرىجىدە كۈچلەندۈرۈڭ. بۇنىڭدىن باشقا يول يوق.

# يەھۇدىيلارنىڭ كۈچلۈك بولالىشىدىكى مۇھىم ئامىللار

2013 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى

ھازىر دۇنيادا ئۆزى كىچىك بولسىمۇ، تەقدىرى باشقا بارلىق كىچىك مىللەتلەرنىڭكىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان بىر مىللەت بار. ئۇ بولسىمۇ يەھۇدىيلاردۇر. ئۇلارنىڭ نوپۇسى 13 مىليون بولۇپ، بۇ سان ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىغا يېقىن كېلىدۇ. بۇ 13 مىليون يەھۇدىيلارنىڭ ئىچىدىكى 5 مىليون نوپۇس ھازىر ئىسرائىلىيەدە ياشايدۇ. ئالتە مىليون يەھۇدىي ئامېرىكىدا ياشايدۇ. قالغان 2 مىليون نوپۇس دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا تارقالغان.

بىر دۆلەتكە توپلىشىپمۇ ياشىمايدىغان ئاشۇنداق بىر كىچىك مىللەت بولۇشىغا قارىماي، ھازىر يەھۇدىيلار دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك مىللەتلەر قاتارىدا ئورۇن ئېلىپ ياشاۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ھازىر دۇنيانى سوراۋاتىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ ھازىر ئامېرىكىدا ئېرىشكەن ھۆكۈمرانلىق ئورنى ئۇلارنىڭ 1929 ـ يىللىرى گېرمانىيىدە قولغا كەلتۈرۈۋالغان ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

1924 ـ يىلى يەھۇدىيلار گېرمانىيە نوپۇسىنىڭ ئاران بىر پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. ئەمما ئۇلار مېتال سودىسىنىڭ 57 پىرسەنتىنى، ئاشلىق سودىسىنىڭ 22 پىرسەنتىنى، ۋە رەخت سودىسىنىڭ 39 پىرسەنتىنى كونترول قىلغان. بېرلىن پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ 50 پىرسەنتتىن ئارتۇقى يەھۇدىيدىن تەشكىل تاپقان. گېرمانىيە پاي ـ چەك سودا بازىرىدا ئىشلەيدىغان 1474 خادىمنىڭ ئىچىدىكى 1200 ئادەم يەھۇدىيدىن بولغان. بېرلىندىكى 29 رەسمىي تىياتىرخانىنىڭ ئىچىدىكى 23 تىياتىرخانىنىڭ دىرېكتورى يەھۇدىي بولۇپ، يازغۇچىلارمۇ ئاساسەن يەھۇدىيدىن بولغان. 1931 ـ يىلى گېرمانىيەدە جەمئىي 144 كىنو ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى 119 كىنونى يەھۇدىيلار يازغان، ھەمدە 77 كىنونىمۇ يەھۇدىيلار ئىشلىگەن. 1931 ـ يىلى بېرلىندىكى دوختۇرلارنىڭ 42 پىرسەنتى،

ئادۋوكاتلارنىڭ 48 پىرسەنتى يەھۇدىيلاردىن بولغان. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە گېرمانىيىدە بىر قېتىم پۇل پاخاللىقى يۈز بېرىپ، گېرمانلىقلار ئاچ قالغان، ئەمما يەھۇدىيلار بولسا شۇنىڭ بەدىلىگە تېخىمۇ باي بولغان.

ئەمدى هازىرقى ئامېرىكىغا قاراپ باقايلى. نىل گابلېر (Neal Gabler) نىڭ دېيىشىچە ئامېرىكىدىكى كىنو بازىسى هولليۋود (Hollywood) نىمۇ يەھۇدىيلار بەرپا قىلغان ئىكەن. هازىر هولليۋود ئاساسەن يەھۇدىيلارنىڭ قولىدا. خەۋەر ۋە ئاخبارات ئىگىلىكىمۇ يەھۇدىيلارنىڭ قولىدا. ئامېرىكا ئىقتىسادىنىمۇ ئاساسەن يەھۇدىيلار كونترول قىلىدۇ. دوختۇر ۋە ئادۋوكاتلارنىڭ ئىچىدىمۇ يەھۇدىيلارنىڭ نىسبىتى ئىنتايىن يۇقىرى. ئامېرىكىدىكى پۈتۈن تېلېفون شىركەتلىرىنىڭ بوغالتىرلىق ئىشلىرىنى ئاساسەن پەقەت بىرلا ئىسرائىلىيە شىركىتى قىلىدۇ. بۇ شىركەت كىمنىڭ نەگە تېلېفون قىلىۋاتقىنىنى هەر ۋاقىت بىلىپ تۇرىدۇ. ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە بىناسى بىلەن ئاق سارايىنىڭ بارلىق مەخپىي خەۋەرلىشىش سىستېمىسىنى بىر ئىسرائىلىيە شىركىتى ياسىغان ۋە ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىق مۇلازىمەت ئىشلىرىنىمۇ هازىر ئاشۇ شىركەت ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، ۋە خىزمەتكە ئادەم ئېلىشتا يەھۇدىيلار ئالدى بىلەن يەھۇدىيلارنى تاللايدۇ. بەزىلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە، هازىر ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ 70 پىرسەنتى نوپۇسنىڭ پەقەت 2 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان يەھۇدىيلارنىڭ قولىدا ئىكەن. قىسقىسى، هازىر ئامېرىكا ئاساسەن يەھۇدىيلارنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتۈپ بولدى. يۇقىرىدا دېيىلگىنىدەك، بۇ جەھەتتە هازىرقى ئامېرىكا 1929 ـ يىلىدىكى گېرمانىيەگە ناھايىتىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ.

مۇشۇلارنى ئويلىسا، ئادەمنىڭ بېشىغا مۇنداق 2 سوئال كېلىدۇ: يەھۇدىيلار قانداق قىلىپ مۇشۇنداق كۈچلۈك مىللەت بولالىدى؟ ئۇلار هازىر دۇنيانى قانداق ئەقىل، تاكتىكا ۋە ئاماللار بىلەن كونترول قىلىۋاتىدۇ؟ مەن ئۆزۈمنىڭ ئالدىنقى «يەھۇدىيلارنى 3000 يىل ساقلاپ قالغان مۇھىم ئامىللار» دېگەن ماقالىسىدە، يەھۇدىيلارنى بىر كۈچلۈك مىللەتكە ئايلاندۇرغان ئامىللارنىڭ بىر قىسمىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۈم. مەزكۇر ماقالىدە يەھۇدىيلارنى بىر كۈچلۈك مىللەتكە ئايلاندۇرغان ئامىللارنىڭ قېلىپ قالغان قىسمىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. شۇنداقلا ئۇلار هازىر دۇنيانى نېمە بىلەن

قانداق سوراۋاتقانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن. بۇ تېمىغا كىرگۈزۈلگەن مەزمۇن ئاساسەن ئۆزۈم ئويلاپ تاللىغان مەزمۇنلار بولۇپ، يەھۇدىيلارنى بىر كۈچلۈك مىللەتكە ئايلاندۇرغان ئامىللاردىن چۈشۈپ قالغانلىرى بار بولۇشى مۇمكىن. مەن ئوقۇرمەنلەردىن ئۇلارنى ئىنكاس شەكلىدە تولۇقلاپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مېنىڭ ئالدىنقى ماقالەمگە بىر قانچە ئۇيغۇر تىلىدىكى تورلاردا ئىنتايىن كۆپ ئىنكاسلار چۈشتى. بولۇپمۇ بىر قىسىم بىلىملىك قېرىنداشلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ مۇتەخەسسىسلەر سەۋىيىسىدىكى يەھۇدىي ۋە دىنغا ئائىت بىلىملىرىنى ئايىماي، ئۇنى نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ تورغا يوللىدى. بۇنىڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىلىمىنى بېيىتىشىغا ناھايىتى زور پايدىسى بولغانلىقىدا گەپ يوق. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاشۇ ئىنكاسچىلارغا چىن كۆڭلۈمدىن چوڭقۇر تەشەككۈر ئېيتىمەن.

مەن ماقالە يازغاندا ئىمكانقەدەر ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويىدىغان گەپلەرنى قىلماسلىققا تىرىشىمەن. ئەمما، بەزى پاكىتقا ياتىدىغان، ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغان گەپلەر بەزىلەرنىڭ كۆڭلىنى يەنىلا ئازراق ئاغرىتىپ قويۇشى مۇمكىن. ئەگەر شۇنداق ئىشلار سىزگە يۈز بەرگەن بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىزدىن ئالدىن ئەپۇ سورايمەن. مەن ماقالە يازغاندا مۇكەممەللىككە ئىنتىلىمەن، لېكىن، مەنمۇ بىر ئىنسان بولغاچقا، ھەمدە مۇشۇنداق ماقالىلەرگە ئاجراتقۇدەك ۋاقتىم بىلەن زېھنىم ناھايىتى كەمچىل بولغاچقا، مۇكەممەللىككە تولۇق ئېرىشەلىشىم مۇمكىن ئەمەس. مېنىڭ يەھۇدىي توغرىسىدا ماقالە يېزىشتىكى مەقسىتىم ھەرگىزمۇ ئۇلارنى ئومۇميۈزلۈك باھالاپ چىقىش ئەمەس. ئۇلارنى ئۆزىمىز بىلەن ئومۇميۈزلۈك سېلىشتۇرۇپ چىقىش ئەمەس. ئۇيغۇرلارنى ئومۇميۈزلۈك ئۇلاردىن ئۆگىنىشكە چاقىرىشمۇ ئەمەس. ھەر بىر مىللەتنىڭ ياخشى تەرىپى بار. يامان تەرىپىمۇ بار. بىر مىللەتنىڭ ياخشى تەرىپى بىلەن يامان تەرىپىنى ئايرىغاندىكى باھانىڭ توغرا بولغان-بولمىغانلىقى، ياكى ئۇلار ئۈستىدە چىقارغان ھۆكۈمنىڭ ئادىل بولغان-بولمىغانلىقى ھەر بىر ئادەم ئىشلەتكەن ئۆلچەمگە باغلىق. يەنى بۇنداق ياخشىلىق بىلەن يامانلىق مۇتلەق بولمايدۇ. ئۇ نىسپىي بولىدۇ. مېنىڭ بۇ يەردىكى مەقسىتىم يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزىنى قانداق ساقلاپ قالغانلىقى، راۋاجلاندۇرغانلىقى ۋە دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك مىللەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرغانلىقىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىمىزدە يوق، ياكى ئۆزىمىزدە يېتەرلىك ئەمەس نەرسىلەرنى

تېپىپ چىقىش، ئوقۇرمەنلەرگە يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزىمىز پايدىلانساق بولىدىغان، ۋە ئۆزىمىز ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بىر قىسىم ئىشلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشتىنلا ئىبارەت. مەن ئۆزىمىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى توغرا چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا توغرا باھا بېرىشكە پايدىلىق بولغان ماتېرىياللار ئۈستىدە خېلى كۆپ ئىزدەندىم. ئاخىرىدا يەنىلا يەھۇدىيلارغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ ئۆزىمىزگە ھەممىدىن بەكرەك ماس كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇڭا ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ نۇقتىنى توغرا چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 1. ئىنسان مۇكەممەللىكىنى قوغلىشىش

مەن ئۆزۈمنىڭ ئالدىنقى «يەھۇدىيلارنى 3000 يىل ساقلاپ قالغان ئامىللار» دېگەن ماقالىسىدە يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشتا مۇھىم رول ئوينىغان 3-ئامىل مائارىپ ئاساسىغا قۇرۇلغان ئالاھىدە ئىقتىدارلار ئىكەنلىكىنى، ئاشۇنداق ئىقتىدارلارنى يېتىلدۈرگەن بىر ئىش، ئۇلارنىڭ داۋاملىق ئىنسان مۇكەممەللىكىگە ئىنتىلىش ئادىتى ئىكەنلىكىنى، بۇ ئادەت ئۇلارنىڭ يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان بىر مىللىي بايرىمىدا ئالاھىدە نامايان بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم. يەھۇدىيلارنىڭ يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان، «ئالىي بايرام كۈنى» (High HolyDays) دەپ ئاتىلىدىغان بىر مىللىي بايرىمى بار. ئۇ ھەر يىلى سېنتەبىردە كېلىدىغان يەھۇدىي يېڭى يىلى بىلەن باشلىنىپ، جەمئىي 10 كۈن تەبرىكلىنىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ بۇ بايرام كۈنلىرىدە ئېلىپ بارىدىغان ئەڭ مۇھىم ئىشى ئىنسان مۇكەممەللىكىنى قوغلىشىش، ھەر بىر ئادەم ئۆز خاراكتېرى ياكى كىشىلىك ئەخلاقىنى داۋاملىق باھالاش ۋە ياخشىلاش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش، ۋە ئۆزىنىڭ مىجەزىنى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەخلاقىي مۇمكىنچىلىكى بويىچە قايتىدىن قۇراشتۇرۇپ چىقىشقا تىرىشىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

ئۇلار بۇ بايرام كۈنلىرى جەريانىدا يالغۇز يېڭى يىللىق قارارلارنى ئېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئۇلار يەنە بۇ كۈنلەردە ئۆزلىرىنىڭ بارلىق كۈندىلىك ئىشلىرىنى پۈتۈنلەي توختىتىپ، جىمجىت ئولتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالدىنقى بىر يىل ئىچىدىكى ھالىتى ۋە قىلغان ئىشلىرىنى بىر قېتىم ئىنتايىن يۇقىرى تەلەپ بىلەن ياكى ئىنتايىن كۈچلۈك سەممىيلىك بىلەن ئەسلەپ ئۆتۈپ، ئۇلار ئۈستىدە ئوبيېكتىپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

ئۆزىنىڭ ھازىرقى روھىي ھالىتىنى تەكشۈرۈپ، ئۆز-ئۆزىنى جاۋابكارلىققا تارتىپ، ئۆزىنىڭ ئاڭ-چۈشەنچىلىرى بىلەن ئەمەلىي ئىش-ھەرىكىتى ئوتتۇرىسىدىكى، ۋە ئۆزى تۇرغۇزغان نىشان ۋە ئۆلچەملەر بىلەن ئۆزى قوللانغان ئىش-ھەرىكەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى تېپىپ چىقىدۇ. ھەمدە يېتەرسىزلىكلىرىنى ئىقرار ياكى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ئىدېئولوگىيىسى بىلەن ئىش-ھەرىكىتى ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرىدىغان ئەخلاقىي كۈچلۈكلۈك ياكى ئارتۇقچىلىققا داۋاملىق ئېرىشىپ تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ يولدا توختاۋسىز تىرىشىش مەجبۇرىيىتى بار. ئەگەر كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ گۇناھى بىلەن كەمچىلىكلىرىگە ئېتىبارسىز قارايدىكەن، ياكى «ئۇنداق بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ» دەپ ئۇلارنى قوبۇل قىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ گۇناھى بىلەن كەمچىلىكلىرى ھەسسىلەپ كۆپىيىپ ماڭىدۇ.

(بۇ مەسىلىدە ھونلارنىڭ داھىيسى ئاتتىلامۇ 5-ئەسىردە ئوخشاش گەپنى قىلغان. يەنى ئۇ ئايرىم شەخسلەرگە قارىتا ئەمەس، پۈتۈن ھونلارغا قارىتا مۇنداق دېگەن: «ھەممىدىن مۇھىمى، ھەر بىر ئادەمدە ساداقەتمەنلىك بولۇشى كېرەك. پىكىر ئىختىلاپىنىڭ ھەممىسى ساداقەتسىزلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ئۆز قەبىلىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەنپەئەتى ئۈچۈن سېنىڭ پىكرىڭگە قوشۇلمايدىكەن، سەن ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىشىڭ كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەگەر بىر ئادەم ئۆز قەبىلىسىنىڭ مەنپەئەتىگە قارىمۇ-قارشى بولغان ئىشلارغا ئاكتىپ ھالدا قاتنىشىدىكەن، ياكى باشقىلارنى ئاشۇنداق قىلىشقا ئۈندەيدىكەن، بۇ ساداقەتسىزلىك بولىدۇ. بۇنداق ئادەملەر مەيلى پۇقرا بولسۇن ياكى باشلىق بولسۇن، ئۇ ئەڭ تېز سۈرئەتتە يوقىتىلىشى كېرەك. ئۇلارنىڭ ساداقەتمەن ئادەملەرگە تەسىر كۆرسىتىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى بوشىتىش رولى بىر خىل يۇقما كېسەلگە ئوخشايدۇ. ساداقەتسىز ھەرىكەتلەر ۋە پوزىتسىيىلەرنى ئۆزگەرتكىلى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئىچىمىزدىكى بىز قىلىۋاتقان ئىشلارغا نىسبەتەن «ھېچ بىر قىممىتى يوق ئىشلار»، دېگەن پوزىتسىيىدە بولىدىغان، ھەمدە ئۇ ئىشلارنى ئاغدۇرۇۋېتىشنى ئويلايدىغان ئادەملەرنى قاتتىق چارە بىلەن كۆزىمىزدىن غايىب قىلىشىمىز كېرەك.» ئۆزۈمنىڭ «ھونلارنىڭ داھىيسى ئاتتىلا ۋە ئاتتىلائىزم» دېگەن ماقالەمدىن ئېلىندى.)

يەھۇدىيلارغا بۇ بايرام جەريانىدا قىلىدىغانغا يەنە مۇنداق 4 ئالاھىدە ۋەزىپىلەر بېرىلگەن:

- ـ ئۆتلۈپ كەتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ، ئۇلارنى كۆز ئالدىدىن بىر قېتىم يۇقىرى تەلەپ بىلەن ئەستايىدىل ئۆتكۈزۈپ چىقىش
- ـ قىلغان يامانلىقلىرى ۋە ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىغا توۋا قىلىش
- ـ ئۆزىنىڭ يامان ئىشلىرى ئۈچۈن باشقىلاردىن كەچۈرۈم سوراش
- ـ ئۆزىدىن كەچۈرۈم سورىغانلارنى كەچۈرۈۋېتىش

گەرچە بۇ جەريانلار دىنىي رەسمىيەتلەرنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتىلگەن بولسىمۇ، بۇ ئۇقۇملار دىنىنىڭ سىرتىدىمۇ ئوخشاشلا ناھايىتى زور كۈچكە ئىگە. دىنچىلار بىلەن دىنسىزلارنىڭ ھەر ئىككىسى تەڭلا ئېتىراپ قىلىدىغان بىر نەرسە شۇكى، بارلىق جانلىقلار ئىچىدە پەقەت ئىنسانلارلا ياخشى بىلەن ياماننى پەرق ئېتىش، ھەمدە ئۇلاردىن بىرىنى تاللاش ئىقتىدارىغا ئىگە.

مەيلى بىز ئۇنى ئەخلاق ياكى ئەخلاقىي ئۆلچەم دەيلى، مەيلى بىز ئۆزىمىزنىڭ قەلبى ياكى خاراكتېرى بويىچە ئويلايلى، ئىنسان ھاياتىنىڭ مەقسىتى ۋە يوشۇرۇن كۈچى ھەققىدە ئىزدەنگەن كىشىلەر ئېرىشكەن بىر ئورتاق خۇلاسە شۇكى، ئەخلاقلىق ھايات ئەڭ ئالىيجاناب ھايات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مېنىڭ يەھۇدىي خىزمەتداشلىرىمنىڭ ھەممىسى بۇ بايرامنىڭ ئاخىرقى كۈنى ئىشقا كەلمەيدۇ. ئاڭلىشىمچە ئۇلار بۇ كۈنى «خىزمەت» كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان ھېچ قانداق ئىشنى قىلمايدىكەن. بىر يەرگە بېرىشقا مەجبۇرى بولۇپ قالسا، ماشىنىمۇ ھەيدىمەيدىكەن، ياكى باشقا قاتناش قوراللىرىنىمۇ ئىشلەتمەيدىكەن، پەقەتلا پىيادە بارىدىكەن. بۇ قائىدىگە كۆپىنچە يەھۇدىيلار قاتتىق ئەمەل قىلىدىكەن. يەھۇدىيلارنىڭ ھازىرقىدەك دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك مىللەتلەرنىڭ بىرى بولالىشىدا، مېنىڭچە ئۇلارنىڭ يۇقىرىقىدەك 10 كۈنلۈك يېڭى يىل بايرىمىنى تەبرىكلەش قائىدىسى ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

ھەممە ئادەم ئىنسان مۇكەممەللىكىگە ئىنتىلىدۇ. لېكىن ھەممە ئادەم ئۇنى ئەمەلىي تەدبىر، ئەمەلىي ئىش-ھەرىكەت ۋە ئادەت بويىچە قوغلاشمايدۇ. ئۇنى قوغلىششى بەزىلەرنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. بەزىلەر بولسا ئۇنى قوغلىششنى خالىمايدۇ. بۇ يەردە بىز تەبىئىي ھالدا مۇنداق بىر

سوئالنى سورىماي تۇرالمايمىز: بىز ئۇيغۇرلار ئۆز بايراملىرىمىزنى قانداق تەبرىكلەپ ئۆتكۈزىمىز؟ ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرچە پەقەت ئۆزىگىلا خاس مىللىي بايراملىرىدىن بىرەرى بولمىسىمۇ، ئۇلار ئۇيغۇر دىيارىدا ھەر يىلى بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن نۇرغۇن كۈنلەر دەم ئالىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن دەم ئېلىش كۈنلىرىنىڭ ھەممىسى بىر يەرگە جەم بولۇپ، سورۇن تۈزۈپ، مېھماندارچىلىق قىلىدىغان بايرام، دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەن ئالدىنقى ماقالەمدە تىلغا ئالغىنىمدەك، ئۇيغۇرلارنىڭ سورۇن مەدەنىيىتى ئۇلارنىڭ مىللىي ئاڭ، مىللىي ھېسسىيات، مىللىي ئۆرپ-ئادەت، ۋە مىللىي كىملىكنى ساقلاپ قېلىشتا ئويناۋاتقان رولى ئىنتايىن زور. لېكىن، ئۇنىڭدا يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك «ئىنسان مۇكەممەللىكنى قوغلىشىش» تەركىبى قىسمى ئاساسەن يوق. (يېقىندا ئۇيغۇر دىيارىدىكى خەلق ئارىسىدا بىر قانچە قېتىم «كىتاب چېيى» ۋە «ئىلىم چېيى» دېگەن ناملاردىكى يىغىلىشلار ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ بىر يېڭىلىق ۋە ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىش. مەن مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، مىللىي ئۆرپ-ئادىتىمىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىمەن.) ئۇنىڭ ئەكسىچە، سورۇن مەدەنىيىتى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ۋاقىت بىلەن پۇل ئىسراپچىلىقى ئىنتايىن ئېغىر، ۋە ئۇنىڭ ئادەمنى «مۇكەممەللىك» نىڭ ئەكسىگە ئېلىپ بارىدىغان مەزمۇنى ئىنتايىن كۆپ. گەرچە بۇ جەھەتتە يەھۇدىيدەك بولۇش ئانچە ئاسانغا چۈشمىسىمۇ، بىز سەل ئۇيقۇمىزنى ئېچىشىمىز كېرەك. ئۇنداق قىلمايدىكەنمىز، بىز بۇرۇنقىغا قارىغاندا قۇدرەت تېپىشقا قاراپ مېڭىش ئەمەس، بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك ئاجىزلىشىشقا قاراپ مېڭىۋېرىمىز. دۇنيادىكى ھەممە ئادەملەر يەھۇدىيلاردا بار ئەركىنلىك ۋە ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئىمتىيازىغا ئىگە ئەمەس. لېكىن ئۆزىمىزلا قىلىمىز، دەيدىكەنمىز، بىز ھازىرمۇ بار كىتابلارنى خالىغانچە سېتىپ ئالالايمىز. ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا بىر كىچىك «ئائىلە كۇتۇپخانىسى» قۇرالايمىز. ھەمدە ئاشۇ كىتابلارنى خالىغانچە ئوقۇيالايمىز. بىزنىڭ ھازىرقى تەقدىرىمىز بىز ھازىرغىچە قارار ئېلىپ تاللىۋالغان تاللاشلىرىمىزنىڭ نەتىجىسى. بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرىمىزنىڭ قانداق بولۇشىنى بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تاللىشىمىز بەلگىلەيدۇ. يەنى، قازاندا نېمە بولسا، چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ.

قىسقىسى، ھازىرقى يەھۇدىي نوپۇسىنىڭ ئىچىدە، ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكى، ئۆرپ-ئادىتى ۋە ئەنئەنىسىگە ساداقەتمەن كېلىدىغانلارنىڭ

سانى كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەزكۇر بايرامدا قىلىدىغان ئىشلىرىنىڭ ئىچىدە «كىتاب ئوقۇش ۋە ئويلاش» ناھايىتى يۇقىرى نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز بايراملىرىدا قىلىدىغان ئىش-ھەرىكەتلەرنىڭ ئىچىدە «ئويناش» ئاساسلىق تەركىبنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، 90 پىرسەنتتىن كۆپرەك تەركىبى قىسمىنى ئىگىلىشى مۇمكىن. ئەمما، «كىتاب ئوقۇش ۋە ئويلاش» بولسا ئۇيغۇر ھېيت-بايراملىرىدا بولىدىغان ئىشلارنىڭ ئىچىدە ئاساسەن مەۋجۇت ئەمەس. مانا بۇ يەھۇدىيلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ چوڭ پەرقلەرنىڭ بىرى. مۇشۇ پەرقنى كۆرسىتىپ بېرىش، مەزكۇر ماقالىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەقسەتلىرىنىڭ بىرى.

## 2. ئۆگىنىش ۋە چۈشىنىش

ئىنسانلارنىڭ باشقا ھايۋانلاردىن پەرقلىنىدىغان يەنە بىر تەرىپى، ئىنسانلارنىڭ مېڭىسىدىكى ئۆگىنىپ بىلىم قاچىلىسا بولىدىغان بوشلۇقنىڭ چېكى يوقلۇقىدۇر. بىز بەزىدە بۇرۇن زادىلا قىلىپ باقمىغان بىر ئىشنى قانداق قىلىشنى ئۆگىنىمىز. بەزىدە دۇنيا ھەققىدىكى، باشقا ئادەملەر ھەققىدىكى، ۋە ئۆزىمىز ھەققىدىكى پاكىتلارنى ئۆگىنىمىز. بۇ ئىشلار بىزنى تېخىمۇ ئەقىللىق (smart)، ۋە تېخىمۇ قابىلىيەتلىك (skillful) قىلىدۇ. ئەمما ئەڭ مۇھىمى بىزنى تېخىمۇ دانا (wise) قىلىدىغان نەرسىلەر، نېمىنىڭ ئۈنۈم بېرىدىغانلىقى ۋە نېمىنىڭ ئۈنۈم بەرمەيدىغانلىقى، ھەمدە نېمىنىڭ بىزنى بەختكە ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدىغانلىقى ھەققىدە بىز ئېرىشكەن چۈشەنچىلەردىن ئىبارەت. نۇرغۇن يەھۇدىي ئائىلىلىرىنىڭ مۇنداق بىر ئەنئەنىۋى ئادىتى بار: ئاتا-ئانىلار ئۆز ھاياتىنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى بىر «ئەخلاقىي ۋەسىيەتنامە» شەكلىدە يېزىپ چىقىپ، ئۇنى باللىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش. بۇ ۋەسىيەتنامە بىر خەتنىڭ شەكلىدە يېزىلغان، بىر روھىي (spiritual) ۋە ئەقلىي (intellectual) تەرجىمىھالغا ئوخشاپ كېتىدىغان ھۆججەت بولۇپ، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن بىر قىممەتلىك خاتىرە بويۇم بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، نۇرغۇن ئىشلارنى باشتىن كەچۈرۈپ ئىگە بولغان ئەقىل-پاراسەتلەرنىڭ گۆھەرلىرىنى سۆز ئارقىلىق ئىپادىلەپ يېزىپ چىقىش جەريانىنىڭ ئۆزىمۇ ئاتا-ئانىلارنىڭ روھىنى ئۇرغۇتىدۇ ۋە ئۇلارنى مەمنۇن قىلىدۇ. بۇ ۋەسىيەتنامىنىڭ بىر ئالاھىدە شەكلى مەۋجۇت ئەمەس بولۇپ، ئۇ «مەن مۇنداق بىر ئىشنى

بىلىۋالدىم: ـ ـ ـ . مەن مۇنداق بىر ئىشنى چۈشىنىپ يەتتىم: ـ ـ ـ» دەپ باشلىنىدۇ. ئۆز ھاياتىدىكى مۇھىم ئىشلارنى پەرق ئېتىش ۋە تۈرلەرگە ئايرىشتا تۆۋەندىكى 12 ساھەگە قاراپ چىقىلىدۇ:

1) دىن، ئېتىقاد، ۋە روھ
2) ئومۇمىيۈزلۈك كىشىلىك خاراكتېر ۋە كىشىلىك ئەخلاق
3) ئەر ـ خوتۇنلۇق ۋە ئائىلە مۇناسىۋەتلىرى
4) دوستلۇق ۋە باشقا مۇناسىۋەتلەر
5) پۇل ۋە ماددىي مال ـ مۈلۈكلەر
6) مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەتلەر
7) ئوقۇش ۋە تەجرىبە ـ ساۋاقلار
8) كىشىلىك مەسئۇلىيەتلەر
9) پوزىتسىيە
10) خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرى
11) هاراق ۋە زەھەرلىك چېكىملىك
12) جىنسىي مۇناسىۋەت

### 3. ئىمكانقەدەر يۇقىرى ھوقۇقنى ئىگىلەش

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنى گىتلېر ۋە ئۇ يېتەكلىگەن گېرمانلىقلار بىر يەھۇدىيسىز ياۋروپا قىتئەسىنى بەرپا قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن باشلىغانلىقى، ھەمدە ئاشۇ ئۇرۇش جەريانىدا تەخمىنەن 6 مىليون يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرگەنلىكى ھەممىگە ئايان. ئۇنداقتا گىتلېر نېمە ئۈچۈن يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرىدۇ؟ دۇنيادىكى ھەممە مىللەتلەر قاتتىق رىقابەتلەشمەي تۇرۇپمۇ خۇشال ـ خۇرام ياكى بەختلىك ياشىيالايدىكەن، ھەرگىزمۇ ئۆز ـ ئارا رىقابەتلىشىپ ياشاش يولىنى تاللىمايدۇ. ھەرگىزمۇ ئۆزلىرىدە رىقابەت ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرمەيدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، بىر مىللەتتە رىقابەت كۈچىنىڭ بولماسلىقى، ئۇنىڭ رىقابەتنى خالىماسلىقى، ۋە ئۇنىڭ ئورۇنسىز ھالدا قاتتىق ئىشلەپ ياشاشنى خالىماسلىقى بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئاجىزلىقى ياكى ھۇرۇنلۇقى بولۇپ ھېسابلانمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇ بىر نورمال ئىش بولۇپ، مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى رىقابەتسىزمۇ ياخشى ياشىيالايدىكەن، رىقابەتسىز ياشاپ كېتىۋېرىشنى خالايدۇ. بۇنىڭ ئەڭ ياخشى بىر مىسالى ئۇيغۇرلاردۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇن يېرى كەڭ، نوپۇسى ئاز بولغاچقا، مېنىڭ بوۋا ـ موملىرىم، ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ

ھەممىسى ئۆي ـ قورۇسغا بىردىن ئاشلىق ئىسكىلاتى سېلىپ، ئۇنى ئاشلىق بىلەن لىق تولدۇرۇپ، ئۆيىنىڭ ئېتراپىنى باغ قىلىپ، يوغان بىر قوتاندا ئات، كالا، قوي ۋە ئۆچكىلەرنى بېقىپ، بەخىرامان ياشاپ كەلگەن ئىكەن. مەن ئۇنداق ھاياتقا ئۆلگۈرەلمىگەن. لېكىن، ئاشۇنداق ئاش ئىسكىلاتلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەۋرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئىدىم. يېمەكلىكلەرنىڭ كەڭچىلىكىدىن توخۇم بىلەن يېمىش پۇلغا سېتىلمايدىغان ۋاقىتلاردا ياشاپ باققان ئىدىم. ماقالىنى بەك ئۇزۇن قىلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، مەن بۇ ھەقتە بۇنىڭدىن كۆپ توختالمايمەن. ئەمدى ئەسلىدىكى مەزمۇنغا كەلسەك، گېرمانلىقلارنىڭ يەھۇدىيلارنى قىرىپ تۈگەتمەكچى بولغىنىغا مەن ماقالىنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا بايان قىلغان ئەھۋاللار سەۋەبچى بولغان.

دۇنياغا مەشھۇر سانائەتچى، ئامېرىكىدىكى فورد ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى فورد خېنرى (Ford Henry) مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر يەھۇدىيلارنى جەلپ قىلىدىغان بىرلا سۈپەت مەۋجۇت بولىدىكەن، ئۇ چوقۇم ھوقۇق». ئامېرىكىدا «يەھۇدىيلارنىڭ ئامېرىكىنى كونترول قىلىشى» دەيدىغان بىر ئۇقۇم بار. يەنى يەھۇدىيلارنىڭ ئامېرىكىدىكى نوپۇسى 6 مىليون ئەتراپىدا بولۇپ، ئامېرىكا نوپۇسىنىڭ پەقەت 2 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلسىمۇ، ئۇلار سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ساھەلەردىكى ھوقۇق جەھەتتە ئۆز نوپۇسىغا ئازراقمۇ ئوڭ تاناسىپ كەلمەيدىغان دەرىجىدە ئۈستۈنلۈككە چىقىۋالغان. تۆۋەندىكىسى يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارنىڭ بىر قىسىم مىساللىرى.

ـ ـ ئامېرىكىدا دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدىغان بىر كۈچلۈك ئورۇن بار. ئۇنىڭ ئىسمى «دۆلەت خەزىنە بانكىسى» (Federal Reserve Bank). بۇ بانكىغا 1987 ـ يىلىدىن 2006 ـ يىلىغىچە Alan Greenspan ئىسىملىك بىر يەھۇدىي رەئىس بولغان. بۇ بانكىغا 2006 ـ يىلىدىن باشلاپ Ben Shalom Bernanke ئىسىملىك يەنە يەھۇدىي رەئىس بولدى. ئۇ يەھۇدىي دۆلىتى قۇرۇشنى قوللىغۇچى (Zionist) بولۇپ، شۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر Donold L Kohn ئىسىملىك يەھۇدىي ھازىر مەزكۇر بانكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتىدۇ. بۇ بانكىنىڭ رەئىس ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن كېيىن تۇرىدىغان بىر 5 كىشىلىك باشقۇرۇش

هاكىملىرى (Board of Governors) بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىر ئەزاسىمۇ يەھۇدىي.

-- 2009-يىلىدىن 2010-يىلىغىچە ئامېرىكا پارلامېنتى (congress) گە ئەزا بولغان 535 ئادەم ئىچىدە 45 نەپىرى يەھۇدىي بولۇپ، ئۇلار ئومۇمىي سانىنىڭ 8.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن.

-- هازىر ئامېرىكا ئالىي سوتىنىڭ سوتچىسىدىن 9 كىشى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى 3 كىشى يەھۇدىي.

## 4. لوبىيلىق قىلىش

ئىنگلىزچىدا «lobby» دېگەن بىر سۆز بار بولۇپ، ئۇ پېئىل شەكلىدە ئىشلىتىلگەندە «يۇلغۇن ئىنتېرنېت لۇغىتى» دە «نۇتۇق سۆزلىمەك، ئۇندىمەك، كۆندۈرمەك» دەپ چۈشەندۈرۈلۈپتۇ. بىر ئىنگلىزچە لۇغەتتە بولسا ئۇنىڭغا مۇنداق ئىزاهات بېرىلىپتۇ:

-- بىر قانۇن تۈزۈش ئورگىنى ئەزالىرى تاشلايدىغان بېلەتكە تەسىر كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇش

-- هۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، بولۇپمۇ قانۇن تۈزۈش ئورگانلىرىنىڭ ئەمەلدارلىرى كۆرمەكچى بولغان ئىش-هەرىكەتكە تەسىر كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇش

-- مەلۇم بىر قانۇننىڭ ماقۇللۇقتىن ئۆتۈشىگە هەيدەكچىلىك قىلىش، ياكى ماقۇللۇقتىن ئۆتۈشىنى قولغا كەلتۈرۈش

«ئۇندەش، كۆندۈرۈش» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىلا ئىنگلىزچە سۆزنىڭ يۇقىرىدىكىدەك مەنىلىرىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان بولغاچقا، مەن بۇ سۆزنى تۆۋەندە ئۇيغۇرچىدا «لوبىيلىق قىلىش» دەپ ئالىمەن.

ئامېرىكىدىكى سىياسەتچىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، باشقا بارلىق مىللەت ۋە بارلىق كىشىلەرنىڭ لوبىيچىلىقى يەھۇدىيلارنىڭ لوبىيچىلىقىدەك قورقۇنچلۇق، ياكى باش ئېگىشكە مەجبۇرى بولىدىغان دەرىجىدە كۈچلۈك ئەمەس. ئەگەر ئامېرىكىدىكى سايلىنىشقا چۈشكەن بىر سىياسەتچى يەھۇدىي لوبىيچىلىرىنىڭ دېگىنىنى قىلمايدىكەن، ئۇ هەرگىزمۇ كۆزلىگەن هوقۇق ئورنىغا سايلىنالمايدۇ، ياكى قايتا سايلىنالمايدۇ. هەمدە ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ قولىدىكى ئاخبارات ئورگانلىرى تەرىپىدىن قارىلىنىدۇ ياكى ئېتىبارسىز قارىلىدۇ. ئامېرىكىدىكى يەھۇدىي لوبىي تەشكىلاتلىرى ئىنتايىن

كۆچلۈك بولۇپ، ئۇلار ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەنپەئەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر ياققا قايرىپ قويىدۇ. دۆلەت ئىچىدە، ئۇلار ئامېرىكىنىڭ سىياسىي ئەمەلدارلىرىغا پارا بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. چەت ئەلدە بولسا ئامېرىكىنىڭ چەت ئەللەرگە قاراتقان سىياستىنى باشقۇرۇش، ئۇنى ئامېرىكىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن قىلىش ئەمەس، يەھۇدىيلارنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن قىلدۇرۇشنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ئامېرىكىدىكى ئاساسلىق يەھۇدىي لوبىي تەشكىلاتلىرىدىن تۆۋەندىكىلىرى بار:

- - ئامېرىكا-ئىسرائىل ئاممىۋى ئىشلار كومىتېتى (American Israel Public Affairs Committee, AIPAC): بۇ تەشكىلاتنىڭ پۈتۈن كۈنلۈك خادىمى 150 كىشى بولۇپ، يىللىق خام چوتى 60 مىليون دوللاردىن ئاشىدۇ. ئۇلارغا بۇ پۇلنى باي يەھۇدىيلار ۋە يەھۇدىيدىن بولغان شىركەت ئىگىلىرى ئىئانە قىلىدۇ. بۇ تەشكىلاتنىڭ نۇرغۇنلىغان «ئاممۋى ئىش-ھەرىكەت كومىتېتلىرى» (Public Action Committees) دەپ ئاتىلىدىغان تارماقلىرى بار بولۇپ، ئۇلار سايلامغا كىرگەن سىياسەتچىلەرگە نۇرغۇن پۇللارنى ئىئانە قىلىدۇ. بۇ تارماق تەشكىلاتلار ئامېرىكىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ غايەت زور ئىقتىسادىدىن پايدىلىنىپ، ئامېرىكا سىياسىي ئەمەلدارلىرىغا پارا بېرىپ، شۇ ئارقىلىق يەھۇدىي لوبىيلىقىنىڭ مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ئەڭ كۆچلۈك ئاپپارات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىر مۇشۇ AIPAC ئامېرىكىنىڭ ئىرانغا ھۇجۇم قىلىشى ئۈستىدە لوبىيلىق قىلىۋاتىدۇ. AIPAC نىڭ ھازىرقى بىرىنچى قول رەئىسى خرىستىئانلارغا قارشى تۇرىدىغان Howard Kohr دېگەن كىشىدىن ئىبارەت.

ئوبزورچى Jayne Gardener نىڭ دېيىشىچە، ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىنىڭ ھاكىمىيەتلىرىنى مۇقىمسىزلاشتۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق مەزكۇر رايونغا خوجايىن بولۇش ئىسرائىلىيەنىڭ نىشانى بولۇپ، ئىراق ئۇرۇشى مانا شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان. ئىسرائىلىيە بۇ ئۇرۇش ئۈچۈن يەھۇدىيلارنىڭ جېنىنى قۇربان قىلىشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن، بوز ھاكىمىيىتىدىكى ئىسرائىلىيەنى قوللىغۇچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن، بۇ ئۇرۇشنى ئامېرىكىنىڭ قولى بىلەن قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئامېرىكىلىقلارنىڭ قېنى تۆكۈلۈپ، ئۇنىڭ پايدىسىنى يەھۇدىيلار كۆردى. مۇشۇ ئىشتا ئامېرىكىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ لوبىيلىقى ئاساسىي رول ئوينىدى.

ــ ئامېرىكىلىق يەھۇدىيلار قۇرۇلتىيى (American Jewish Congress, AJC):
بۇ تەشكىلات 1930 ـ يىلى 28 ـ قېتىملىق ئامېرىكا پرېزىدېنتى ۋۇدروۋ ۋىلسون (Woodrow Wilson) نىڭ «كۆچلۈك دوستى» ، يەھۇدىيدىن بولغان رابىي ستىۋېن ۋايىز (Stephen Wise) بىلەن شۇ چاغدىكى ئامېرىكا ئالىي سوتىنىڭ سوتچىسى لۇيىس برېندىس (Louis Brandeis) نىڭ يېتەكچىلىكىدە قۇرۇلغان. بۇ تەشكىلات 1930 ـ يىلى ئامېرىكىدا گېرمانىيە مەھسۇلاتلىرىنى بايقۇش قىلغان. ھازىر بۇ تەشكىلات كۆپلىگەن ئامېرىكا پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىسرائىلىيەنى قوللايدىغان ھەر خىل قانۇنلارنى ماقۇللىتىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇ تەشكىلاتنىڭ ھازىرقى دىرېكتورى خرىستىئانلارغا قارشى تۇرىدىغان يەھۇدىي نىل گولدىستىن (Neil B. Goldstain) دىن ئىبارەت.
ــ ئاساسلىق ئامېرىكىلىق يەھۇدىيلار تەشكىلاتلىرىنىڭ پرېزىدېنتلىرى بىرلىكى (Conferenke of Major American Jewish Organizaitons): بۇ ئامېرىكىدىكى ئەڭ چوڭ 51 يەھۇدىي تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان تەشكىلات بولۇپ، بارلىق يەھۇدىي تەشكىلاتلىرىنىڭ كۈچىنى يىغىپ، ئىسرائىلىيەنىڭ ئالاھىدە مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي نىشانى قىلغان. ئۇنىڭ باشلىقمۇ ئۇچىغا چىققان خرىستىئانلارغا قارشى تۇرىدىغان يەھۇدىيلارنىڭ بىرى.
ــ يەھۇدىي دۆلەت بىخەتەرلىكى ئىشلىرى ئىنستىتۇتى (Jewish Institute of National Security Affairs, JINSA): بۇ ئورۇن 1976 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ ئىسرائىلىيىگە قاراتقان ھەربىي قورال ـ ياراق ياردەملىرىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ تۈپ نىشانى قىلىدۇ. بۇ تەشكىلاتنىڭ ئامېرىكىدىكى شېرىكلىرى ئىچىدە ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىمۇ بار. مەسىلەن، كىچىك بوز پرېزىدېنت بولۇشتىن بۇرۇن، كېيىن مۇئاۋىن رەئىس بولغان دىك چېينىي (Dick Cheney)، ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مەسلىھەتچىسى ئېلىيوت ئابرامس (Elliot Abrams)، قورال ـ ياراق كونتروللۇقىغا مەسئۇل مۇئاۋىن باش مىنىستىر جون بولتۇن (John Bolton) قاتارلىقلار. چېينىي، ئابرامس ۋە بولتۇن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قولىدا ھازىرمۇ ھەر خىل چوڭ ھوقۇقلار بار بولۇپ، ئۇلار داۋاملىق تۈردە يۇقىرىقى يەھۇدىي تەشكىلاتىنىڭ يېقىن قوللىغۇچىلىرى

بولۇپ ئىشلىمەكتە. JINSA نىڭ ئەزالىرىنىڭ ئىچىدە ئىسرائىلىيىگە نۇرغۇن يۇقىرى تېخنىكىلىق ھەربىي قوراللارنى سېتىپ بېرىۋاتقان نورسروپ گرۇمەن (Northrop Grumman) دېگەن چوڭ شىركەتمۇ بار بولۇپ، JINSA يۇقىرى دەرىجىلىك ئامېرىكا سىياسىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىسرائىلىيەنى زىيارەت قىلىشىنى تەشكىللەش ئىشلىرىنىمۇ ئېلىپ بارىدۇ. JINSA نىڭ ھازىرقى پرېزىدېنتى بىلەن ھازىرقى رەئىسىنىڭ ھەر ئىككىسى خرىستىئانلارغا قارشى تۇرغۇچى يەھۇدىيلار بولۇپ، كېيىنكىسى نيۇ يورك شەھىرىدىكى بىر چوڭ ئۆي سېتىش شىركىتىنىڭ ئىگىسى.

-ئوتتۇرا شەرق مەجلىسى (Middle East Forum, MEF): بۇ تەشكىلاتنىڭ دەپتەردىكى نىشانى مۇنداق يېزىلغان: «MEF ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرققە قاراتقان قىزىقىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بىزنىڭ ئېنىقلىمىمىزدىكى ئامېرىكا مەنپەئەتى، مەيلى تېررورىستچى بولسۇن ياكى قانۇنلۇق بولسۇن، رادىكال ئىسلامىزمغا قارشى ئىش كۆرۈشنى (ئامېرىكىنىڭ چاچما بومبىسىنى گازادىكى ئەرەبلىك باللارنىڭ بېشىغا تاشلاش، ھەمدە گازالىقلارنىڭ گاز ۋە سۇ يوللىرىنى ئېتىپ قويۇش)، پەلەستىنلىكلەرنىڭ ئىسرائىلىيەنى ئېتىراپ قىلىشى (ئىسرائىلىيەنى «ئېتىراپ قىلىدىغان» بىر پىرسەنت نوپۇس قالغۇچە پەلەستىنلىكلەر ئۈستىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىش) نى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىش، ھەمدە ئىراننىڭ تەھدىتىگە تاقابىل تۇرۇش (ئامېرىكا ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىرانلىقلارغا قارشى ئۇرۇش جاكارلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.» بۇ يەردىكى ئىسكوپكا ئىچىدە بېرىلگەن جۈملىلەرنى ئەسلىدىكى ماقالىنىڭ ئاپتورى قوشۇپ قويغان ئىكەن، مەنمۇ ئۇلارنى ئەينەن تەرجىمە قىلىپ قويدۇم. MEF نىڭ باشلىقىمۇ بىر خرىستىئانلارغا قارشى تۇرىدىغان يەھۇدىي.

-ئامېرىكا زىيونىستچىلار تەشكىلاتى (Zionist Organization of America, ZOA): بۇ يەردىكى «زىيونىستچى» دېگەننىڭ مەنىسى «يەھۇدىي دۆلىتى قۇرۇشنى قوللىغۇچى» بولۇپ، بۇ تەشكىلات 1897-يىلى قۇرۇلغان. ئۇنىڭ ھازىر 30000 دىن ئارتۇق ئەزاسى بار بولۇپ، ئۇلار ئامېرىكىدىكى بارلىق چوڭ شەھەرلەرگە تارقالغان. ZOA نىڭ تور بېتىگە مۇنداق دەپ يېزىلغان: ZOA ئامېرىكا پارلامېنتىدا تۆۋەندىكى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا ئىنتايىن ھالقىلىق رول ئوينىدى: تېررورىزمچىلىقتا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش (ئەمەلىيەتتە پەقەت يەھۇدىيلارلا

«گۇناھسىز» ۋە «زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلار» بولۇپ كەلدى)، ئىسرائىلىيەنىڭ مۇستەقىللىقى ئاستىدا يېرۇسالېمنىڭ بىرلىكىنى ساقلاش (غەربىي پەلەستىنلىكلەر رايونىغا قانۇنسىز كۆچمەنلەرنى كۆچۈرۈش)، خاماس بىلەن فاتاخقا قارشى تۇرۇش (ئامېرىكىدا ياسالغان چاچما بومبىلارنى گازادىكى ئەرەبلىك بالىلارنىڭ ئۈستىگە تاشلاش)، ۋە سۇرىيە بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستاننى جازالاش ئۈچۈن تىرىشىش (ئىراققا قانۇنسىز ھالدا ھۇجۇم قىلىش، بۇ ئۇرۇشتا يەھۇدىيلاردىن بولغان ئامېرىكا ئەسكەرلىرىدىن بىرىمۇ ئۆلمىدى).» بۇ يەردىكى ئىسكوپكا ئىچىدە بېرىلگەن جۈملىلەرنىمۇ ئەسلىدىكى ماقالىنىڭ ئاپتورى قوشۇپ قويغان ئىكەن، مەنمۇ ئۇلارنى ئەينەن تەرجىمە قىلىپ قويدۇم .

يۇقىرىدا تىلغا ئالغىنىمدەك، پەقەت «ئاساسلىق ئامېرىكىلىق يەھۇدىيلار تەشكىلاتلىرىنىڭ پرېزىدېنتلىرى بىرلىكى» نىڭ تارمىقىدىلا ئامېرىكىدىكى يەھۇدىي تەشكىلاتلىرىدىن 51 تەشكىلات بار ئىكەن. مەن ھازىرغىچە ئامېرىكىدىكى ھەر بىر چوڭ شەھەرلەردە بىردىن «يەھۇدىي مەركىزى» بارلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇڭا مېنىڭ پەرىزىمچە ئامېرىكىدىكى يەھۇدىي تەشكىلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى نەچچە يۈز بولۇشى مۇمكىن. بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسى يەھۇدىي مەنپەئەتى ئۈچۈن لوببىيلىق قىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ «ئىش بىرلىكتە، ئەقىل ئۆملۈكتە» دېگەن سۆزى مانا يۇقىرىدىكى ئىشتا ناھايىتى ئوبدان نامايان بولغان.

## 5. بىرلىشۋېلىش

بۇ تېمىدا تونۇشتۇرۇلىدىغان ئەھۋال ئالدىنقى قىسمىدىكى مەزمۇنغا ناھايىتى يېقىن كېلىدۇ. ئەمما بۇ يەردىكى ئەھۋال يالغۇز سىياسىي ئىستراتېگىيىنىلا ئەمەس، دىنىنىڭ رولىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولغاچقا، مەن ئۇنى بىر ئايرىم بۆلۈم قىلدىم.

ئوقۇرمەنلەرنىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، ئامېرىكىدا بارلىق ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى دېموكراتىيە تۈزۈمى ئاستىدىكى سايلام ئارقىلىق ھوقۇققا ئىگە بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئامېرىكىدىكى سىياسىي ھاياتتىكى نۇرغۇن ئىشلار سايلامدا ئۇتۇپ چىقىشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئامېرىكىنىڭ سىياسىيسىنى «سايلام سىياسىيسى» دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. بۇنداق تۈزۈمنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، ھوقۇقدارلار ئۆزىدىن يۇقىرى

تۇرىدىغان دەرىجىلەرگىلا جاۋابكار بولۇپ قالماستىن، ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرىدىغان بارلىق ئورۇن ۋە ئۆز قول ئاستىدىكى پۇقرالارغىمۇ جاۋابكار بولىدۇ. ئامېرىكىدىكى ھەر خىل سايلام جەريانلىرىدا يەھۇدىيلار ئارىسىدا يۈز بېرىدىغان بىر ئەھۋال، بىر ئادەم مەلۇم بىر ھوقۇقىقا ئېرىشىش ئۈچۈن سايلامغا چۈشكەندىن كېيىنلا، يەھۇدىيلار دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۇ ئادەمنىڭ يەھۇدىيلار ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىش. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ بىر-بىرىدىن سورايدىغان سوئالى: «ئەگەر پوكۇنى سايلانسا، ئۇ ئامېرىكا مەنپەئەتىگە پايدىلىقمۇ-ئەمەسمۇ؟» ئەمەس. ئۇلارنىڭ سورايدىغان بىردىن-بىر سوئالى: «ئەگەر پوكۇنى سايلانسا، ئۇ يەھۇدىيلار ئۈچۈن پايدىلىقمۇ-ئەمەسمۇ؟» دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ. بولۇپمۇ شتات باشلىقلىرىنى ۋە پارلامېنت ئەزالىرىنى سايلاشتا بۇنداق ئىش ئىنتايىن ئەۋج ئالىدۇ. ئاشۇنداق مەزگىللەردە يەھۇدىيلار ئالدى بىلەن كاندىداتلارنىڭ يەھۇدىي ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىگە قارايدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ يەھۇدىيلارغا پايدىلىق ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىگە قارايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، بىر كاندىداتنىڭ قايسى پارتىيە ياكى قانداق سىياسىي ئىدىيىگە تەۋە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ئەخلاقىي خاراكتېرىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سىياسىي ھوقۇقىقا ئىگە بىر يەھۇدىي چوقۇم يەھۇدىيلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئامېرىكىنىڭ مەنپەئىتىدىن ئۈستۈن قويىدۇ. شۇڭلاشقا بۇنداق ئىشلاردا يەھۇدىيلار «دېموكراتلار پارتىيىسى» ياكى «جۇمھۇرىيەت پارتىيىسى» دەپ ئايرىماي، ھەر ئىككى پارتىيىنىڭ ئىشلىرىغا تەڭلا، ھەمدە ناھايىتى كەڭ-كۆلەمدە ئارىلىشىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ ئامېرىكىدىكى ئىقتىسادىي كۈچى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغاچقا، ھەمدە ئامېرىكىدىكى ئەڭ چوڭ تەشۋىقات ۋە ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يەھۇدىيلارنىڭ ئىلىكىدە بولغاچقا، ئەگەر يەھۇدىيلارغا بىرەر كاندىدات يېقىپ قالسا، يەھۇدىيلار ئۇ كاندىداتقا نۇرغۇن پۇللارنى تىقىۋېتىدۇ. ھەمدە ئاخباراتتا ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن كۆككە كۆتۈرىدۇ. ئەگەر بىرەر كاندىدات ئۇلارغا ياقماي قالسا، يەھۇدىيلار ئۇنىڭغا پۇل بەرمەيدۇ، ھەمدە تەشۋىقاتلاردا ئۇ كاندىدات ھەققىدىكى پاكىتلارنى بۇرمىلاپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى يەرگە ئۇرىدۇ. شۇڭلاشقا ئامېرىكىدا «ئەگەر بىر كاندىدات ئۇتماقچى بولىدىكەن، ئۇ ئالدى بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك» دەيدىغان سۆز بار. باراك ئوباما 1-قېتىم

سايلامغا قاتناشقاندا ئىئانە ئارقىلىق توپلىغان پۇلى 745 مىليون بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى 30 مىليون پۇل پەقەتلا چىكاگو (بىر شتاتتىكى بىر چوڭ شەھەر) رايونىدىكى يەھۇدىيلاردىنلا كەلگەن. يۇقىرىدىكى ئومۇمىي پۇلنىڭ قانچىلىك قىسمى يەھۇدىيلاردىن كەلگەنلىكى نامەلۇم.

ئامېرىكىدا پرېزىدېنت سايلىمى بولغاندا، سايلامغا چۈشكەن ئىككى پارتىيىنىڭ كاندىداتلىرى كەم دېگەندە 3 قېتىم ئوچۇق بەس-مۇنازىرە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ بەس-مۇنازىرە پۈتۈن مەملىكەتكە تېلېۋىزور ئارقىلىق نەق مەيداندىن تارقىتىلىدۇ. بۇ مۇنازىرىدە بىر باشقۇرغۇچى ئىككى كاندىداتتىن نۆۋەت بويىچە سوئال سورايدۇ. ھەر قېتىملىق سايلامدا چوقۇم سورۇلىدىغان بىر سوئال: «سىز بىزنىڭ ئىتتىپاقدىشىمىز ئىسرائىلىيىگە قانداق قارايسىز؟ ئەگەر سىز سايلىنىپ قالسىڭىز كەلگۈسىدە ئىسرائىلىيىگە قارىتا قانداق سىياسەت يۈرگۈزىسىز؟» دېگەندىن ئىبارەت. باشقا ھېچ قانداق دۆلەت، ھېچ قانداق رايون، ۋە ھېچ قانداق مىللەت ھەققىدە بۇنداق سوئال سورالمايدۇ. پەقەت يەھۇدىي ۋە ئىسرائىلىيە توغرۇلۇقلا مۇشۇنداق سوئاللار سورىلىدۇ. مانا بۇ ئىنتايىن كۈچلۈك يەھۇدىيلار بىرلىكى ۋە ئىنتايىن كۈچلۈك يەھۇدىيلار لوبىيلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئەگەر ئۇ ئىككى كاندىداتتىن بىرەرى يەھۇدىيلارغا ياقمايدىغان گەپتىن بىرەرنى قىلىپ سالسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆزىڭىز پەرەز قىلىۋېلىڭ.

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20-ئەسىرنىڭ بېشىدا، جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمىنىڭ بەرپا قىلغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولغان فىرانسىيەلىك ئېمىلى دۇركخىم (Amile Durheim) جەمئىيەت بىر ئادەمنىڭ دىنىي ۋە ئېتنىك ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئوينايدىغان رولغا قىزىقىپ قاپتۇ. ئۇ جەنۇبىي دېڭىز ئاراللىرىدا نۇرغۇن يىل ياشاپ، شۇ يەردىكى قەدىمكى ھالىتىنى ساقلاپ كەلگەن يەرلىك خەلقلەرنىڭ دىنى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپتۇ. شۇ ئارقىلىق ئۇ دىن ھازىرقىدەك قۇرئان كەرىمگە ئوخشاش دىنىي كىتابلىرى ۋە دامولللارغا ئوخشاش دىنىي ئەربابلىرى بار رەسمىي شەكىلگە كىرىشتىن بۇرۇن قانداق بىر شەكىلدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنى چۈشەنمەكچى بوپتۇ. 1912-يىلى ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم كىتابى «دىنىي ھاياتنىڭ دەسلەپكى شەكىللىرى» (Elemtary Forms of the Religious Life) دېگەن كىتابىنى نەشردىن چىقىرىپتۇ. ئۇ مەزكۇر كىتابتا قەدىمكى سەۋىيىدىكى دىنلارنىڭ ئاساسىي مەقستى ئىنسان بىلەن ئاللانى ئۆز-ئارا باغلاش ياكى مۇناسىۋەتلەشتۈرۈش ئەمەس، بەلكى ئادەملەر بىلەن ئادەملەرنى بىر-

بىرىگە باغلاش ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ چاغدا دىنىي تەلىملەر كىشىلەرگە تۇغۇت بىلەن ئۆلۈمدە، پەرزەنتلەر توي قىلغاندا ۋە ئاتا-ئانىلار ئالەمدىن ئۆتكەندە قانداق قىلىپ ئۆز-ئارا ھەمدەمدە بولۇشنى ئۆگەتكەن. ئۆسمۈرلۈكلەرنى تېرىش، ھوسۇللارنى يىغىش، قىشتا قانداق قىلىپ سوغۇقتىن قوغدىنىش، يازدا قانداق قىلىپ ئىسسىقتىن مۇداپىئەلىنىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە ئائىت دىنىي تەلىملەر مەۋجۇت بولغان. شۇ ئارقىلىق بىر جەمئىيەت كىشىلىرى ئەڭ خۇشاللىق ۋە ئەڭ قايغۇلۇق ۋاقىتلارنى بىللە ئۆتكۈزۈپ، ئۇنداق ۋاقىتلاردا بىرەر ئادەم بىرەر ئەھۋالغا يالغۇز تاقابىل تۇرۇشقا مەجبۇرى بولۇپ قالمىغان.

مەن ئۆزۈمنىڭ ئالدىنقى «يەھۇدىيلارنى 3000 يىل ساقلاپ قالغان مۇھىم ئامىللار» دېگەن تېمىسىدا، يەھۇدىيلارنىڭ 3000 ساقلىنىپ قېلىشىدا ئەڭ مۇھىم رول ئوينىغان 3 ئامىلنىڭ ئىككىنچىسى دىن ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم. ئۇلارنىڭ بىر كىچىك مىللەت بولسىمۇ، بۈگۈنكىدەك بىر كۈچلۈك مىللەت بولالىشىدىمۇ دىن ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناۋاتىدۇ. مەن يېقىندا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن يەھۇدىي تەشكىلاتلىرى ۋە يەھۇدىي لوبىيچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئىچكى جەھەتتىن ئۆز-ئارا بىرلىشۋالغان بولۇپ، نۇرغۇنلىغان يەھۇدىي لوبىيلىق تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشتا ئوخشاش يەھۇدىي چېركاۋ (Synagogue) لىرىغا بارىدۇ. ئوخشاش «بايلار كۇلۇبلىرى» (گولف توپى كۇلۇبىغا ئوخشاش بايلار توپلىشىپ پائالىيەت ئۆتكۈزىدىغان ئورۇنلار) غا ئەزا بولىدۇ. پۇللىرىنى ئوخشاش يەھۇدىينىڭ بانكىسىغا قويىدۇ. بۇنداق ئىچكى جەھەتتىكى بىرلىشىۋېلىش ئامېرىكا دۆلەت خەزىنىسى بانكىسى، ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى (US Homeland Security) ۋە دۆلەت مەركىزىي مەمۇرىي ئىدارىسى (گوۋۋىيۈەن) دىكى يەھۇدىيلارغىچە كېڭەيگەن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، يەھۇدىيلارنىڭ تىلى بىر، ھەممە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىمۇ بىر. يۇقىرىقى يەھۇدىيلار ھەر بىر چوڭ-چوڭ دىنىي بايرام ۋە مەدەنىي بايراملاردا بىرگە يۈرىدۇ. ئۆز-ئارا ئۇچۇر ئالماشتۇرىدۇ. كېيىنكى ئىشلار ئۈستىدە پىلان تۈزىدۇ. قىسقىسى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىنتايىن كۈچلۈك ئىچكى بىرلىك مەۋجۇت.

دىن ئۇزۇندىن بۇيان ئۇيغۇرلار ئۈچۈنمۇ خەلقنى ئىنتايىن كۈچلۈك دەرىجىدە ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە بىرلەشتۈرۈش رولىنى ئويناپ كەلدى.

ئۇنىڭ بۇ رولى يېقىنقى دەۋرلەردە دىنىنىڭ ئاجىزلاشتۇرۇلۇشى بىلەن خېلى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشقان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئۇنۇمىنى يەنىلا ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئىنتايىن كۈچلۈك جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇپ، ئۇمۇ ھازىر بىر قىسىم ئىشلاردا ئۇيغۇرلارنى بىرلەشتۈرۈپ تۇرۇش جەھەتتە مۇھىم رول ئويناۋاتىدۇ. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ سورۇن مەدەنىيىتى ۋە ناخشا-ئۇسسۇل قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش مەدەنىيىتى تېخىمۇ شۇنداق. چەت ئەلدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئادەتتە ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلۇقىنى ئانچە ئويلاپ قويمايدۇ. ئۇيغۇرلارغا پايدىلىق ئىشلارغىمۇ ئانچە قاتنىشىپ كەتمەيدۇ. لېكىن، سورۇنلاردىن، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ يىغىلىشىدىن زادىلا ۋاز كېچەلمەيدۇ. مەن يېقىندىن بۇيان «ناۋا» پروگراممىسىغا ئوخشاش پروگراممىلارنى ناھايىتى قىزىقىپ كۆرۈۋاتىمەن. ھازىر ئۇيغۇرلار ئۇچۇن ئىلىم-پەن پائالىيەتلىرى يوق دېيەرلىك بولۇپ، يۇقىرىقىدەك مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ-ئادەت جەھەتتىكى پائالىيەتلەر ئىلىم-پەن جەھەتتىكى بوشلۇقنى زادىلا تولدۇرالمايدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق باشقىچە چوڭ قىممىتى بار. ئۇيغۇرلار ئانا تىلنى ساقلاپ قېلىشتا ئانچە نەتىجىلىك بولالمايۋاتىدۇ. ئەدەبىي-سەنئەت ۋە سورۇن مەدەنىيىتىدە ئۆز مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش يولى ئوچۇق بولسا، ئۇ يولدا داغدام قەدەملەر بىلەن داۋاملىق مېڭىۋېرىشنىڭ ھېچ قانداق زىيىنى يوق. بەلكى ئۇنىڭ زور پايدىسى بار. شۇڭلاشقا مەن ئۇيغۇر سورۇن ۋە كۆڭۈل-ئېچىش مەدەنىيىتىنىڭ داۋاملىق تۇردە «ئۇيغۇر ئىللەتلىرى» نىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە تەنقىد قىلىنىشىنى توغرا كۆرمەيمەن (ئىسراپچىلىقنى ئەيىبلەش بۇنىڭ سىرتىدا). شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەر بىر ئادەمنىڭ بىر مىللەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتىكى ئەڭ مۇھىم قورالنىڭ ئىلىم-پەن ئىكەنلىكىنىمۇ ھەر قانداق ۋاقىتتا ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن.

### 6. بار قانۇننى ئىجرا قىلىشقا، يوق قانۇننى بار قىلىشقا قىستاش

بۇ يەردە بايان قىلىنىدىغان ئىشلارنى ياخشى ئىش، دەپ ھېسابلاشقىمۇ بولىدۇ، يامان ئىش، دەپ ھېسابلاشقىمۇ بولىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ئاشۇنداق ئىككى كاتېگورىيىنىڭ قايسىسىغا كىرىدىغانلىقى، سىزنىڭ بۇ مەسىلىگە قانداق مەيداندا تۇرۇپ قارىشىڭىزغا باغلىق.

يەھۇدىيلار گەپكە ئۇستا كېلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ياۋروپادىكى يەھۇدىيلارنىڭ بۇرۇن ئەڭ كۆپ شۇغۇللانغان كەسپى سودا-سېتىق ئىشلىرى بولغان. ئۇلارنىڭ ئىقتىساد، سودا، ئاكادېمىيە، دوختۇرلۇق، ئادۋوكاتلىق، ئاخبارات ۋە كىنو ساھەلىرىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى ھازىرمۇ ئۆز نوپۇسىغا قارىغاندا ناھايىتىمۇ يۇقىرى. يەھۇدىيلارنى گەپكە ئۇستا قىلغان نەرسە ئۇلارنىڭ تەۋراتنى ئۆگىنىشى، باشلانغۇچنىڭ 1-سىنىپىدىن باشلاپلا سۆيپىتى ئەڭ يۇقىرى مەكتەپلەردە ئوقۇشى، ۋە كىتابلارنى كۆپ ئوقۇشى. ئۇلار كىچىكىدىن باشلاپلا دادىسىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن تەۋراتنى مۇنتىزىم ئۆگىنىپ چىقىدىغان بولۇپ، يەھۇدىيلارنىڭ پۈتۈن قانۇن-ئۆلچەملىرىنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ تەۋراتتا تەپسىلىي يېزىلغان ئىكەن. شۇنداق بولغاچقا پۈتۈن يەھۇدىي نوپۇسى كىچىكىدىنلا گەپكە ئۇستا بولۇپ يېتىشىپ چىقىدىغان بولۇپ، ئۇلار ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ قانۇن-پەرمانلىرىنىمۇ كىچىكىدىنلا پۇختا بىلىپ ماڭىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ قانۇن-پەرمانلىرىدىن قانداق پايدىلىنىشنىمۇ ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. باشقا مىللەت ۋە باشقا ھۆكۈمەت بىلەن بولغان جەڭگە جېدەللەردە ئۇلار ھەرگىزمۇ ئادىللىق، باراۋەرلىك ۋە ئەخلاقلىق بولۇشنى ئۆزىگە ئۆلچەم قىلمايدۇ. ئادىللىق، باراۋەرلىك ۋە ئەخلاقلىقنى ئەڭ كۆپ بولغاندا پەقەت باشقىلار قوبۇل قىلالايدىغان ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىلا ساقلاپ، باشقا تەسىرلەرگە ھېچ قانداق پەرۋا قىلماي، پەقەت يەھۇدىيلارنىڭ ئۇتۇپ چىقىشىنىلا ئۆزىگە ئۆلچەم قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزىگە پايدىسىز قانۇنلارنى پۈتۈنلەي بىر تەرەپكە قايرىپ قويىدۇ. ئۆزىگە پايدىلىق قانۇنلارنى بولسا قارشى تەرەپنىڭ كۆزىگە تىقىپ تۇرۇۋالىدۇ. ئاشۇنداق تاكتىكىنى ئۆزىنىڭ گەپدانلىقى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، باشقىلار بىلەن بولغان تالاش-تارتىشلاردا چوقۇم ئۇتۇپ چىقىدۇ.

مەن بۇرۇن ئامېرىكىنىڭ مەملىكەتلىك تېلېۋىزورلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان پەلەستىننىڭ بىر ۋەكىلى بىلەن ئىسرائىلىيەنىڭ بىر ۋەكىلى قاتناشتۇرۇلغان سوئال-جاۋاب پروگراممىسىنى كۆپ كۆرەتتىم. ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ قاراپ باقسام، پەلەستىننىڭ ۋەكىلى داۋاملىق پروگراممىنىڭ باشقۇرغۇچىسى سورىغان سوئالغا سىزىقتىن چىقماي تۇرۇپ جاۋاب بېرىدىكەن. ئەمما ئىسرائىلىيەنىڭ ۋەكىلى بولسا، سورالغان سوئالنى پۈتۈنلەي باشقا بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىلىدىغان بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پەقەت ئۆزىنىڭ دېمەكچى بولغان گېپىنىلا قىلىدىكەن. سورالغان سوئاللارغا

ئاساسەن جاۋاب بەرمەيدىكەن. ب د ت يىغىنلىرىدىمۇ ئىرانىنىڭ ۋەكىلىگە سۆزلەش نۆۋىتى كېلىپ سۆزگە چىققاندا، ئىسرائىلىيەنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ يىغىن زالىدىن چىقىپ كېتىشى ھازىر بىر ئادەتكە ئايلانغان. يەھۇدىيلارنىڭ نەزىرىدە ئىرانلىقلار سۆزلىگەندە يىغىن زالىدا تۇرۇش، ئىرانلىقلارنىڭ سۆزىنى ئېتىبارغا ئالغان بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. شۇڭا ئىرانلىقلارنى كۆزگە ئىلماسلىق ئۈچۈن، ئىسرائىلىيەلىكلەر ھەر قېتىم يىغىن زالىدىن چىقىپ كېتىدىكەن. مۇشۇنداق قىلغاندا، ئىرانلىقلارنىڭ ئىسرائىلىيە توغرۇلۇق قىلغان گەپلىرىنىڭ ھېچ بىر ئۈنۈمى بولمايدۇ، دېگەن گەپ.

ئۆزىگە پايدىسىز قانۇنلارنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، ئۆزىگە پايدىلىق قانۇنلارنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ بىر مىسالى سۈپىتىدە، ئوقۇرمەنلەر يەنە ئىسرائىل بىلەن پەلەستىن ئوتتۇرىسىدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۇرۇش-جېدەللەرنى ئەسلەپ باقسا بولىدۇ. ئىسرائىلىيە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى (ب د ت) نىڭ قارار-كېلىشىملىرىنى ئەڭ كۆپ دەپسەندە قىلغان دۆلەت. يەنى ئۇلار ئۆزلىرىگە پايدىسىز، پەلەستىنلىكلەرگە پايدىلىق بولغان ب د ت نىڭ 15 تەك قارارىنى ئىجرا قىلمىدى. لېكىن، يەنە بىر تەرەپتىن، ئامېرىكا ۋە ب د ت قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن دۇنيانى ئىراققا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا ئۈندىدى ۋە قىستىدى. ھازىر بولسا ئىرانغىمۇ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ. بۇلار يۇقىرىدىكى بايانلارغا مىسال بولالايدىغان چوڭ-چوڭ ئىشلار. مەن تۆۋەندە بىر قانچە كىچىك مىساللارنىمۇ تىلغا ئۆتۈپ كېتىمەن.

--يەھۇدىيلارغا دۇنيا ئۈچ بولۇپ، ئۇلار داۋاملىق باشقىلارنىڭ ھەر خىل ھۇجۇملىرىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلار ئامېرىكىدا «مىللىي ئۆچمەنلىك جىنايەت قانۇنى» (hate crime law) نى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ھازىر سىز ئامېرىكا كوچىسىدا كېتىپ بارغان يەھۇدىيلارنى بىر مىللىي ئۆچمەنلىك نۇقتىسىدىن ھاقارەتلەپ قويسىڭىز، سىزنى ساقچىلار تۇتۇپ كېتىدۇ. ھازىر يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنى ئەيىبلەيدىغان ھەر قانداق ئىشنى «مىللىي ئۆچمەنلىك جىنايىتى» دېگەن قالپاقنى كىيدۈرۈپ تاقابىل تۇرىدۇ.

--يەھۇدىيلار ئامېرىكىدا ناھايىتى كۈچەپ ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن قانۇنلارنىڭ بىرى، كۆچمەنلەر قانۇنى. ئۇلار بۇنى «كۆپ مەدەنىيەتلىك بولۇش» (multiculturalism)، «مىللەتلەر رەڭدار بولۇش» (diversity)،

«مىللەتلەر ئىناق ئۆتۈش» (inclusiveness)، ۋە «كۆپ خىللىق بولۇش» (pluralism) دېگەن ناملار ئاستىدا ئەمەلگە ئاشۇردى. بەزى ئوبزورچىلارنىڭ دېيىشىچە، يەھۇدىيلارنىڭ مەقسىتى ئامېرىكىدا كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ نوپۇس سانىنى كۆپەيتىپ، ئاق تەنلىكلەرنىڭ نوپۇس سانىنى ئاز سانلىققا چۈشۈرۈپ قويۇش، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئامېرىكا جەمئىيىتىدىكى ھۆكۈمران ئورنىنى تىكلەش ئىكەن.

-- يەھۇدىيلار خرىستىئان دىنى ۋە خرىستىئان دىنچىلىرىغا ئۆچ بولغاچقا، مەكتەپ بىلەن دىنىنى ئايرىۋېتىش باھانىسى ئاستىدا يېڭى قانۇن ماقۇللىتىپ، ئامېرىكىنىڭ بىر خرىستىئان دۆلىتى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خرىستىئانلىقلارنىڭ روژدېستۋو (Chrismast) بايرىمىنى پۈتۈن مەكتەپ كالېندارلىرىدىن چىقىرىۋەتكەن. يەنى، بۇ بايرام بۇرۇن مەكتەپ كالېندارلىرىغا بېسىلىدىكەندۇق. ھازىر بېسىلمايدىكەن.

بىز بۇ جەھەتتە ئىنتايىن ئاجىز. شۇڭا ئىزچىل تۈردە زىيان تارتقۇچى بولۇپ كېلىۋاتىمىز. شۇڭلاشقا مەن ئوقۇرمەنلەردىن مەزكۇر مەزمۇننى ئوقۇغاندا، يالغۇز يەھۇدىيلارنى ئەيىبلەش تەرەپدارلىرىلا بولماي، ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق ئۆزىنى قوغداش قابىلىيەت ۋە تاكتىكىلىرىدىن ئۆگىنىش تەرەپدارلىرىمۇ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 7. ئۆز-ئارا مېھىر-شەپقەتلىك بولۇش

مەن بۇ يەردە يەھۇدىيلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىدىن بىرىنى تونۇشتۇرىمەن. ئۇنداق قىلىشىم بۇنداق ئۆرپ-ئادەتنىڭ بىزدە كەم بولغانلىقىدىن ئەمەس. ئۇ بىزنىڭكى بىلەن خېلى ئوخشىشىپ كېتىدىغان بولۇپ، بىزگە خېلى تونۇشلۇق. ئۇنى بۇ يەرگە كىرگۈزۈپ قويۇشۇمدىكى سەۋەب، مەزكۇر ماقالىدە يەھۇدىيلارنىڭ بىر كۈچلۈك مىللەت بولالىشىدا رول ئوينىغان مۇھىم ئامىللارنى ئايرىپ قويماسلىق ئۈچۈندۇر.

يەھۇدىيلارنىڭ بىرەر يېقىن كىشىسىنىڭ ۋاپاتىغا ماتەم تۇتۇۋاتقان مەزگىلىدە ئەمەل قىلىدىغان بىر ئاجايىپ ئۆرپ-ئادىتى بار بولۇپ، ئۇنى «تولۇقلاش غىزاسى» (meal of replenishment) دەپ ئاتايدۇ. يەنى جەسەتنى يەرلىككە قويۇپ بولغاندىن كېيىن، ماتەم تۇتۇۋاتقان كىشى ئۆزى تاماق ئەتسە، ياكى باشقىلارنى تاماق ئېتىپ كۈتسە بولمايدۇ. باشقىلار ئۆلۈملۈك بولغان كىشىنى تاماق بىلەن كۈتۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ كىشى

ئېتىراپىغا توپلىشىپ، ئۇنىڭ روھىي ئازابىنى تەڭ تارتىشىپ بېرىۋاتقان، ۋە ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇشۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلاردا ئۆلۈملۈك بولغان كىشى ئۆلۈپ كەتكەن كىشى ئۈچۈن بىر يىل دۇئا ئوقۇپ، ئىبادەت قىلىدىغان ئادەت بار بولۇپ، بۇ ئىشنىمۇ ئۇنىڭ يېقىنلىرى بىللە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆلۈملۈك بولغان كىشى ئەتراپىدا ئۆزىنى قوللايدىغان ۋە ئۆزىگە ھېسداشلىق قىلىدىغان بىر توپ ئادەمنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئۆزى بىلەن بىللە ماتەم تۇتۇۋاتقان باشقا ئادەملەرنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزى بىلەن تەڭ قايغۇ ئۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ، بۇ ئېچىنىشلىق تەقدىرگە ئۆزى يالغۇز تاقابىل تۇرمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. يەنى مۇسىبەتلىك بولغان كىشى باشقىلارنىڭ چوڭقۇر مېھرى-شەپقىتىگە ئېرىشىپ، ئۆزىنى روھىي جەھەتتىن ناھايىتى تېزلا رۇسلىۋالىدۇ. باشقىلارنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە قىلغان دۇئاسى تاشقى دۇنيادىكى بىرەر ئەھۋالنى ئۆزگەرتەمدۇ-يوق، بۇ ئېنىق ئەمەس. لېكىن، باشقىلار مۇشۇ جەريانىدا كۆرسەتكەن مېھىر-شەپقەت ئۆلۈملۈك بولغان ئاشۇ كىشىنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى سالامەتلىكىنىڭ ياخشى بولۇشىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ، دېسەك ھەرگىز خاتالاشمايمىز.

بىر توپ ئادەم بىللە خەتمە-قۇرام قىلىش ۋە ئايەت ئوقۇش بىر ئادەمنى يالغۇزلۇقتىن قۇتۇلدۇرىدۇ. ئۆزىگە ئۆزىنىڭ يالغۇز ۋە تاشلىۋېتىلگەن بىرى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ھەر بىر ئادەمگە ئۆزىنىڭ بىر كەڭ-دائىرىلىك رىئاللىقنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئۆزى يالغۇز تىرىشقان ۋاقىتتىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇرىدۇ. ھەر بىر ئادەمگە تېخىمۇ كۆپ ئۈمىد، تېخىمۇ كۈچلۈك غەيرەت، ۋە تېخىمۇ ياخشى ئىستىقبال ئاتا قىلىدۇ. دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش، دۇئا قىلىش ۋە ناماز ئوقۇش ئاللاھنى تېپىش ئۈچۈن ئەمەس. بەلكى بىر جامائەت شەكىللەندۈرۈش، ئۆزىڭىز بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە ۋە ئۆزىڭىز ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بولغان بىر ئادەم توپى بىلەن بىللە بولۇش ئۈچۈندۇر. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سىزنىڭ دۇئايىڭىز تاشقى دۇنيادىكى بىرەر ئىشنى ئۆزگەرتمىگەن تەقدىردىمۇ، سىزگە ناھايىتى زور ياردەم قىلىدۇ. مانا بۇ يەھۇدىيلاردا يۇقىرىقىدەك بىر ئۆرپ-ئادەتنىڭ شەكىللىنىشىدىكى سەۋەبلىرىنىڭ بىرىدۇر.

## 8. ئۆزگە قىلىنغان ئادالەتسىزلىكنى بىر قېتىممۇ سۈكۈت قىلىپ ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك

يەھۇدىيلار ھەر قانداق ۋاقىت ۋە ھەر قانداق جايدا باشقىلارغا ئۆزلىرىنىڭ ناھايىتى مۇھىم كىشىلەردىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ. باشقىلار ئۆزلىرىگە قىلغان بىر كىچىك ئورۇنسىز ئىشنىمۇ ئىنكاسسىز ئۆتكۈزۈۋەتمەيدۇ. مەسىلەن، ئەگەر سىز بىرەر يىغىنغا بېرىپ، بىر يەھۇدىينىڭ مەيدىسىگە ئېسىۋالغان ئىسمىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئاشۇ يېزىلغان ئىسىم بويىچە ئاتاپ، توغرا ئاتىيالمىغان بولسىڭىز، ئۇ دەرھاللا ھېچ قانداق ئۆزرە-خالىق قىلمايلا «سەن ئىسمىمنى خاتا چاقىردىڭ. مېنىڭ ئىسمىم مۇنداق مۇنداق ئوقۇلىدۇ»، دەپ سىزنى تۈزىتىدۇ. بىرەر ئىشتا سىزنىڭ قىلغىنىڭىز ئۇلارغا ئادالەتسىزلىك، قائىدىسىزلىك، ئورۇنسىزلىق، قانۇنسىزلىق، كەمسىتىش ياكى تۆۋەن كۆرۈش بولۇپ تۇيۇلۇپ قالىدىكەن، ئۇلارنىڭ سىز بىلەن ئېيتىشقىنى ئېيتىشقان. ئۇلار سىزگە بىرەر قېتىممۇ يول قويمايدۇ. بىرەر قېتىممۇ سۈكۈت قىلىپ ئۆتكۈزۈۋەتمەيدۇ. بۇ خىل ئادەت پۈتۈن يەھۇدىيلار نوپۇسىدا ئومۇملاشقان بولۇپ، مېنىڭ پەرىزىمچە بۇنى يەھۇدىينىڭ بالىلىرى كىچىك چېغىدا ئائىلىسىدىلا ئۆگىنىدىكەن. يەنى ئۇلار «بىرەر قېتىممۇ، بىر تال ئىشتىمۇ، باشقىلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا يول قويما» دېگەن ئۇقۇمنى ئاتا-ئانىسىدىن بالىلىق دەۋرىدىلا ئۆگىنىپ، مېڭىسىگە قاتتىق سىڭدۈرۈۋېتىدىكەن. باشقىلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا يول قويماسلىق ھەر بىر يەھۇدىينىڭ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن بولۇپلا قالماي، ئەگەر بىرەر دۆلەت ئەربابى، بىرەر يازغۇچى، ياكى بىرەر مۇخبىر ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى ياكى يەھۇدىيلارنى ئەيىبلەپ بىر گەپ قىلىپ قويىدىكەن، ياكى بىر نەرسە يېزىپ قويىدىكەن، ئىسرائىلىيە بىلەن ئامېرىكىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ باشلامچىلىقىدا پۈتۈن دۇنيادىكى يەھۇدىيلار بىرلا ئاۋازدا ئوخشاش سادا چىقىرىپ، ھېلىقى دۆلەت ئەربابى، ھېلىقى يازغۇچى، ياكى ھېلىقى مۇخبىرغا نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. ھەمدە زۆرۈر تاپسىلا پۈتۈن دۇنيانى ئاشۇ ئەرباب، يازغۇچى ياكى مۇخبىرنى بايقۇش قىلىشقا چاقىرىدۇ. شۇڭا بارلىق ئادەملەر يەھۇدىيدىن قورقىدۇ. بارلىق كىشىلەر ۋە چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرى ئىسرائىلىيە ۋە يەھۇدىي توغرىسىدا سۆز قىلىشتىن بۇرۇن قاتتىق ئويلىنىپ، ئىشلىتىدىغان سۆزلەرنى ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن تاللايدۇ. بۇ ئىشتا باشقا ھەر بىر مىللەت ئۆزىنى يەھۇدىيلار بىلەن بىر ئوبدان سېلىشتۇرۇپ

باقسا بولىدۇ. ئۆزىدىن «بىز نېمە ئۈچۈن هازىرقىدەك هالەتكە چۈشۈپ قالدۇق؟» دەپ سوراپ باقسا بولىدۇ. ناهەقچىلىك يېڭى باش كۆتۈرگەندە ئۇنىڭغا يول قويغان كىشىلەر، ئۇنىڭغا مەڭگۈ يول قويۇشقا مەجبۇرى بولىدۇ. بىر-ئىككى ناهەقچىلىككە يول قويغان كىشىلەر، بارلىق ناهەقچىلىككە يول قويۇشقا مەجبۇرى بولىدۇ. ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچىدىن چىققان ئاز بىر قىسىم كىشىلەر ناهەقچىلىككە يول قويىدىكەن، مىللەتنىڭ بارلىق ئەزالىرى ناهەقچىلىككە سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇرى بولىدۇ. مانا بۇ يەهۇدىيلار ئىنتايىن ئېغىر بەدەللەرنى تۆلەپ يەكۈنلەپ چىققان بىر ساۋاق. بۇ جەهەتتە ئىنتايىن ئېغىر بەدەللەرنى تۆلەۋاتقان مىللەتلەر هازىرمۇ ئاز ئەمەس.

مۇسۇلمانلار ئىچىدە هازىر باشقىلار تەرىپىدىن ئۇچراۋاتقان بوزەك قىلىنىش، ئادالەتسىزلىك قىلىنىش، يولسىز باستۇرۇلۇش ۋە يولسىز ئۆلتۈرۈلۈش ئىشلىرىغا نىسبەتەن، «بۇ دۇنيا بىر ئۆتكۈنچى دۇنيا. بۇنداق ئەهۋاللارغا نىسبەتەن، بىز ئۆزىمىزگە-ئۆزىمىز تەسەللى بېرىپ، ئۇ ئىشلارغا سەۋر قىلىپ ئۆتكۈزۈۋەتسەك، هەمدە ئاللاهقا قاتتىق چوقۇنۇپ، دىنىي پەرزلەرنى تولۇق ۋە ياخشى ئادا قىلىپ ماڭساق، ئاللاھ بىزگە ياخشى كۈنلەرنى يەنە بىر دۇنيادا بېرىدۇ»، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل ئىدىيە خېلى كۆپ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىر دىنىي ئىدېئولوگىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۆزلىرى ئۇچرىغان ئادالەتسىزلىكلەر ۋە ناچار تەقدىرلەرنىڭ هەممىسىگە ئاشۇنداق بىر ئىدېئولوگىيە بىلەن سۈكۈت ۋە سەۋر-تاقەت قىلىپ تاقابىل تۇرىدۇ. بۇ هەقتە نەچچە مىڭ يەهۇدىينىڭ دىنىي ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىر ئامېرىكىلىق يەهۇدىي دىنى دىنى پوپى (Rabbi Laureate) مۇنداق دەپ يازغان: «بۇ دۇنيادا ئازاب-ئوقۇبەت چەككەن بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ هەققى تۆلىنىپ بېرىلىدىغان يەنە بىر دۇنياغا ئىشىنىش، كىشىلەرنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئادالەتسىزلىكلەرنى ئۆز ئېتىقادىنى يوقاتمىغان هالدا سەۋر-تاقەت قىلىپ ئۆتكۈزۈۋېتىشىگە ياردەم قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇ ئەتراپىمىزدىكى ئادالەتسىزلىكلەرگە راهەتسىزلەنمەي ياكى غەزەپلەنمەي، هەمدە ئاللاھ ئاتا قىلغان ئەقلىمىزنى ئىشقا سېلىپ، ئاشۇ ئادالەتسىزلىكلەرگە قارشى بىرەر ئىش-هەرىكەت قوللانماي ياشاۋېرىشىمىزگە بىر ئوبدان باهانە بولالايدۇ. ئەمەلىي ئىدراك ياكى ئەقىل-پاراسەت بىزگە ئوخشاش ئەهۋالدا ياشاۋاتقان كىشىلەردىن ئىنسانلار ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ هاياتى مەلۇم بىر شەكىلدە، بىزنىڭ بۇ

دۇنيادىكى ئەقلىمىز بىلەن تەپەككۇر قىلالمايدىغان بىرەر شەكىلدە داۋاملىشىۋېرىش ئېھتىماللىقى بارلىقىغا ئىشىنىشنى تەلەپ قىلىشى مۇمكىن. ئەمما، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز يەنە بىر ھاياتنىڭ چوقۇم بارلىقىنى تولۇق جەزملەشتۈرەلمەيدىغان بولغاچقا، بىز ھازىرقى ھاياتقا ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە كەسكىن مۇئامىلە قىلغىنىمىز ياخشى. چۈنكى مۇشۇ ھايات بىز ياشايدىغان بىردىن-بىر ھايات بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا مۇشۇ ھاياتىمىزنىڭ ئۆزىنىلا ئەھمىيەتلىك ھايات، ئادالەتلىك ئىچىدە ئۆتكۈزگەن ھايات قىلىشقا تىرىشىشىمىز كېرەك.»

## 9. ئاخىرقى سۆز

ئادەملەر قىلىدىغان ئىشلارنى مۇنداق ئۈچ تۈرگە ئايرىغىلى بولىدۇ: (1) ئىسراپچىلىقلار. (2) زۆرۈر ئىشلار. (3) ئۇلۇغۋار ئىشلار. ھەممە ئادەمنىڭ ھاياتى ئۇ قىلغان مۇشۇنداق ئۈچ خىل ئىشلارنىڭ يىغىندىسى بولىدۇ. بىر ئادەم بىلەن يەنە بىر ئادەمنىڭ ھاياتىنىڭ پەرقى ئۇلار كەچۈرگەن ھاياتتىكى ئاشۇ ئۈچ خىل تەركىبى قىسىملارنىڭ نىسبىتىدىكى پەرقتىنلا ئىبارەت بولىدۇ.

ئەگەر سىزنىڭ ئېھتىياجىڭىزنى بىر ئىككى-ياتاقلىق ئۆيدە تۇرسىڭىزمۇ بولىدىغان يەردە، بىر نەچچە ھەسسە پۇلنى ئارتۇق خەجلەپ، تۆت-ئېغىزلىق ئۆي سېتىۋېلىپ ياشىسىڭىز، بۇ بىر ئىسراپچىلىق بولىدۇ. سىزدە باشقىلارغا ۋە مىللەتكە پايدىلىق نۇرغۇن تالانت، نۇرغۇن قابىلىيەت ۋە نۇرغۇن بىلىملەر بار تۇرۇپ، ئۇلارنى ئىشلەتمەي، ياكى توغرا ئىشلار ئۈچۈن ئىشلەتمەي ئۆتكۈزگەن ھاياتمۇ ئىسراپ قىلىنغان ھايات بولىدۇ.

ئادەملەر سىرتتا يالىڭاچ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن كىيىم كىيىشى كېرەك. ئۆلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن تاماق يېيىشى كېرەك. توڭلاپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۆي ھازىرلاپ، ئۆيدە تۇرۇشى كېرەك. ئۆيدە يۇقىرىدىكى نەرسىلەرنى ھازىرلاپ، ئۆز تۇرمۇشىنى ساقلاپ مېڭىشى ئۈچۈن ئىشلەپ پۇل تېپىشى كېرەك. مانا بۇلار زۆرۈر ئىشلارغا كىرىدۇ.

كىشىلەرگە بىر خىل زۆرۈرىيەت بولۇپ تۇيۇلمايدىغان، شۇڭا كۆپىنچە كىشىلەر قىلمايدىغان يەنە بىر خىل ئىشلار بار. ئۇ بولسىمۇ ئۇلۇغۋار ئىشلار. بۇ ئىشلار كۆپىنچە ئەھۋالدا ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى ياكى ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ قىلغان ئىشلار ئەمەس، بەلكى باشقىلار

ئۈچۈن قىلغان ئىشلار بولىدۇ. ئەگەر بىز ئىنتېرنېتقا كىرىپ، «مەشھۇر كىشىلىرىمىز» دەپ ئىزدىسەك، مەھمۇد قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلىشىر ناۋايى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇقادىر داموللام، مەمتىلى تەۋپىق، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىن (بۇ بىر مۇكەممەل تىزىملىك ئەمەس) قاتارلىق كىشىلىرىمىز تىزىلغان ۋە تونۇشتۇرۇلغان نۇرغۇن ئۇيغۇرچە تور بەتلەرنى تاپالايمىز. بۇ كىشىلىرىمىز جىسمانىي جەھەتتىن ئۆلۈپ كەتكىلى ئالدىنغا مىڭ يىل، كەيىنگە بىر قانچە ئون يىل بولدى. لېكىن ئۇلار روھىي جەھەتتە كىشىلەر قەلبىدە يەنىلا ھايات. ئۇلارنى ھايات قالدۇرغان نەرسە ئۇلار قىلغان ئىسراپچىلىق ئىشلىرى ئەمەس. ئۇلار قىلغان زۆرۈر ئىشلارمۇ ئەمەس. مەسىلەن، ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىن ئۇستازىمىز ئۆلۈپ كەتكىلى تېخى ئانچە ئۇزۇن بولمىدى. شۇنداقتىمۇ ھەر قېتىم سىز ئۇنىڭ ئىسمىنى بىر يەردە ئاڭلىغاندا، ھەرگىز كاللىڭىزغا ئۇ ھايات ۋاقتىدا قانداق كىيىملەرنى كىيگەنلىكى، قانداق تاماقلارنى يېگەنلىكى، قانداق ئۆيدە ئولتۇرغانلىقى، قانداق ئويۇن-تاماشىلارغا بارغانلىقى كەلمەيدۇ. سىز ئۇلارنى ئاللىقاچان ئۇنتۇلۇپ بولدىڭىز. سىزنىڭ كاللىڭىزغا كېلىدىغىنى ئۇ ھايات ۋاقتىدا مىللەت ئۈچۈن نېمە ئىشلارنى قىلىپ بەرگەنلىكى، مىللەتكە قانداق روھىي بايلىقلارنى قالدۇرغانلىقى بولىدۇ. بىزنىڭ مەشھۇر كىشىلىرىمىزنى ھازىرغىچە روھىي جەھەتتىن ھايات ساقلىغان، ۋە كىشىلەر قەلبىدە مەڭگۈ ھايات ساقلىتىدىغان نەرسە ئۇلار ھايات ۋاقتىدا قىلغان ئۇلۇغۋار ئىشلاردۇر. ئادەم مۇشۇلارنى ئوبدان ئويلىسا، ئۇلۇغۋار ئىشلارنىڭ قالغان ئىككى تۈرلۈك ئىشلارغا قارىغاندا قىممىتى سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئاسانلا ھېس قىلالايدۇ. ئۇيغۇرلاردا بۇنىڭدىن بەش ئەسىردەك ۋاقىتتىن ئىلگىرى، ئۆز مىللىتىگە خۇددى بىر دىنغا ئېتىقاد قىلغاندەك ئېتىقاد قىلىدىغان دەۋرلەر بولغان. ھەمدە ئاشۇ دەۋرلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن، دۇنيادىكى مىللەتلەر ئىچىدە ئەڭ قەد كۆتۈرگەن دەۋرلىرى بولغان. ئۇ دەۋرنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئۆزىنى ئۇلۇغۋار ئىشلارغا ئاتىغانلار كۆپ بولغان. مەن يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكىنىمدەك، ھازىر يەھۇدىيلار ئىچىدە ئۆزلىرىنى ئۇلۇغۋار ئىشلارغا ئاتىغانلار بەكلا كۆپ بولۇپ، ئۇنداقلارنىڭ نىسبىتى ئۆز مىللىتىنىڭ نوپۇسىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى سالمىقىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ ئەھۋال ياپونلۇق ۋە گېرمانلىقلاردىمۇ ھەم شۇنداق. مېنىڭ بىر تونۇشۇم ياپوندا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا، تۈركىيەدىن كەلگەن بىر تۈرك

بىلەن دوست بولۇپ ئۆتتۈپتۇ. ئۇ تۈرك دىنىي ئېتىقادى ئىنتايىن كۈچلۈك، ئۆزىگە ئىنتايىن قاتتىق تەلەپ قويىدىغان، خۇددى بىر خىزىرغا ئوخشاش سالاپەتكە ئىگە كىشى بولۇپ، بىر كۈنى ئۇ مېنىڭ تونۇشۇمغا مۇنداق دەپتۇ: «قۇرئان كەرىمدە قانداق كىشىلەر ئەڭ مۇكەممەل، ئاللاھ ئەڭ ياقتۇرىدىغان كىشىلەر بولالايدىغانلىقى ھەققىدە تەسۋىرلەر بار بولۇپ، مەن ھازىرغىچە ئۇنداق ئادەملەرنى ئاساسەن ئۇچرىتىپ باقمىغان ئىدىم. لېكىن ئۇلارنى مەن ياپونىيەدە كۆردۈم. ياپونلۇقلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاشۇنداق ئادەملەردىن ئىكەن.» 90ـ يىللاردا مېنىڭ ياپونىيەدە ئوقۇۋاتقان بىر تونۇشۇم بىر توپ ياپونلۇق ساياھەتچىلەرنى باشلاپ يۇرتقا بېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر ئىنتايىن باي، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغىمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتە نۇرغۇن ياردەملەرنى قىلىۋاتقان بىر ساخاۋەتچىمۇ بار ئىكەن. ئۇ كىشى ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ئۇ يەردە سۇنىڭ بەك قىسلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇيغۇر دىيارىدىكى بىر ھەپتىلىك ساياھەتنى تۈگىتىپ ياپونغا قايتقۇچە، سۇنى ئىقتىساد قىلىش ئۈچۈن، بىر قېتىممۇ مۇنچىغا چۈشمەپتۇ (ياپونلۇقلار ئادەتتە ھەر كۈنى بىر قېتىم مۇنچىدا يۇيۇنىدۇ). ياپونىيە مانا ئاشۇنداق كىشىلەرنىڭ قولى بىلەن بۈگۈنكىدەك ياپونىيە بولغان. مەن بۇ قېتىملىق ۋە ئالدىنقى قېتىملىق ماقالەمدە يەھۇدىيلار قانداق ئىشلارنى قىلىپ، ئۆزىنى 3000 يىل ساقلاپلا قالماي، بىر نوپۇسى ئۇيغۇرنىڭكىگە يېقىن كېلىدىغان كىچىك مىللەت بولسىمۇ، يەنە ھازىرقىدەك بىر كۈچلۈك مىللەت بولالىغانلىقىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۈم. ھازىر ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ كاللىسىدا «نېمە ئۈچۈن؟» دېگەن سوئاللار ئىنتايىن كۆپ. مېنىڭچە ئاشۇنداق سوئاللارنىڭ جاۋابىنى مىللىي ساپا، ۋە ئۇلۇغۋار ئىشلارنى قالغان ئىككى تۈرلۈك ئىشلاردىن ئەلا بىلىدىغان مىللىي روھتىن ئىزدەپ تاپقىلى بولىدۇ. مەنزىل پۈتكۈل سەپەرنىڭ ئىنتايىن كىچىك بىر قىسمى. ھەر قېتىم بىر مەنزىلگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئىشلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىغاندا، قانداق قىلغاندا ئاشۇ مەنزىلگە يەتكىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا كەم دېگەندە يۈز قېتىم ئويلاش كېرەك. مەن مەزكۇر ماقالىدا يەھۇدىيلارنىڭ ھازىرقىدەك مەنزىلگە قانداق قىلىپ يەتكەنلىكىنى تونۇشتۇردۇم. مېنىڭ ئۇنداق قىلىشىم ئۇلاردا بار نەرسىلەرنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ ئالىيجاناب نەرسىلەر بولغانلىقىدىن، ماختاشقا ئەرزىيدىغانلىقىدىن ئەمەس. بەلكى ئۇلاردا بار نەرسىلەرنىڭ نۇرغۇنلىرىنىڭ بىزدە ھازىر يوق

ياكى كەمچىل ئىكەنلىكىدىن. مەن ھەر بىر ئوقۇرمەندىن بۇ نۇقتىنى تولۇق ۋە توغرا چۈشىنىشنى سورايمەن.

ئۆزگە پىششىق بولمىغان نۇرغۇن مىللەتلەر بۇ دۇنيادىن غايىب بولدى. ئۇنداقلار بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بۇ دۇنيادىن داۋاملىق غايىب بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇنداقتا يەھۇدىيلاردەك ئۆزگە پىششىق بولۇش يامانمۇ؟

## ياپونلۇقلارنىڭ ئېتىقادى، ئەخلاقى ۋە تەبىئىي خاراكتېرى

2014 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى

مەن 2000 ـ يىلدىن 2003 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى كىرىمنېي جىلغىسىدىكى بىر ئۇيتىكىلىق خەۋەرلىشىش زاپچاسلىرىنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان يۇقىرى تېخنولوگىيىلىك شىركەتتە ئىنژېنېرلار باشلىقى بولۇپ ئىشلىدىم. شۇ جەرياندا مەن شىركەتنىڭ تېخنىكىلىق ۋەكىلى بولۇپ ياپونىيىدىكى NEC، Fujitsu قاتارلىق بىر قىسىم چوڭ شىركەتلەر بىلەن سودىلىشىش ئۈچۈن كۆپ قېتىم باردىم. 2003 ـ يىلى يانۋار ئايلىرى بولسا كېرەك، ياپونغا بېرىپ، قايتىشتىن بىر كۈن بۇرۇن، ئۆزۈمگە ئىككى قۇر ياپوندا تىكىلگەن كاستۇم ـ بۇرۇلكا سېتىۋالماقچى بولۇپ، توكيودا بازار ئايلاندىم. بارغان كۆپلىگەن چوڭ ـ چوڭ سودا سارايلىرىدا ياپوندا تىكىلگەن كىيىم تېپىلمىدى (ئۇ يەردىكى كىيىملەر ئاساسەن جۇڭگودا تىكىلگەن ئىكەن). ئاخىرى بىر كىچىك ئائىلە دۇكىنىدا ياپوندا تىكىلگەن كاستۇم ـ بۇرۇلكىلارنى تاپتىم. ئۇ دۇكاندىكى كىيىملەردىن ماڭا پەقەت ئۆزۈمگە مۇۋاپىق كېلىدىغان نومۇردىن بىر نومۇر كىچىكلىرىلا تېپىلدى. شۇنداق بولسىمۇ مەن ئامالسىز ئاشۇ كىيىمدىن ئىككى قۇر ئېلىشنى قارار قىلىپ، پۇل تۆلىمەكچى بولغاندا، دۇكاننىڭ ئىگىسى «بۇ كىيىم ساڭا سەل كىچىك كېلىپ قاپتۇ. بۇنى ئالمىغىن. مەن ساڭا ئايرىم بۇيرۇتۇپ ئەكەلدۈرۈپ بېرەي» دېدى. ئۇ بىر پەيشەنبە كۈنى بولۇپ، مەن ئەتىسى ئامېرىكىغا قايتىپ كېتىشىمنىڭ بېلىتىنى ئاللىبۇرۇن ئېلىپ بولغان ئىدىم. ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئېيتقاندىن كېيىن، دۇكان ئىگىسى يەنىلا «بۇ كىيىم ساڭا لايىق ئەمەسكەن. ئۇنى ئالمىغىن. يەنە بىر قېتىم كەلگەندە ئۆزۈڭگە مۇۋاپىق كېلىدىغان نومۇرلۇقىنى ئالغىن» دەپ تۇرۇۋالدى. مەن ئۇنىڭغا ياپونغا قايتا كېلەلمەي قېلىشىم ئېھتىمالغا يېقىن ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، نۇرغۇن يالۋۇرۇپ يۈرۈپ، ھېلىقى ئىككى قۇر كىيىمنى ئاران تەستە سېتىۋالدىم. شۇ چاغدا مەن ئىچىمدە «ئەگەر بۇ دۇكان ئىگىسى ياپونلۇق ئەمەس، باشقا بىر قىسىم مىللەتلەردىن بولغان

بىرى بولغان بولسا، ماڭا بۇ كىيىمنى «ئانداق يارىشىپ كەتتى، مۇنداق يارىشىپ كەتتى»، دەپ، ئىككى قۇر ئەمەس، ماڭا ئۇنىڭدىنمۇ جىقراقىنى سېتىۋالماقچى بولار ئىدى، ھە؟» دەپ ئويلىدىم.

ياپونىيەدە ئوقۇغان ئۇيغۇر قېرىنداشلاردىن سورىسىڭىز، ئۇلار سىزگە پويىزدا ئولتۇرغاندا سومكىسىنى ئۇنتۇلۇپ قېلىپ، ئۇنى كېيىن تېپىۋالغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايىلىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. بەزىلەر ئەتىگىنى ئۇنتۇلۇپ قېلىپ، كەچتە تېپىۋالىدۇ. بەزىلىرى بوگۈنى ئۇنتۇلۇپ قېلىپ، ئەتىسى تېپىۋالىدۇ. ئۇنداق ئىش ياپوندا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا، ماڭىمۇ بىر قېتىم بولغان ئىدى. سومكامنى توكيودىكى بىر پويىزدا ئەتىگىنى ئۇنتۇلۇپ قېلىپ، كەچتە ئاشۇ پويىزنىڭ باشقا بىر بېكىتىگە بېرىپ، ئاشۇ پويىز شىركىتىدە ئىشلەيدىغانلارغا ئۆزۈمنىڭ سائەت قانچىدە قايسى بېكەتتىن چۈشكەنلىكىمنى دەپ بەرسەم، ئۇلار ئاشۇ پويىزنىڭ سائەت قانچىدە قايسى بېكەتكە كېلىدىغانلىقىنى دەپ بەرگەن ئىدى. مەن شۇ ۋاقىتتا ئاشۇ بېكەتتە ھېلىقى پويىزغا چىقىپ، سومكامنى ئۆزۈم قويۇپ قويغان يەردىن تېپىۋالغان ئىدىم.

مەن ئالدىنقى ماقالىدە مۇنداق بىر ئىشنى دەپ بەرگەن ئىدىم: مېنىڭ بىر تونۇشۇم ياپوندا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا، تۈركىيەدىن كەلگەن بىر تۈرك بىلەن دوست بولۇپ ئۆتتۈپتۇ. ئۇ تۈرك دىنىي ئېتىقادى ئىنتايىن كۈچلۈك، ئۆزىگە ئىنتايىن قاتتىق تەلەپ قويىدىغان، خۇددى بىر خىزىرغا ئوخشاش سالاپەتكە ئىگە كىشى بولۇپ، بىر كۈنى ئۇ مېنىڭ تونۇشۇمغا مۇنداق دەپتۇ: «قۇرئان كەرىمدە قانداق كىشىلەر ئەڭ مۇكەممەل، ئاللاھ ئەڭ ياقتۇرىدىغان كىشىلەر بولالايدىغانلىقى ھەققىدە ئايەتلەر بار بولۇپ، مەن ھازىرغىچە ئۇنداق ئادەملەرنى ئاساسەن ئۇچرىتىپ باقمىغان ئىدىم. لېكىن ئۇلارنى مەن ياپونىيەدە كۆردۈم. ياپونلۇقلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاشۇنداق ئادەملەردىن ئىكەن.» [1]

يېقىندا مىسرانىم مۇنبىرىگە «2013-يىلى قايسى دۆلەت خەلقلىرى ئەڭ ساپالىق خەلق بولۇپ باھالاندى؟» دېگەن بىر تېما يوللاندى. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن [2]:

نەقىل: 2013-يىلى 12-ئاينىڭ 15-كۈنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىللىق دوكلات ئېلان قىلىپ يەرشارى بويىچە ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنىڭ رەت تەرتىپىنى ئېلان قىلدى. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

يەر شارى بويىچە ئالدىنقى ئوننچى ئورۇنغا كىرگەن دۆلەتلەر:

1. ياپونىيە (ئاسىيا قىتئەسى)
2. ئامېرىكا (شىمالى ئامېرىكا قىتئەسى)
3. فىرانسىيە (ياۋروپا قىتئەسى)
4. گوللاندىيە (ياۋروپا قىتئەسى)
5. شۋېتسارىيە (ياۋروپا قىتئەسى)
6. كانادا (شىمالى ئامېرىكا قىتئەسى)
7. ئاۋستىرالىيە (ئوكيانىيە قىتئەسى)
8. گېرمانىيە (ياۋروپا قىتئەسى)
9. رۇسىيە (ياۋروپا قىتئەسى)
10. يېڭى زېلاندىيە (ئوكيانىيە قىتئەسى)

يەرشارى بويىچە ئەڭ كەينىدىن سانىغاندىكى ئون دۆلەت:
168. ھىندىستان (ئاسىيا قىتئەسى)
167. جۇڭگو (ئاسىيا قىتئەسى)
166. ئافغانىستان (ئاسىيا قىتئەسى) (ئەسلىدىكى تېمىدا يەنە 7 دۆلەتنىڭ ئىسمى بېرىلگەن. نەقىل تۈگىدى)

مىسىرلىق ئىسلام دىنى ئالىمى، دوكتور يۈسۈپ قەرداۋىنىڭ «مۇسۇلمانلارنىڭ 20-ئەسىردىكى مەغلۇبىيەتلىرى» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: «مىسىر ياپونىيە بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېخى ياپونىيەدىن بۇرۇنراق قۇدرەت تېپىش يولىغا ماڭغانىدى، ئەمما ھازىر قارايدىغان بولساق، ياپونىيە نەدە؟ مىسىر نەدە؟» [3]

قىسقىسى، ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ياپونلۇقلار دىنىي ئېتىقادى ئانچە يۇقىرى ئەمەس، ئەمما مىللىي ساپاسى ناھايىتى ئۈستۈن بولغان بىر مىللەت. ياپونلۇقلار ئۆزىنىڭ ساپاسىنى كۆپىنچە ھالدا «ياپونلۇقلار روھى» (Japanese spirit) دېگەن سۆز بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. بۇ سۆز ئۇلارنىڭ 794-يىلىدىن 1185-يىلىغىچە داۋام قىلغان «تىنچلىق دەۋرى» (平安時代, Heian jidai) دە ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ [4]، ئۇ ياپون خەلقىنىڭ مەنىۋى ۋە مەدەنىي قىممەت قارىشى ۋە خاراكتېرىنى ئىپادىلەيدۇ. غەربلىكلەر ياپونلۇقلارنىڭ ساپاسىنى تەسۋىرلەشكە «ئەخلاقىي خاراكتېر» (moral character) دېگەن سۆزنى كۆپرەك ئىشلىتىدۇ. يەنى، ياپونلۇقلارنىڭ ئەخلاقىي خاراكتېرى غەربلىكلەرنىمۇ خېلى قاتتىق جەلپ قىلغان بولۇپ، ئامېرىكا ۋە گېرمانىيەمۇ

بۇرۇنقى بىر ۋاقىتلاردا مەخسۇس خىراجەت ئاجرىتىپ، ياپونلۇقلارنىڭ ئەخلاقىي خاراكتېرى ۋە ئۇنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش تەدبىرلىرى ئۈستىدە چوڭقۇر تەكشۈرۈش ۋە ئىلمىي تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغان. ياپونىيە ئىلغار تېخنىكا ۋە ئىنسان تەرەققىياتى جەھەتتە دۇنيادا يېتەكچى رول ئويناۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ بىرى. بىز بولساق ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ۋە نورمال ئىنسانلاردەك ياشايدىغان بىر شارائىتنى بەرپا قىلىش يولىدا تىركىشىۋاتقان خەلق. شۇڭلاشقا، خۇددى يەھۇدىيلارغا ئوخشاش، ياپونلۇقلاردىمۇ بىزدە يوق، بىز ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بولغان بىر قىسىم ئىلغار نەرسىلەر بار. ئۇنىڭدىن باشقا، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ياپونلۇقلار توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى، پەقەت ياپونلۇقلارنىڭ ئىلغار تېخنىكىسى ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك مەھسۇلاتى بىلەنلا چەكلىنىپ قالغانلىقىمۇ بىر ئەمەلىيەت. مەن مەزكۇر ماقالىدا ياپونلۇقلار روھى ۋە ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي خاراكتېرىنى مەركەز قىلغان ھالدا، ئۇلارنىڭ قانداق قىلىپ بۈگۈنكىدەك پۈتۈن دۇنيانى قايىل قىلغان ۋە پۈتۈن دۇنيانىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن، ئەخلاقىي خاراكتېر جەھەتتە يۇقىرى سۈپەتلىك، ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىنتايىن كۈچلۈك بىر مىللەت بولالىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن. ھازىر بىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىمىزغا ئۆزىمىز ئىگە ئەمەس. شۇڭلاشقا ياپونلۇقلار قوللانغان ئۇسۇل-تەدبىرلەرنى بىز ئەينەن قوللىنالمايمىز. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلارنى تولۇق چۈشىنىش، ئۇلارنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى بىلىۋېلىش ۋە ئۇلارنى ئۆزىمىزنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرۇپ بېقىش ئارقىلىق، ئۆزىمىزنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى توغرا ۋە ئىلمىي يوسۇندا چۈشىنەلەيمىز. ھەمدە شۇ ئاساستا ئىمكانىيەت يار بەرگەندە ياپونلۇقلارنىڭ ئىلغار ئۇسۇللىرىنى ئۆزىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالايمىز. مەن ئوقۇرمەنلەردىن مەزكۇر ماقالىنى ئوقۇش جەريانىدا يۇقىرىقىدەك نۇقتىلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

مەن ئالدى بىلەن ياپونلۇقلارنىڭ ئەخلاقىي خاراكتېرىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدىكى بىر قىسىم تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشلەرنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمەن. ئاندىن ئۇلارنىڭ 9-يىللىق مەجبۇرى مائارىپىدا ئۆتۈلىدىغان ئەخلاق دەرسىنىڭ مەزمۇنىنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمەن. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ تەبىئىي خاراكتېرىنى بايان قىلىمەن. ماقالىنىڭ زۆرۈر تېپىلغان يەرلىرىدە ياپونلۇقلارنىڭ ئائىلە، جەمئىيەت ۋە مەكتەپ تەربىيىسىنى

بىرلەشتۈرۈپ، ناھايىتى يۇقىرى سۈپەتلىك يېڭى ئەۋلادلارنى يېتىلدۈرۈپ چىقىش ئۇسۇل ـ تەدبىرلىرىنى قىسقىچە ئىزاھلاپ ئۆتىمەن.

## 1. ياپونلۇقلارنىڭ تەرەققىيات تارىخى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

1860 ـ يىللىرىدىن بۇرۇن، دۇنيا ياپونىيەنى ئانچە بىلىپ كەتمەيتتى. ئەمما، 1860 ـ يىللىرىدىن 1940 ـ يىللىرىغىچە ياپونىيە شىددەتلىك ھالدا تەرەققىي قىلىپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئىنتايىن زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىش جەھەتتە دۇنيا بويىچە بىر يېڭى مۆجىزە ياراتتى [5]. يەنى، قەدىمكى زامان ۋە ھازىرقى زامانىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى كۈچلۈك ئىمپېرىيىلەر، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئاساسلىق سىياسىي كۈچلەر، ئىسپانىيە ئىمپېرىيىسى، ۋە ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىر قانچە ئەسىر ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئاندىن تولۇق قۇدرەت تېپىش سەۋىيىسىگە يېتەلىگەن ئىدى. ئەمما، ياپونىيىنىڭ تەرەققىياتى ئاقار يۇلتۇزدەك تېز بولدى. پەقەت 80 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپلا، دۇنيانىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان قۇدرەتلىك كۈچلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ياپونىيە پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىندى. ئەمما، يەنە 70 يىلدەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى ھۆكۈمران ئورنىنى پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بولدى. بۇ 70 يىل جەريانىدا دۇنيادا ئىقتىسادىي جەھەتتە نۇرغۇن داۋالغۇشلار بولدى. باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئامېرىكىنىڭ ئېنرون (Enron)، ئومۇمىي ئاپتوموبىل (General Motors) گە ئوخشاش نۇرغۇنلىغان گىگانت شىركەتلىرى ۋەيران بولدى. ئەمما، ياپونىيىنىڭ گىگانت شىركەتلىرىدىن بىرەرسىمۇ يىقىلىپ چۈشمىدى. غەربتىكى تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ نۇرغۇن شىركەتلىرى جۇڭگو شىركەتلىرىگە باش ئەگدى ياكى تەسلىم بولدى. بۇ خىل ئەھۋال ھازىرمۇ خېلى كەڭ كۆلەمدە داۋاملىق يۈز بېرىۋاتىدۇ. ئەمما، ياپونىيە شىركەتلىرىدە بۇنداق ئەھۋال ئازراقمۇ يۈز بەرمىدى. ھازىر دۇنيادىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەڭ تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ئىچىدە، پەقەت ياپونىيەلا ئۆزىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنى ئەينەن ساقلاپ قالالىغان بىردىن ـ بىر دۆلەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئىككى قېتىملىق تەرەققىيات دەۋرىدە، دۇنيادىكى باشقا خەلقلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ياپونلۇقلار ئەقىللىق بولۇش، يېڭى نەرسىلەرنى تېز ئۆگىنىۋېلىش، ئىجادكار بولۇش ۋە جان تىكىپ قاتتىق

ئىشلەشتىن ئىبارەت بىر قىسىم ئالاھىدە خاراكتېرلەرنى نامايان قىلدى. ئۇلار غەرب تېخنولوگىيىلىرىنى ناھايىتى تېز ئۆزلەشتۈرۈۋالدى. ياۋروپالىقلار بىلەن بولغان سىياسىي مۇناسىۋەتلەرنىمۇ ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ، ياۋروپالىقلارنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالمىدى. ئۇلار ئىشكىنى ئېچىۋېتىپ، نەزىرىنى پۈتۈن دۇنياغا كېڭەيتتى. نەزەر دائىرىسى كەڭ بولۇش، يىراقنى ئويلاش، ھەممە ئىشلارنى تەرەققىياتقا توغرىلاش قاتارلىقلار ياپونلۇقلارنىڭ تەرەققىيات ئۈچۈن زور ئۈنۈم بەرگەن خاراكتېرلىرى بولۇپ، ئۇلار ھەمدە ياپونلۇقلار قەدىمدىن تارتىپ پايدىلىنىپ كېلىۋاتقان بىر خىل پەلسەپىدۇر. ياپونلۇق ئالىملار ۋە پەيلاسوپلار مىللىي خاراكتېرنى ھازىرمۇ ناھايىتى قاتتىق تەكىتلەيدۇ. بۇ مىللىي خاراكتېر يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ھەر بىر ئىشتا سەۋرچان بولۇش، بىر ئىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلغاندا، ئۇنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى ئىنتايىن پۇختا يەكۈنلەپ ۋە خاتىرىلەپ، كېيىنكى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ۋە ئۆمۈر بويى ئۆگىنىش روھىنى ساقلاش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ [6].

## 2. ياپونلۇقلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى

ياپونلۇقلارنىڭ يېتىلدۈرۈلگەن ئەخلاقىي خاراكتېرى ئۇلارنىڭ دىنىي تارىخى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا مەن بۇ يەردە ئۇلارنىڭ دىنى تارىخىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

قەدىمكى زاماندىن ئوتتۇرا ئەسىرگىچە ياپونىيەدە 3 چوڭ دىن ۋۇجۇدقا كەلدى ياكى ياپونىيەگە كىردى. ئۇلار شىنتو دىنى (ياپون دىنى)، بۇددىزم ۋە كۇڭزى تەلىماتىدىن ئىبارەت. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسەتتى، ھەمدە ياپونلۇقلار قىممەت قارىشى سىستېمىسىنىڭ يادروسىغا ئايلاندى.

شىنتو دىنى ياپونىيىنىڭ تەبىئىي يەرلىك دىنى. ئۇنىڭ ئىككى خىل ئاساسىي خاراكتېرى بار بولۇپ، بىرى تەبىئەتكە سەجدە قىلىش، يەنە بىرى بولسا ئەجدادلارغا سەجدە قىلىش. شىنتو دىنىدا بارلىق تەبىئىي جىسىملار ۋە ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسىدە خۇدا بار دەپ قارىلىدۇ. شىنتو دىنىدا بىرەر ئالاھىدە لىدېر مەۋجۇت ئەمەس، ھەمدە بىرەر مۇقەددەس دىنىي كىتابمۇ مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭلاشقا ياپونىيەگە بۇددا دىنى

كىرگەندىن كېيىن، شىنتو دىنى بۇددا دىنىغا قوشۇلۇپ كېتىپ، ئۆزى ئايرىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمىدى.

بۇددا دىنى ياپونىيەگە 6-ئەسىردە كورېيەدىن كىردى. ئۇ دەسلەپتە پەقەت شۇ چاغدىكى هۆكۈمران سىنىپ ئەزالىرى ئارىسىدا تارالغان بولۇپ، 604-يىلى بۇددىزم پەلسەپىسى ئاساسىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئاساسىي قانۇن ۋۇجۇدقا كەلدى. بۇددا دىنى 20-ئەسىرگە كەلگۈچە پەقەت ئاقسۆڭەكلەرنىڭلا دىنى بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ 13-ئەسىردىن باشلاپ ئادەتتىكى پۇقرالار ئارىسىدىمۇ تارىلىشقا باشلىدى. ئاشۇ چاغدا بۇددا دىنى ئىستىقامىتىدە ئۆلتۈرۈش (زېن) ياكى كۆڭۈلنىڭ جىمجىتلىقىدىن ئىبارەت بىر خىل دانا دىنىي ۋە روهىي هالەتكە ئېرىشىش سامۇراي سىنىپى (ياكى هەربىي قىسىملار) ئىچىدە كەڭ-كۆلەمدە تارقالدى.

ئالتىنچى ئەسىردە ياپونىيەگە كۇڭزى تەلىماتىمۇ يېتىپ كېلىشكە باشلىدى. كۇڭزى تەلىماتىنىڭ 4 ئاساسىي پرىنسىپى بار بولۇپ، ئۇلار هوقۇقتىكى دەرىجە تۈزۈمى، ئائىلە سىستېمىسى، مېهرىبانلىق (benevolence)، ۋە مائارىپنى يۇقىرى ئورۇنغا قويۇشتىن ئىبارەت. بۇ پرىنسىپلار ياپونلۇقلارنىڭ ئەخلاقىغا ۋە تۇرمۇش كۆز قارىشىغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى.

ياپونلۇقلارنىڭ يۇقىرىدىكى 3 خىل دىنىغا مەركەزلەشكەن قىممەت قارىشى سىستېمىسى تىنچلىق دەۋرى دەپ هېسابلىنىدىغان ئېدو دەۋرى (1603 - 1867) دە ناهايىتى كۈچلۈك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى.

### 3. ياپونلۇقلارنىڭ ئەخلاقىي خاراكتېرىنىڭ 4 تۈۋرۈكى

ياپونىيە جەمئىيىتى ۋە ياپونلۇق كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقىي خاراكتېرىنىڭ 4 ئاساسىي ئېلېمېنتى بار. ئۇلار ياپون تىلىدىكى خەنزۇچە خەتلەر بىلەن مۇنداق يېزىلىدۇ: 1) 恩، 2) 義務، 3) 義理، ۋە 4) 人情.
بۇ 4 ئېلېمېنتنىڭ هەممىسى ياپونلۇقلارنىڭ نەزىرىدىكى «شان-شەرەپ» نى مەركەز قىلغان بولۇپ، بۇ يەردىكى «شان-شەرەپ» بولسا ئابرۇي، ئۆز-ئۆزىگە بولغان هۆرمەت ۋە كىشىلىك ئەخلاق قاتارلىقلارنىڭ جۇغلانمىسىغا قارىتىلغان. مۇشۇ ئۇقۇملارنى توغرا چۈشىنىش ياپونلۇقلارنىڭ هازىرقىدەك ئەخلاقىي خاراكتېرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشىدىكى مەقسىتى ۋە هەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇهىم. شۇنداقلا ياپونلۇقلارنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن «كۈلكىلىك»،

«پاجىئەلىك»، ۋە «دراماتىك» دەپ قارىلىدىغان ئىشلىرىنى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈنمۇ ناھايىتى پايدىلىق. مەن تۆۋەندە يۇقىرىدىكى 4 ئېلېمېنتنى قىسقىچە شەرھلەپ ئۆتىمەن.

(1) 恩: بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئۆز-ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش بولۇپ، بۇنداق خاراكتېرگە ئىگە كىشىلەردىن ئۆز گەدىنىدىكى باشقىلار تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان شان-شەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق قەرزنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇلارنى قايتۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ياپونلۇقلارنىڭ باشقىلارنىڭ ياخشىلىقىنى ئۆز جېنى بىلەن قايتۇرۇش خاراكتېرى مۇشۇ ئەخلاقىي خاراكتېردىن كەلگەن.

(2) 義務: بۇنىڭ مەنىسى «تەقۋادارلىق» ياكى «ئىخلاسمەنلىك» تىن ئىبارەت. ئەگەر بىر ئادەم باشقا بىر ئادەمگە قەرز بولۇپ قېلىپ، ئۇنى قايتۇرالمايدىغان بولۇپ قالسا، بۇ خاراكتېر قەرز بولغۇچىنى قەرز قىلغۇچىغا ساداقەتمەنلىك كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۆز قەرزىنى ياندۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ .

(3) 義 理: بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئۇيغۇرچىدىكى ۋە غەربلىكلەر تىلىدىكى «مەجبۇرىيەت» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىدىن خېلىلا مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇ بىر ئادەمدىن ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى بىر شەرەپلىك ھاياتنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك فۇنكسىيىسى سۈپىتىدە ئادا قىلىش ۋە تەكىپۇكلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ .

(4) 人情: بۇ سۆز ئادەتتە «ھېسداشلىق» (compassion) دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. ئۇ باشقىلار بىلەن ئورتاقلىقنى ساقلاشنى، ھەمدە بۇددا دىنىدىكى «تەقدىر» نىڭ تەلىپى بويىچە، ئىنسانلارنىڭ تاشقى جەھەتتىكى پەرقلىرىدىن باشقا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

### 4. ياپونلۇقلار روھى

ئەگەر ياپونىيەگە بېرىپ بىر مەزگىل ياشىسىڭىز، ياپونلۇقلاردىن بەزىدە «ياپونلۇقلار روھى» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ قالىسىز. بۇ سۆز ياپونچە «大和魂» دەپ يېزىلىپ، «ياماتو-داماشىي» دەپ ئوقۇلىدۇ. ئۇ ياپونلۇقلارنىڭ روھىي ۋە مەدەنىي قىممەت قارىشىنى، ھەمدە ياپون خەلقىنىڭ خاراكتېرىنى شەرھلەش ئۈچۈن ۋۇجۇدقا چىقىرىلغان. بۇ سۆز

ئەڭ دەسلەپتە 794 ـ يىلىدىن 1185 ـ يىلىغىچە داۋام قىلغان ياپونىيە تىنچلىق دەۋرى (平安時代, Heian jidai) دە ياپونلۇقلار روھى ياكى مەدەنىي قىممەت قارىشىنى چەت ئەلنىڭكىدىن، بولۇپمۇ جۇڭگونىڭ تاڭ خانىدانلىقىنىڭ نەرسىلىرىدىن، پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ۋۇجۇدقا چىقىرىلغان. كېيىنچە بۇ سۆز ياپونلۇقلار روھى بىلەن جۇڭگولۇقلار روھى ئوتتۇرىسىدىكى سېپەت جەھەتتىكى سېلىشتۇرمىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. 1603 ـ يىلىدىن 1867 ـ يىلىغىچە بولغان ئېدو دەۋرى (江戸時代, Edo jidai) گە كەلگەندە، يازغۇچىلار بىلەن سامۇرايلار بۇ سۆزنى چېلىشچىلار (武士道, bushido) نىڭ شان ـ شەرەپ ۋە باتۇرلۇق ئۇقۇملىرىنى كېڭەيتىش ۋە ئۇلارنى قوللاش ئۈچۈن ئىشلەتكەن. 1312 ـ يىلىدىن 1317 ـ يىلىغىچە بولغان شوۋا دەۋرى (昭和時代, Shōwa jidai) دە ياپونىيە مىللەتچىلىرى «ياپونلۇقلار روھى» نى «ياپونلۇقلارنىڭ باتۇر بولۇش، جۈرئەتلىك بولۇش، ۋە ئېگىلمەس روھى» دەپ تەشۋىق قىلغان بولۇپ، ئۇ ئەمەلىيەتتە شۇ دەۋردىكى ياپونلۇقلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ھەربىي ـ سىياسىي تەلىماتلىرىنىڭ بىرى بولغان. 1867 ـ يىلىدىكى مېيجى ئەسلىگە كەلتۈرۈش دەۋرى (明治維新, Meiji Ishin) گە كەلگەندە، «ياپونىيە روھى» نىڭ 3 خىل يېڭىچە ئاتىلىشى ۋۇجۇدقا چىقتى. ئۇنىڭ بىرىنچىسىنى داڭلىق سامۇراي يازغۇچىسى كيوكۇتەي باكىن ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇنىڭ قارىشىچە بىر ئادەم ئۆلۈم گىردابىغا كېلىپ قالغاندىمۇ ئۇنىڭ ئۆلۈمگە قىلچە پەرۋا قىلماسلىقى ئۇنىڭ ياپونلۇقلار روھىدىن بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئىككىنچىسى «سۇگاۋارا نىڭ ئۆلۈم ۋەسىيەتنامىسى» دا «ياپونلۇقلار روھى ۋە جۇڭگولۇقلار ئىلىم ـ پېنى» دەپ شەرھلەنگەن. ئۇنىڭ ئۈچىنچىسى (和魂漢才, Wakon kansai) بولسا يوشىكاۋا تادایاسۇ (吉川忠安) نىڭ «تەرەققىيات توغرۇلۇق سوئاللار ۋە ئاساسىي تېمىلار» (開化策論, Kaika sakuron) دېگەن ماقالىسىدە «ياپونلۇقلار روھى ۋە چەت ئەللىكلەر تېخنولوگىيىسى» (和魂洋才, Wakon yosai) دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. 1894 ـ يىلى 1 ـ ئاۋغۇستتىن 1895 ـ يىلى 17 ـ ئاپرېلغىچە بولغان 1 ـ قېتىملىق ياپون ـ جۇڭگو ئۇرۇشى ۋە 1904 ـ يىلى 8 ـ فېۋرالدىن 1905 ـ يىلى 5 ـ سېنتەبىرگىچە بولغان رۇسىيە ياپون ئۇرۇشىدىكى ياپونىيە غەلىبىسىدىن كېيىن، ياپونىيە مىللەتچىلىرى «ياپونلۇقلار روھى ۋە چەت ئەللىكلەر تېخنولوگىيىسى» نى زامانىۋىلاشتۇرۇش ۋە ھەربىيلەشتۈرۈشتىكى بىر مودا شوئار قىلىپ، 2 ـ

دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ياپونىيە ھەربىي كۈچلىرىنىڭ رەسمىي يېڭىلىش چاقىرىقى دەرىجىسىگىچە تەرەققىي قىلدۇرغان. «ياپونلۇقلار روھى» دېگەن سۆز ھازىرمۇ «ياپونلۇقلار نەزەرىيىسى» (日 本 人 論) توغرىسىدىكى مۇھاكىمىلەردە ۋە ئىسپورتقا ئائىت ئاخبارات تەشۋىقاتلىرىدا داۋاملىق ئىشلىتىلىۋاتىدۇ.

## 5. ئېدو ۋە مىللەتچىلىك دەۋرلىرىدىكى ئەخلاقىي تۈزۈم تۇرغۇزۇش تەدبىرلىرى

ئىنسانلارنىڭ ئەخلاقىي خاراكتېرىنىڭ بىر قىسمى ئۇنىۋېرساللىقىقا ئىگە بولىدۇ. يەنە بىر قىسمى بولسا ئۇنىۋېرساللىقىقا ئىگە بولمايدۇ. يەنى ئۇ مىللەت، ماكان ۋە زامانغا قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. بىز تۆۋەندە كۆرىدىغىنىمىزدەك، ياپونلۇقلار ئۆزىنىڭ مۇددەتلىك تارىخىي دەۋرلەر جەريانىدا ئۆزلىرىنى بىر خىل ئۆزگىچە ئەخلاقىي خاراكتېرگە ئىگە قىلغان.

ئېدو دەۋرىدىن كېيىنكى ھازىرقى زامان دەۋرىدە، ئىككى چوڭ ۋەقە ياپونىيە مائارىپىغا غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىرى 1867-يىلىدىكى مېيجى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەرىكىتى، يەنە بىرى بولسا 1945-يىلىدىكى 2-دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىشى. ئاشۇ ئىككى ۋاقىتتا ياپونىيىنىڭ ئەخلاقىي تەربىيىسىمۇ ناھايىتى زور تەسىرگە ئۇچرىدى.

ياپونلۇقلار ئېدو دەۋرىدىلا مائارىپقا ئىنتايىن قاتتىق كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇ چاغدا ھەربىي ۋە سىياسىي ھوقۇقلارنىڭ ھەممىسى سامۇراي سىنىپى (ياكى ھەربىي قىسىم) نىڭ قولىدا ئىدى. شۇڭا سامۇراي ئائىلىلىرىنىڭ بالىلىرىغا مەدەنىيەت، ئەخلاق ۋە ھەربىي كەسىپلىرىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ياپونىيىنىڭ ھەممە يەرلىرىدە مەكتەپلەر قۇرۇلغان ئىدى. بۇ چاغدا سامۇرايلارنىڭ ئەخلاقى بۇشىدو (武士道) دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۇ سامۇرايلارنىڭ ھەربىي تۈزۈمى ئىدى. بۇشىدو تۈزۈمى كۈڭزى تەلىماتى بىلەن زەن ئىدىيىسى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ كىشىلەردىن ساداقەتمەنلىك، ئۆز-ئۆزىنى قۇربان قىلىش، ئادالەت، نومۇس تۇيغۇسى، تەربىيە كۆرگەن يۈرۈش-تۇرۇش خىسلىتى، ساپلىق، كەمتەرلىك، سامۇراي ياكى جەڭچى روھى، شان-شەرەپ، مېھىر-مۇھەببەت، ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر قاتار سۈپەتلەرنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىلاۋە: يۇقىرىقىدەك بۇشىدو تۈزۈمى ياپونىيەدە تارىختىن بۇيان يۇقىرىلار ئارىسىدىكى ۋە ئاق-سۆڭەكلەر بىلەن يۇقىرىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىنسانىي-ھوقۇق باراۋەرلىكىنى

ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدە كاپالەتكە ئىگە قىلغان. شۇڭلاشقا ياپونىيەدە دەرىجىسى يۇقىرى كىشىلەر بىلەن دەرىجىسى تۆۋەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا، ۋە ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدا ئاساسەن ئادالەتسىزلىك مەۋجۇت ئەمەس.

ئېدو دەۋرىدىكى ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى جەڭچى روھى بىلەن شان-شەرەپتىن ئىبارەت بولدى. يەنى، باشقىلاردىن ئۈستۈن كېلىشنى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇش بولدى. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلغىنى جىسمانىي كۈچ بىلەن باشقىلاردىن غالىپ كېلىش دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى، بۇشىدو روھى بويىچە، ئۆز-ئۆزىدىن غالىپ كېلىش ئۈچۈن روھىي تەربىيە ئېلىش دېگەنلىك. چۈنكى، بىر ئادەم پەقەت ئالدى بىلەن ئۆز-ئۆزىنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كېلىش ئارقىلىقلا ئاندىن باشقىلار ئۈستىدىن غالىپ كېلەلەيدۇ. بىر ئادەمنىڭ كۈچلۈكلۈكى ئۆز-ئۆزىنى تىزگىنلەشتە غەلىبە قىلىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن قولغا كەلتۈرگەن كۈچلۈكلۈك باشقىلارنى روھىي جەھەتتە بېسىپ چۈشىدۇ، ھەمدە روھىي قامەتنىڭ نامايەندىسى بولۇپ باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە قىلىدۇ. تەربىيە كۆرگەن يېرۈش-تۇرۇش خىسلىتى بولسا روھىي قاۋۇللۇقنى نامايان قىلىشنىڭ مۇھىم بىر ئامىلىدۇر.

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى قىسمى، يەنى مېيجى دەۋرىدىكى ياپونىيەدە ئەخلاق (morality) زىيالىيلار ئارىسىدىكى بەس-مۇنازىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم يەردىن ئورۇن ئالدى [7]. بۇ دەۋرنى ئىجتىمائىي دارۋىنىزمچىلارنىڭ «مۇۋاپىق كېلىدىغانلار ھايات قالىدۇ» (Survival of the fittest) دەيدىغان ئاتموسفېراسى قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، ياپونىيە بۇزغۇنچىلىقلارنى يېڭىپ، شۇ ئارقىلىق مىللىي بىرلىكنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەكچى ۋە غەرب تاجاۋۇزچىلىرىدىن ئۆزىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغدىماقچى بولدى. مۇشۇنداق مەقسەتكە يېتىشتە ئەخلاق بىر خىل ھالقىلىق ۋاستىگە ئايلىنىپ قالدى. جەمئىيەتنىڭ ھەممە تارماقلىرى پۈتۈن خەلقنى قايتىدىن تەرتىپكە سېلىشنىڭ ھەر خىل ئەخلاقىي ئۆلچەملىرىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۇددىزمچىلار، خرىستىيانچىلار، كۇڭزىنىڭ قوغدىغۇچىلىرى، ئەدەبىي ئەربابلار، سەنئەتكارلار، تەبىئىي ھوقۇقلارنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەر، ھۆكۈمەتسىزلىكنى تەرغىب قىلغۇچىلار، ئاياللارنىڭ يېڭىچە رولىنى قوغدىغۇچىلار، ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى جەمئىيەتنى بىرلىككە كەلتۈرىدىغان ئەخلاقىي نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئىلگىرى سۈردى. ھەر بىر گۇرۇھ

ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي چۈشەنچىسى ئاساسىدا بىرلىكنى ئۆزىنىڭ تۈپ نىشانى قىلدى. مانا مۇشۇنداق بىر قالايمىقان ئاتموسفېرانىڭ ئىچىدە «ئەخلاق» دېگەن كەسپىي ئۇقۇم (discipline) ۋۇجۇدقا كەلدى. يەنى، ياپونىيەدە «ئەخلاق» ئۇقۇمى 1880-يىللىرى ئوتتۇرىغا چىقتى. ئەخلاق ھەققىدىكى تەتقىقات 1883-يىلى باشلىنىپ، 1893-يىلى توكيو ئىمپېرىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا تۇنجى قېتىملىق ئەخلاق فاكۇلتېتى مۇدىرى تەسىس قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ياپونىيىنىڭ ئەخلاقتىن دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ۋاستىسى سۈپىتىدە پايدىلىنىش دەۋرى باشلاندى. ئەخلاق ئىلمى ئەھلىلىرى بىلەن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى پۈتۈن خەلققە بىر خىل ئورتاق ئەخلاقىي ئاڭ سىڭدۈرۈش ئارقىلىق ئىجتىمائىي بىرلىك ۋە جەمئىيەت تەرتىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلار دۆلەت ئېھتىياجىغا زىت كېلىدىغان بۇزغۇنچىلىقلار ياكى «خەتەرلىك» ئىدىيە ۋە ئىش-ھەرىكەتلەرنى ھەر ۋاقىت قاتتىق باستۇرۇش ئۈچۈن پەلسەپىلىك ئاساس ھازىرلاپ بەردى. شۇنداق قىلىپ ئەخلاقىي بىرلىكنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش بىلەن خەتەرلىك ئىدىيىلەرنى باستۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى جەريان ئۆز-ئارا چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتتى.

1880-يىللىرىنىڭ ئالدىدا، ياپونىيەدە ئاممۇۋى سورۇنلاردا كىچىك تەرەت قىلىش، ئەر-ئاياللار يالىڭاچلىنىپ ئوخشاش بىر كۆل ياكى مۇنچىدا سۇغا چۈشۈش قاتارلىق «ۋەھشىي ئىشلار» (barbaric practices) مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. 1880-يىللىرىغا كەلگەندە ياپونىيەدە «مەدەنىيەت ئەخلاقى» (ethics of civilization) نى بەرپا قىلىش ۋە قوغداشنى مەركەز قىلغان بىر قاتار ھەرىكەتلەر ئېلىپ بېرىلدى. 20-ئەسىرگە قەدەم قويۇش بىلەن تەڭ، ياپونىيىنىڭ ئەخلاق تۈزۈمى مەدەنىيەت ئەخلاقىدىن روھىي ئەخلاق (ethics of spirit) قا ئۆزگەرتىلدى. ئۇ دەۋردىكى نۇرغۇن داڭلىق ياپونىيە زىيالىيلىرى تەجرىبىچىلىكنى تەنقىد قىلىشقا ئۆتۈپ، سەۋەبلەرنى تېپىش، كۆزىتىش (ياكى باھالاش) ۋە تەجرىبە قىلىش قاتارلىقلارنى ياخشىلىقنى ئېنىقلاپ چىقىشنىڭ ئۇسۇلى قىلىشنىڭ چەكلىمىسىنى تەكىتلەشكە باشلىدى. ياپونىيىدىكى ئەخلاق ئىلمى ئەھلىلىرى ئەسلىدە گېرمانلىقلار رومانتىزمىنىڭ بىر قىسمى بولغان «مىللىي خاراكتېر» ۋە «خەلق روھى» دېگەن ئۇقۇملار ئاساسىدا بىر ئورتاق خەلق روھى گەۋدىلەنگەن «ياپونلۇقلار ئەخلاقى» (unitary Japanese morality) نى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۇ «ياپونلۇقلار ئەخلاقى» ياپونىيە خەلقىدىن ئۆزىنى

**قۇربان قىلىپ، دۆلەتكە ۋەتەنپەرۋەرلەرچە ساداقەتمەن بولۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئورتاق بولغان مەدەنىيەت ئەخلاقىنىڭ ئورنىنى پەقەت «ھەقىقىي ياپونلۇق» لارغىلا خاس بولغان روھىي ئەخلاق ئىگىلىدى.**

ئىلاۋە: مەن 1985-يىلىدىن 1988-يىلىغىچە ياپونىيەدە بىلىم ئاشۇرۇش جەريانىدا، بىر قانچە قېتىم كۆپلىگەن كىشىلەر مېڭىۋاتقان قايناق كوچىنىڭ بويىدا بىر ئەرنىڭ ئۆرە تۇرۇپ كىچىك تەرەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ياپونلۇق تونۇشلىرىمنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، دادىسى 10 ياشلارغا كىرىپ قالغان قىزىنى قىپيالىڭاچ قىلىپ، ئۆزىمۇ ھەممە كىيىمنى سېلىۋېتىپ، مۇنچىدا يۇيۇپ قويۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ھاجەتخانىلاردا ئەرلەر تەرەت قىلىۋاتقاندا، ئايال تازىلىغۇچىلار ئەرلەرنىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپ، ھاجەتخانىلارنى بەخىرامان تازىلاۋاتقانلىقىنى كۆپ قېتىم ئۇچراتتىم، ھەمدە ھەر قېتىم ناھايىتى راھەتسىزلىك ھېس قىلدىم. ئەمما ئۇ چاغلاردا ياپونىيەدە نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئىشلارنىڭ بارلىقىنى چۈشەنمىگەن ئىدىم. بۇ قېتىم مەزكۇر ماقالە ئۈچۈن ئىزدىنىش جەريانىدا، بۇلار ئەسلىدە ياپوندا قەدىمدىن تارتىپ بار بولغان بىر قىسىم ئادەتلەر ئىكەنلىكىنى بىلدىم. مېنىڭ كۆرگەنلىرىم ياپونىيە بۇرۇنقى ئادەتلىرىنى 100 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئۆزگەرتكەندىن كېيىنكى ئەھۋاللار ئىكەن. بۇ يەرگە قىزىقارلىق ئىشتىن يەنە بىرىنى قىستۇرۇپ قوياي. 1986-يىلى 10-ئايدا رەھمەتلىك ئابدۇشۈكۈر مەتىمىن ئۇستازىمىز كوبې گاكۇيىن ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى دوكتور كوداما شىنجىرو ئەپەندىم قاتارلىق بىر قانچە پروفېسسورلىرىنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن ياپونىيەگە ئىلمىي دوكلات بېرىشكە كەلدى. مەن شۇ چاغدا ياپونىيەدە بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىمنىڭ ئۇيغۇرچە دوكلاتىنى نەق مەيداندا ياپونچىغا تەرجىمە قىلىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ بەردىم. بىر كۈنى كوبېدىكى ئىلمىي دوكلات ئاخىرلاشقاندا، بىر قانچە پروفېسسورلار ئىككىمىزنى ياپونىيىنىڭ بىر تەبىئىي ئىسسىق كۆلىگە سۇغا چۈشۈشكە ئاپاردى. ھەمدە ياپونلۇق پروفېسسورلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈن كىيىمنى سېلىۋېتىپ، سۇغا كىرىشكە باشلىدى. ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم بىلەن ئىككىمىز ئۇلارغا قاراپ، ھاڭ-تاڭ بولۇپ، نېمە قىلىشىمىزنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدۇق. مېھمان ئىگىلىرى بىزنى سۇغا كىرىشكە قاتتىق دەۋەت قىلىۋەردى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇلارغا ئۆزىمىزنىڭ ئۆرپ-ئادىتى توغرۇلۇق ئازراق چۈشەنچە بېرىپ، ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم بىلەن ئىككىمىز سۇغا ئىچكى كۇسىرىمىز بىلەنلا كىردۇق. بىزنىڭ بۇ ئىشتىن ئالدىن خەۋىرىمىز بولمىغاچقا، سۇدىن چىققاندا ئالماشتۇرۇپ كىيىدىغان ئىچكى كۇسار تەييارلاپ قويمىغان ئىدۇق. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم بىلەن مەن ئىككىمىز بىر-بىرىمىزگە كۆرۈنمەي تۇرۇپ، ھۆل بولۇپ كەتكەن كالتە ئىشتىنىمىزنى سېلىۋېتىپ، بەدىنىمىزگە ئۇزۇن ئىشتاننى بىۋاستىلا كىيىۋالدۇق. مېنىڭ كوبېدىن ئوساكادىكى ياتىقىمغىچە پويىزدا ئىككى سائەت كېتىدىغان يول بار ئىدى. ھەمدە نەچچە قېتىم پويىز ئالماشىسام بولمايتتى. شۇڭا ئۇ كۈنى يول بويى ئىنتايىن قاتتىق دەككە-دۈككىلىك

ئىچىدە مېڭىپ، ياتىقىمغا ناھايىتى تەسلىكتە قايتىپ كېلىۋالدىم. ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئىش ماڭا بەك قاتتىق تەسىر قىلغان بولغاچقا، ئۇ كاللامدا ھازىرمۇ خۇددى تۈنۈگۈنكى ئىشتەكلا ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

مېيجى دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەدەنىيەت ئەخلاقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ھەرىكىتى بىلەن بۇ دەۋرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئېلىپ بېرىلغان روھىي ئەخلاقنى بەرپا قىلىش ھەرىكىتىنىڭ ھەر ئىككىسىدە ياپونىيە مائارىپ سىستېمىسىنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى قىلدى. ئەخلاق پەيلاسوپلىرى يالغۇز ئەخلاق توغرۇلۇق ئىلمىي ئەسەرلەرنى يېزىلىپلا قالماي، دۆلەت مائارىپ مىنىستىرلىقى بىلەن بىرلىشىپ، باشلانغۇچ مەكتەپ باللىرىغا ئەخلاقىي تەربىيە ئېلىپ بېرىشتا ئىشلىتىدىغان ئەخلاق دەرسلىك كىتابلىرىنىمۇ تۈزۈپ چىقتى. بۇ چاغدا ئەخلاق تەربىيىسى جىسمانىي (ياكى بەدەن) تەربىيىسى بىلەن كۆڭۈل تەربىيىسىنىڭ ھەر ئىككىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. بۇ تەربىيىلەرنىڭ مەقسىتى پەقەت بىرلا، يەنى ئىنسانىي ئۆستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى.

ياپونىيىنىڭ زامانىۋى مائارىپ سىستېمىسى مېيجى دەۋرىنىڭ 5 ـ يىلى، يەنى 1872 ـ يىلى باشلاندى. ئاشۇ ۋاقىتتا ياپونىيە ھۆكۈمىتى بىر «مائارىپ بۇيرۇقى» چىقارغان بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «بىز يېزىلاردا بىرەرمۇ ساۋاتسىز ئۆي يوق، ئۆيلەردە بىرەرمۇ ساۋاتسىز كىشى يوق دەۋرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تەقەززا بولۇۋاتىمىز.» ياپونىيىدىكى مەجبۇرى مائارىپ تۈزۈمىمۇ مۇشۇ ۋاقىتتا تۇنجى قېتىم يولغا قويۇلدى. «شۇشىن» دەپ ئاتالغان ئەخلاق تەربىيىسىمۇ ئاشۇ چاغدا باشلانغۇچلاردا ئۆتىلىدىغان 8 خىل دەرسلەرنىڭ بىرى بولۇپ ئۆتۈلۈشكە باشلىدى. ياپونىيە ھۆكۈمىتى غەربنىڭ «ئىندىۋىدۇئاللىق» قاتارلىق بىر قىسىم ئىدىيىلىرىنى ياپونىيەگە ئەكىرىش ئۈچۈن ئازراق تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، ئۇ نەرسىلەرنىڭ ياپونىيەگە ماس كەلمەيدىغانلىقىنى دەرھاللا ھېس قىلىپ، ئۇنداق قىلىشتىن ۋاز كەچتى. شۇنداق قىلىپ، كۇڭزى تەلىماتىنىڭ ئاساسىغا قۇرۇلغان ئەخلاق تەربىيىسى پۈتكۈل مائارىپ سىستېمىسىدا بىر ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى. ياپونىيە ھۆكۈمىتى مائارىپ ساھەسىگە «مائارىپنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، ئادالەتلىك، ساداقەتلىك ۋە پەرزەنتلەرنىڭ ئىخلاسمەنلىكىنى

ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىش، ھەممە ھەر بىر ئادەمنىڭ بىلىمى بىلەن ھەر خىل تالانتلىرىنى كۆپەيتىش ۋە كۈچەيتىشتىن ئىبارەت» دېگەن يولىيورۇقنى چۈشۈردى. 1880-يىلى ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئەخلاق ھەققىدىكى چەتتىن كىرگۈزۈلگەن كىتابلارنى ئىشلىتىشنى پۈتۈنلەي چەكلەپ، ئەنئەنىۋى روھقا ئاساسلانغان ئەخلاق تەربىيىسى دەرسىنى باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىرىنىڭ ئەڭ ئالدىغا قويدى. شۇنىڭغا ئۇلاپلا كۆپ قېتىم سىناق قىلىش ئاساسىدا ياپونىيىنىڭ پادىشاھلىق ھۆكۈمىتى پۈتۈن مەملىكەت ئۈچۈن بىر مائارىپ قوللانمىسى تۈزۈپ بەردى. بۇ قوللانمىدا مۇنداق دېيىلگەن: «بىزنىڭ خانلىق ئەجدادلىرىمىز بىزنىڭ ئىمپېرىيىمىزنى كەڭ ۋە مەڭگۈلۈك ئاساسلار ئۈستىگە قۇرۇپ چىقتى، ھەممە نۇرغۇن گۈزەل ئەخلاقلارنى چوڭقۇر ۋە مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ چىقتى. بىزنىڭ خەلقىمىز ساداقەتمەنلىكتە بىرلىشىپ چىڭ ئۇيۇشتى، ھەممە نەچچە ئەۋلاد پەرزەنتلىرىمىز بۇنىڭ پايدىسىنى نامايان قىلدى. بۇ بىزنىڭ ئىمپېرىيىمىزنىڭ ئاساسىي خاراكتېرى بىلەن بىزنىڭ مائارىپىمىزنىڭ شانلىق غەلىبىسى. سىلەر، يەنى بىزنىڭ خەلقىمىز، ئاتا-ئاناڭلارغا ئۆزۈڭلارنىڭ باللىق بۇرچىنى ئادا قىلىڭلار، ئاكا-ئۇكا ۋە ئاچا-سىڭىللىرىڭلارغا مېھىر-شەپقەتلىك بولۇڭلار، ئەر-خوتۇنلار ئىناق ئۆتۈڭلار، دوستلار ئۆز-ئارا راستچىل بولۇڭلار، كەمتەر بولۇڭلار ھەممە زامانىۋىلىققا ئىنتىلىڭلار، ھەممە ئادەملەرگە مېھىر-شەپقەتلىك بولۇڭلار، ئۆگىنىش ۋە سەنئەتكە داۋاملىق ئىنتىلىڭلار، شۇ ئارقىلىق زىيالىيلار قوشۇنى بىلەن مۇكەممەل ئەخلاقىي كۈچنى يېتىلدۈرۈڭلار. شۇنداقلا جامائەتنىڭ ھالىتىنى ياخشىلاپ، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى ئىلگىرى سۈرۈڭلار. ھەر ۋاقىت ئاساسىي قانۇنغا ھۆرمەت قىلىپ، قانۇنلارغا بويسۇنۇڭلار. جىددىي ئەھۋاللار يۈز بەرگەندە، ۋەتەن ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ چىقىڭلار. شۇ ئاساستا ۋەتەننى قوغداپ، ئۇنىڭ داۋاملىق قۇدرەت تېپىشىنى ئۈزۈپ قويماڭلار. شۇ ئارقىلىق سىلەر بىزنىڭ ياخشى ۋە سادىق خەلقىمىز بولۇپلا قالماي، ئەجدادلىرىڭلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنىڭ ئۇلۇغ ۋارىسچىلىرىدىن بولۇڭلار.» بۇ قوللانما 2-دۇنيا ئۇرۇشىغىچە ياپونىيە مائارىپ سىستېمىسىنىڭ ئۇلى بولۇش رولىنى ئوينىدى. گەرچە ئۇ 1948-يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسال ئەخلاقىي قىممىتى ۋە تەسىرى ياپونىيەدە تاكى بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

1945 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە بولغان ياپونىيىنىڭ «دېموكراتىيە دەۋرى» نىڭ دەسلەپىدە ئەخلاق دەرسى 9 يىللىق مەجبۇرى مائارىپنىڭ ئىجتىمائىي ـ پەن دەرسلىرىگە قوشۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، كېيىن ئۇ يەنە بىر ئايرىم دەرس قىلىپ بېكىتىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھازىرغىچە ئەخلاق دەرسى ياپونىيىنىڭ 9 يىللىق مەجبۇرى مائارىپىدا ھەپتىسىگە بىر سائەتتىن ئايرىم دەرس قىلىپ ئۆتۈلۈپ كېلىۋاتىدۇ.

ئىلاۋە: بۈگۈن، يەنى 2014-يىلى 9-يانۋار كۈنى، ئامېرىكىدىكى ئاتاقلىق «يالغۇزلۇق كېسىلى» (autism) مۇتەخەسسىسى دوكتور تېمپۇل گاندىن (Temple Gandin) خانىم بىزنىڭ ئىدارىگە كېلىپ، «ئوخشىمىغان خىلدىكى مېڭىلەر» (Different kinds of mind) دېگەن تېمىدا بىر يېرىم سائەت ئىلمىي دوكلات بەردى. ئۇ ئۆز دوكلاتىدا بالىلار تەربىيىسى ھەققىدە مۇنداق ئىككى نەرسىنى ئوتتۇرىغا قويدى: (1) ئەگەر بىر بالا بىر ئالاھىدە تالانتقا ئىگە بولسا، ئۇنىڭ ئاشۇ تالانتىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يول قويۇش ۋە ئۇنىڭغا شارائىت ھازىرلاپ بېرىش كېرەك. مەسىلەن، ئەگەر بىر بالا باشلانغۇچ 1-سىنىپتا باشلانغۇچ 3-سىنىپنىڭ ماتېماتىكىسىنى ئىشلىيەلىسە، ئۇنىڭ ماتېماتىكا دەرسىنى 3-سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن بىللە ئېلىشىغا يول قويۇش كېرەك. ئۇنداق قىلمايدىكەن، ئۇ بالىنىڭ مىجەزى غەلىتە بولۇپ قېلىشى، ماتېماتىكا جەھەتتىكى ئەھۋالى زور دەرىجىدە ناچارلىشىپ كېتىشى مۇمكىن. مەن بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كىچىكىدىن باشلاپ خەنزۇ بالىلار بىلەن بىللە ئوقۇپ، ياكى ھەممە دەرسلەرنى ئاتالمىش «قوش تىل سىنىپى» دا خەنزۇ تىلىدىلا ئوقۇپ، ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەندىن كېيىن ئىچكىرىگە بېرىپ يەنە ئىككى يىل مەخسۇس خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلىنىۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردىن بەكلا ئەنسىرەپ قالدىم. (2) بىر بالىنى ياخشى تەربىيىلەش بىر چوڭ مەھەللىنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنى، بىر بالىنى ياخشى تەربىيىلەش ئائىلە، مەكتەپ، قولۇم-قوشنىلار، يەرلىك شىركەت-كارخانىلار ۋە كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. گاندىن خانىم دۇنياغا داڭلىق فىزىكا ئالىمى ئالبېرت ئېينىشتېين بىلەن ئالما شىركىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ستىۋ جوبس (Steve Jobs) لارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ كىچىك ۋاقتىدا «يالغۇزلۇق كېسىلى» گە گىرىپتار بولغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتتى. گەرچە يۇقىرىدىكى مەزمۇنلار ياپونلۇقلار توغرۇلۇق دېيىلمىگەن بولسىمۇ، ئېسىمدىن چىقىپ كەتكۈچە ئۇ مەزمۇنىنى بۇ يەرگە قىستۇرۇپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

## 6. ھازىرقى ئەخلاق دەرسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى

ياپونىيىنىڭ ھازىرقى ئەخلاق دەرسى 4 چوڭ ساھەگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇ 4 ساھە يەنە جەمئىي 76 كىچىك مەزمۇنلارغا ئايرىلغان. تۆۋەندىكىسى ئۇلارنىڭ مۇھىم بىر قىسمى.

**1) ئۆزى توغرىسىدا**

(1) ئېغىر بېسىق بولۇش: ئۆزى قىلالايدىغان ئىشنى ئۆزى قىلىش، ھەمدە ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈش

(2) تىرىشچان بولۇش: ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئۆزى قىلىش

(3) جۈرئەتلىك بولۇش: توغرا ئىشلارنى قىلىشتا جۈرئەتلىك بولۇش

(4) سەمىمىيلىك: سەمىمىيلىك بىلەن خۇشال-خۇرام تۇرمۇش كەچۈرۈش

(5) ئەركىنلىك ۋە تەرتىپلىك: ئەركىنلىكنى قەدىرلەش ۋە تۈزۈمگە رىئايە قىلىپ ئىش قىلىش

(6) ئۆز-ئۆزىنى ئالغا باستۇرۇش: ئۆزىنى توغرا چۈشىنىش، ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك تەرەپلىرىنى ئۆزگەرتىش، ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش

(7) ھەقىقەتنى سۆيۈش: ھەقىقەتنى سۆيۈش ۋە ئىستەش، مەلۇم بىر غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئۆز ئارزۇسى بويىچە ياشاش

**2) باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت**

(1) ئەدەپلىك بولۇش: ئەدەپ-ئەخلاقنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىش، ھەمدە ھەر بىر ئەھۋالغا ئۇيغۇن كەلتۈرۈپ سۆزلەش ۋە ئىش كۆرۈش

(2) باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئاق كۆڭۈل بولۇش: ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ئورنىغا قويۇپ، ھەر بىر كىشىگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە مېھرى-شەپقەتلىك بولۇش

(3) دوستلۇق: بىر-بىرىنى چۈشىنىش، بىر-بىرىگە ئىشىنىش، ۋە بىر-بىرىگە ياردەم قىلىش

(4) مىننەتدارلىق ۋە ھۆرمەت: باشقىلارنىڭ تۇرمۇشنى ھالقىلىق ياردەم بىلەن تەمىن ئېتىدىغانلارغا ۋە پېشقەدەملەرگە مىننەتدارلىق ۋە ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش

(5) كەمتەرلىك: قورساقنى كەڭ تۇتۇپ، ئۆزى بىلەن ئوخشاش ئىدىيە ۋە ئوخشاش پىكىردە ئەمەسلەرنىڭ ئالدىدا كەمتەر بولۇش ۋە ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىش

3) تەبىئەت ۋە ئۆزىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت

(1) تەبىئەتكە ھۆرمەت قىلىش: ئۆز ئەتراپىدىكى تەبىئىي مۇھىتنى ئوبدان بىلىۋېلىش، ھەمدە ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى سۆيۈش
(2) ھاياتلىققا بولغان ھۆرمەت: ھاياتقا ۋە بارلىق ھاياتلىققا ھۆرمەت قىلىش
(3) ئېستېتىك (aesthetic) سەزگۈرلۈك: ئىنسانلار ئۈستىدىن يۇرگۈزۈلىدىغان ھوقۇققا نىسبەتەن ئېستېتىك سەزگۈرلۈك ۋە ھېيىقىش تۇيغۇسى بار بولۇش
(4) ئالىيجانابلىق: ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى ۋە يامان تەرەپلىرىنى يېڭەلەيدىغان كۈچ-قۇدرەتكە ۋە ئالىيجانابلىققا ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش

4) گۇرۇپپا ۋە جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەت

(1) ئاممىۋى مەجبۇرىيەت: جەمئىيەتتە ۋەدىسىدە تۇرۇش، تۆۋەنگە بويسۇنۇش، ھەمدە ئاممىۋى مەجبۇرىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش
(2) ئادالەت: كەمسىتىش ۋە بىر تەرەپلىمە كۆز-قاراشتىن ساقلانغان ھالدا ھەر بىر ئادەمگە ئادىل (fair and impartial) بولۇش
(3) گۇرۇپپا ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق: ئۆز ئەتراپىدىكى گۇرۇپپىلارغا قاتنىشىش، ئۆزىنىڭ رولىنى چۈشىنىش، ھەمدە باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش
(4) سانائەت: ئىشلەشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىش، ھەمدە ھەر ۋاقىت ئىشلەشكە ئىنتىلىش
(5) ئائىلە ئەزالىرىغا بولغان ھۆرمەت: ئاتا-ئانا ۋە بوۋا-موملىرىغا كۆيۈنۈش، ھەمدە ئائىلە ئىشلىرىدا ئۇلارغا ياردەمدە بولۇشقا ئىنتىلىش
(6) مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار ۋە باشقىلارنى ھۆرمەتلەش: مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار ۋە باشقىلارغا كۆيۈنۈش ۋە ئۇلارنى ھۆرمەتلەش، ھەمدە باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ياخشى مەكتەپ ئەنئەنىسى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىش
(7) جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇش: يەرلىك جامائەتنىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىش، ئۆزىنى جەمئىيەت ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا

ئاتىغان كىشىلەرنى ۋە پېشقەدەملەرنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلارغا كۆيۈنۈش، ھەمدە جامائەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش

(8) ئەنئەنىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ۋەتەننى سۆيۈش: ئۆز ۋەتىنىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئەنئەنىسىگە قىزىقىش، ھەمدە ۋەتەننى سۆيۈش

(9) باشقا مەدەنىيەتلەرنى ھۆرمەتلەش: ئۆزىنىڭ بىر ياپونلۇق ئىكەنلىكىنى ئەستە چىڭ تۇتقان ئاساستا، چەت ئەلنىڭ مەدەنىيىتى ۋە چەت ئەللىكلەرنى قەدىرلەش، ھەمدە خەلقئارا دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىش.

## 7. ياپونلۇقلارنىڭ تەبىئىي خاراكتېرى

باشقا بارلىق مىللەتلەرگە ئوخشاشلا، ياپونلۇقلاردىمۇ ئىككى خىل خاراكتېر بار. ئۇنىڭ بىرى تەبىئىي خاراكتېر. بۇ خاراكتېرنىڭ كۆزگە ئەڭ چېلىقىدىغان بىر ئېلېمېنتى ئۇلاردا بار بولغان بىر خىل تۇغما (inherent) پەلسەپە بولۇپ، كىشىلەرگە بۇ پەلسەپە ياپونلۇقلار كۆڭلىنىڭ بىر خىل تەبىئىي سۈپىتىدەك تۇيغۇ بېرىدۇ [6]. يەنە بىرى بولسا ياپونلۇقلاردا كېيىنكى تەربىيە ئارقىلىق يېتىلدۈرۈلگەن خاراكتېرلەر. مەن بۇ قىسمىدا 1- خىلدىكى خاراكتېر ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە بېرىمەن. بۇ مەزمۇن ياپونلۇقلارنى تولۇق چۈشىنىش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

نۇرغۇن چەت ئەللىكلەر ياپونلۇقلارنىڭ ھەقىقىي خاراكتېرىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار پەقەت ياپونلۇقلار ھازىرقى زامان تەرەققىياتلىرىنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە، يەنى، ئۇرۇش ۋە تىنچلىق سەنئىتى، ئىلىم-پەن، سانائەت ۋە ئىگىلىك تىكلەش قاتارلىقلاردا قولغا كەلتۈرگەن ئاجايىپ نەتىجىلەرگە قاراپ، ياپونلۇقلارنىڭ قانداق خاراكتېرلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىدۇ. دەرىجىدىن تاشقىرى ئەدەپ-ئەخلاقلىقى، باشقىلار بىلەن بولغان ئالاقە جەريانىدىكى خۇشخۇيلۇقى، چەت ئەللىكلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە نامايان قىلىدىغان مۇلايىملىق بىلەن زېرەكلىكى بىلەن ياپونلۇقلار پۈتۈن دۇنيانىڭ مەدھىيىلىشىگە ئېرىشتى. ياپونىيەدە بىر مەزگىل ياشاپ، سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە روھىي جەھەتتە پۈتۈنلەي ياپونلۇق بولۇپ كەتكەن چەت ئەللىكلەرمۇ ئاز ئەمەس.

ياپونلۇقلار خاراكتېرىدىكى كۆزگە ئەڭ كۆرۈنىدىغان ئېلېمېنت ئۇلاردىكى بىر خىل تۇغما پەلسەپىدۇر. بۇ ئالاھىدە خاراكتېرنى ئەرلەر، ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ھەممىسىدە كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ئۆزگىچە تۇغما

پەلسەپىنى «ياپونلۇقلار خاراكتېرىنىڭ بىر ئېلېمېنتى» دەمدۇق، ياكى «بىر روھىي سۈپەت» دەمدۇق، ئۇ مۇھىم ئەمەس. شۇ نەرسە ناھايىتى ئېنىقكى، ياپونلۇقلارنىڭ كۆڭلىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان بۇ تۇغما پەلسەپە ئۇلارنىڭ خاراكتېرلىرىگە ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتكەن.

ياپونغا بارغان چەت ئەللىكلەر مۇنداق بىر ئەھۋالغا ئىنتايىن ھەيران قالىدۇ: ياپونلۇقلار ئائىلىسىدىكى ئۆلۈم ئىشلىرى، بايلىقىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئىشلىرى، كېسەللىك، ۋە باشقا ھەممە خىلدىكى ئوڭۇشسىزلىقلارنىڭ ھەممىسىگە بىر قەدەر سەۋرچان ۋە چىداملىق كېلىدۇ. شۇنىڭغا قاراپ چەت ئەللىكلەر كاۋكازلىقلار (Caucasian) غا قارىغاندا ياپونلۇقلار كۆپ سەۋرچان ئىكەن، ياكى ياپونلۇقلار ھېسسىياتچان ئەمەس ئىكەن، دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا يۇقىرىقىدەك بىرەر ناچار ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە، ياپونلۇقلار كاۋكازچىلاردەك ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇشقا يول قويماي، كىرىزىسلارغا ئۆزىنى ئىنتايىن چىڭ تۇتۇۋالغان ھالدا ۋە ئىنتايىن كۈچلۈك روھىي كۈچ بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ياپونلۇقلار كاۋكازچىلارغا قارىغاندا كۆپ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ .

ئۆزلىرىنىڭ بىرەر ئەڭ قەدىرلىك كىشلىرى ئۆلۈپ كەتكەندە، بەزى ياپونلۇقلار قايغۇ ئۇرۇش ۋە دەپنە قىلىش ئىشلىرىنى مەخسۇس مۇشۇنداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسپىي خادىملارغا پۇل بېرىپ قىلغۇزىدۇ. دەپنە مۇراسىمى ئاخىرلاشقاندا بولسا ئۆلۈملۈك بولغان ئائىلىنىڭ كىشىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دوستلىرى زىياپەت قىلىپ، ھاراق ئىچىدۇ، ھەمدە ئۆيىگە يېقىن چايخانىلارنىڭ بىرسىگە بېرىپ كۆڭۈل ئاچىدۇ. ياپونلۇقلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى پەلسەپىسى شۇكى، ھايات قالغانلار ياشاپ ماڭمىسا بولمىغاچقا، ئۇلار چوقۇم ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە خۇشال-خۇرام ياشىشى كېرەك. بولىدىغان ئىش بولۇپ بولغان بولغاچقا، قايغۇ ئۇرۇشنىڭ ھېچ بىر قىممىتى يوق. ئۆتۈپ كەتكەن ئىش ئۈچۈن ھەسرەت چېكىش بىر خىل ئەخمەقلىق. ياپونلۇقلار ئۈچۈن كاۋكازچىلارنىڭ قايغۇ-ھەسرەت ئىچىدە زارلىنىشى بىر بىمەنە ئىش بولۇپ، ياپونلۇقلار ناھايىتى پاراسەتلىك بولغاچقا، چەت ئەللىكلەر ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ بۇنداق ھېسسىياتىنى ئازراقمۇ بىلىندۈرمەيدۇ.

ياپونلۇقلارنىڭ مۇشۇ تۇغما پەلسەپىسى ئۇلاردا ھازىر مەۋجۇت بولغان سامۇرايغا خاس تەمكىنلىك، ۋە ئەسكەرلەر بىلەن كېمىچىلەرگە خاس چىداملىقلارنىڭ ئاساسىي مەنبەسى بولۇپ، ياپونلۇقلارنىڭ ئاشۇنداق روھى

ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىغان زامانىۋى كەسپلەر، سانائەت ۋە كارخانىچىلىقتىكى هازىرقىدەك ئالاهىدە مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى يۈزدە-يۈز كونترول قىلالايدىغان مۇشۇنداق بىر قابىلىيەتكە ئىگە بولۇش ئىنسانلار ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ بىر زور ئارتۇقچىلىقتۇر. ياپونلۇقلارنىڭ تۇرمۇشتىكى ھەر خىل ئەھۋاللارغا ماسلىشالىشىدىكى سىر مانا مۇشۇنىڭدىن ئىبارەت. ئۇلار مۇشۇنداق قابىلىيەتكە تايىنىپ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان كەسپكە چوقۇم كىرەلەيدۇ. ھەمدە كۆڭلىگە پۈككەن نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھارماي-تالماي ئاداققىچە جان تىكىپ تىرىشالايدۇ.

ئىلاۋە: «جان تىكىپ قاتتىق تىرىشىش» دېگەن ئۇقۇم ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىر يات ئۇقۇم ئەمەس. لېكىن، بۇ ئۇقۇمنىڭ ياپونلۇقلاردا قانداق نامايان بولىدىغانلىقىنى پەقەت ياپونىيەگە بېرىپ بىر مەزگىل ياشاپ باققان، ھەمدە ياپونلۇقلار بىلەن بىر ئورۇندا بىللە ئىشلەپ باققان كىشىلەرلا توغرا چۈشىنەلەيدۇ. مەن ياپونىيەدە ئىككى يېرىم يىل بىلىم ئاشۇرغان ۋاقتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يېرىم يىلى پۇل يىغىپ، كېيىن ئامېرىكىغا ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئۇنۋانلىرى ئۈچۈن ئوقۇشقا بېرىش ئۈچۈن ھەر ئاخشىمى ماتسۇشىتا (松下) شىركىتىدە 5 سائەتتىن ۋاقىتلىق ئىشچى بولۇپ ئىشلىدىم. شۇ چاغدا بۇ شىركەتنىڭ ھەممە خادىملىرىنىڭ ھەر كۈنى 10–12 سائەت ماشىنا ئادەمدەك ئىشلەيدىغىنىنى كۆردۈم. بۇ يەردە «ماشىنا ئادەمدەك» دېيىشىمدىكى سەۋەب، ئۇلار بىر ماشىنىنىڭ قېشىدىن يەنە بىر ماشىنىنىڭ قېشىغا بارغىچە يۈگۈرۈپ ماڭاتتى. بىر ئادەم بىر قانچە ماشىنىنى تەڭلا باشقۇراتتى. بەلگىلەنگەن ئارىلىقتىكى ۋە چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدىن بىر مىنۇتمۇ ئارتۇق دەم ئېلىۋالمايتتى. ساختىلىق ۋە ھىيلىگەرلىك قىلىچىلىكمۇ مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. يەنى، مۇشۇنداق شىركەتتە ئىشلەيدىغان كىشىلەردىمۇ ساموراي روھى ئىنتايىن چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولۇپ، مەن بۇ ھەقتە ئۆزۈمنىڭ كېيىنكى تېمىسىدا يەنە ئازراق توختىلىمەن. شىركەتنىڭ ھەر قانداق بىر ئىشچىسى بىلەن پاراڭلاشسىڭىز، ئۇ سىزگە بۇ شىركەت خۇددى ئۇنىڭ شەخسىي شىركىتىدەكلا تۇيغۇ بېرەتتى. يەنى، ھەر بىر ئادەم شىركەتكە شۇ دەرىجىدە سادىق ئىدى. ياپونلۇقلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ قانداق بىر رولدا ئىشلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز ئىشىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جان تىكىپ پۇختا قىلىدۇ. ئۇلار چىقارغان مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنىڭ ياخشى بولۇشىدىكى سەۋەب ئەنە شۇ. سونىي (Sony) نىڭ ياپونىيەدە ئىشلەنگەن بىر مەھسۇلاتى بىلەن ئوخشاش مەھسۇلاتنىڭ سىنگاپوردا ئىشلەنگىنىنى سېلىشتۇرسىڭىز، ئۇلارنىڭ سۈپىتىدە خېلى زور پەرق بارلىقىنى بايقايسىز.

ياپونلۇقلار ئىقتىسادچىل، سەۋرچان، سودىغا ۋە ھېسابلاپ ئىش قىلىشقا ماھىر كېلىدۇ. لېكىن، بۇ سۈپەتلەر ياپونلۇقلارنىڭ ھازىرقى زامان ئىلىم-پەنلىرى، سەنئىتى ۋە سانائىتىدە قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور ئۇتۇقلىرىنىڭ ئاساسىي سەۋەبلىرى ئەمەس. بۇ سۈپەتلەر جۇڭگولۇقلار ۋە ئاسىيادىكى باشقا دۆلەت خەلقلىرىدىمۇ ئوخشاشلا بار. لېكىن، ياپونلۇقلار تەرەققىياتتا ئۇلاردىن كۆپ ئىلگىرىلەپ كەتتى. ياپونلۇقلار كىشىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدىغان دەرىجىدە چېچەن ۋە سەزگۈر بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ سۈپىتى ئامېرىكىلىقلارنىڭ قول قويۇشىغىمۇ ئېرىشتى. ئەگەر ياپونلۇقلاردا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۇغما پەلسەپە بولمىغان بولسا، ئۇلار دۇنيا ئىشلىرىدا بۈگۈنكىدەك يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشەلمىگەن بولاتتى.

ياپونلۇقلارنىڭ خاراكتېرىدىكى ئەڭ مۇھىم نۇقتا ئۇلاردىكى ئەخلاقىي ئېلېمېنت بولۇپ، بۇ ئەخلاقىي ئېلېمېنتمۇ يۇقىرىدىكى تۇغما پەلسەپىدىن كەلگەن.

بەزىلەر ياپونلۇقلاردا ئەخلاق يوق، دەپ قارايدۇ. بۇنداق قاراش توغرا ئەمەس. ياپونلۇقلاردا غەرب مەدەنىيىتىدە ناھايىتى كۈچەپ قەدىرلىنىدىغان ئەخلاقىي ئىدېئاللار يوق بولۇپ، ئۇلار غەربلىكلەرنىڭ ئەخلاقىي پرىنسىپلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئانچە چۈشىنەلمەيدۇ. ياپونلۇقلارنىڭ پەلسەپىسى بويىچە، ئاقىلانە ئىشلارنىڭ ھەر قانداقىنى قىلىش توغرا، ھاماقەت ئىشلارنىڭ ھەر قانداقىنى قىلىش خاتا. بۇنىڭدىن باشقا توغرا ئىش بىلەن خاتا ئىش، ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش مەۋجۇت ئەمەس. ئۇلارنىڭ بۇنداق خاراكتېرى ياپون شىركەتلىرى بىلەن چەت ئەل شىركەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودا مۇناسىۋەتلىرىدە ناھايىتى روشەن نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. يەنى، ياپونلۇقلار ئۆزلىرىنى باشقىلاردىن ئەقىللىق ھېسابلايدىغان بولغاچقا، ئۇلار سودىدا بىر-بىرى بىلەن ناھايىتى قاتتىق بىرلىشىۋېلىپ، چەت ئەللىكلەر ئۈچۈن ھېچ قانداق يوچۇق قالدۇرمايدۇ. شۇڭلاشقا چەت ئەللىكلەرنىڭ ياپونلۇقلار قۇرۇپ چىققان ئىسكەنجىلەرنى بۇزۇپ تاشلىيالىشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس.

ئىلاۋە: مېنىڭ ئوغلۇم بىر قېتىم بىر يەھۇدىي ساۋاقدىشىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتىكەن، ئۇ ساۋاقدىشىنىڭ دادىسى ئوغلۇمغا مۇنداق دەپتۇ: «دۇنيادىكى ئىنسانلارنى دىنى، مىللىتى ۋە رەڭگى قاتارلىق نەرسىلەرگە ئاساسەن ھەر خىل تۈرلەرگە ئايرىش بىر خىل ئەخمەقلىق. دۇنيادا پەقەت ئىككى خىللا ئادەم بار. بىرى ئەقىللىق ئادەملەر. يەنە بىرى ھاماقەتلەر.»

ياپونلۇق ئەرلەرنىڭ ئۆزىنىڭ خوتۇنىدىن باشقا ئاياللار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى جەھەتتىمۇ ياپونلۇقلار دۇنيادىكى باشقا ھېچ قانداق مىللەتكە ئوخشىمايدىغان بىر خىل خاراكتېرگە ئىگە. ياپونىيەدە ئائىلىنىڭ سىرتىدىكى ئەر-ئاياللار مۇناسىۋىتىدە بولۇپ باشقا بىرەر ئائىلىنى بۇزۇش بىر خىل شەرمەندىلىك بولۇپ، بۇنداق ئىشنى سادىر قىلغۇچىلار ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا لايىق بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ياپونىيەدە بىر ئادەم يەنە بىر ئائىلىنى بۇزىدىغان ئىش قەتئىي مەۋجۇت ئەمەس. لېكىن ياپونلۇق ئەرلەر باشقا ئېرى يوق ياكى ئۆز بەدىنىنى سېتىپ كۈن كەچۈرىدىغان ئاياللار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولسا، بۇنى ئۇ ئەرنىڭ خوتۇنىمۇ ئېغىر ئالمايدۇ، پۈتۈن جەمئىيەتمۇ ئېغىر ئالمايدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە پۈتۈن جەمئىيەت ھېلىقىدەك ئۆز بەدىنىنى سېتىپ كۈن كەچۈرىدىغان ئاياللارغا خۇددى باشقا ئادەملەرگە ئوخشاشلا نورمال ۋە ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. بىر توي قىلمىغان ئەر ئاشۇنداق كەسپتىكى ئاياللار بىلەن بىر مەزگىل جىنسىي مۇناسىۋەتتە بولۇپ، كېيىن ئۇلار توي قىلىپ ئۆي تۇتسىمۇ، جەمئىيەت ئۇلارنى ئوخشاشلا ھۆرمەتلەۋېرىدۇ. ياپونلۇقلارنىڭ بۇ ئىشتا تۇتقان يولى ئىنسان ئېھتىياجىغا ئاساسلانغان بولۇپ، ئۇلار بۇ ئىشقا توغرا-خاتالىق نۇقتىسىدىن ئەمەس، ئاقىلانە ئىش ۋە ھاماقەتلىك ئىش نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلىدۇ. گەرچە جەمئىيەت بۇنداق ئىشنى ئېغىر ئالمىسىمۇ، ئۇنى سادىر قىلىدىغان ئەرلەر يەنىلا ئىنتايىن كىچىك بىر نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ.

ئەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ ئىش كۆرۈش جەھەتتە بىر قىسىم ئەرەبلىكلەرمۇ ياپونلۇقلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئوخشىمايدىغان يېرى ئەرەبلىكلەر ئىسلام دىنى قائىدىسى بويىچە ئۆزلىرى ئۈچۈن 3-4 خوتۇن ئېلىۋالىدۇ. مەن يېقىندا بىر ئەرەب دۆلىتىدە خېلى ئۇزۇن ياشاپ باققان بىر ئۇيغۇر دوستۇمدىن: «ئەرەب دۆلەتلىرىدە ئاياللار نوپۇسىنىڭ سانى ئەرلەرنىڭكىدىن كۆپمۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ «ياق، ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ» ، دەپ جاۋاب بەردى. مەن «ئۇنداقتا ئەرلەر 3-4 تىن خوتۇن ئالىدىغانغا ئاياللار يېتىشمەي قالامدۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ «يېتىشمىسە چەت ئەلدىن ئەكىرىدۇ» ، دەپ جاۋاب بەردى. ياپونلۇقلار چەت ئەلدىن ئايال ئەكىرمەيدۇ. ئۆزىنىڭكىنى ئۆزىگە يەتكۈزىدۇ.

ئىلاۋە: يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك ياپونلۇقلار ئەخلاقىي ئۆلچەم جەھەتتە بىز ئۇيغۇرلارغا ئوخشىمايدۇ. يەھۇدىيلار ۋە خرىستىيانلارمۇ ھەم شۇنداق. باشقىلارنىڭ بىر

ئىشى بىزنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولمىسا، بىز توغرا قىلغان، ئۇلار خاتا قىلغان بولمايدۇ. ئۇ ئوخشىمىغان ئىنسانلار ئارىسىدىكى پەرقنىڭ، ياكى ئوخشىمىغان ئەخلاق ئۆلچەملىرىنىڭ نورمال نامايەندىسى بولىدۇ. شۇڭلاشقا مەن ئوقۇرمەنلەردىن يۇقىرىدىكى مەزمۇنلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن ياپونلۇقلارنى ئەيىبلەپ، ياكى ھاقارەتلەپ كېتىشىدىن ساقلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن يەھۇدىيلار توغرۇلۇق يازغان ئىككى پارچە ماقالىگە بەزى يەھۇدىيلارغا ئادالەتسىزلىك قىلىدىغان ئىنكاسلارمۇ چۈشتى. يەھۇدىيلار تارىختىن بۇيان بىزگە، يەنى ئۇيغۇرلارغا، بىرەر قېتىم ئەسكىلىك قىلىپ باققان ئەمەس. بەزى بىر گەپلەرنى بۇ يەردە دېيىش ئەپسىز. ھەر ھالدا ئەگەر سىز دۇنيادىكى ئىشلارنى تولۇق بىلگەن بولسىڭىز، يەھۇدىيلارنى ئۇنچىۋالا ئەيىبلەپ كەتمەيتتىڭىز. مەن ياپونلۇقلارنىڭمۇ ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق قىلغان بىرەر يامان گېپىنى ئاڭلاپ باقمىدىم. ئۇلار ئۆزىگە ماس كېلىدىغان بىر ياشاش يولىنى تاللاپ، باشقىلارنىڭ ياشاش يولىنى توغرا چۈشىنىشكە تىرىشىپ، ئەمما ئۇلارنى تەنقىد قىلماي ياشاپ كېتىۋاتقان بىر مىللەت. ئەمەلىيەتتە دۇنيادىكى تەرەققىي تاپقان ئىلغار مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق. ئۇلار ئاساسەن باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادىتى ۋە خاراكتېرىگە ھۆرمەت قىلىدۇ. بىزمۇ ئاشۇنداق ئەخلاقنى ئۆگىنەيلى. خۇددى قۇرئان كەرىمدە دېيىلگىنىدەك، ئىنسانلار بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان قىلىپ يارىتىلغان. بۇنى بىز ئېتىراپ قىلايلى ۋە بۇ ھەقىقەتنى ھۆرمەتلەيلى. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان كىشىلەرگە ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاقىي ئۆلچىمى بويىچە باھا بېرىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل ھاماقەتلىك. شۇڭا بۇنى ھەرگىز ئېسىمىزدىن چىقارمايلى.

ياپونىيەدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش بىر شەرەپلىك ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ياپونلۇقلار ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى چەكلەيدىغان بىرەر ئەخلاقىي پرىنسىپ مەۋجۇت ئەمەس. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكى سامۇراي تۈزۈملىرىدە، ئەگەر بىر ئادەم شان-شەرەپ بىلەن ياشىيالمىسا، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى كېرەكلىكى بەلگىلەنگەن. گەرچە سامۇراي دەۋرى ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش توغرىسىدىكى بۇ ئاجايىپ نەزەرىيە ئۆز كۈچىنى تېخىچە يوقاتمىدى. ياپونلۇقلارنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش نىسبىتى دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنىڭ سەۋەبى يۈزدە-يۈز پىرسەنت دېگۈدەك شەرمەندىلىك ياكى سەمىمىيەتسىزلىكتىن ئىبارەتتۇر. يەنى، ياپونلۇقلار بىرەر قېتىم شەرمەندىلىك قىلىپ قويسا، يەنە يۈزىنى كۆتۈرۈپ ياشاۋەرمەيدۇ. بەلكى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. جەمئىيەتتىكى بارلىق كىشىلەر مۇشۇنداق ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان كىشىلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ھۆرمەت نەزىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. شەرمەندىلىك

قىلىپ قويۇپ، يەنە ياشاپ كېتىۋېرىدىغانلار بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار جەمئىيەتكە قەتئىيلا سىغمايدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ياپونلۇقلار خرىستىئان دىنىنىڭ تەسىرىگە ئانچە ئۇچرىمىغان. ياپونلۇقلاردىن خرىستىئان دىنىنى قوبۇل قىلغانلار ئىنتايىن ئاز بولۇپ، ئۇ ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ ياپونلۇقلار مىللىي روھىغا كۆرسەتكەن تەسىرىمۇ ئاساسەن كۆزگە چېلىقمايدۇ. ياپونلۇقلارنىڭ نەزىرىدە، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش پەلسەپىسى خرىستىئان دىنىنىڭ تەلىماتلىرىدىن كۆپ ئۈستۈن تۇرىدۇ. ياپونلۇقلار خرىستىئان دىنىدىكىلەرنىڭ دىنى بىلەن ئەخلاقىي ئۆلچىمىدىن باشقا بارلىق نەرسىلىرىنى ئۆزلىرىگە سىڭدۈرگەن. ھازىر ياپونلۇقلار ئۇرۇش تېخنىكىسى، ئىلىم-پەن، سانائەت، گۈزەل-سەنئەت، ۋە سودا قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە باشقا دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىشىدۇ، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش پەلسەپىسىنى ئۈستۈن كۆرگەنلىكتىن، خرىستىئان دىنىنى زادىلا قوبۇل قىلمايدۇ.

ياپونلۇقلارنىڭ كۆڭلىدە گۇناھ مەۋجۇت ئەمەس، ئەمما ئەخمەقلىق مەۋجۇت. ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تېگىشلىك ئىدېئال مەۋجۇت ئەمەس، ئەمما ماتېرىيالىزمچىلىق ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك مەۋجۇت. ياپونلۇقلارنىڭ پەلسەپىسى ھەممە مۇھىم نۇقتىلاردا خرىستىئان پرىنسىپلىرىنىڭ قارىمۇ-قارشى تەرىپىدە تۇرىدۇ. ياپونلۇقلارنىڭ پەلسەپىسى ئۇنىڭغا ئىشىنىدىغان كىشىلەرگە نىسبەتەن خۇددى ئۇلارنى ھوشىدىن كەتتۈرىۋېتىدىغاندەك كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە پەلسەپە بولۇپ، ئاشۇ پەلسەپە ياپونلۇقلارنىڭ تۇغما خاراكتېرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن.

قىسقىسى، ياپونلۇقلاردا بىر خىل تەبىئىي خاراكتېر ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان بىر خىل ئۆزگىچە تۇغما پەلسەپە بار. بۇ پەلسەپە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكى ئۆلۈم ئىشلىرى، بايلىقىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئىشلىرى، كېسەللىك، ۋە باشقا ھەممە خىلدىكى ئوڭۇشسىزلىقلارنىڭ ھەممىسىگە بىر قەدەر سەۋرچان ۋە چىدامىلىق كېلىشى؛ ئۆتۈپ كەتكەن ئىش ئۈچۈن ھەسرەت چېكىشنى بىر خىل ئەخمەقلىق دەپ ھېسابلىشى؛ ئاقىلانە ئىشلارنىڭ ھەر قانداقىنى قىلىش توغرا، ھاماقەت ئىشلارنىڭ ھەر قانداقىنى قىلىش خاتا، ئۇنىڭدىن باشقا توغرا ئىش بىلەن خاتا ئىش، ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش يوق، دەپ قارىشى؛ بىرەر شەرمەندىلىكنى سادىر قىلىپ قويغاندا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى بىر خىل شەرەپلىك ئىش دەپ

ھېسابلىنىشى؛ ياپونلۇقلارنىڭ كۆڭلىدە گۇناھ مەۋجۇت ئەمەس، ئەمما ئەخمەقلىق مەۋجۇت ئىكەنلىكى؛ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تېگىشلىك ئىدىيىئال مەۋجۇت ئەمەس، ئەمما ماتېرىيالىزمچىلىق ۋە مىللەتپەرۋەرلىك بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك مەۋجۇت ئىكەنلىكى قاتارلىق جەھەتتە نامايان بولىدۇ.

## 8. ياپونلۇق ئاياللارنىڭ ئەخلاقىي خاراكتېرى

دىنىي ئېتىقاد ياپونلۇق ئاياللاردا ئەرلەرگە قارىغاندا كۈچلۈك بولۇپ، ياپونلۇق ئەرلەر بولسا ئاساسەن ماتېرىيالىزمچىلاردۇر. ئاياللار ئىبادەتخانىغا بارىدىغان بولۇپ، بۇددا دىنى بىلەن شىنتو دىنى ئۇلارغا ئېرى، بالىلىرى ۋە ئائىلىسى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىش ئەخلاقىنى ئۆگەتكەن. مانا بۇ ياپونلۇق ئاياللار خاراكتېرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىدۇر. ئاياللارنىڭ دىنى ئېتىقادى ئۇلارغا ئەرلىرىگە يۈزدە-يۈز بويسۇنۇش مىجەزىنى ئۆگەتكەن بولۇپ، ئۇلار ئەرلىرىنى ئۆي ئىچىدىمۇ ۋە سىرتتا باشقىلار ئالدىدىمۇ «خوجايىن» (主 人) دەپ چاقىرىدۇ. ئۇلار ئەرلىرى ئۈچۈن قۇلدەك خىزمەت قىلىش ۋە ئۆزىنى پۈتۈنلەي قۇربان قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن مەدھىيەدىن زور خۇشاللىق تاپىدۇ. بۇددا دىنىدىكى «سەن پەقەت ئۆز-ئۆزۈڭنى قۇربان قىلىش ئارقىلىقلا جەننەتكە كىرەلەيسەن» دېگەن سۆزنى ھەر ۋاقىت قەلبىدە ساقلايدۇ.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەككى، ياپونلۇق ئاياللار بۇتخانىغا ئارىلاپ-ئارىلاپ بارىدىغان بولسىمۇ، ئۇلار ھەرگىز رەسمىي دىنچىلاردىن ئەمەس. يەنى ئۇلارنىڭ بۇددا دىنغا ئىشىنىش ۋە بۇ دىننى پراكتىكا قىلىش دەرىجىسى تىبەتلىكلەرنىڭكىدىن كۆپ ئارقىدا تۇرىدۇ.

مۇتلەق كۆپ ساندىكى ياپونلۇق ئانىلار ھامىلىدار بولغان ۋاقتتىن باشلاپ ئىشلەشتىن توختايدۇ. بۇ پەقەت 9 يىللىق مەجبۇرى مائارىپنى تاماملىغان ئانىلار ئۈچۈنمۇ، ئالىي مەكتەپنى دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغۇچە ئوقۇغان ئانىلار ئۈچۈنمۇ، ۋە ھەر خىل كەسپلەردە داڭ چىقىرىپ، پۈتۈن ياپونىيە بويىچە يۈز-ئابروي قازانغان ئانىلار ئۈچۈنمۇ ئوخشاش. بۇ ئانىلارنىڭ ھەممىسى ئىشتىن توختاپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بالىسنى تەربىيىلەيدۇ. ئائىلىسى ۋە ئېرىدىن خەۋەر ئالىدۇ. ئەرلىرى ئىشتىن چۈشۈپ، ئۆيگە كەلگەندە ئاياللىرى ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ چاپىنىنى سالدۇرۇپ، ئېسىپ قويىدۇ. ئاندىن تەقمۇ-تەل قىلىپ قويغان ئىسسىق

تاماق ۋە ئىچىملىكلەرنى ئەكېلىپ، ئۇلارنى يۈكۈنۈپ ۋە تەزىم قىلىپ تۇرۇپ ئېرىنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. بۇنداق كۆرۈنۈشنى كۆرگەن چەت ئەللىككە نىسبەتەن ئۆيدىكى ئايال بىر قۇلغا، ئەر بولسا بىر خوجايىنغا ئوخشاش كۆرۈنىدۇ. ياپونىيە تىلىدىكى «خوتۇن» دېگەن سۆزنىڭ «ئۆي ئىچى (kanai ,家内) دەپ يېزىلىشى، ۋە ئەرلەرنىڭ خوتۇنلىرىنى «ئۆي ئىچى» دەپ چاقىرىشى كىشىلەرگە ھەقىقەتەنمۇ ئەرلەر ئۈستۈن، ئاياللار تۆۋەن تۇرىدىغاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇلار ياپونلۇق ئاياللار ۋە ئەرلەرنىڭ خاراكتېرى بولۇپ، ئەرلەر ئاياللىرىنى ھەرگىزمۇ پەس كۆرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئاياللىرىنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيدۇ ۋە قەدىرلەيدۇ. ياپونىيەدە ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش-ماجىرالارنى كۆرۈش قەتئىي مۇمكىن ئەمەس بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت خۇددى مېھمانلار ئوتتۇرىسىدىكى بىر-بىرىنى ئىززەتلەش، بىر-بىرىنى ھۆرمەتلەش، ۋە بىر-بىرىگە يول قويۇش مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىنى يۈزدە-يۈز پىرسەنت دېگۈدەك ئاياللار باشقۇرىدۇ. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئاياللارنىڭ ھاياتى ئەرلەرنىڭكىدىن راھەت بولغاچقا، ياپونلۇق ئاياللارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش يېشى ئەرلەرنىڭكىدىن ئۈستۈن بولۇپ، ياپونىيىدىكى قېرىلارنىڭ ئىچىدە ئەرلىرى بالدۇر ئۆلۈپ كەتكەن ئاياللار مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ. 2011-يىلىدىكى ستاتىستىكا نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، ياپونلۇق ئەرلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش يېشى 79 ياش بولۇپ، دۇنيا بويىچە 12-ئورۇندا تۇرىدىكەن. ياپونلۇق ئاياللارنىڭ بولسا 86 ياش بولۇپ، دۇنيا بويىچە 1-ئورۇندا تۇرىدىكەن [9]. مەن چەت ئەللەردە ياشىغان ياپونلۇق ئاياللاردىن تەركىب تاپقان ساياھەت ئۆمەكلىرىنى پات-پات ئۇچرىتىپ تۇرىمەن.

## 9. ئاخىرقى سۆز

مەن 2013-يىلى يەھۇدىيلار توغرىسىدا ئىككى پارچە ماقالە يازدىم. بۇ قېتىم ياپونلۇقلار توغرىسىدا مەزكۇر ماقالىنى يازدىم. مۇشۇ 3 پارچە ماقالىدا بايان قىلىنغان مەزمۇن ۋە مەن ئىگىلىگەن باشقا بىر قىسىم ئۇچۇرلارغا ئاساسەن، بۇ ئىككى مىللەت توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك يەكۈنلەرنى چىقىرىش مۇمكىن:

-- ئۇلار مەجبۇرى مائارىپنى باشقىلاردىن كۆپ بالدۇر باشلىغان.

-- ئۇلار بالا تەربىيىسىگە ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدە كۆڭۈل بولىدۇ. ئۇنى كەلگۈسىگە مەبلەغ سېلىشتىكى ئەڭ مۇھىم ئىش، دەپ قارايدۇ. ھەممە بالا تەربىيىسىنى ئائىلىدىكى تەربىيە، مەكتەپتىكى تەربىيە ۋە جەمئىيەتتىكى ھەممە كىشىلەرنىڭ نازارەتتە بولۇشى ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

-- يەھۇدىيلار ئۆزى توغرۇلۇق يازغان نەرسىلەردە ئۆزلىرىنى جۇدائىزم بىلەن تەۋراتقا چەمبەرچاس باغلايدۇ. ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقىدەك تەقدىرىنى قولغا كەلتۈرەلىشىدە، ھەممە كەلگۈسىدە ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ ماڭالىشىدا بۇ ئىككى نەرسىنىڭ ھالقىلىق رول ئوينايدىغانلىقىنى كۆپ تەكىتلەيدۇ. ئەمما ھازىر يېزىلىۋاتقان ئۆزلىرى توغرىسىدىكى نەرسىلىرى ئاساسەن ھازىرقى ھايات توغرۇلۇق بولۇپ، كېيىنكى ھاياتنى ناھايىتى ئاز تىلغا ئالىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

-- ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ياپونلۇقلار بىر دىنچى مىللەت ئەمەس. ئۇلارنىڭ خاراكتېرى، ئەخلاقى ۋە قىممەت قارىشى ئاساسەن ئۆز ئەنئەنىسىگە ۋە ئۆز پەلسەپىسىگە ئاساسلانغان. ئۇلار بىر مەزگىل غەربلىكلەرنىڭ قىممەت قارىشىنى كىرگۈزۈپ باققان بولسىمۇ، كېيىن ئۇلاردىن ئاساسەن ۋاز كەچكەن. ياپونلۇقلارنىڭ ھازىرقى قىممەت قارىشىدا بۇددىزم تەلىماتلىرىنىڭ بىر قىسىم تەسىرلىرى بار. ئەمما ئۇلارنىڭ ھازىرقىدەك قۇدرەت تېپىشىدا ھالقىلىق رول ئوينىغان نەرسە يەنىلا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس تۇرمۇش پەلسەپىسى، تەبىئىي خاراكتېرى، ۋە تەربىيە ئارقىلىق يېتىلدۈرۈلگەن ئەخلاقلىرىدىن ئىبارەت.

-- ياپونلۇقلار بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ ئىش-ھەرىكىتىدە بىرەر دىنىنىڭ تەلىماتى ياكى بىرەر ئىنسانلار توپىنىڭ قىممەت قارىشىنى ئاساس قىلغان ۋاقىتتىكى توغرا-خاتانى ياكى ياخشى-يامانىنى ئۆلچەم قىلمىغان. پەقەت قىلماقچى بولغان بىر ئىشنىڭ ئاقىلانە ئىش ياكى ھاماقەت ئىكەنلىكىنىلا ئۆلچەم قىلغان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ياپونلۇقلار باشقىلارنىڭ مەنپەئەتلىرىگە دەخلى-زىيان يەتكۈزمىگەن ئاساستا پەقەت ئاقىلانە ئىشلارنىلا قىلىشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ياشاش يولى قىلغان. يەھۇدىيلار بولسا ھەر خىل قانۇن-قائىدىلەرنى بۇزمىغان، ياكى بۇزسىمۇ سىرتقا بىلىندۈرمىگەن ياكى باشقىلار قوبۇل قىلالايدىغان دەرىجىدە بۇزغان ئاساستا پەقەت ئاقىلانە ئىشلارنىلا قىلىشنى ئۆزلىرىنىڭ ياشاش يولى قىلىپ كەلگەن.

-- ياپونلۇقلار بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ يەنە بىر ئورتاق ئالاھىدىلىكى، ئۇلار بىلىم، ئىقتىدار، ماھارەت ۋە جاسارەت قاتارلىق كۆپ جەھەتلەردە ئىنسان مۇكەممەللىكىگە يېتىشنى، باشقىلارنى بېسىپ چۈشۈش ئۈچۈن كىچىكىدىن تارتىپلا جان تىكىپ قاتتىق تىرىششنى ، ھەمدە ئەڭ قىيىن كەسىپلەرنىڭ كەسىپ ئەھلى ياكى مۇتەخەسسىسلىرى بولۇۋېلىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغان.

-- ياپونلۇقلار بىلەن يەھۇدىيلار ھەر قانداق ۋاقىت ۋە ھەر قانداق جايدا مىللەت مەنپەئىتىنى ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىدىن ئۈستۈن كۆرىدۇ. ياپونلۇقلار ۋەتىنى ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرىدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ بىر قىسمىنى ئاشۇ ئىككى مىللەت بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زور پەرقلەرنىڭ بارلىقىنى بايقايمىز. بىر قىسىم مۇسۇلمانلار كېيىنكى ھاياتنى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ. بەزىلەر بولسا كېيىنكى ھاياتنى ھازىرقى ھاياتتىنمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ھازىرقى ھاياتتا ئۆزلىرىنىڭ كەمستىلىپ ۋە خارلىنىپ ياشاۋاتقانلىقىغا ئانچە پەرۋا قىلمايدۇ. مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنى تەلىماتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاقىي ئۆلچىمى قىلىدۇ. ئۇلار قولللىنىدىغان ئەخلاق ئۆلچىمى ۋە قىممەت قارىشى بىلەن يۇقىرىدىكى ئىككى مىللەتنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمى ۋە قىممەت قارىشىدا ناھايىتى زور پەرقلەر بار.

ياپونلۇقلارغا دۇنيا ئانچە دىققەت قىلمايدىغان، ياپونىيەنى دۇنيا ئانچە بىلمەيدىغان بىر ۋاقىتلاردا، ئىسلام دۇنياسى ئىلىم-پەندە پۈتۈن دۇنياغا باشلامچى بولۇپ ماڭغان. بۇنداق باشلامچىلىق رولى مىڭ يىلدەك داۋام قىلغان. ھازىر ئىلىم-پەن ۋە يۇقىرى تېخنىكىلاردا ئىسلام دۇنياسى نەدە، ياپونىيە نەدە؟

ياپونلۇقلارغا دۇنيا ئانچە دىققەت قىلمايدىغان، ياپونىيەنى دۇنيا ئانچە بىلمەيدىغان بىر ۋاقىتلاردا، ئۇيغۇرلار يەر شارى يۈزىنىڭ خېلى كۆزگە كۆرۈنگۈدەك بىر پارچىسىدا ھۆكۈم سۈرگەن. ئۆزىنىڭ ھەممە جەھەتلەردىكى ئۈستۈنلۈكىدىن ھۇزۇرلانغان. ئاشۇنداق دەۋر خېلى ئۇزۇن داۋاملاشقان. ھازىر بىز نەدە، ياپونلۇقلار نەدە؟ ياپونلۇقلار دۇنيانى سورىغۇچىلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك بىر ئەزاسى بولۇپ ياشاۋاتىدۇ. بىز بولساق ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىركاڭشىشىۋاتىمىز.

رەھمەتلىك ئابدۇشۈكۈر مەتئىمىن ئۇستازىمىز «ئۈچ خىل مىللەت ۋە مىللىيەتلىكتىكى ئۈچ خىل قىممەت» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ [8]:

«گەرچە تارىخىمىزنىڭ ئېتىخارلىق سەھىپىلىرى بىر-بىرىدىن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلەنسىمۇ، ئەمما بىر قەدەر كۈچلۈك ئۇيۇشقاقلىق ئۇلىدا جىلۋىلەنگەنىدى. ئۇيغۇرلار دىغار، ھون، تېلې قەبىلىلىرى بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنى بىرلەشتۈرۈپ جۇجان ۋە كۆكتۈرك خانلىقىنى غۇلىتىپ، تاڭ سۇلالىسى سەلتەنىتىنى ئۆتكلۈك-سۈيگۈن قوشۇنلىرى بىلەن تۈپتۈتلەرنىڭ تالاڭ قىلغۇچ مۇھاسىرىسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، يىپەك يولىنى نەچچە قېتىم ئۈزۈپ قويغان كۈچلەرنى تازىلاپ، سامانىيلارنى مۇنقەرز قىلىپ، ئۆز تەسىرىنى ئەرەب خەلىپىلىكىگىچە كېڭەيتىپ، ئۆز تىلىنى ئىمپېرىيە تىلى—ئەرەب تىلى بىلەن «بەيگىدىكى ئاتتەك» مەرتىۋىگە كۆتۈرۈپ، ئىچكى ئۇيۇشۇش ۋە سىرتقا قارىتا بىرلىك-ھەمدەملىكنىڭ شاراپىتىنى نامايىش قىلغانىدى. ۋەھالەنكى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننى چېكىندۈرگەن، چىڭگىزخان سەلتەنىتىگە مەنىۋى ئوزۇق بېغىشلىغان بۇ خەلق كېيىنچە، ئەھمەتشاھ قاراقاشى غەزىلىدىكى «ئات» ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى!»

«ھەممىگە مەلۇم، ئۇلۇغبېك پاجىئەسىدىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇرلار ھەرگىزمۇ نوقۇل «كەتمەن بىلەن ھوسۇل»، «ناماز بىلەن غۇسۇل»، «دۇتار بىلەن ئۇسسۇل» دىن ئىبارەت بارى-يوقى ئۈچلا شادىلىق پىرقىرىما چاققا بەند بولغان مىللەت ئەمەس ئىدى .

قېنى ئويلاپ كۆرۈڭچۇ، بۈگۈنكى كۈندە مەنسەپ تاپسا ئۆيمۇ-ئۆي زىياپەت، پۇل تاپسا مەككە-مەدىنىگە زىيارەت، بۇ ئىككىسى بولمىغاندا كاللا-پاقالچاق، ئۆپكە-ھېسىپ چاغلىق تىجارەتتىن باشقىسىغا قۇربىتى يەتمىگەن خەلق يەنىلا كونا مۇقامغا يورغىلىسا، ئەسىر ئالماشقان بىلەن ئۇنىڭ رىزقى نېسىۋىسى ئالمىشارمۇ؟ !

يېقىنقى بەش ئەسىر مابەينىدە «ئەۋلىيا چەتتىن، مۇرت بىزدىن» بولۇپ، ئىچكى نىزا ۋە تەپرىقچىلىكتە ئېرىشكىنىمىز زادى نېمە بولدى؟

يېقىنقى بەش ئەسىردىن بۇيان دىنىي مەزھەپچىلىك بىلەن مۇرت-مۇخلىسلىق پىرقىۋازلىقى، يۇرتۋازلىق-مەھەللىۋازلىق، موللام ياكى ئەپەندىلىرىمىزدىكى كىچىك گۇرۇھۋازلىق، ئەل غېمىنى مۇز دەرياغا پىرقىرىتىپ چۆرۈۋەتكەن مەنسەپ-بالداق ھېرىسمەنلىكى، تۈركۈم ئېڭى ۋە مىللىي مەدەنىيەت ئىنكارچىلىقىنىڭ تەلۋە دەبدەبىلىرى بىلەن دەل-دەرەخسىز جەزىرىدىكى قۇيۇنتازدەك مەسئۇلىيەتسىز پىتنە-ئىغۋا تۆھمەتخورلۇقى قاتارلىق ئالتە زەھەر تۈپەيلىدىن «ئوغۇز سۈتىدەك ئۇيۇماق» دېگەن مەنىدىكى «ئۇيغۇرلار» ئۇيۇشۇش كۈچىنى «ئېچىغان سۈت»كە ئايلاندۇرۇپ قويدى. نەتىجىدە «ئىسمىمىز ئۇيغۇر، ئىشىمىز ئۇرغۇي» بولۇپ چىقتى.»

يۇقىرىدىكى مەزمۇندىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلاردا بۇنىڭدىن 5 ئەسىر بۇرۇن، يەنى 1550-يىللىرى بىر چوڭ ئۆزگىرىش بولغان. ئاشۇ ئۆزگىرىشتىن كېيىن ئۇيغۇرلار تېخىمۇ قۇدرەت تېپىش تەرەپكە ئەمەس، ئاجىزلىشىش تەرەپكە قاراپ ماڭغان. شۇ ماڭغانچە بىز مانا بۈگۈنكىدەك هالەتكە كېلىپ قالدۇق. **بىزنىڭ بۇرۇنقى ئىش-ھەرىكىتىمىز بىزنىڭ هازىرقى تەقدىرىمىزنى بەلگىلىدى. بىزنىڭ هازىرقى ئىش-ھەرىكىتىمىز، بىزنىڭ كەلگۈسىدىكى تەقدىرىمىزنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا هازىر قانداق قىلىش توغرىسىدا ناھايىتى ئوبدان ئويلىنىشىمىز كېرەك. «بىزنىڭ هازىر تاللىۋالغان ياشاش يولىمىز توغرىمۇ؟» دەپ سورىشىمىز، ھەمدە بۇ ھەقتە قاتتىق ئويلىنىشىمىز كېرەك.** شۇنىڭ بىلەن بىللە بىزدە بۇنىڭدىن 5 ئەسىر بۇرۇن نېمە ئۆزگىرىشلەر بولغانلىقىنىمۇ بىلىۋېلىشىمىز، شۇ چاغدىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئوبدان يەكۈنلەپ چىقىپ، ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ يېڭى ئەۋلادلىرىغا بىلدۈرۈشىمىز كېرەك. ئوخشاش ئىشنى تەكرارلاۋېرىپ، ئۇنىڭدىن باشقىچە نەتىجە كۈتۈش بىر خىل ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلىق. بىز تارىختىكى خاتالىقلىرىمىزنى تەكرارلىماسلىقىمىز ئۈچۈن، بۇرۇنقى تەجرىبە-ساۋاقلىرىمىزنى ئوبدان يەكۈنلەپ چىقىشىمىز كېرەك. مەن ئۇيغۇرلارغا بۇنىڭدىن 5 ئەسىر بۇرۇن نېمە بولغانلىقى ئۈستىدە ئازراق ئىزدىنىۋاتىمەن. ئەمما هازىرقى ئەھۋالىم بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرىمنىڭ نەتىجىلىك بولۇشىغا زۆرۈر ئىمكانىيەتلەرنى هازىرلاپ بېرەلمەيۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا مەن ئىمكانىيىتى بار ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ بۇ ئىشقا بىر كۈچەپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۆزىمىزنى توغرا ۋە تولۇق چۈشىنىشنىڭ بىر ئۇسۇلى ئۆزىمىزنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ بېقىشتۇر. مەن ئوقۇرمەنلەرگە مۇشۇ جەھەتتە بىر ئاز پايدىسى بولسۇن ئۈچۈن، يەھۇدىيلار توغرۇلۇق ئىككى پارچە ماقالە يازدىم. ياپونلۇقلار توغرۇلۇق مەزكۇر ماقالىنى يازدىم. ياپونلۇقلارنى بىر پارچە ماقالىدە تولۇق تونۇشتۇرۇپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭلاشقا مەن ئۇلار توغرۇلۇق يەنە بىر-ئىككى پارچە ماقالە يېزىشىم مۇمكىن. مەن بارلىق قېرىنداشلاردىن مەزكۇر ماقالىدىكى مەزمۇنلارنى تولۇقلايدىغان مەزمۇنلار بولسا، ئۇلارنى ھەممىمىز بىلەن ئورتاقلىشىشنى چىن كۆڭلۈمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

[1] بىلىمخۇمار، «يەھۇدىيلارنىڭ كۈچلۈك بولالىشىدىكى مۇھىم ئامىللار» http://bbs.misranim.com/thread-114545-1-1.html

[2] «2013-يىلى قايسى دۆلەت خەلقلىرى ئەڭ ساپالىق خەلق بولۇپ باھالاندى؟»

http://bbs.misranim.com/thread-116266-1-1.html

[3] يۈسۈف قەرداۋى، « مۇسۇلمانلارنىڭ 20-ئەسىردىكى مەغلۇبىيەتلىرى» http://bbs.bagdax.cn/thread-21183-1-1.html

[4] «ياپونلۇقلار روھى» (Yamato damashii, 大和魂)
http://en.wikipedia.org/wiki/Yamato-damashii

[5] Albrecht Fürst von Urach, «The Secret of Japan's Strength», 1943.

[6] «Strength and weakness of Japan in comparison with other countries», February 15, 2010, rvdirza.wordpress.com

[7] Colgate Baker, «The real Japanese character», in «Independent», pp. 641-644. Year and issue number are not known.

[8] ئابدۇشۈكۈر مەمەتىمىن، «ئۈچ خىل مىللەت ۋە مىللىيەتلىكتىكى ئۈچ خىل قىممەت»

http://www.meripet.com/Academy/MAbduxukur.htm

[9] List of countries by life expectancy
http://en.wikipedia.org/wiki/List_of_countries_by_life_expectancy




1 ـ رەسىم: 1986 ـ يىلى 10 ـ ئايدا رەھمەتلىك ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىن ئۇستازىمىز كوبې گاكۇيىن ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى دوكتور كوداما شىنجىرو ئەپەندى قاتارلىق بىر قانچە پروفېسسورلىرىنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن ياپونىيەگە ئىلمىي دوكلات بېرىشكە كەلدى. مەن شۇ چاغدا ياپونىيەدە بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىمنىڭ ئۇيغۇرچە دوكلاتىنى نەق مەيداندا ياپونچىغا تەرجىمە قىلىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ بەردىم. بۇ رەسىم 1986 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىكى بىر ئىلمىي دوكلات جەريانىدا تارتىلغان.



2 ـ رەسىم: كوداما ئەپەندى ئابدۇشۈكۈر مۇئەللىم بىلەن ئىككىمىزنى بىر ئىسسىق سۇ كۆلىگە ئاپارغان ۋاقىتتىكى بىر كۆرۈنۈش.



3ـ رەسىم: بىر قانچە كىشى كوبېدا بىللە ساياھەت قىلىۋاتقاندىكى بىر كۆرۈنۈش.



4ـ رەسىم: 2012ـ يىلى 12ـ ئايدا مەن ئوغلۇمنى ساياھەت قىلدۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ياپونىيەگە باردىم. شۇ سەپەر جەريانىدا مەن ئۆزۈم مەخسۇس كوبېغا بېرىپ، كوداما شىنجىرو مۇئەللىمنى يوقلاپ كەلدىم. بۇ شۇ چاغدىكى بىر كۆرۈنۈش.

# ياپونلارنىڭ مىللىي روھى

2014-يىلى 2-ئاينىڭ 7-كۈنى

ناھايىتى راھەت كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، بىر ياپون ھەربىي ماھارەت ئوقۇتقۇچىسى ئۆزىنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى بىلەن بىللە دالادا مېڭىۋاتقاندا، يېنىدىن بىر ناھايىتى چىرايلىق توشقان يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىر تۈلكە توشقاننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئوقۇغۇچى بىلەن ئوقۇتقۇچى ئوتتۇرىسىدا تۆۋەندىكى پاراڭلار بوپتۇ:

--ئوقۇغۇچى: بىچارە توشقانغا ئۇۋال بولىدىغان بولدى-دە؟ ئۇ ئىنتايىن چىرايلىق ئىكەندۇق. ئەمدى ئۇ ئۆلىدىغان بولدى .

--ئوقۇتقۇچى: ئۇ نېمىشقا ئۆلىدىكەن؟

مۇشۇنداق ئىنتايىن ئېنىق بىر ئىشتا، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئاشۇنداق بىر سوئالنى سورىغىنىغا ئوقۇغۇچى ناھايىتى ھەيران قاپتۇ.

--ئوقۇغۇچى: ئۇ تۈلكە توشقاندىن جىق تېز ھەم كۈچلۈك تۇرسا.

--ئوقۇتقۇچى: بىزنىڭ قەدىمكى ھېكمەتلىرىمىزگە ئاساسلانغاندا، ئۇ توشقان تۈلكىدىن قۇتۇلۇپ كېتىدۇ.

--ئوقۇغۇچى: قانداقسىگە ئۇنداق بولسۇن؟ تۈلكىنىڭ نەقەدەر تېزلىكىگە قاراڭ. ئۇ چاقماقتەك تېز يۈگۈرەۋاتسا.

--ئوقۇتقۇچى: شۇنداقتىمۇ توشقان ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ كېتىدۇ.

توشقاننىڭ بىر ئوتلۇقنىڭ ئىچىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، تۈلكە بولسا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ، توشقانغا يېتىشىۋالاي دەپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ئوقۇغۇچى: «سىز ئۇنى قانداق جەزملەشتۈرەلەيسىز؟» دەپتۇ. بىردەمدىن كېيىن تۈلكە ئوتلۇقنىڭ ئىچىدىن چىقىپ، يەنە ئوتلۇقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئاشۇنداق قىلىپ ئوتلۇقنىڭ ئىچىنى بىر قانچە قېتىم ئايلىنىپ چىقىپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا تۈلكە ئۇ توشقاننى تاپالماي، يەيدىغانغا باشقا ھايۋان تېپىش ئۈچۈن كېتىپ قاپتۇ. شۇ چاغدا

ئوقۇتقۇچى «مەن توشقاننىڭ قۇتۇلۇپ كېتەلەيدىغانلىقىنى بىلىمەن. چۈنكى تۈلكە ئۆزىگە كەچلىك تاماق تېپىش ئۈچۈن يۈگۈرۈۋاتىدۇ. توشقان بولسا جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن يۈگۈرۈۋاتىدۇ»، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بىز بىر قىيىن ئۆتكەلگە دۇچ كەلگەندە، ئۆزىمىزنىڭ بارلىقىنى ئىشقا سېلىپ، پۈتۈن دىققىتىمىزنى ئۇنىڭغا مەركەزلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. بىز چوقۇم مۇشۇ ھېكايىدىكى توشقاندەك ئۆزىمىزدىن كۈچلۈكرەك ۋە چاققانراق دۈشمىنىمىزنىمۇ يېڭەلەيدىغان بولۇشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق ئەھۋالدا توشقان داۋاملىق قۇتۇلۇپ قالالمايدۇ. ئەمما، ئەگەر ئۇ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە تىرىشمايدىكەن، ئۇنىڭ قۇتۇلۇپ قالالىشىدىن قىلچىمۇ ئۈمىد بولمايدۇ. بىرەر كرىزىسقا دۇچ كەلگەندە، بەزىلىرىمىز ئۆزىمىزدىكى قورقۇش تۇيغۇسى ۋە بۇنداق قىيىن ئۆتكەلگە تاقابىل تۇرۇشقا مۇۋاپىق كەلمەيمەن، دەيدىغان قارىشىمىز تۈپەيلىدىن بىر پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالىمىز. بەزىلىرىمىز بولسا ئاشۇنداق قىيىن ئۆتكەلگە تاقابىل تۇرۇشقا ئاتلىنىمىز. بۇنداق ئىشلارغا قارىتا سامۇرايلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ يېڭى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇۋاتقان ۋەسىيتى: «ھەر بىرىمىزنىڭ ئۆز ئالدىمىزغا تاللاشلىرىمىز بار. بىز بىر شىر بولامدۇق، ياكى بىر قوي بولامدۇق، بۇنى ئۆزىمىز تاللايمىز.» دېگەندىن ئىبارەت بولغان.

يۇقىرىدىكىسى بىر ياپون ھەربىي ماھارەت ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا قىلغان بىر قېتىملىق سۆزى [1].

مەن ئالدىنقى ماقالىدا [2] ياپونلارنىڭ بىر ساپالىق مىللەت بولالىشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىر قىسمىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۈم. ياپونلارنى تولۇق چۈشىنىش ئۈچۈن يەنە مۇنداق ئىككى نەرسىنى چوقۇم بىلىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ بىرى ياپونلاردىكى سامۇراي روھى. يەنە بىرى بولسا ئۇلاردىكى ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىش روھى. ياپونلارنىڭ سامۇراي روھى ئۇلارنىڭ مىللىي روھى بولغاچقا، ماقالىنىڭ تېمىسىنى «ياپونلارنىڭ مىللىي روھى» دەپ ئالدىم. ئۇيغۇرلاردا تارىختا ۋە ھازىر بار بولغان بىر قىسىم روھ ياپونلارنىڭ سامۇراي روھىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. لېكىن ياپونلاردا باشقا مىللەتلەردە كەم ئۇچرايدىغان ياكى پەقەتلا تېپىلمايدىغان بىر قىسىم ئالاھىدە روھلارمۇ بار. ھەمكارلىشىش روھى ئىنسانلارنىڭ مۇكەممەللىككە يېتىشى ۋە بىر مىللەتنىڭ تەرەققىياتىنى

ئۇنۇملۇك ئىشقا ئاشۇرۇپ، باشقا مىللەتلەر ئارىسىدا ئۇستۇنلۇككە ئىگە بولالىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان بىر نەرسە. بىراق، نەچچە ئەسىرنىڭ مابەينىدە ئۇيغۇرلار باشقىلارغا بېقىندى بولۇپ ياشاپ، بۇنداق روھنى ناھايىتى زور دەرىجىدە يوقىتىپ قويىدى. ھازىر بىز ئۇنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىۋاتىمىز. تەلىيىمىزگە يارىشا بۇ ئىككى خىل روھنى تەربىيە ئارقىلىق يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. يەنى، ئەگەر بىز تىرىشساق، بىز بۇرۇن ئەڭ قۇدرەت تاپقان دەۋرلەردە ئىگە بولغان بىر قىسىم روھلارنى ئۆزىمىزدە ۋە بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەۋلادىمىزدا يەنە قايتىدىن يېتىلدۈرەلەيمىز. ئەگەر بىز بىر ياخشىراق تەقدىرگە ئېرىشمەكچى بولىدىكەنمىز، يۇمشاق باش ئەمەس، بېلى بوش ئەمەس، تايىنى يوق ئەمەس، ۋە پۇچەك ئەمەس يېڭى ئەۋلادلارنى، يەنى پۈتۈن ۋە ھەقىقىي ئىنسانىلىق ساپاسىغا ئىگە يېڭى ئەۋلادلارنى يېتىلدۈرۈشنى ئۆزىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى قىلىشىمىز كېرەك. تورداشلارنىڭ ياپونلار ھەققىدە تېخىمۇ تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇۋېلىشى، شۇ ئارقىلىق پۈتۈن ۋە ھەقىقىي ئىنسان، ياكى يۇقىرى ساپالىق ئىنسانلارنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تولۇق بىلىۋېلىشى ئۈچۈن، مەن بۇ ماقالىدا ياپونلارنىڭ سامۇراي روھىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

## 1. سامۇراي روھىنىڭ قىسقىچە تارىخى

«سامۇراي» دېگەن سۆز ياپونلارنىڭ خەنزۇچە خېتىدە «侍» دەپ يېزىلىدىغان بولۇپ، ئۇ ياپونچىدا «جەڭچى»، يەنى «武 士, bushi» ۋە «武 家, buke» دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. ئۇ ئوتتۇرا ئەسىر ۋە ھازىرقى زاماننىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ياپونىيە ھەربىيلىرىنىڭ ئالىيجانابلىقىنى تەسۋىرلەيدىغان ئىسىم سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەن. 侍 دېگەن خەتنىڭ خەنزۇچىدىكى ئەسلى مەنىسى «جەمئىيەتتىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ھوقۇق ئەھلىلىرىگە ھەمراھ بولۇش»، دېگەننى بىلدۈرىدۇ [3]. بۇ سۆز تۇنجى بولۇپ 10-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى (905-914) دا يېزىلغان بىر پارچە ئىمپېرىيە شېئىرلار توپلىمىدا ئىشلىتىلگەن. 12-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە 武士 بىلەن 侍 پۈتۈنلەي مەنىداش بولۇپ كەتكەن، ھەممە

ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى مەرتىۋىلىك ھەربىيلەر سىنىپىنىڭ نامى قىلىپ ئىشلىتىلگەن.

ساموۇراي مەدەنىيىتىگە ئەڭ كۆپ تەسىر قىلغىنى بۇددىزم بىلەن زېنىنىڭ پەلسەپىسى بولۇپ، كۆڭزى تەلىماتى بىلەن شىنتو دىنىمۇ ئۇنىڭغا ئازراق تەسىر كۆرسەتكەن. زېن تەلىماتىنىڭ ئىنسانىنىڭ كۆڭلىنى تىنچلاندۇرۇش خۇسۇسىيىتى بار بولغاچقا، زېن قائىدىسى بويىچە كۆڭۈلنى كونترول قىلىش ساموۇراينىڭ مۇھىم بىر تەلىماتى بولۇپ قالغان. ياپونىيە ئۇرۇش قىلىپ 1895-يىلى جۇڭگونى ۋە 1905-يىلى رۇسىيەنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ياپونىيەلىك زىيالىيلار ۋە مىللەتچىلەر ئارىسىدىكى بەس-مۇنازىرىلەردە (Bushido) 武士道 دېگەن سۆز ئوتتۇرىغا چىققان. ھەمدە بارا-بارا ساموۇرايلار 武士道 دەپ ئاتىلىدىغان بىر قاتار ئالاھىدە تۈزۈملەر بويىچە ئىش قىلىدىغان بولغان. بۇ سىنىپنىڭ پۈتۈن ياپونىيە نوپۇسىدىكى ئىگىلىگەن نىسبىتى 10 پىرسەنتتىن ئاشمىغان بولسىمۇ، ساموۇراي تەلىماتلىرى تاكى بۈگۈنگىچە ياپونلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ۋە ھەربىي ماھارەتلىرىگە ئوخشاشلا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ كەلمەكتە.

## 2. ساموۇراي روھى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

ساموۇراي روھى ياپونىيىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخىي دەۋرلىرىدە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، مۇكەممەللىشىپ، بۈگۈنكىدەك بىر ھالەتكە كەلگەن. تۆۋەندە مەن ئالدى بىلەن ياپونىيىدىكى تارىخىي داڭلىق ئەربابلارنىڭ ساموۇراي روھى توغرىسىدىكى بايانلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتىمەن. ئاندىن ساموۇراي روھىنى يىغىنچاقلاپ بايان قىلىمەن.

ساموۇرايلار ئەڭ دەسلەپتە ئەمەل قىلغان نەرسە سەمىمىيەتلىك بولۇپ، ئۇلار ئۆزىنىڭ خوجايىنىغا بولغان مەجبۇرىيىتى، ۋە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغۇچە نامايان قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ساداقەتمەنلىكنى تەكىتلىگەن [3].

خوجو شىگېتوكى (1198 ـ 1261): بىر ئادەم مەلۇم بىر رەسمىي ۋەزىپە ئورنىدا ياكى بولمىسا خوجايىنىنىڭ قورۇسىدا خىزمەت ئۆتەۋاتقان ۋاقتىدا، ئۇ ھەرگىزمۇ بىرەر يۈز ياكى بىرەر مىڭ ئادەمنى ئويلىماسلىقى، پەقەت خوجايىنىنىڭ مۇھىملىقىنىلا ئويلىشى كېرەك.

13- ۋە 14-ئەسىرلەردىكى ياپون جەڭچىلەرگە ئائىت يازمىلاردا ياپون جەڭچىلىرىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى باتۇرلۇقى، ئىنتايىن قاتتىق ئائىلە

ئىپتىخارى ۋە خالىسلىقى، ھەمدە خوجايىن بىلەن جەڭچىلەرنىڭ ئومۇمنىڭ ئىشىغا ئۆزىنى خالىس ئاتاش روھى مەدھىيىلەنگەن.

شىبا يوشىماسا (1350 ـ 1410): ھەر بىر ياپون جەڭچىسى بىر ھەربىي باشلىق ياكى پادىشاھنىڭ خىزمىتىنى قىلىش جەريانىدا شەرەپلىك ھالدا جېنىنى قۇربان قىلىشقا ئىنتىلىدۇ. ئاشۇنداق بىر پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇش كىشىنى ناھايىتى ئارماندا قالدۇرىدىغان بىر ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىرەر قورال ئىشلىتىپ ياشاشنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغان بىر كىشى يالغۇز ئۆزىنىڭ نامىنى ئويلاپ ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئىش ئېلىپ بېرىپلا قالماي، ئۆزىنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادلىرى ئۈچۈنمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك. پەقەت ئۆزىنىڭلا ھاياتىنى ھەممىدىن مۇھىم بىلىپ، ئۆز نامىغا مەڭگۈلۈك داغ كەلتۈرمەسلىكى كېرەك. بىر ئادەم ئۆز جېنىنى قۇربان قىلىدىغاندا، ئۇنى پادىشاھ ئۈچۈن ياكى بىرەر ھەربىي گېنېرال ئېلىپ بېرىۋاتقان مەلۇم بىر ئۇلۇغۋار ئىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىشى كېرەك .

تاكېدا نوبۇشىگې (1525 ـ 1561): چوڭ ۋە كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە بىر ئادەم ئۆزىنىڭ خوجايىنىدىن يۈز ئۆرۈمەسلىكى كېرەك. خوجايىنىدىن تارتۇق (سوۋغا) تەلەپ قىلماسلىقى كېرەك. خوجايىنىنىڭ ئۆزىگە قانداق نامۇۋاپىق مۇئامىلە قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ خوجايىنىدىن نارازى بولماسلىقى كېرەك. بىر قول ئاستىدىكى ئادەمنىڭ ئۆزىدىن يۇقىرى تۇرىدىغان ئادەمگە باھا بېرىشىگە يول قويۇلمايدۇ .

تاكېدا شىنگېن (1521 ـ 1573): دەرىجىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىر ھەربىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان كىشى ئالدى بىلەن ھەربىي ماھارىتىگە ئىگە ۋە ساداقەتمەنلىكتە ئۇتۇق قازانغان ئادەم بىلەن تونۇشىدۇ. ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ بالىلىق بۇرچىنى ئادا قىلمىغان ئادەمنىڭ ئۆز پادىشاھى ئالدىدىكى جاۋابكارلىقىغىمۇ سەل قارايدىغانلىقى ھەممىگە ئايان. بۇنداق بىپەرۋالىق ئاشۇ كىشىنىڭ ئىنسانىيەتكە بولغان ساداقەتسىزلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا بۇنداق ئادەم «سامۇراي» دېگەن ئاتاققا لايىق كەلمەيدۇ.

ئاساكۇرا يوشىكاگې (1428 ـ 1481): بىزنىڭ پادىشاھلىق ئوردىمىزدا باشلىقلىق ئورنى بۇرۇنقى ئەۋلادتىن يېگى ئەۋلادقا مىراس قالمايدۇ. ھەر بىر ئادەمنىڭ ئورنى ئاشۇ ئادەمنىڭ ئىقتىدارى بىلەن ساداقەتمەنلىكىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ. دادامنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى دادام

ئۆچۈن ئۆز جانلىرىنى قۇربان قىلىشقا ۋە دادام بىلەن ئىتتىپاقداش بولۇشقا رازى.

كاتو كىيوماسا 1592 ـ 1598 ـ يىللىرىدىكى كورېيەگە تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىدا ئاساسىي قوشۇنغا قوماندانلىق قىلغان ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ داڭلىق پادىشاھ بولۇپ، ئۇ مۇنداق دېگەن: ھەر بىر جەڭچىنىڭ ھاياتىدىكى بىردىن ـ بىر بۇرچى ئۇزۇن ۋە قىسقا قىلىچلارنى قولىغا ئېلىپ، ئۆزىنى قۇربان قىلىش. مېنىڭ قول ئاستىمدىكى بارلىق ئەسكەرلەر ساداقەتمەنلىك ۋە مەجبۇرىيەت (孝) بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان كلاسسىك ھەربىي ماھارەتلەرنى قاتتىق تىرىشىپ ئۆگىنىشى كېرەك. ئەگەر بىر ئادەم بۇشىدو تەلىماتلىرىنى ھەر كۈنى ئۆگىنىپ تۇرمايدىكەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى بىر قەھرىمانەدەك ياكى بىر ئەركەكتەك قۇربان قىلىش قىيىنغا توختايدۇ. شۇڭا ھەر بىر ئادەم جەڭچىگە خاس سۈپەتلەرنى يۈرىكىگە چوڭقۇر ئورنىتىشى كېرەك.

نابېشىما نائوشىگې (1538 ـ 1618) مۇ كورېيە ئۇرۇشىغا قاتناشقان ھەربىي قوماندانلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ مۇنداق دېگەن: ھەربىي دەرىجىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەگەر بىر جەڭچى ۋەزىيە ئۆتەش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلىپ قېلىش خەۋپىگە بىرەر قېتىم ئۇچراپ باقمىغان بولسا، ئۇ بىر نومۇس قىلىدىغان ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سامۇراينىڭ ياشاش ئۇسۇلى جېنىنى تىكىشتىن ئىبارەت. بۇنداق بىر ئادەمنى باشقا ئون ئادەم، ھەتتا ئۇنىڭدىن كۆپ ئادەممۇ ئۆلتۈرەلمەيدۇ.

تورىئى موتوداتا (1539 ـ 1600) مۇ بىر فېئودال پادىشاھ بولۇپ، ئۇ ئۆز ئوغلىغا مۇنداق دېگەن: «نومۇس قىلىش ۋە ئالاھىدە مۇھىم بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا بولسىمۇ ئۆلۈمدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش بۇشىدونىڭ قائىدىسىگە ئۇيغۇن ئەمەس. ئۆزىنىڭ خوجايىنى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ جېنىنى قۇربان قىلىش بىر قەتئىي ئۆزگەرمەيدىغان پرىنسىپ بولۇپ، بۇ پرىنسىپنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەگەر مەن مۇشۇ دۆلەتتىكى بارلىق جەڭچىلەرنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، ئۆزۈمنىڭ خوجايىنىغا بولغان مېھرىبانلىقىمنى نامايان قىلىش ئۈچۈن ئۆز ھاياتىمنى قۇربان قىلسام، ئۇ مېنىڭ ئائىلەم ئۈچۈن كەلتۈرگەن بىر شان ـ شەرەپ بولىدۇ. ئۇ مېنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى ئەڭ يۈكسەك ئارزۇيۇمدۇر.» بۇ بىر جەڭگە ئاتلىنىشتىن بۇرۇنقى سۆزلەر بولۇپ، بۇ سۆزلەردىن كېيىن تورىئى بىلەن

ئۇنىڭ ئوغلى ھەر ئىككىسى بىر ـ بىرىنى قايتا كۆرەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، كۆز يېشى قىلىشقان. تورىئىنىڭ دادىسى ۋە چوڭ ـ دادىسىمۇ ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئەسكەر بولغان، ھەممە ئۇنىڭ ئاكىلىرى ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتكەن. شۇ بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا تورىئى ئىنتايىن زور قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، ياپونىيە تارىخىنى بىر يېڭى يۆنىلىشكە بۇرىغان.

ئۇئېسۇگى كېنشىن (1530 ـ 1578) بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېر بولۇپ، ئۇ ھەر خىل ئۇرۇشتىكى قەھرىمانلىقى بىلەن ناھايىتى زور شەرەپ قازانغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۆزىنىڭ جېنىنى قۇربان قىلىشتىن قورقىدىغان ئادەم ھەرگىزمۇ بىر جەڭچى ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر سەن جەڭ مەيدانىغا غەلىبە قىلىشقا بولغان تولۇپ ـ تاشقان ئىشەنچىڭ بىلەن بارساڭ، سەن ئۇ جەڭدىن ھېچ قانداق يارىلانماي قايتىپ كېلىسەن. ئەگەر سەن ئۆلۈشكە يۈزدە ـ يۈز رازى بولۇپ ئۇرۇشقا كىرسەڭ، سەن ئۆلمەي ساق قالىسەن. ئەگەر سەن ئۇرۇشتا ساق قېلىشنى ئارزۇلاپ جەڭگە كىرسەڭ، سەن چوقۇم ئۆلىسەن. ئەگەر سەن ئۆيۈڭدىن ئۇنى قايتا كۆرمەسلىككە ئىرادە باغلاپ ئايرىلساڭ، ئۆيۈڭگە ساق ـ سالامەت قايتىپ كېلىسەن. ئەگەر سەن جەڭگە كىرمەي تۇرۇپ ئۆيگە سالامەت قايتىپ كېلىشنى ئويلىساڭ، سەن جەڭدىن قايتىپ كەلمەيسەن. دۇنيا داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، دەپ ئويلىساڭ خاتالاشماسلىقىڭ مۇمكىن. ئەمما بىر جەڭچى ئۇنداق ئويلىماسلىقى كېرەك، چۈنكى ئۇنىڭ تەقدىرى ھەر ۋاقىت بېكىتىلىپ بولغان بولىدۇ.

فرانشىس زاۋئېر (St. Francis Xavier, 1506 ـ 1552) ياپونىيەدە خرىستىئان دىنىنى تارقىتىش ئىشى بىلەن ئىككى يىل شۇغۇللانغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ تەسىراتلىرىنى مۇنداق خۇلاسىلىگەن: دۇنيادا ياپونلاردەك ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان باشقا مىللەت يوق. دۇنيادا ياپونلاردەك شۆھرەتكە ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان باشقا مىللەت يوق. ئۇلار بىرەر بىر قېتىملىق ھاقارەت، ھەتتا ئاچچىقلىنىپ دېيىلگەن بىر ئېغىز سۆزنىمۇ ئېتىبارسىز ئۆتكۈزۈۋەتمەيدۇ. ياپونلار جۇڭگو، كورېيە ۋە فىلىپپىننىڭ ئەتراپىدىكى باشقا دۆلەت كىشىلىرىگە قارىغاندا كۆپ باتۇر ۋە ئۇرۇشقا ماھىر كېلىدۇ.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، «سامۇراي» دېگەن سۆز ياپونىيىدىكى 700 يىللىق تارىخقا ئىگە ھەربىيلەر سىنىپىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىنتايىن ئۇستۇن ھەربىي ماھارەتلىرى ۋە ئىنتايىن قاتتىق تۇرمۇش

تۇرمۇشلىرىدىن پەخىرلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىي ماھارەتلىرى پۈتۈن دۇنياغا داڭ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار ھازىرمۇ بىر ئىنتايىن مۇكەممەل ھەربىي ماھارەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەر جەريانىدا، سامۇراي سىنىپى ياپونىيە خەلقىنىڭ ئەڭ ئېسىل خاراكتېرى بىلەن ئەڭ گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنى نامايان قىلدى. سىياسىي ھوقۇقلارنى يۈرگۈزگەن ھەربىي ئائىلىلەر ئاشۇنداق روھنىڭ جەۋھەرلىرىنى كۆپ ئەسىرلەردىن بۇيان ساقلاپ كەلدى. زېن بۇددا دىنى ياپونىيە ئەسكەرلىرىنىڭ خاراكتېرىنى مۇكەممەللەشتۈردى ۋە تېخىمۇ ياخشىلىدى. بۇ خاراكتېرلەر بىر خىل پەرزگە ئوخشاش ياپونىيە ئەسكەرلىرىدە تاكى بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

سامۇرايلار يالغۇز ئۇرۇش قىلىپلا قالماي، يەنە نۇرغۇن ياپونىيە سەنئەتلىرىنىمۇ ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. بۇ سەنئەتلەر چاي مۇراسىمى، گۈل تىزىش، ۋە شېئىرىيەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، بۇنداق سەنئەتلەر ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. ئەنئەنىۋى سامۇراي تەربىيىسى ئەخلاقىي ۋە ئەقلىي تەربىيىنى، ھەمدە كىشىلىك تەرەققىيات ۋە تەبىئەتتىكى گۈزەللىككە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش قاتارلىقلارنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويىدى. سامۇراي روھىنىڭ ئاشۇنداق تەرەپلىرىنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ، جەڭچىلەرنىڭ ياشاش ئۇسۇلى بولغان «بۇشىدو» نى شەكىللەندۈردى. «سامۇراي» نىڭ مەنىسى «خىزمەتچى» بولۇپ، ھەر بىر سامۇراي جەڭچىسى ئۆزىنى ئۆز جامائىتى ۋە ئۆز ۋەتىنىنى قوغداشقا ئۆزىنى ئاتىۋەتكەن، ھەمدە زۆرۈر تېپىلغاندا ئۆز جېنىنى قۇربان قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرىدىغان بىر ئادەم، دەپ ھېسابلايدۇ.

ياپونىيەدە سامۇرايلار بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر مەۋجۇت. بۈگۈنكى سامۇرايلار ئەنئەنىۋى ھېكمەتلەر ۋە قەدىمكى تەدبىرلەردىن ئەقىل ۋە كۈچ تاپىدىغان كىشىلەر. ھاياتنىڭ گۈزەللىكى ۋە ھەر كۈنى تەبىئەتتە كۆرۈلۈۋاتقان كىچىك مۆجىزىلەردىن ھوزۇرلىنىدىغان كىشىلەر. بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرستىپ، ئۆز ھاياتىدىكى ھەر بىر پەيتنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشى كېرەكلىكىنى بىلىدىغان كىشىلەر. ئۇلار ھازىر قىلىچ ياكى باشقا بىرەر ھەربىي قوراللارنى يېنىدا ساقلاپ يۈرمەيدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بىرەر ھەقىقىي ئۇرۇشقىمۇ كىرمەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا جەڭ قىلىپ، ئۆزىدىكى ھورۇنلۇق، ئۆز-ئۆزىنى تۇزۇم بىلەن باشقۇرۇشتىكى يېتەرسىزلىك، ۋە ئۆزىگە بىرەر يامان ئىشنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىغان ۋەھىمىلىككە ئوخشاش ئۆز ھاياتىنى ئەھمىيەتلىك

ئۆتكۈزۈشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غالىپ كېلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. ئەگەر ياردەمگە چاقىرىلىدىكەن، ئۇلار باشقىلار ۋە ۋەتىنى ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقىدۇ.

ئىلاۋە: مەن 1988-يىلى ياپونىيە ئوساكا رايونىغا جايلاشقان ماتسۇشىتا شىركىتىدە ئاخشىمى ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرى قوشۇمچە ئىشلەۋاتقان ۋاقتىمدا، مۇنداق بىر ئەھۋالنى كۆرگەن: ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى كاستۇم-بۇرۇلكا كىيىپ، ئىشقا 15 مىنۇتتەك بالدۇر كېلىدۇ (زاۋۇت ئىشچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئەرلەردىن تەشكىل تاپقان). ھەر بىر ئادەمنىڭ بىردىن كىيىم قويىدىغان كىچىك ئىشكاپى بار بولۇپ، ئۇلار شىركەتكە كېلىپلا ئۆيدىن كىيىپ كەلگەن كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، شىركەت كىيىمىنى كىيىدۇ. ھەمدە ھەر بىر بىنادىكىلەر شۇ بىنانىڭ ئىچىدىكى بىر كىچىك زالغا يىغىلىدۇ. ئالدى بىلەن ھەممەيلەن ئورۇپچە ئۈنلۈك ئاۋازدا شىركەت ناخشىسىنى ئېيتىدۇ. ئاندىن سېخ باشلىقى ئىشچىلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، تۈنۈگۈنكى بىر كۈنلۈك ئەھۋالدىن خۇلاسە چىقىرىدۇ. بۈگۈنكى ۋەزىپىنى بايان قىلىدۇ. ھەمدە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەممەيلەن ئۈنلۈك ئاۋازدا بىر شوئار توۋلايدۇ. شوئاردىن كېيىن سېخ باشلىقى يۇگۇرۇپ بېرىپ، سېخ بىناسىنىڭ ئىچىدىكى ھەممە ماشىنىلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان كونتروللىغۇچنى توكقا ئۇلاپ، پۈتۈن ماشىنىلارنى ماڭدۇرۇۋېتىدۇ. ئەتىگەن سائەت 8 دە ئىشقا چۈشىدىغان نۆۋەتچىلەر ئۈچۈن، بۇ ئىش سائەت 8 گە بىر قانچە سېكۇنت قالغاندا يۈز بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىشچىلار ئۆزلىرى مەسئۇل ماشىنىلارنىڭ قېشىغا يۈگۈرەيدۇ (ئەگەر ماشىنىنىڭ قېشىغا ئۆز ۋاقتىدا بارمىسا، بەزى ماشىنىلار توسۇلۇپ قېلىپ، چاتاق چىقىدۇ). شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئىشچىلار ئەتىگەن سائەت 8 دە نورمال ئىشلەشنى جىددىي ھالدا باشلاپ كېتىدۇ. بۇ خۇددى بىر ھەربىي تۈزۈمگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇ ساموراي روھىنىڭ ھازىرقى نامايەندىسىدۇر. ياپونىيىنىڭ قانداق قىلىپ بىر كۈچلۈك دۆلەت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى مۇشۇ بىر مىسالدىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

### 3. ساموراي قىلىچى

قەدىمكى زاماندىن تارتىپلا، ياپونلارنىڭ قىلىچى يالغۇز كۈچنىڭ قورالى بولۇپلا قالماي، سامورايلار قىلىدىغان ھەممە ئىشلارنىڭ سىمۋولىمۇ بولۇپ كەلگەن [4]. قىلىچ ئادالەتنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ئادالەتنى ھەر قانداق شارائىت ئاستىدا قوغداش سامورايلارنىڭ مەسئۇلىيىتى قىلىپ بېكىتىلگەن. جەمئىيەتنىڭ باراۋەرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىشلىرىمۇ سامورايلارنىڭ بۇرچى قىلىنغان. ياپونىيەدە قىلىچقا ئائىت ھېكايە-رىۋايەتلەر ئىنتايىن كۆپ. ئىگىسى بىر نەرسە قىلمىسىمۇ، جىنىنىڭ قولىغا ئوخشاش بىر نەرسىنىڭ ياردىمىدە ئۆزلۈكىدىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ،

دۈشمەنلەرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن قىلىچلارنىڭ رىۋايەتلىرى بار. غىلاپتىن ئۆزلۈكىدىن چىقىپ، ئادالەتسىز ۋە رەزىل ئادەملەرنى پارچە-پارچە قىلىۋەتكەن قىلىچلارنىڭ ھېكايىلىرىمۇ بار. ياپوندا ھازىر قىلىچ ياساۋاتقانلار نەچچە ئەسىردىن بۇيان قىلىچ ياساپ كېلىۋاتقان ئائىلىلەرنىڭ يېڭى ئەۋلادلىرىدۇر. ياپونلارنىڭ ھازىرمۇ قىلىچ ياسىشنى بىر خىل ھۈنەرۋەنلىك دېگەنگە قارىغاندا، ئۇنى بىر خىل سەجدە قىلىش جەريانى، دەپ قاراش تېخىمۇ مۇۋاپىقراق. دادىسىنىڭ مەخپىي ھۈنەرلىرىنى بالىلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان تۆمۈرچى بىر يېڭى قىلىچ ياساشنى باشلاشنىڭ ئالدىنقى كۈنى بىر كۈن روزا تۇتۇپ، ئۆزىنى پاكلاش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەيدۇ. چۈنكى، شىنتو دىنىدا روھىي جەھەتتىكى پاكلىقتا ئېرىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى جىسمانىي جەھەتتىكى پاكلىق، دەپ قارىلىدۇ. تۆمۈرچىلەر قىلىچ ياساش جەريانىدا بىر خىل مەخسۇس مۇشۇنداق ھۈنەرۋەنلەر ئۈچۈن تىكىلگەن ئاق رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىدۇ، ھەمدە بىر قانچە تۆمۈرچىلەر توقماق بىلەن قىزىق تۆمۈرنى ئوخشاش قەدەمدە سوقىدۇ. ئۇستامۇ تۆمۈرچىلىكنىڭ ھەر بىر قەدىمىنى ئىنتايىن يۇقىرى تەلەپ بىلەن كونترول قىلىدۇ. بۇ بىر تەقۋادارلىق جەريانى بولۇپ، ئۇ يالغۇز بىر كۈچلۈك قىلىچنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپلا قالماي، ئاشۇ قىلىچقا ياپونلار ئۆز قىلىچلىرى ئارقىلىق كۆڭلىدە نامايان قىلىدىغان ئەڭ قىممەتلىك سۈپەتلەرنىمۇ سىڭدۈرىدۇ.

ياپونلار ياسىغان ئوقيالارنىڭ سۈپىتىمۇ دۇنيانىڭ ئەڭ ئالدىدا بولۇپ، ئوقيا ياساشمۇ ياپوندا ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتىدۇ. ئۇلار ھەر يىلى بىر قېتىم ئوقيا ئېتىش ماھارىتىنى كۆرسىتىش كۆرىكى ئۆتكۈزىدۇ. ياپونىيىدىكى ئەڭ داڭلىق ئوقيا ھۈنەرۋەننى ئوقياغا ئىشلىتىدىغان بامبۇكنىمۇ ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي يېرىدە بىر خىل ئالاھىدە ئۇسۇل بىلەن ئۆستۈرىدۇ، ھەمدە ئۇنى ئۆزى بىر خىل مۇرەككەپ ئۇسۇل بىلەن قۇرۇتىدۇ. خۇددى قىلىچ ياساش ھۈنىرىگە ئوخشاش، ئوقيا ياساش ھۈنىرىمۇ بىر خىل تەقۋادارلىق جەريانىغا ئايلانغان.

ياپون ئەسكەرلەر قىلىچنىمۇ بىر خىل نەچچە ئەسىر داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قائىدە بويىچە تۇتىدۇ. ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ۋە پارقىراپ تۇرغان قىلىچىنى كۆتۈرگەندە، ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىگە دەخىل كەلتۈرۈپ قويماسلىقى ئۈچۈن، ھەتتا تىنىقى ئېلىشنىمۇ توختىتىدۇ. بۇنىڭدىن قىلىچنىڭ ياپونىيە ئەسكەرلىرى ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىملىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. ئۇ يالغۇز

بىر خىل ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان ئۇرۇش قورالى بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەنە ياپون مىللىتى ياساپ چىققان ئەڭ ئىلغار نەرسىلەرنىڭ بىر سىمۋولىدۇر.

باللاردىكى مىللىي ئىپتىخارلىقنى ئۇلارغا ئۆز مىللىتىنىڭ بۇرۇنقى شانلىق تارىخى ۋە ئەنئەنىسىنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ياپونىيىدىكى كىچىك باللارنىڭ رەسىملىك كىتابلىرى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەر بىر دەرسلىك كىتابلىرىنىڭ ھەممىسىدە ساموۇرايلارنىڭ رەسىملىرى ۋە ئۇلار توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشلەر بار. ئادەتتە ئۆزىنى ئىنتايىن قاتتىق تۇتۇۋالىدىغان ياپون ئەر ۋە ئاياللار، كىنو ۋە دىرامىدىكى بىر باتۇر ساموۇراينىڭ بىر جەڭدە ئۆز ھاياتىدىن ئايرىلغان كۆرۈنۈشنى كۆرگەندە، بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ ساموۇرايغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتى ۋە سەۋرچان پوزىتسىيىسىنى نامايان قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن كۆز يېشى قىلىدۇ. ياپونىيە ھازىر بىر زامانىۋىلاشقان ۋە سانائەتلەشكەن دۆلەتكە ئايلىنىپ بولغان بولسىمۇ، باتۇر ساموۇرايلار ھازىرمۇ نەچچە ئەسىردىن بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ناھايىتى كۈچلۈك ھۆرمەتلىنىدۇ. كۆپ سانلىق ياپونلارنىڭ ئۆيىدە ھازىرمۇ بىر قىلىچ ئۆيىنىڭ ئەڭ قەدىرلىنىدىغان تېمىغا ئېسىقلىق تۇرىدۇ.

ساموۇراي روھىنىڭ ئەڭ ساپ شەكلى ياپونىيە ئەسكەرلىرىدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ئۇلار بۇ روھنى ياپونىيىنىڭ ھەممە جايلىرىدا نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. 1904 ـ 1905 ـ يىللىرىدىكى ياپونىيە رۇسىيە ئۇرۇشى جەريانىدىكى پورت ئارسۇر (Port Arthur) جېڭىدە [5]، كەينىدىن كېلىۋاتقان ئەسكەرلەرگە بىر توساقسىز يول ھازىرلاپ بېرىش ئۈچۈن، ئالدىدا ماڭغان نەچچە مىڭ ياپون ئەسكەرلىرى ئۆزىنى ئوققا تۇتۇپ بېرىپ، رۇسىيە قورغىنىنىڭ ئالدىدىكى خەندەكنى ئۆز جەسەتلىرى بىلەن تىندۇرۇپ بەرگەن. 1931 ـ يىلى شاڭخەيدە ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشتا، ئۈچ ياپون ئەسكىرى بېلىگە بومبا تېڭىپ، دۈشمەن ئارىسىغا مەخپىي كىرىۋېلىپ، ئۆزىنى پارتلىتىش ئارقىلىق قالغان ياپون ئەسكەرلىرىنىڭ بۆسۈپ كىرىشىگە يول ئاچقان. بۇ ۋەقە «ئۈچ دانە تىرىك بومبا» (three living bombs) دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۇنى پۈتۈن دۇنيا بىلىدۇ. بۇ ئەسكەرلەرگە ئاشۇنداق قەيسەرلىك ۋە قەھرىمانلىق ئاتا قىلغان نەرسە دەل ساموۇراي روھىدۇر. ئاشۇ ساموۇراي روھى بىلەن گېنېرال نوگى تاكى جېنىدىن ئايرىلغۇچە پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلغان. ئاشۇ ساموۇراي روھى

بىلەن پېئارل خاربور پورتى (Pearl Harbor) دا ياپون ئەسكەرلەر ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغىنىنى بىلىپ تۇرۇپ، كىچىك تىپلىق سۇ ئاستى پاراخوتلىرى بىلەن ئامېرىكىنىڭ چوڭ تىپلىق ئۇرۇش پاراخوتلىرىنى سوقۇپ، ئامېرىكىنىڭ پېئارل خاربوردىكى دېڭىز ئارمىيىسىنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلغان. 1945-يىلى ئامېرىكا ياپونغا بېسىپ كېلىپ، ناھايىتى ئېگىز ئۇچىدىغان بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرى بىلەن توكيونى بومباردىمان قىلدى. ياپونلارنىڭ يەر يۈزىدىكى زەمبىرەك بىلەن ئاتقان ئوقلىرى ئۇنداق ئېگىزلىككە چىقالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ياپونىيە پادىشاھىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن نۇرغۇن ياپون ئەسكەرلىرى بىر ماتورلۇق كىچىك تىپلىق ئۇرۇش ئايروپىلانى بىلەن ئاسمانغا چىقىپ، ئامېرىكىنىڭ چوڭ تىپلىق بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرىنى ئۆزىنىڭ كىچىك ئايروپىلانلىرى بىلەن سوقۇشتۇردى. ئۇلار بۇنداق قەھرىمانلىقنىمۇ سامۇراي روھى بىلەن قىلدى.

ياپونلار ئارىسىدا سامۇراي قىلىچى ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت بار [1]: ماسامۇنې ئىسىملىك بىر قىلىچ ياسايدىغان ئۇستام بار بولۇپ، ئۇ ياسىغان قىلىچ سۈپىتىنىڭ ھەممە جەھەتتە ئىنتايىن يۇقىرى بولۇشى بىلەن پۈتۈن ياپونىيەگە داڭلىق ئىكەن (بۇ رىۋايەت 2002-يىلى نەشر قىلىنغان بىر كىتابتا بار بولۇپ، ئۇنىڭدا دېيىلىشىچە ماسامۇنې شۇ ۋاقىتتىمۇ ھايات ئىكەن). بۇ ئۇستامنىڭ بىر ئىنتايىن قابىلىيەتلىك شاگىرتى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى مۇراماسا ئىكەن. ھەمدە ئۇ ياسىغان قىلىچمۇ ماسامۇنېنىڭكىگە ئوخشاشلا يۇقىرى سۈپەتلىك چىقىدىكەن. بۇ ئىككىسى قىلىچ ياساشقا ئوخشاش مېتالنى ئىشلىتىدىكەن. ئەمما، ماسامۇنې قىلىچ ياسىغاندا ئۇنىڭغا ئۇنى ئىشلەتكەن ئادەمنى روھلاندۇرۇۋېتىدىغان بىر خىل روھنى سىڭدۈرۈۋېتىدىكەن. بىر قىلىچ بىسىنىڭ قانچىلىك ئىتتىك ئىكەنلىكىنى سىناشتا، سامۇرايلار قىلىچنى بىر ئىتتىك ئېقىۋاتقان سۇغا، بىسىنى سۇ ئېقىمىغا قارشى تەرەپكە قارىتىپ چىلاپ، قىلىچنىڭ سۇدا ئېقىپ كېلىۋاتقان غازاڭلارغا نىسبەتەن نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىغا قارايدىكەن. مارامۇسا ياسىغان قىلىچنىڭ بىسىغا قاراپ كەلگەن ھەر بىر غازاڭ ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچە بولۇپ كېتىدىكەن. ئەمما ماسامۇنې ياسىغان قىلىچ بىسىگە قاراپ كەلگەن ھەر بىر غازاڭ، قىلىچنىڭ بىسىگە ئۇرۇلماي، ئۇنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتىدىكەن. ماسامۇنېنىڭ قىلىچى بىلەن بىر نەرسىنى كەسكەندە، ئۇ قىلىچ ئازراقمۇ ئېگىلىپ قويمايدىكەن. مۇراماسا ياسىغان قىلىچ قارشى

تەرەپنى ۋەيران قىلىشقا ناھايىتى قادىر ئىكەن. ماسامۇنى ياسىغان قىلىچقا بولسا سامۇراي روھى سىڭگەن ئىكەن. شۇڭا مۇراماسانىڭ قىلىچى «زوراۋانلىق قىلىچى» دەپ ئاتىلىپ، ماسامۇنىنىڭ قىلىچى بولسا «تىنچلىق قىلىچى» دەپ ئاتىلىدىكەن.

## 4. ياپونلۇق ئەسكەرلەرنىڭ ھەربىي مەشقى ۋە قورالLىرى

ياپونىيە ئۆزىنىڭ ئارمىيىسىگە ئىنتايىن قاتتىق تەلەپ قويىدۇ. ھەربىي مەشقلەرنى تومۇز ئىسسىق بىلەن قەھرىتان سوغۇق ھاۋا شارائىتىدا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلار دۆلىتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويغان ئەڭ دەسلەپكى مەزگىلدىن باشلاپلا ھەربىي ساھەدە مۇنداق ئىككى چوڭ نىشاننى تۇرغۇزۇپ چىققان. بىرى ئۆزىنىڭ ئارال دۆلىتىنى قوغدايدىغان ئىنتايىن كۈچلۈك دېڭىز ئارمىيىسىنى بەرپا قىلىش، يەنە بىرى بولسا ئۆزىنىڭ قۇرۇقلۇقلىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈكلەرنى قوغدايدىغان ئىنتايىن كۈچلۈك قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنى قۇرۇپ چىقىش. ياپون ئارمىيىسى 1894 ـ 1895 ـ يىللىرىدىكى جۇڭگوغا قارشى ئۇرۇشتا غايەت زور قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتتى. ئالدىنقى سەپلەرنىڭ ھەممىسىدە، سان جەھەتتە كۆپ ئاجىز بولغان ھەربىي كۈچى بىلەن جۇڭگو ئىمپېرىيە ئارمىيىسىنى مەغلۇپ قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا گېرمانىيە ۋە فىرانسىيەدە ئوقۇپ كەلگەن ياپون ھەربىي ئوفىتسېرلىرىنىڭ تۆھپىسى ناھايىتى زور بولدى. ياپونلار مانجۇرىيىدە رۇسىيەگە قارشى تاجاۋۇزچى ئۇرۇشى باشلىغاندا، پۈتۈن دۇنيا بۇ ئۇرۇشنىڭ قانداق ئاخىرلىشىدىغانلىقى ھەققىدە ناھايىتى تېزلا يەكۈن چىقىرىپ بولغانىدى: ئۇلار بۇ ياپون پاكارلىرىنىڭ قىلىۋاتقىنى پەقەت ئۆزلىرىنى ئۇرۇشتا يەم قىلىپ بېرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما ياپونلار ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقىنىنى بىلەتتى. ياپونلار قىلىۋاتقىنى رۇسىيەنىڭ تەھدىتىنى پۈتۈنلەي يوق قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تېررىتورىيىسىنى قوغداش ئىدى. بۇ ئۇرۇشقا ئەنگلىيەگە بېرىپ، ئۇزۇن مۇددەت ئەنگلىيەنىڭ دېڭىز ئارمىيە تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ، 1875 ـ يىلى قايتىپ كەلگەن دېڭىز ئارمىيە گېنېرالى توگو قوماندانلىق قىلدى. رۇسىيەگە قارىتا ھۇجۇم باشلاش بىلەن تەڭ، ئۇ «مىكاسا»ناملىق يولباشچى پاراخوتتىن ئۆزىنىڭ پۈتۈن دېڭىز ئارمىيىسىگە «ياپونىيىنىڭ كەلگۈسى سىلەرنىڭ بۈگۈنكى جەڭگىۋارلىقىڭلارغا باغلىق» دېگەن سۆزنى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن تارقىتىپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقا قاتناشقان

بارلىق ياپون ئەسكەرلىرىدە پەقەت مەلۇم بىر دىنىنىڭ تەقۋادارلىرىدىلا ۋۇجۇدقا كېلىدىغان بىر خىل مۇقەددەس قىزغىنلىق پەيدا بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك جان تىكىپ جەڭگە ئاتلاندى. ياپونىيىنىڭ ئۇزۇن يىللىق مەشىقلىرىمۇ بۇ ئۇرۇشتا ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلدى. رۇسلارنىڭ پاراخوتلىرى ياپونلارنىڭ قولىدا دېڭىز ئاستىغا غەرق بولۇپ، ياپونىيە تەلتۆكۈس غەلىبە قىلدى. «ياپونىيىنىڭ كەلگۈسى سىلەرنىڭ بۈگۈنكى جەڭگىۋارلىقىڭلارغا باغلىق» دېگەن سۆز ياپونىيە تارىخىدىكى بىر داڭلىق سۆز بولۇپ ھازىرغىچە خاتىرىلىنىپ كەلمەكتە.

ياپونىيىنىڭ ئېتاجىمادىكى دېڭىز ئارمىيە ئاكادېمىيىسى يېڭى ئەسكەرلەرگە زامانىۋى دېڭىز ئارمىيە ئۇرۇش تېخنىكىسىنى ئۆگىتىدىغان ئورۇن. ئەمما ئۇ يەر دېڭىز ئارمىيە ئوفىتسېرلىرىنى تەربىيىلەش ئورنى ئەمەس، بىر پەرھىز تۇتىدىغان (ascetic) لىدېرلارنى يېتىشتۈرۈش ئورنىغا ئوخشايدۇ. بۇ مەكتەپتىكى مەشىقلەر ئىنتايىن قاتتىق ۋە ئەتراپلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ مەكتەپكە ھەر يىلى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىلتىماس قىلىدىغانلار 8000 ئەتراپىدا بولۇپ، تاللاشتا يالغۇز ئىلتىماس قىلغۇچىلارنىڭ تېخنىكىلىق ۋە جىسمانىي قابىلىيىتىگىلا ئەمەس، ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي خاراكتېرىگە قارىلىدۇ. ھەمدە بۇ مەكتەپكە ھەر يىلى ئاشۇ 8000 ئادەمنىڭ ئىچىدىن ئاران 200 ئادەم كىرەلەيدۇ. مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن 44 ئاي قاتتىق ھەربىي مەشىقنى ئۆز بەشىدىن ئۆتكۈزىدۇ. ئاندىن ھەربىي چېنىقىشنىڭ ئاخىرقى بىر باسقۇچى سۈپىتىدە يەنە 9 ئاي دۇنيانىڭ ھەر خىل جايلىرىنى ۋەزىپە بىلەن ئايلىنىپ كېلىدۇ. دېڭىز ئارمىيە ئوفىتسېرلىرىنىڭ پاراخوت ئۈستىدىكى تۇرىدىغان ئۆيلىرى ئىنتايىن كىچىك ۋە ئاددىي بولۇپ، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىلىقلار بۇنداق ئەھۋالنى كۆرگەندە بەشىنى چايقاپ، كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ ياپونلارنى مەسخىرە قىلىشقان. ئەمما، ياپونلار ئۈچۈن بۇ بىر نورمال ئىش بولۇپ، ئۇلار ئۈچۈن مۇشۇنداق ئىنتايىن ئاددىي ۋە تار ئۆيدە تۇرۇش ھەربىي مۇداپىئەنى كۈچەيتىش ۋە پاراخوتنىڭ مېڭىش تېزلىكىنى ئۆستۈرۈشنىڭ بىر ئامالى بولۇپ ھېسابلانغان.

ياپون رۇسىيە ئۇرۇشىدىكى زور غەلىبىسىدىن كېيىن، ياپونلارنىڭ مىللىي ئىپتىخارى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئەسكەرلىككە ئادەملەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى تاللاپ ئالدى. دېڭىز ئارمىيە ئۇرۇشىنىڭ ئەڭ زامانىۋى تېخنولوگىيىسىنى ئىشلەتتى. ياپونىيە بىر ئارال دۆلىتى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ

دېڭىز ئارمىيىسى ئىنتايىن يۈكسەك دەرىجىدە كىچىك دائىرىگە توپلانغان. خاربورلارمۇ ئىنتايىن قۇلايلىق جايلارغا تارقالغان بولۇپ، ئاساسىي ئارالدىكى سانائەت كۈچى ئەڭ مەركەزلەشكەن رايونلار بىلەن بولغان ئارىلىقلىرىمۇ ناھايىتى يېقىن. شۇڭلاشقا ئۇلار دېڭىز ئورۇشى ئېلىپ بېرىشتا ئەنگلىيەگە ئوخشاش دېڭىز ئارمىيە بازىسى دۇنيانىڭ ھەممە يەرلىرىگە تارقىلىپ كەتكەن دۆلەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى زور ئەۋزەللىككە ئىگە. ياپونىيە ئەڭ دەسلەپىدىن تارتىپلا دېڭىز ئارمىيىسىنى ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ئەۋزەللىكىنى كۆزدە تۇتۇپ تۇرۇپ قۇرۇپ چىقتى. ئەمما، 1922 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ياپونىيە ئۆزىنىڭ دېڭىز ئارمىيە كۈلىمىنى زور دەرىجىدە كىچىكلىتىش كېلىشىمىگە ئىمزا قويىدى. ئىمزا قويۇش مۇراسىمىغا قاتنىشىۋاتقان ياپونىيە دېڭىز ئارمىيە ئوفىتسېرلىرىدىن بىر قانچىسى بۇ ئىش پۈتۈن ياپونىيە دېڭىز ئارمىيىسى ئۈچۈن بىر خىل نومۇسلۇق ئىش ئىكەنلىكىنى ياپونىيە خەلقى ۋە دۇنياغا بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، نەق مەيداندىلا ئۆز قارنىلىرىنى پىچاق بىلەن يېرىپ ئۆلۈۋالدى. ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىلىقلار بۇنىڭغا «تىياتىرخانىدا ئوينالغان تەلۋىلىك» دەپ قاراپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇلار خۇشاللىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئورۇش پاراخوتلىرىنىڭ سانى كۆپرەك ئىكەنلىكى، دېڭىز ئارمىيە ئوفىتسېرلىرىنىڭ سۈپىتىنىڭ ياخشىراق ئىكەنلىكى، ھەمدە ئۇلارنىڭ يۇقىرى تەبىقىلەر ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان ئائىلىلەردىن كېلىپ چىققان كىشىلەر ئىكەنلىكى بىلەن بىر خىل خاتىرجەملىك ھېس قىلدى. ھەقىقەتەنمۇ ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ دېڭىز ئارمىيە ئوفىتسېرلىرى ئورۇش پاراخوتلىرى ئۈستىدىمۇ ئۆزلىرى كۆنۈپ قالغان ھەشەمەتلىك تۇرمۇشتىن ھەرگىز ۋاز كېچەلمەيتتى. لېكىن ئۇلار ياپون قەھرىمانلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھىدىن، ياپون ئەسكەرلەرنىڭ ئاسماندىن ئايروپىلانلىرىنى ھەيدەپ چۈشۈپ، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيەنىڭ پېئارل خاربور ياكى مالاككا (Malacca) دىكى دېڭىز ئارمىيە پاراخوتلىرىنى ئايروپىلان بىلەن سوقۇشتۇرىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ جېنى بىلەن قىلچە ھېسابلاشماي، ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئانا ۋەتىنى بىلەن پادىشاھقا ئاتىۋەتكەن ياپون قەھرىمانلار كۆرسەتكەن شىددەتلىك ھۇجۇمغا قارشى ھېچ ئىش قىلالمايدىغانلىقىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى. ھەممە ئۇرۇشلاردا ياپونىيە ئەسكەرلىرى سامۇرايلارنىڭ قەھرىمانلىق روھىنى ئىزچىل تۇردە داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ ياپونلار 1945 ـ يىلىدىن بۇرۇنقى

ھەممە ئۇرۇشلاردا غەلىبە قىلدى. بىرەر قېتىم ھەربىي جەھەتتە يېڭىلمەيلا قالماي، ھەتتا بىرەر قېتىم ئوڭۇشسىزلىققىمۇ ئۇچراپ باقمىدى. 1945 ـ يىلىمۇ ئەگەر ئامېرىكا ياپونىيەگە ئىككى ئاتوم بومبىسى تاشلىمىغان بولسا، ياپونلارنىڭ تەسلىم بولۇش ئېھتىماللىقى ئاساسەن مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. يەنى، 1945 ـ يىلى ياپونلارنى تەسلىم قىلدۇرغان نەرسە ئامېرىكىنىڭ ئىككى ئاتوم بومبىسى. باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇ چاغدا ياپونلار ئامېرىكىنىڭ ئاتوم بومبىسىدىن پەقەت ئىككىسىلا بارلىقىنىمۇ بىلمەي قالغان. ئۇنداق بولمىغان بولسا، ئىشلار يەنە باشقىچىرەك بولار ئىدى.

ياپونىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى باشتىن كەچۈرىدىغان ھەربىي چېنىقىشمۇ خۇددى دېڭىز ئارمىيىسىنىڭكىگە ئوخشاش قاتتىق. ھەر كۈنى ئەتىگىنى كۈن چىقىشتىن بۇرۇن، ئۇلار سىرتتىكى بەلگىلەنگەن ئورۇنغا يىغىلىپ، ياپونىيە پادىشاھىنىڭ ئوردىسى تەرەپكە قاراپ ھۆرمەت بىلەن تەزىم قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر بىر جەڭچى پادىشاھ مېئىجى قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز ئارمىيىسىگە قىلغان خىتابنامىسىنى ئىچىدە ئوقۇيدۇ. بۇ خۇددى بىر دىنىي خۇراپاتلىق رەسمىيىتىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، بۇ خىل رەسمىيەت ياپون ـ جۇڭگو ئۇرۇشىدىكى ئۇرۇش مەيدانلىرىدىمۇ ئوخشاشلا داۋام قىلىنغان. ئۇ ۋاقىتتا ياپونلار كۈن چىقىشنىڭ ئالدىدا ئالدى بىلەن مۇشۇ رەسمىيەتنى ئۆتەپ، ئاندىن يارىلانغان ۋە ئۆلگەنلەردىن خەۋەر ئېلىشنى باشلىغان. ھەمدە ئاشۇ رەسمىيەتتىن كېيىن ئاندىن ئۆلگەنلەرنىڭ كۆلىنى بىر ياغاچ قۇتىغا قاچىلاپ، يىراقتا قالغان دۆلىتىگە ماڭدۇرغان.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ياپونىيە ھەربىي ئىشلاردا بىخ خىل جىمجىتلىقنى ساقلاپ كەلدى. لېكىن، ياپونىيە ھەربىيلىرىنىڭ روھىي، جىسمانىي ۋە ئۇرۇش تېخنىكىسى جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشى بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا داۋام قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھېچ نېمىگە باش ئەگمەس روھىنى يېقىندىن بۇيان يۈز بېرىۋاتقان بىر قاتار ھادىسىلەردىن تولۇق كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

ئىلاۋە: بىر تونۇشۇمنىڭ دەپ بېرىشىچە، يېقىندا بىر مۇخبىر ياپونىيىدىكى بىر داڭلىق، ئىنتايىن گۈزەل ئارتىس قىزدىن ھازىر ياپون-جۇڭگو مۇناسىۋىتى جىددىيلىشىۋاتقانلىقىنى دەپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بار بولغان ئۇرۇشقا ئۇ قىزنىڭ قانداق قارايدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ ئارتىس قىز ھېچ بىر ئىككىلەنمەستىن مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «ئەگەر دۆلىتىمىز ئۇرۇشۇپ قالسا، مەن بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز نەگە بارسا شۇ يەرگە بېرىپ، بىزنىڭ ئەسكەرلەرگە ئاممىۋى خوتۇن بولۇپ بېرىمەن.»

### 5. ئۆلگەنلەرنى قەدىرلەش ۋە ھۆرمەتلەش

ياپونلارنىڭ ئانا ۋەتىنى ئۈچۈن باتۇرلارچە قۇربان بولغان قەھرىمانلىرىنى ئەسلەش پائالىيىتى ئىچىدىكى ئەڭ چوڭى ۋە تورداشلارغىمۇ تونۇش بولغىنى ئۇلارنىڭ ھەر يىلى بىر قېتىم توكيودىكى ياسۇكۇنى ئىبادەتخانىسىنى يوقلىشىدىن ئىبارەت. ئۇ بىر كەچ ۋاقتى چىراغ ياقماي ئېلىپ بارىدىغان مۇراسىم بولۇپ، ئۇنىڭدا ياپون قەھرىمانلىرىنىڭ ئىلاھلىرىغا قوشۇلۇشى ئۈچۈن، شىنتو دىنى پوپلىرى ئۆلۈپ كەتكەن قەھرىمانلارنىڭ ئىسمىنى بىر-بىرلەپ چاقىرىدۇ. ھەر يىلى ئەتىيازدا ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇ مۇراسىمغا دېڭىز ئارمىيە ۋە قۇرۇقلۇق ئارمىيە گېنېراللىرى كېلىپ قاتنىشىپ، مىللىي دىن پوپلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۈنلۈك ئاۋازدا قەسەم بېرىدۇ. بۇ چاغدىكى كۆرۈنۈش كىشلەرگە موڭغۇلىيە يايلاقلىرىدا، ئامۇر جاڭگاللىرىدا، جۇڭگو تۈزلەڭلىكلىرىدە ۋە جەنۇبى دېڭىزنىڭ كىچىك ئاراللىرىدا ئۆلگەن كىشلەر ھەربىي دەرىجە جەھەتتىن مەزكۇر مۇراسىمغا كەلگەن ھەربىي گېنېراللاردىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغاندەك تەسىر بېرىدۇ.

1943-يىلىدىن بۇرۇن ئۆلگەن قەھرىمانلارنىڭ كۈللىرى خاربور شەھەرلىرىگە ئېلىپ كېلىنگەندىكى مەنزىرىنى كۆرگەن ھەر قانداق بىر كىشى قاتتىق تەسىرلەنمەي قالمايدۇ. دۆلەتلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، سابىق جەڭچىلەر، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، ۋە مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان يۈزلىگەن كىشلەر قاتار تىزىلىپ، بىر خىل جىددىي تۈس ئىچىدە جىمجىت تۇرىدۇ. قۇربان بولغان ئەسكەرلەرنىڭ سەپداشلىرى خۇددى بىر مۇقەددەس نەرسىنى كۆتۈرگەندەك ئۆلگەنلەرنىڭ كۈلى قاچىلانغان قۇتىلارنى كۆتۈرۈپ پاراخوتتىن چۈشكەندە تىزىلىپ تۇرغان نەچچە يۈز ئادەم تەڭلا ئۇلارغا ناھايىتى جىددىي ھالەتتە تەزىم قىلىدۇ. بۇ كۈل قۇتىلىرى دېڭىز قىرغىقىدا ساقلاپ تۇرغان قۇربانلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بېرىلىدۇ. ئاندىن ئۇلار قولىدىكى كۈل قۇتىسىنى كۆتۈرۈپ، يىراقلاردىكى كەنتىگە ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇلار قۇتىنى تۇتۇپ، پويىزدا جىمجىت ئولتۇرغاندا، پويىزغا چىققان ھەر بىر ئادەم بېشىدىكى قالپىقىنى ئېلىۋېتىپ، ئۆلگەن قەھرىمانلارنىڭ روھىغا قاتتىق ئېگىلىپ تۇرۇپ تەزىم قىلىدۇ، ھەمدە ئۇلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بىر

كىچىك شامنى ياندۇرىدۇ. ئانا يۇرتىنىكىلەر يىراقتىكى ئۇرۇشلاردا ئۆلۈپ كەتكەن ئەسكەرلىرىنى مانا مۇشۇنداق قەدىرلەيدۇ ۋە ھۆرمەتلەيدۇ .

ياپونىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ئەخلاقىي تۈزۈمى پادىشاھ مەئىجىنىڭ بۇيرۇقى ئاساسىغا قۇرۇلغان. بۇ تۈزۈم بارلىق ئەسكەرلەرنىڭ ئانا ۋەتىنىگە بولغان مەجبۇرىيەتلىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىپلا قالماي، ئەسكەرلەر بىلەن ئوفىتسېرلار، ھەمدە دۈشمەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرنىمۇ ئېنىق بەلگىلەپ بەرگەن. ئۇ بۇيرۇق ياپونىيە ئارمىيىسىگە ئىنتايىن ئېغىر مەسئۇلىيەتلەرنى يۈكلىگەن. شۇڭلاشقا ياپونىيە ئارمىيىسى ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھى بىلەن تولۇق قوراللانغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلار خەلقنىڭ روھىي داھىيلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ياپونىيىدىكى پۈتۈن خەلقتىنمۇ ئوخشاش دەرىجىدىكى ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھىنى تەلەپ قىلغان. يەنى، ئانا ۋەتىنى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرۇش روھى يالغۇز ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭلا ئىشى بولۇپ قالماستىن، ئۇ پۈتۈن ياپونىيە خەلقىنىڭ ئورتاق روھىدۇر. بۇ روھ ياپونىيەدە ھازىرمۇ ئوخشاش دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.

ئىلاۋە: ياپونلارنىڭ ئىنسانىيەت ئۈستىدىن ئۆتكۈزگەن جىنايەت ئىشلىرىمۇ بار. مەزكۇر ماقالە ياپونلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان بولۇپ، ئۇلار قىلغان ئىشلارنىڭ توغرا-خاتالىقىغا باھا بېرىش ئۈستىدە بولمىغاچقا، مەن ئۇلار قىلغان ئىشلارغا باھا يازمىدىم. ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ نۇقتىنى ئەستىن چىقارماسلىقىنى سورايمەن.

يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۆلۈم ياپونىيە جەڭچىلىرىنى قورقۇتالمايدۇ. ياپونلار ئۈچۈن ئۆلۈم سەپەرنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۇلارنىڭ ئۆز ئەجدادلىرىدىن باشلانغان گۈللىنىش يولىدا مەڭگۈ توختىماي ئىلگىرىلەش سەپىرىدىكى بىر كىچىك باسقۇچتىنلا ئىبارەت. ئۇ بىر ئىشىك بولۇپ، سەپەرنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى ئەمەس، بەلكى باشلىنىشى. ياپونلارنىڭ قارىشىچە، ئۇرۇش مەيدانىدا ئۆلگەن ئادەم بىر خىل ئەرۋاھقا ئايلىنىدۇ. ئۇلار تىرىك ياشاۋاتقان ياپون خەلقىگە يېقىن بىر جايغا ئورۇنلىشىپ، باشقا مىليونلىغان ئۆزىگە ئوخشاش ئەرۋاھلار بىلەن داۋاملىق ۋە مەڭگۈ قول تۇتۇشۇپ، ئۆز ۋەتىنى بىلەن ئۆز خەلقىنى قوغدايدۇ. ئۇلار ئۆز خەلقىنىڭ بەختى بىلەن تەرەققىياتىنى قوغدايدۇ، ھەمدە پۈتۈن خەلقنىڭ بارلىق مۇقەددەس ئىشلىرىدا خۇددى ھايات

كىشىلەردەكلا ھەر خىل مۇھىم رولىلارنى ئادا قىلىدۇ. ئۆلۈپ كەتكەنلەر مۇقەددەس ئەرۋاھلارغا ئايلىنىپ، يېڭى ئەۋلادلارغا يېقىن تۇرىدۇ. ئۇلار يېڭى ئەۋلادلار تەرىپىدىن ھەر كۈنى دېگۈدەك ئېھتىرام بىلدۈرۈلىدۇ، ھەمدە يېڭى ئەۋلادلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى ۋە قوغدىغۇچىلىرى بولۇپ ياپون تۇپرىقىدا مەڭگۈ ياشايدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئالغىنىمدەك، ساموراي بولۇشنىڭ بىرىنچى شەرتى ئۆز جېنىنى قۇربان قىلىشقا تەييار بولۇشتىن ئىبارەت. ئەگەر بۇنداق رازىلىق بولمايدىكەن، ئەڭ ئېسىل قوراللارمۇ كارغا كەلمەيدۇ. ئۇرۇشتا غەلىبە قازاندۇرىدىغان نەرسىدىن ئىككىسى بار. بىرى روھ ياكى ئىرادە، يەنە بىرى مەشىق. ياپونلار ئۈچۈن بۇ روھ ئەڭ دەسلەپىدىن تارتىپلا ئۆلۈشكە رازى بولۇش روھىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ ھەرگىزمۇ ياپونىيە ئەسكەرلىرى ئۆلۈشنى ئىستەيدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. ئۇنىڭ ئەكسىچە، جەڭدە زۆرۈر بولغاندا ئۆز جېنىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق ياپون ئەسكەرلەر ئۆز ئۆمرىدىكى ئەڭ مۇكەممەل رازىلىققا ئىگە بولىدۇ. ئۇلار ئۆز جېنى بىلەن ئادالەتلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بىر نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئىستەيدۇ. ئاشۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ياپونىيە پادىشاھىنىڭ ئەڭ مۇقەددەس ئۈمىدىنى يەردە قويمىغانلىق بولىدۇ. ياپونىيە ئەسكەرلىرىنىڭ بىرىنچى ھەربىي نىشانى ھەرگىزمۇ ئۆزىنى قۇربان قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرى قىلىۋاتقان جەڭ ئارقىلىق ئېرىشمەكچى بولغان نىشاندۇر.

## 6. پادىشاھقا بولغان چوقۇنۇش

مېنىڭ تۆۋەندە بايان قىلىدىغىنىم ياپونىيىنىڭ 1945-يىلىدىن بۇرۇنقى ئىشلىرى. ياپونىيە ئارمىيىسى بىۋاستە پادىشاھنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا بولۇپ، ئۆزلىرىنى پادىشاھنىڭ مۇقەددەس ئارزۇسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلار دەپ، ھېسابلايدۇ. چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرى بىلەن كېلىشىم تۈزگەندە، كېلىشىملەرنى ھەربىي قوماندانلار ئۆز كۆزىدىن كۆچۈرۈپ تەستىقلايدۇ. ئۇلار مانجۇرىيە ئۇرۇشىنى ھېچ قانداق مۇرەككەپ كېڭەشلەردىن ئۆتكۈزمەيلا ئۆز ئالدىغا قوزغىغان. پۈتۈن خەلقتە مىللىي روھنى تەربىيىلەپ يېتىلدۈرۈش ۋەزىپىسىنىمۇ ئارمىيە ئۆز ئۈستىگە ئالغان. يەنى، ئارمىيە دۆلەتنىڭ مائارىپچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. سىياسەتچىلەر ۋە سودىچىلار قىلغان بەزى ئىشلار ياپونلار ئۈچۈن نومۇس قىلىدىغان ئىش، دەپ قارالغاندا، ئارمىيە ئۇلارنى ھېچ بىر ئىككىلەنمەستىن توسقان

ياكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغان. ئۇلار پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىغا ياپونلارنىڭ قەدىمكى كۈچلۈكلۈكىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، خۇددى ئاللاھتىن چۈشكەن بۇيرۇقتەك مۇئامىلە قىلىپ، ئۆزلىرىنى بولسا ئاشۇ بۇيرۇقنىڭ مۇقەددەس ئىجراچىلىرى ھېسابلايدۇ. ھەر قېتىم ياپونلارنىڭ مىللىي ئېھتىخارى بىرەر تەھدىتكە ئۇچرىغاندا، ياپونىيىنىڭ ھەربىي ئوفىتسېرلىرى كۆكرەك كېرىپ چىققان مىساللار ئىنتايىن كۆپ. مەسىلەن، 1936 ـ يىلى ياپونىيە ئەسكىرىنىڭ ياش ئوفىتسېرلىرى مىللىي ئېھتىخارغا داغ كەلتۈردى، دەپ قارىغان بىر قىسىم دۆلەت ئەمەلدارلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ياپونىيە پايتەختىنىڭ بىر قىسمىنى نەچچە كۈنگىچە ئىگىلەپ تۇرغان. بۇنداق ئىشلار چەت ئەللىكلەرگە خۇددى بىر ئىسيانكارلىقتەك كۆرۈنىدىغان بولۇپ، ئۇنى پەقەت ياپونلارنىڭ روھىي ھالىتى بويىچىلا چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. يەنى ياپونىيە ھەربىيلىرى ئۈچۈن ئاشۇنداق قىلىش تەھدىت ئاستىدا قالغان مىللىي ئېھتىخارلىق، ياپونلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ۋە ياپونىيىنىڭ مىللىي غۇرۇرىنى قوغداش يولىدىكى بىر مۇقەددەس ئىش، ۋە جەڭگىۋار سامۇرايلارنىڭ ئادالەتسىزلىككە قارشى قوراللىق جەڭگە ئاتلىنىشى، دەپ قارالغان.

پادىشاھقا ئەڭ قاتتىق چوقۇنىدىغانلار ياپونىيە ئارمىيىسىدۇر. ئۇلار پادىشاھقا چوڭقۇر ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئېتىقادىنى ئەڭ كۈچلۈك نامايان قىلغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە پادىشاھ بولغان كىشى پۈتۈن يەر شارى يۈزىدىكى ئەڭ مۇقەددەس نەرسە بولۇپلا قالماي، جەننەت بىلەن يەر يۈزى ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ مۇھىم نەرسىمۇ يەنىلا شۇ پادىشاھ ئىكەن. ياپونلارنىڭ نەزىرىدە، پادىشاھنىڭ ئۆزى بىر خۇدا ئىكەن.

يۇقىرىدىكى ئىدىيىلەرنى غەربلىكلەرنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ چۈشىنىش، ۋە غەربلىكلەرنىڭ تىلى بىلەن ئېپادىلەش ئىنتايىن تەس. پادىشاھقا چوقۇنۇشنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئەجدادلارغا چوقۇنۇشى دېيىشكىمۇ بولىدىغان بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ ھەر بىر ياپوننىڭ ئايرىم ئىشى ئەمەس. ئۇ پۈتۈن ياپونىيە جەمئىيىتىنىڭ يادروسى. ئەگەر ئۇ بولمىغان بولسا، ياپونلار ناھايىتى قىزىقارلىق ۋە قاتتىق ئىشلەيدىغان يەنە بىر ئاسىيا خەلقىدىن باشقا نەرسە بولالمايتتى. پادىشاھقا بولغان چوقۇنۇش يالغۇز ياپونلارنى باشقا خەلقلەردىن كۆپ ئۈستۈن ئورۇنغا چىقىرىپلا قالماي، ھۆكۈمەت، ھۆكۈمەت ئېگى ۋە دىنىي فاناتىسىزم (fanaticism) نىڭ پۈتۈن دۇنيانىڭ

باشقا جايلىرىدىكىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان بىر ئالاھىدە شەكىلنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. ياپونلارنىڭ پادىشاھقا چوقۇنۇش ئېڭى غايەت زور كۈچ-قۇۋۋەتكە ئىگە. بۇ كۈچ-قۇۋۋەت روھىي كۈچ-قۇۋۋەت بولۇپ، ئۇ ئەڭ كۈچلۈك ئۇرۇش پاراخوتلىرىنى ۋە غايەت زور مىقداردىكى ھەربىي خىراجەتنى بېسىپ چۈشىدۇ. ئۇنى بىرەر سان بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ. ئەمما ئۇ ياپونلاردا ئىنتايىن ئېسىل ۋە ئىنتايىن ياخشى ئۈنۈم بېرىدىغان بىر خىل نەرسە سۈپىتىدە مەۋجۇت.

ياپون خەلقىنىڭ پادىشاھى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بالا بىلەن دادىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاش بولۇپ، بۇ قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مەجبۇرىيەت بىلەن بوي سۇنۇشتىن ئىبارەت ئائىلە مۇناسىۋىتى بىلەن ئوخشاش. پادىشاھ ئۆز ھوقۇقىنى ئەمەلىيەتتە ئانچە ئىشلىتىپ كەتمەيدۇ. ياپونلار ئاتا-ئانىسىغا بوي سۇنىدۇ، ھەمدە ئاتا-ئانىلار بالىلىرىدىن خەۋەر ئالىدۇ. بۇنداق ئائىلە مۇناسىۋىتى بىر ئەۋلاد بىلەنلا تۈگىمەيدۇ. بەلكى، خۇددى رىۋايەتلەردە دېيىلگىنىدەك، پادىشاھنىڭ ئائىلىسى ياپون ئاراللىرىنىڭ باشلىنىشى بىلەنلا باشلىنىپ تاكى ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلگىنىگە ئوخشاش، ياپونلارنىڭ يۇقىرىقىدەك ئائىلە مۇناسىۋىتى مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

ياپونلارنىڭ بۇ ئېتىقادى ياپونىيە پادىشاھى پايتەختىنىڭ كوچىسىدا ماشىنا بىلەن ماڭغاندا سىرتقا قارىتا ناھايىتى روشەن نامايان بولىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا پۈتۈن شەھەر كوچىلىرى پاك-پاكىز تازىلانغان بولىدۇ. پۈتۈن پايتەخت جىمجىتلىققا چۆكۈپ، كىشىلەر كوچىلارنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئېھتىرام بىلدۈرۈپ جىمجىت تۇرىدۇ. پادىشاھ ئولتۇرغان ماشىنا ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، يولنىڭ ئىككى چېتىدە تۇرغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى چوڭقۇر تەزىم قىلىپ، پادىشاھنى كۆرەلمەيدىغان تەرىقىدە يەرگە قاراپ تۇرىدۇ. ياپونىيىنىڭ ئۆرپ-ئادىتى بويىچە، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى كىشىلەرنىڭ پادىشاھقا كۆز تىكىپ قارىشى چەكلەنگەن. جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىر ئادەمنىڭ پادىشاھقا كۆز تىكىپ قارىشى بىر مۇقەددەس ئادەمگە قىلىنغان ھاقارەت بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ دىنى ئېتىقادىنى دەپسەندە قىلغانلىق بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

ياپونىيە پادىشاھى بۈگۈن ياپونىيىنىڭ زامانىۋى قوراللىرىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ، ئەتە پادىشاھ ئوردىسىدا جەننەت بىلەن يەر يۈزى

ئوتتۇرىسىدىكى دەرىجىدىن تاشقىرى كېلىشتۈرگۈچى بولۇش رولىنى ئۆتەۋېرىدۇ. بۈگۈنكى ياپونلار بۇ ئىككى خىل ئىشلارنى ھەرگىزمۇ ئۆز-ئارا زىددىيەتلىك ئىش، دەپ ئويلىمايدۇ. قەدىمكى ئۆرپ-ئادەت بويىچە، پادىشاھ بەزىدە سىمۋوللۇق ھالدا شال ئېتىزىغا ئورۇق چاچىدۇ. ئۇنىڭ ئايالى بولسا يىپەك رەخت توقۇيدۇ. پادىشاھ ئائىلىسى يۇقىرىدىكى ئىككى خىل ئەنئەنىۋى ئىشلارنىڭ ھەر ئىككىسىنى تەڭلا قىلىپ ماڭىدۇ. ياپونىيە خەلقى يالغۇز پادىشاھ ئوردىسىغىلا ئەمەس، ئۇ يەردىكى بارلىق كىشىلەرگە يۈكسەك دەرىجىدە ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ.

ئىلاۋە: يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنى ياپونىيىنىڭ 1945-يىلىدىن بۇرۇنقى ئەھۋاللىرى. مېنىڭ چۈشىنىشىمچە 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللاردا بىر ئاز ئۆزگىرىش بولدى. لېكىن، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئېلېمېنتلىرى ھازىرمۇ مەۋجۇت. يۇقىرىدىكى بايانلاردىن نېمە ئۈچۈن 2-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ياپونىيە پادىشاھىنىڭ بىر بۇيرۇقى بىلەن ياپونىيە ئارمىيىسى بىر قانچە دۆلەتلەرگە تاجاۋۇز ئۇرۇشى باشلىغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىش تەس ئەمەس.

## 7. ياپونىيىنىڭ شەرقىي ئاسىيادىكى كېڭەيمىچىلىكىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

ئوقۇرمەنلەرنىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، ياپونىيە 19- ۋە 20-ئەسىرلەردە شەرقىي ئاسىيادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەرنى تاجاۋۇز ئۇرۇشى بىلەن بېسىۋالدى. بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ئوخشىمىغان مىللەت ۋە ئوخشىمىغان دۆلەتلەر ھەر خىل چۈشەندۈرىدۇ. 1943-يىلى گېرمانىيە مەخسۇس بىر گۇرۇپپا مۇتەخەسسىسلەرنى تەشكىللەپ، ياپونىيىنىڭ بىر كۈچلۈك دۆلەت بولالىشىدىكى سىرلار ئۈستىدە تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغان، ھەمدە شۇ ئاساستا بىر دوكلات يېزىپ چىققان. مەن يۇقىرىدا بايان قىلغان مەزمۇنلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئاشۇ دوكلاتتىقا ئاساسەن يېزىلغان. ئۇ دوكلات ياپونلارنىڭ شەرقىي ئاسىيادىكى كېڭەيمىچىلىكى ئۈستىدىمۇ مەخسۇس توختالغان بولۇپ، مەن بۇ يەردە ئاشۇ مەزمۇننى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن. بۇ مەزمۇن ئاسىيادا بولۇپ ئۆتكەن بىر قىسىم تارىخىي ۋەقەلەرنى توغرا چۈشىنىش ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم، دەپ ئويلايمەن.

ياپونىيە پادىشاھى مېئىجى 30 مىليون ياپون خەلقىگە 74 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇنىڭ نەۋرىسى بولسا ئەينى ۋاقىتتا 100 مىليون

ياپون نوپۇسغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولۇپ، ئۇ بۇ 100 مىليون نوپۇسقا ياپونىيىنىڭ يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلدىغان نەچچە يۈز مىليون ئاسىيالىق خەلقلەرنى قوشۇش زۆرۈر، دەپ قارىدى. قەدىمكى ياپون مەدەنىيىتى ياغاچ، بامبۇك، قەغەز، چىغ ۋە يىپەك ئۈستىگە قۇرۇلغان بولسا، ئۇلارنىڭ ھازىرقى مەدەنىيىتى تۆمۈر، پولات، زاۋۇت ۋە ماشىنىلار ئۈستىگە قۇرۇلغان. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ياپونىيەنى كۈچلۈك قىلىپ تۇرغان نەرسە 20-ئەسىردىكى مەدەنىيەت بولماستىن، ئۇلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىدۇر. ياپونىيە تارىختىن بۇيان ئاسىيا مەدەنىيىتىنى ساقلاپ كەلگۈچى ۋە قوغدىغۇچى بولۇپ كەلدى. جۇڭگو، كورېيە ۋە ھىندىستاننىڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلىرى كۆپ ئاجىزلاپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار ياپونىيەدە ساقلىنىپلا قالماي، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنىمۇ بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا جارى قىلدۇرۇپ كەلدى. شۇڭلاشقا ياپونلار يالغۇز تېخنولوگىيە ساھەسىدىلا ئەمەس، باشقا ھەممە ساھەلەردە ئۆزلىرىنى ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ بېشى، دەپ قارايدۇ.

1934-يىلى ياپونىيە «ئاسىيا ئاسىيالىقلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ» دېگەن، ئىنگلىزچە «Japanese Monroe Doctrine: Asia for Asians» دەپ ئاتىلىدىغان سىياسەتنى تۈزۈپ چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 10 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، ياپونلار بۇ سىياسىي پىلاننى خېلى زور كۆلەمدە ئىشقا ئاشۇردى. ياپونلارنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا ياشايدىغان نوپۇسنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، ئۇلار شەرقىي ئاسىيانى بىر ئورتاق گۈللەنگەن رايون قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا باشلىدى. شەرقىي ئاسىيا خەلقى ياپونلارنى ناھايىتى چۈشىنىدىغان، ئۇلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئۇلارغا قايىل بولىدىغان، ۋە ئۇلاردىن قورقىدىغان بىر ھالەتكە كەلگەن بولۇپ، بۇ جەھەتتە ياپونلار 5-ئەسىردە گېرمانىيىدىن كېلىپ ئەنگلىيەنى بېسىۋالغان ئانگىلو-ساكسونلاردىن ئېشىپ چۈشتى. شەرقىي ئاسىيالىقلار ئانگىلو-ساكسونلارنىڭ ئۆزلىرى بېسىۋالغان يەرلەرنى باشقۇرۇشتا ئاجىز كېلىپ قالغانلىقىنى، ياپونلار بولسا ئۆزلىرى بېسىۋالغان جايلارنى ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ياپونىيىنىڭ قانداق ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ياپونىيىنىڭ قولى بىلەن مانجۇرىيىنىڭ بىر ئادەم ياشمايدىغان جايدىن ئاسىيادىكى بىر يېڭى تەرتىپنىڭ مەركىزىگە ئايلانغانلىقىنى كۆردى. ياپونىيىنىڭ بىر ھەقىقىي كۈچ ۋە شەرقىي ئاسىيانىڭ مەركىزى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى. ياپونىيەدىن ئىبارەت بۇ كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياشنىڭ ماكانى (the land of the rising sun)

يالغۇز شەرقىي ئاسىيانىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ روھىي جەھەتتىن قايتا تىرىلىش ماكانى بولۇپلا قالماي، ھازىرقى زامان مەدەنىيەتلىشىشىنىڭمۇ مەركىزى ئىكەنلىكىنى كۆردى (ئەسكەرتىش: ياپونىيىنىڭ بايرىقىدىكىسى كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياشنىڭ رەسمى). ئۇلار ياپونىيەگە ئوقۇشقا ئەۋەتىدىغان ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانىنى يىلدىن-يىلغا كۆپەيتتى.

ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكا ياپونىيىنىڭ پارتلاپ تەرەققىي قىلىش ھادىسىسىنى، ياپونىيە دۆلەت كۈچىنىڭ توختاۋسىز ئۆسۈپ مېڭىش ھادىسىسىنى كۆرمىدى. ھەممە نەرسىنى ماددىي نەرسىلەر بىلەن ئۆلچەيدىغان بۇ ئىككى دۆلەت ياپونىيىنىڭ روھىي قىممەت قارىشى بىلەن روھىي كۈچ-قۇدرىتىنى چۈشەنمىدى. ياپونىيىنىڭ كۈنسايىن ئۆسۈپ مېڭىۋاتقان نوپۇس سانى ۋە بۇ خىل ئەھۋال كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاقىۋەتلەرگە پەرۋا قىلمىدى. ئۇلار ھەتتا مۇشۇنداق بىر توسقىلى بولمايدىغان تەبىئىي جەريانىنى بىز ھازىر كۆرۈۋاتقان پارتلاشنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە سەۋەبچى بولغان تەدبىرلەر بىلەن توسماقچى بولدى.

## 8. ياپونلارنىڭ ئۆز-ئارا يېقىندىن ھەمكارلىشىش روھى

مەن ئەسلىدە بۇ مەزمۇننى بىر ئايرىم ماقالە قىلىپ يېزىپ چىقىشنى پىلانلىغان ئىدىم. ئۇنداق پىلانلاشتىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى، ئۆز-ئارا يېقىندىن ھەمكارلىشىش روھى بىر مىللەتنىڭ پولاتتەك ئۇيۇشۇشى بىلەن ھەممە ئىشلاردىكى بىرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۆز ئىشلىرىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىپ، مىللەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتا ئىنتايىن ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. يەنە بىرى بولسا، ياپونلاردا بۇ روھ ئىنتايىن كۈچلۈك، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۇيغۇرلاردا بۇ روھ يوق دېيەرلىك دەرىجىدە ئىنتايىن ئاجىزلىقىدۇر. ئەمما ماتېرىيال توپلاش جەريانىدا ياپونلارنىڭ ھەمكارلىشىش روھىنىڭ ئۇلارنىڭ قالغان روھى ۋە ئۇلارنىڭ تەبىئىي خاراكتېرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى، شۇڭا بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختىلىشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەزمۇننى مۇشۇ يەرگە بىر كىچىك تېما قىلىپ قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىش قارارىغا كەلدىم.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ياپونلاردىكى ھەمكارلىشىش روھى مۇنداق ئىككى نەرسىدىن كېلىپ چىققان. ئۇنىڭ بىرى مەن يۇقىرىدا تونۇشتۇرغان ساموراي روھى. يەنە بىرى بولسا ياپونىيە مائارىپىدىكى ئەخلاق تەربىيىسى.

ياپونىيە مەكتەپلىرىدىكى ئەخلاقىي تەربىيە مۇنداق 4 قىسمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ [6]: (1) ئۆزىنىڭ ئاڭلىقلىقى: ئۆز-ئۆزىنى تولۇق ۋە توغرا چۈشىنىش، يەنى، ئۆزىنىڭ تالانتلىرى، ھېسسىياتى ۋە ئىش-ھەرىكەتتىكى ئىپادىسى قاتارلىقلارنى بىلىش، (2) باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت، (3) ئۆزى تەۋە بولغان گۇرۇپپىلار ۋە جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەت، ۋە (4) تەبىئەت ۋە كائىنات بىلەن بولغان مۇناسىۋەت. بۇ 4 قىسمنىڭ ئىچىدىكى ئىككى قىسىم ھەر بىر شەخسنىڭ باشقا ئادەم، ئۆزى تەۋە بولغان گۇرۇپپىلار ۋە جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر ئۈستىدە بولۇپ، بۇنىڭدىن بىز ياپونلارنىڭ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىققا نەقەدەر ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ يەردىكى باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئەدەپ-ئەخلاق، باشقىلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ۋە باشقىلارغا ھۆرمەت قىلىش، دوستلۇق، ۋە كەمتەرلىك قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. گۇرۇپپا ۋە جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەت بولسا ئاممىۋى مەجبۇرىيەت، گۇرۇپپا پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىش، ئوقۇتقۇچىلارغا ھۆرمەت قىلىش، ئەنئەنىگە ھۆرمەت قىلىش، ۋە باشقا يات مەدەنىيەتلەرگە ھۆرمەت قىلىش، شۇنداقلا ئادالەتلىك، مەسئۇلىيەتچانلىق، ئائىلە ئەزالىرىغا ھۆرمەت قىلىش، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇش، ۋە ۋەتەننى سۆيۈش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

ياپونىيە مائارىپ مىنىستىرلىقى بىر قىسىم ئالاھىدە ئىش-پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئەخلاقىي ۋە ئىجتىمائىي تەربىيىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ساھەسىدە مۇنداق كۆرسەتمە چىقارغان: زۆرۈر بولغان گۇرۇپپا ئىش-پائالىيەتلىرى ئارقىلىق، كۆڭۈل بىلەن بەدەننىڭ ئۆز-ئارا ماسلاشقان ھالدا ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئىندىۋىدۇئاللىقنى راۋاجلاندۇرۇش، گۇرۇپپىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن بىر ياخشى ھايات يارىتىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مۇستەقىل ۋە ئەمەلىي پوزىتسىيىنى يېتىلدۈرۈش، بىر ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن ھاياتقا بولغان تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ھەمدە ئۆزىنىڭ ھەممە يوشۇرۇن كۈچلىرىنى تولۇق ئىشقا سېلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

ياپونىيە مەكتەپلىرىنىڭ بىر چوڭ ئالاھىدىلىكى، ئۇلاردا كۆپلىگەن ئوقۇغۇچى كۇلۇبلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدۇر. مەسىلەن، تەنھەرىكەت، مۇزىكا، مەدەنىيەت ۋە ئاكادېمىك كۇلۇبلار. بۇ كۇلۇبلارنى مەكتەپ ئورۇنلاشتۇرغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى

قۇرىدۇ ۋە باشقۇرىدۇ. يۇقىرى يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلار تۆۋەن يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارنى چېنىقتۇرۇپ، ئۇلارغا قائىدە-تۈزۈملەرنى ئۆگىتىپ، ھەر جەھەتتىن ئۇلارغا ياردەمدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۇلۇبلارغا بولغان سادىقلىقىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ھەر بىر كۇلۇبنىڭ ئەزالىرى كۆنىگە كەم دېگەندە بىر قېتىم يىغىلىش قىلىپ، ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىش، ئەدەپ-ئەخلاقلىق بولۇش، مەسئۇلىيەتچان بولۇش، تىرىشچان بولۇش، ئۆز-ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە دوستانە بولۇش قاتارلىق روھىي سۈپەتلەرنى يېتىلدۈرۈش يولىدا ئىش ئېلىپ بارىدۇ. مۇشۇنداق كۆندىلىك پائالىيەتلەرنىڭ مۇھىملىقىنى ئىنتايىن قاتتىق ۋە داۋاملىق تەكىتلەش ئارقىلىق، ياپونىيە مەكتەپلىرى ئوقۇغۇچىلاردا ئېسىل خاراكتېر يېتىلدۈرۈش مەقسىتىنى ناھايىتى يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن ئىشقا ئاشۇرىدۇ. مۇشۇنداق جەريان ئارقىلىق ياپون ئوقۇغۇچىلاردا ئۆز مەدەنىيىتىنى ساقلايدىغان ۋە ئۆز ئەنئەنىسىگە ئەمەل قىلىدىغان ئەخلاقنى يېتىلدۈرىدۇ. ياپونىيە مەكتەپلىرىنىڭ بۇ ساھەدە پايدىلىنىدىغان نەرسىسى بىرەر دىنىنىڭ ئەقىدىسى ئەمەس. بەلكى، ئۇلار ئوقۇغۇچىلاردىن ئۆزىنىڭ ئىش-ھەرىكىتى ئەتراپىدىكىلەرگە ۋە دۇنياغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ھەر ۋاقىت بىلىپ تۇرۇشنى قاتتىق تەلەپ قىلىدۇ، ھەمدە ئوقۇغۇچىلارغا بىر قاتار گۈزەل ئەخلاقلارنى بەلگىلەپ بېرىپ، ئۇلارنى تۈزۈپ سۈپىتىدە ئىجرا قىلغۇزىدۇ .

ياپونىيە مەكتەپلىرى ئەڭ كۆپ ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئىشلارنىڭ يەنە بىرى «دالا-سەپىرى» (field_trip) قىلىشتۇر. بۇنىڭدا بىر سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى بىر كۈن ياكى تەتىل ۋاقتى بولسا بىر قانچە كۈن ۋاقىت چىقىرىپ، بىر تەبىئىي باغچە، بىر داڭلىق شىركەت، ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر ئەھمىيەتلىك يەرگە بارىدۇ. بۇ پائالىيەت ئارقىلىق بالىلاردا تەبىئەتنى سۆيۈش، تۇرمۇشنى قەدىرلەش ۋە ئۇنىڭغا كۆيۈش، ھاياتنى ۋە ھاياتلىقنى قەدىرلەش، بىر-بىرىگە مېھرىبانلىق كۆرسىتىش، ھەمدە ھەممە ئىشتا ئۆز-ئارا يېقىندىن ھەمكارلىشىش خىسلەتلىرىنى يېتىلدۈرىدۇ .

ياپونىيە مەكتەپلىرى ئوقۇغۇچىلارغا ھەر بىر ئادەم بىلەن گۇرۇپپا ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش، ۋە گۇرۇپپا ئىچىدىكى ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى سىنىپتىكى گۇرۇپپا پائالىيەتلىرى، مەكتەپ تازىلاش ئىشلىرى، ئوقۇغۇچىلارغا تاماق تارقىتىش ئىشلىرى، ۋە ھەر خىل ئوقۇغۇچى كۇلۇبلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئۆگىتىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرەر

ئىشتا رەقىبلەرچە رىقابەتلىشىشنى قاتتىق چەكلەيدۇ. پەقەت دوستانە رىقابەتلىشىشكىلا يول قويىدۇ. مەكتەپلەردە ھەرگىزمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش نەتىجىسىنى ئېلان قىلمايدۇ. كۆڭۈل تەلىماتىدىكى ھوقۇق دەرىجە تۈزۈمى ياپونىيەدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولۇپ، كىچىك يېشىدىن باشلاپلا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن كىچىكلەر چوڭلاردىن ئۆگىنىش، ۋە چوڭلارنىڭ يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. چوڭلاردىن بولسا كىچىكلەرگە ئۆگىتىش، كىچىكلەرنى چېنىقتۇرۇش ۋە كىچىكلەرگە ياردەم قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. پۈتۈن ياپونىيە جەمئىيىتىدە ئۆز-ئارا سەممىي بولۇش، بىر-بىرىگە راستچىل بولۇش ۋە بىر-بىرىگە ئادىل بولۇش تولۇق ئەمەلگە ئاشقان بولغاچقا، بۇنىڭغا يۇقىرىقىدەك ھوقۇق دەرىجە تۈزۈمى قوشۇلۇپ، ھەر قانداق بىر ئىشتا، ئاشۇ ئىشنى قىلىشقا قاتنىشىۋاتقان بارلىق ئەزالار ئوتتۇرىسىدا ئۇيۇلتاشتەك قاتتىق بىرلىك ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىشلار بىر ئىنتايىن راھەت ئاتموسفېرا ئىچىدە ۋە ناھايىتى يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن يۈرۈشىدۇ. بىر ياپون يالغۇز ۋاقتىدا بىر قويغا ئوخشاش ياۋاش بولسا، ئۈچ ياپونلار بىر يەرگە كەلگەندە ئۇلار بىر شىرغا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. سىز ياپونلار ئارىسىدا ئۇرۇش-جېدەل كۆرمەيسىز. چوڭ ئاۋاز بىلەن سۆزلەشكەننى كۆرمەيسىز. يىغىندا ياكى باشلىق ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسەتمەكچى بولغانلارنى كۆرمەيسىز. بىر-بىرىنى كەمسىتىش ياكى چۈشۈرۈش ئىشلىرىنى كۆرمەيسىز. ئۇلار ھەرگىز «سېنىڭ دېگىنىڭ خاتا»، دېمەيدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا «مېنىڭچە بۇ ئىش مۇنداق»، دەيدۇ. ئۇلار ھەرگىز «مەن سېنىڭ پىكرىڭگە قارشى» ياكى «مەن سېنىڭ پىكرىڭگە قوشۇلمايمەن» دېمەيدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا «مەن ئۇنداق ئويلىمايمەن»، «مېنىڭ پىكرىم سىزنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ»، ياكى «مەن باشقىچە ئويلايمەن»، دەيدۇ.

مەن ھازىرغىچە ئۆز بېشىمدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلەرگە ئاساسەن، داۋاملىق مۇنداق بىر ئىشنى كۆز ئالدىمغا ئەكېلىمەن: ئەگەر سىز بىر توپ ياپونلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ، «بۇگۈن پوكۇنى يەردە بىر ئىنتايىن ئېسىل لېكسىيە بېرىلىپتۇ»، دېسىڭىز، ياپونلار ئىشتىكلا سىزدىن «ئۇ لېكسىيىنىڭ مەزمۇنى نېمىكەن؟» دەپ سورايدۇ. ئەگەر بۇ گەپنى بىر توپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ دېسىڭىز، كۆپىنچە ھالدا سىزدىن «ئۇ لېكسىيىنى كىم بېرىپتۇ؟» دەپ سورايدىغانلار چىقىدۇ. ياپونلار ئۆزى ئىشلەۋاتقان

شىركەتنىڭ، ياكى دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنى 1 ـ ئورۇنغا قويىدىغان بولغاچقا، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلار ھېلىقى لېكسىيىنى كىم بەرگەنلىكىنى ئاساسەن ھېچ بىر ئېتىبارغا ئالمايدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇ لېكسىيىدە شىركىتىگە ياكى ۋەتىنىگە پايدىلىق نېمە مەزمۇن بارلىقىغا پۈتۈن دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرىدۇ. ئۇيغۇرلارچۇ؟ ئۇنى مەن دېمىسەممۇ سىز بىلىسىز. «سەن نېمىتىڭ؟»، «ئۆزۈڭنى نېمە چاغلايسەن؟»، «سەن بىلگەننى باشقىلار بىلمەمدىكەن؟»، «ئالتۇننى زەرگەر سوقسۇن». بۇنداق سۆزلەر بىزگە ناھايىتى تونۇشلۇق. ئۇلارنى مەنمۇ ھازىرغىچە خېلى كۆپ ئاڭلاپ كەلدىم.

قىسقىسى، ياپونلار ئۆز ـ ئارا ھەمكارلىششقا ئىنتايىن قادىر. ئۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنى مەن مەزكۇر ماقالە بىلەن ئالدىنقى ماقالىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۈم. ئۇيغۇرلار بولسا بۇ جەھەتتە ياپونلارنىڭ دەل ئەكسى ـ بىز ئۆز ـ ئارا ھەمكارلىششقا قادىر ئەمەس، بەلكى، ئىنتايىن ئاجىز. بىزدە رەقىبلەرچە رىقابەتلىشىشكە، كۆرەلمەسلىككە، ئىچى ـ تارلىق قىلىشقا، ھەتتا ئۇپۇر كولاپ يىقىتىشقا تەييار تۇرىدىغانلار ئاز ئەمەس. بۇ خىل ئەھۋالنى ئاساسىي جەھەتتىن 15 ئەسىردىن 20 ئەسىرگىچە داۋام قىلغان ئىسلام دۇنياسىنىڭ «قاراڭغۇ دەۋرى» كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، ئۇلار يالغۇز ئۇيغۇرلاردىلا ئەمەس، باشقا بارلىق مۇسۇلمانلاردىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت. ئاشۇنداق مۇسۇلمانلارغا ئورتاق بولغان سەۋەبلەردىن باشقا، بىز ئۈچۈن، يەنى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن، بىر ئالاھىدە سەۋەبمۇ بار. ئۇ بولسىمۇ، بىزنىڭ بىر مەزگىل يىپەك يولىنى بەرپا قىلىپ، تىجارەتچى بولۇپ ياشىغانلىقىمىزدۇر. مەن مۇسۇلمانلارغا ئورتاق بولغان سەۋەبلەر ئۈستىدە ئۆزۈمنىڭ كېيىنكى ماقالىلىرىدە يەنە ئايرىم توختىلىمەن. مېنىڭ بۇ يەردە دەيدىغىنىم، ئۆز ـ ئارا ھەمكارلىشىش جەھەتتە بىزنىڭ ياپونلاردىن ئۆگىنىشىمىزگە تېگىشلىك نۇرغۇن ئېسىل سۈپەتلەر بار. مەن ئۇلارنى يۇقىرىدا قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۈم.

## 9. دىنىي ئېتىقاد ھەققىدە

ياپونىيەدە ياشاۋاتقان بىر ئەرەب مېنىڭ بىر تونۇشۇمغا مۇنداق دېگەن: «ھەي، بۇلار ئاللاھنى تونۇماي تۇرۇپ بۇنچىلىك ئەدەپلىك، سەممىي ھەم تىرىشچان. بۇلار مۇسۇلمان بولغان بولسا، دىن ۋە پەننى قورال قىلىپ، پۈتكۈل دۇنياغا ھەقىقىي مۇسۇلماننىڭ ئوبرازىنى تىكلەپ

بىرەر ئىكەن.» ھەممىمىزگە ئايان بولغىنىدەك، بىزنىڭ ھازىرغىچە تونۇلغان چۈشەنچىمىزگە ئاساسلانغاندا، ياپونلارنى مۇسۇلمان بولۇشقا قايىل قىلىش ئاسان ئەمەس. ئەمما مۇسۇلمانلارنى ياپونلارنىڭ ساپاسىدەك ساپاغا ئېرىشتۈرۈش مۇمكىنچىلىكى بار. بىراق ئۇنى ئەمەلىيەتتە ئىشقا ئاشۇرغىلى بولامدۇ-يوق، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز تىرىشچانلىقىغا باغلىق. بىز ئۇيغۇرلار ساپا جەھەتتىن ياپونلاردەك بولالامدۇق-يوق، ئۇ بىزنىڭ بۈنىڭدىن كېيىن قانداق ئىش كۆرۈشىمىزگە باغلىق.

ئۇيغۇر دىيارىدا ئوقۇۋاتقان بىر ئوقۇغۇچى ماڭا يېقىندا يازغان بىر پارچە خېتىدە، ھازىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك ۋە كۈچلۈك ئەمەس، ئوقۇشتا تىرىشىدىغانلار ۋە تىرىشمايدىغانلار، قاتتىق ئويناپدىغانلار ۋە ۋاقىتنى قەدىرلەيدىغانلار دەپ بىر قانچە گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىنى، ھەمدە بۇ ئوخشىمىغان گۇرۇھلار ئۆز-ئارا ياخشى ئۆتۈشەيدىغانلىقىنى يېزىپتۇ. بىز ھەممىمىز كۆرۈپ تۇرۇۋاتقىنىمىزدەك، ھازىر ئۇيغۇرچە تورلاردىكى ھەر خىل تېمىلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇزاكىرە ۋە مۇنازىرىلەردە، ئوقۇرمەنلەر ئاسانلا دىنىي كۆز-قاراش جەھەتتە بىر قانچە قۇتۇپقا بۆلۈنۈپ كېتىۋاتىدۇ. بەزىدە ئاشۇ تەرىقىدە بىر-بىرىنى ئەيىبلەيدىغان، ۋە بىر-بىرىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىدىغان ئىشلارمۇ خېلى كۆپ سادىر بولۇۋاتىدۇ. بىزگە كېلىۋاتقان خارلىق ھازىر يېتىپ ئاشىدىغان بولۇپ، مەن ھەر قېتىم تونۇشتىكى خاتالىق ۋە يېتەرسىزلىكلەردىن كېلىپ چىققان، ئۆزىمىز ئۆزىمىزگە پەيدا قىلىۋاتقان ئازابلارنى كۆرگەندە، يۈرىكىم ئېچىشىپ كېتىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بىر قىسىم پىكىر ئىختىلاپلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكىدەك بىر ھالەتكە كېلىپ قېلىشى ئىسلام دىنىدىن بولغان، دەپ قارايدىغانلار بىلەن، ئۇنىڭدا ئىسلام دىنىنىڭ سەۋەنلىكى يوق، دەپ قارايدىغانلار ئوتتۇرىسىدا بولۇۋاتىدۇ. مەزكۇر ماقالە بىلەن ئالدىنقى ماقالىدە مەن ياپون پادىشاھى ۋە ياپون ئارمىيىسىدىن باشلاپ پۈتۈن ياپون خەلقىنىڭ بىر-بىرىگە بولغان سەمىمىيەتلىكى، ئادىللىقى، ۋە مېھرىبانلىقى ھەققىدە چۈشەنچە بەردىم. ئاشۇ سۈپەتلەرنىڭ ياپونلارنىڭ بۈگۈنكىدەك قۇدرەت تېپىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى شەرھلەپ ئۆتتۈم. قېنى بىز ھازىر مۇشۇ يەردە «ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقىدەك بىر ھالەتكە كېلىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ئىسلام دىنىمۇ، ئەمەسمۇ؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئازراق مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ باقايلى.

مېنىڭچە بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئادىل ۋە توغرا ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئادەم چوقۇم ئىنتايىن يۇقىرى سۈپەتلىك، يەنى ئىنتايىن سەمىمىي، راستچىل، ھەققانىيەتچى، ئادىل ۋە ئىلمىي ئىسلامشۇناس، ھەدىسشۇناس، ۋە قۇرئان كەرىم مۇتەخەسسىسى بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولالمىغان بىر ئادەمنىڭ يۇقىرىدىكى مەسىلە ئۈستىدە ئادىل يەكۈن چىقىرالىشى مۇمكىن ئەمەس. مەن ھازىرغىچە ئىگىلىگەن بىلىملەرگە ئاساسلانغاندا، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقىدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشى، ۋە بىزنىڭ بۈگۈنكىدەك ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىمىز دىنىنىڭ سەۋەبىدىن بولغان ئەمەس. ئىسلام بىر ئۇلۇغ دىن بولۇپ، بۇ ئىشتا دىنىنىڭ ھېچ قانداق گۇناھى يوق. مۇسۇلمانلارنىڭ بۈگۈنكىدەك ھالغا چۈشۈپ قېلىشىدىكى سەۋەبلەر خېلى كۆپ ۋە ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بۇ يەردە شەرھلەپ بولغىلى بولمايدۇ. مەن بۇ ھەقتە كېيىن بىر ئايرىم تېما يېزىشىم مۇمكىن. مۇسۇلمانلارنىڭ بۈگۈنكىدەك ھالغا چۈشۈپ قېلىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى، تارىختىن بۇيان دىنغا يېتەكچىلىك قىلىپ كەلگەن بىر قىسىم كىشىلەر، يەنى، ئاخۇن، موللام، داموللام، ۋە شۇلارغا ئوخشاش دىنىي ئۆلىمالار ۋە دىنىنىڭ ئەمەل قالپاقلىرىنى كىيىۋالغان كىشىلەر، دىنىنى توغرا ۋە تولۇق چۈشەنمەي، دىنىي بىلىملەرنى تولۇق ئىگىلىمەي، ئىقتىدارسىزلىقتىن ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان ئەگەشكۈچىلىرىنى خاتا يولغا باشلىغان. ئىشنىڭ ئۇنداق بولۇپ قېلىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزىنىڭ مەلۇم بىر شەخسىي غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، مەلۇم بىر شەخسىي مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، دىنىنى قەستەن بۇرمىلاپ، ئۆزىگە پايدا يەتكۈزىدىغان خاتا نەرسىلەرنى دىنىنىڭ تەلىماتى، دەپ تەرغىب قىلىپ، مۇسۇلمان ئەگەشكۈچىلەرنى ئالداپ، مۇسۇلمان ئەگەشكۈچىلەرنى گوللاپ، دىنىي ساھەدە ئىنتايىن چوڭ قالايمىقانچىلىقلارنى پەيدا قىلغان. ھەمدە مۇسۇلمان ئەگەشكۈچىلەرنى ئىنتايىن نادان ۋە ئىنتايىن ھاماقەت ھالەتتە ساقلاپ كەلگەن. بۇنداق ئەھۋال تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە داۋاملىشىۋاتىدۇ.

مەن تۆۋەندە دىندا باشقىلارغا خاتا يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن دىندا باشقىلارغا توغرا يېتەكچىلىك قىلىشقا بىردىن مىسال كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

ھىندىستانلىق سەييىد ئەبۇل ئەلا مەۋدۇدى (1903ـ 1979) بىر ئاخباراتچى، ئىلاھىيەتشۇناس، مۇسۇلمانلار گۇللىنىش مەجلىسىنىڭ

رىياسەتچىسى، سىياسىي پەيلاسوپ ۋە 20-ئەسىردىكى ئىسلامىيەت مۇتەپەككۇرى بولۇپ [7]، ئۇ مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر ھەرقانداق بىر مىللەت قۇرئان كەرىمگە ئىگە بولغان تۇرۇقلۇق مەغلۇبىيەت ۋە خارلىق ئىچىدە ياشاۋاتقان بولسا، ئۇلار چوقۇم ئاللاھنىڭ سۆزلىرىگە خىلاپلىق ۋە ئاسىيلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن جازاغا تارتىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا ئۆزىنى ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن قۇتقۇزۇشنىڭ بىردىن بىر يولى، مەزكۇر چوڭ گۇناھتىن يېنىپ، ئاللاھنىڭ كىتابىنى ھەققىگە يارىشا قەدىرلەشكە (ئەمەل قىلىشقا) تىرىششتىن ئىبارەتتۇر. ئۇنداق قىلمايدىكەن، مەيلى ئۇ مىللەت ھەر بىر يېزىغا بىردىن مەكتەپ ئاچسۇن، مەيلى پۈتۈن ئەۋلادلىرى ئۇنىۋېرسىتېت پۈتكۈزگەن بولسۇن، مەيلى خىلمۇ-خىل يوللار ئارقىلىق پۇل تېپىپ، مىليون-مىليونلاپ دۆۋىلىۋالغان بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ھەرگىز ئۆزگەرتىلمەيدۇ.»

ھەممىمىزنىڭ خەۋىرىدە بار بولغىنىدەك، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى سەمىمىيلىك بىلەن لاياقەتلىك مۇسۇلمان بولۇشقا تىرىشىدۇ. ھەرگىزمۇ قەستەنلىك بىلەن ئاللاھنىڭ سۆزلىرىگە خىلاپلىق ۋە ئاسىيلىق قىلمايدۇ. ئاللاھنىڭ سۆزلىرىگە خىلاپلىق ۋە ئاسىيلىق قىلىپ قالىدىغانلارمۇ ئاساسىي جەھەتتىن مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن، ھەتتا بەزىدە ساۋاتسىز بولۇپ، قۇرئاننى تولۇق ۋە توغرا چۈشىنىشكە ئىقتىدارى ياكى ئەقلىي قۇدرىتى يەتمىگەنلىكتىن شۇنداق قىلىدۇ. ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئىسلام تونىغا ئورىنىۋېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ يۈزىگە داغ كەلتۈرىدىغان جىنايەت ئىشلىرىنى قىلىپ يۈرۈۋاتقانلار، مەسىلەن، چەت ئەلدە ھەر خىل تېررورىزم ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار بار. ئۇ ئادەملەر ئەسلىدە مۇسۇلمان، دەپ ئاتىلىشقا شەرتى توشمايدىغان كىشىلەر بولۇپ، مۇشۇ مۇھاكىمىنى يولىدا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، قېنى بىز ئۇلارنى ھازىرچە «مۇسۇلمان» دەپ تۇرايلى. ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇس سانىنى 1.6 مىليارد، چەت ئەللەردە ئىسلام تونىغا ئورىنىۋېلىپ جىنايى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارنىڭ سانىنى 16000 دېسەكمۇ، بۇ يامان ئادەملەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ ئاران 0.001 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ [8]. يەنى، مۇسۇلمانلار ئاساسەن لاياقەتلىك مۇسۇلمانلار، ياكى لاياقەتلىك

مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشۋاتقان كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان.

ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ئەرەب تىلى ئەمەس. ئۇيغۇرلار ئەرەب زېمىنلىرىدىمۇ ياشىمايدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار ئەرەبچە قۇرئاننى ئوقۇيدۇ. ئەرەبچە سۈرە ۋە ئايەتلەردىن نۇرغۇنلىرىنى يادلىۋالىدۇ. ھەتتا پۈتۈن ئەرەب تىلىدىكى قۇرئاننى بېشىدىن ئاخىرىغىچە يادلاپ بولغان ئۇيغۇرلاردىنمۇ خېلى كۆپ ئادەم بار. مېنىڭ رەھمەتلىك چوڭ دادام، يەنى ئاپامنىڭ دادىسىمۇ شۇلارنىڭ بىرى ئىدى. ئەمما، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تولۇقسىزنى پۈتتۈرگۈچە مەكتەپتە ئوقۇش پۇرسىتىنىڭ بولمىغانلىقى، كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ساۋاتسىز بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇلار ھەر قانچە تىرىشسىمۇ، قۇرئاننى ۋە ئىسلامنى تولۇق ۋە توغرا چۈشىنىپ كېتىش ئىمكانىيىتى يوق. مېنىڭ ھازىرغىچە ھېس قىلىشىمچە، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قۇرئاننىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئوقۇپ، ئۇنى تولۇق ۋە توغرا چۈشىنىش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس ئىكەن. يەنى، مېنىڭچە ئەڭ كەم دېگەندىمۇ مەكتەپنى تولۇقسىزنى تاماملىغۇچە ئوقۇپ بولالمىغان بىر ئادەمدىن قۇرئاننى تولۇق ۋە توغرا چۈشىنىپ بولۇشنى تەلەپ قىلىش خېلى ئېغىر ئادالەتسىزلىك بولۇپ قالىدىكەن.

يېقىندا خەلقئارالىق بىر ئورۇن پۈتۈن دۇنيادىكى ئەللەرنى تۈرمۈش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى بويىچە تىزىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئالدىنقى 50 دۆلەتنىڭ ئىچىگە مۇسۇلمانلار دۆلىتىدىن پەقەت قاتار بىلەن ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكلا 40 نەچچىنچى ۋە 50-ئورۇنغا كىرەلىگەن [9]. بۇ ئىككى دۆلەتمۇ ئۇ ئىككى ئورۇنغا ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىغا تايىنىپ ئەمەس، نېفت سېتىپ تاپقان پۇلى بىلەن كىرگەن. بۇنىڭ ئەكسىچە، 2013-يىلى پۈتۈن دۇنيا بويىچە ئامېرىكا پاتېنتىغا ئىلتىماس قىلىپ، ئىلتىماسى تەستىقلانغان پاتېنتلارنىڭ سانى جەمئىي 277835 بولۇپ، ئاشۇ پاتېنتلارنى ئەڭ كۆپ ئالغان دەسلەپكى 50 شىركەتنىڭ ئىچىدە 19 ياپونىيە شىركىتى بار ئىكەن [10].

دېمەك، مۇسۇلمان دۆلەتلىرى ئاساسەن «مەغلۇبىيەت ۋە خارلىق ئىچىدە» ياشاۋاتىدۇ. يۇقىرىدىكى تىزىملىكتىكى ئالدىنقى 40 ئورۇنغا ئېرىشكەنلەرنىڭ ئىچىدە دىنغا ئىشەنمەيدىغان، ھەتتا خۇدانىڭ بارلىقىنىمۇ قەتئىي ئېتىراپ قىلمايدىغان خەلقلەر كۆپ. مۇسۇلمانلارنىڭ بۈگۈنكىدەك ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشى ئالالاھنىڭ جازاسىدىن بولغان، دېيىلسە،

ھېلىقىدەك دىنسىزلارنىڭ، ۋە ياپونلارغا ئوخشاش ئېتىقادى بار بولسىمۇ ئىمانى يوق مىللەتلەرنىڭ ئۆزلۈكسىز قۇدرەت تېپىپ مېڭىشىنى نېمە دەپ چۈشەندۈرۈش كېرەك؟

شۇڭلاشقا، مېنىڭچە مەۋدۇدىنىڭ يۇقىرىدىكى سۆزلىرىدە ئېغىر مەسىلە بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) مەۋدۇدىنىڭ سۆزى بىرەر مۇقەددەس كىتابتىكى، يەنى، قۇرئان ياكى ھەدىستىكى، مەزمۇنلارغا ئاساسەن دېيىلمىگەن. پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ خىيالىغا ئاساسەن ئېيتىلغان .

(2) مەكتەپتە ئوقۇمىغانلار قۇرئان ۋە ئىسلامنى توغرا ۋە تولۇق چۈشىنەلمەيدۇ. قۇرئان ۋە ئىسلامنى توغرا ۋە تولۇق چۈشىنەلمىگەنلەر ئۇنى توغرا ئىجرا قىلالمايدۇ. ئاشۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ ناچار كۈنگە قېلىشىنى ئاللاھنىڭ جازاسىدىن بولغان دېيىش، مېنىڭچە ئاللاھقا قىلىنغان تۆھمەت، ئاللاھقا قىلىنغان ھاقارەت، ۋە ئاللاھقا قىلىنغان ئادالەتسىزلىك.

(3) مەكتەپ قۇرۇش ۋە مەكتەپتە ئوقۇش قۇرئاننى ۋە ئىسلامنى توغرا ۋە تولۇق چۈشىنىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. شۇڭلاشقا مەكتەپ ۋە مەكتەپتە ئوقۇشنىڭ رولىنى ئىنكار قىلىش ھېچ قانداق مەنتىقىگە ئۇيغۇن ئەمەس.

(4) مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، مۇسۇلمانلارنىڭ چېكىنىپ كېتىشى ۋە ھازىرقىدەك ئارقىدا قېلىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىنىڭ يەنە بىرى، مۇسۇلمانلار لاياقەتسىز دىنىي لىدېر ۋە دىنىي داھىيلارنىڭ خاتا يېتەكچىلىكى ئاستىدا، «ھەممە بىلىم قۇرئاندا بار، شۇڭا باشقا پەنلەرنى ئوقۇشنىڭ ھاجىتى يوق»، دەپ قاراپ، پەننىي بىلىم دەرسلىرىنى مەكتەپلەردە ئۆتۈلىدىغان دەرسلەر قاتارىدىن چىقىرىۋەتكەنلىكىدىن ئىبارەت. ھازىرقى زاماندىمۇ مەكتەپ ۋە پەننىي بىلىملەرنى ئوقۇشنىڭ رولىنى ئىنكار قىلىش، بىر ئۇچىغا چىققان ھاماقەتلىك.

ئىلاۋە: يۇقىرىدا مەن پەقەت مەۋدۇدىنىڭ بىر ئابزاس سۆزى ئۈستىدىلا مۇلاھىزە يۈرگۈزدۈم. ئۇنىڭغا ئومۇمىيۈزلۈك باھا بەرمىدىم. مەزكۇر مەسىلىگە قارىتا پىكىر قاتناشتۇرىدىغان قېرىنداشلارنىڭ بۇ نۇقتىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئەمدى مەن لاياقەتلىك دىنىي لىدېرلاردىن بىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي. مەن تونۇشتۇرىدىغان كىشىنىڭ ئىسمى دوكتور ياسىر قازى (Abu Ammaar Yasir Qadhi) [13]. ياسىرنىڭ ئاتا-ئانىسى ئامېرىكىغا

پاكىستاندىن كۆچمەن بولۇپ كەلگەن بولۇپ، ياسىر ئامېرىكىنىڭ تېكساس شتاتىدا تۇغۇلغان. ئۇ بەش ياشقا كىرگەن يىلى ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى سەئۇدى ئەرەبىستانغا كۆچۈپ كەتكەن. ياسىر تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگۈچە شۇ يەردە ئوقۇغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئالاھىدە تالانتى بىلەن تولۇق ئوتتۇرىنى ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ساۋاقداشلىرىدىن ئىككى يىل بالدۇر پۈتتۈرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئامېرىكىغا قايتىپ كېلىپ، تېكساستىكى ھيۇستون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىمىيە ئىنژېنېرلىقى كەسپىدە باكلاۋۇر ئۇنۋانى ئالغان، ھەمدە ئامېرىكىنىڭ «دوۋ خىمىيىسى» شىركىتى (Dow Chemicals) دە بىر مەزگىل ئىشلىگەن. 1996-يىلى ئۇ سەئۇدى ئەرەبىستانغا قايتىپ بېرىپ ئوقۇپ، مەدىنە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھەدىس ۋە ئىسلام ئىلمى فاكۇلتېتىدا ئەرەب تىلىنىڭ يەنە بىر باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىنى ئالغان. ھەمدە ئاشۇ مەكتەپنىڭ داۋا فاكۇلتېتىدا ئىسلام تېئولوگىيە كەسپىنىڭ ماگىستىرلىق ئۇنۋانىنى ئالغان. 2005-يىلى ئۇ ئامېرىكىغا قايتىپ كەلگەن، ھەمدە يالى ئۇنىۋېرسىتېتى (Yale University) نىڭ ئىسلام تەتقىقاتى كەسپىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئەنگلىيە «دەۋر ئالىي مائارىپى» ژۇرنىلى تىزىپ چىققان، 2013-2014-يىلى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان 50 ئالىي مەكتەپ تىزىملىكىدە، يالى ئۇنىۋېرسىتېتى 11-ئورۇندا ئىكەن (بۇ تىزىملىكتە بىزنىڭ باش ئىدارىمىز بولغان كالىفورنىيە تېخنولوگىيە ئىنستىتۇتى 1-ئورۇندا بولۇپ، ئۇ 2011-يىلدىن باشلانغان 3 ئوقۇش يىلىنىڭ ھەممىسىدە بىرىنچىلىكنى ئېلىپتۇ) [12]. يەنى، ياسىر ئامېرىكىغا جايلاشقان دۇنيادىكى ئەڭ داڭلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرىدە ئىسلام تەتقىقاتى كەسپى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان. ئۇ ھازىر نۇرغۇن ئالىي دەرىجىلىك تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە ئالىي مەكتەپلەردە لىدېرلىق ۋە تەتقىقاتچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. ئۇنىڭ خىزمىتىنىڭ بىرى ئامېرىكا دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ مەسلىھەتچىلىكى ئىكەن. ئۇ ئامېرىكا، كانادا، ئەنگلىيە، ئاۋستىرالىيە ۋە نۇرغۇن مۇسۇلمان دۆلەتلىرىگە بېرىپ، ئىسلام ھەققىدە لېكسىيە سۆزلەۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ لېكسىيىسىنىڭ سىن ھۆججىتى يۇتيۇب (YouTube) تا كەڭ تۈردە تارقىلىپ يۈرۈۋاتىدۇ.

ياسىر ئەپەندىنىڭ ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەنگەن لېكسىيىلىرى بىر-بىرىدىن ئېسىل بولۇپ، مەن ئۇلارنى ئىنتايىن ياقتۇرۇش ھەمدە ناھايىتى ھۇزۇرلىنىش ئىچىدە كۆرۈۋاتىمەن. ئۇنىڭ بۇ يەردىكى تېما بىلەن

مۇناسىۋەتلىك بولغان لېكسىيىسىنىڭ تېمىسى «*ئۇممەتلەرنىڭ ھازىرقى ھالىتى*» بولۇپ، بىر قىسىم ئوت يۈرەك ياشلىرىمىز بۇ لېكسىيىنىڭ تىلىنى ئىنگلىزچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، ھەر بىر جۈملە سۆزنىڭ ئۇيغۇرچە يېزىلىشىنى ئەسلىدىكى سىن كۆرۈنۈشىنىڭ ئاستىغا چىقىپ تۇرىدىغان قىلىپ قويۇپتۇ (بۇ خاسىيەتلىك ئىشنى قىلغان ئاشۇ قېرىنداشلارغا كۆپتىن-كۆپ رەھمەت). ئۇ سىن ھۆججىتىنى بۇ يەردىن كۆرەلەيسىز:

http://v.youku.com/v_show/id_XNTUyNzE1MTY4.html

ياسىر ئەپەندى مەزكۇر لېكسىيىدە پەقەت ھەدىستىكى مەزمۇنلارغىلا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ (قىسقىچە مەزمۇنى، ھەرگىزمۇ سۆزمۇ-سۆز تەرجىمىسى ئەمەس، تولۇق مەزمۇنغا قىزىققۇچىلار ئەسلىدىكى بىر سائەتلىك سىن ھۆججىتىنى كۆرۈڭ. شۇنىمۇ ئەستە ساقلاڭكى، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان سۆزلەر ھەدىستىكى گەپلەر، ھەرگىزمۇ ياسىر ئەپەندى ئۆزى ئويلاپ چىققان سۆزلەر ئەمەس):

ئۇممەتلەرنىڭ ھازىرقىدەك بىر ھالەتكە كېلىپ قالىدىغانلىقىدىن ھەدىستە ئالدىن بېشارەت بېرىلگەن. بۇ يەردىكى «ھازىرقى ھالەت» دېگىنىمىز مۇنداق بىر ھالەت: مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئىنتايىن زور دەرىجىدە كۆپىيىدۇ. مەسىلەن، ھازىر مۇسۇلمانلارنىڭ نوپۇسى 1.6 مىليارد بولۇپ، دۇنيا نوپۇسىنىڭ تۆتتىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەمما، سانى زور بولسىمۇ، ئۇلاردا ساپا بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ سۈپىتى ناھايىتى تۆۋەن بولىدۇ. يەنى، مۇسۇلمانلار خۇددى دېڭىز سۈيىنىڭ كۆپۈكىگە ئوخشاپ قالىدۇ: سانى كۆپ، سۈپىتى يوق. بۇ چاغدا خۇدا مۇسۇلمانلارغا نۇرغۇن «فىتنىلەر» نى ئەۋەتىدۇ. بۇ يەردىكى «فىتنە» دېگەن سۆز ئەرەبچىدىكى «ئالتۇن رۇدىسىنى تاۋلاپ، ساپ ئالتۇننى ئايرىپ چىققۇچى ئادەم» ، ياكى «ئالتۇن رۇدىسىنى كۆيدۈرۈپ، ساپ ئالتۇننى ئايرىپ چىققۇچى ئوچاق» دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ «ساپلاشتۇرغۇچى» ياكى «تاۋلىغۇچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. فىتنىلەر دولقۇنسىمان كېلىدۇ. كېيىنكى دولقۇن ئالدىنقى دولقۇندىن چوڭراق ۋە كۈچلۈكرەك بولىدۇ. بۇ فىتنىلەر مۇسۇلمانلارنى ئۆز مەيلىچە ياكى خالىغىنىچە ئاياق-ئاستى ۋە بوزەك قىلىدۇ، ھەمدە خارلايدۇ.

ھەدىستە يۇقىرىدىكى ئەھۋاللاردىن ئالدىن بېشارەت بېرىلىش بىلەن تەڭ، بۇ ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ مۇنداق 6 تەدبىرىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

(1) ئۆزىنىڭ دىنىي ئېتىقادىدا چىڭ تۇرۇش

(2) ئاللاھقا دۇئا قىلىشنى كۈچەيتىش ۋە كۆپەيتىش

(3) باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى، ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىشنى كۆپەيتىش ۋە كۈچەيتىش

(4) ئىسلامنى ھەقىقىي تۈردە قاتتىق ئۆگىنىش، شۇ ئارقىلىق ئۇنى توغرا ۋە تولۇق چۈشىنىۋېلىش

(5) ئىسلامنى باشقىلارغا كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىش، ھەمدە باشقىلارغا كەڭ-كۆلەمدە ۋە توغرا ئۆگىتىش

(6) ئاقىلانە ئىشلارنى قىلىش، ئىشلارنى ئەقىل-پاراسەتنى ئىشلىتىپ قىلىش، سەۋر قىلىش، ياخشى كۈنلەر كەلگۈچە بەرداشلىق بېرىش ۋە قاتتىق تىرىشىش

يۇقىرىدىكى سۆزلەر ھەدىسكە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولغاچقا، قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىكى بايانلارغا «ھەقىقەت» دەپ قارايدىغان كىشىلەر ئۈچۈن، يۇقىرىدىكى سۆزلەرمۇ ھەق گەپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلار مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ. مەن بارلىق ئوقۇرمەنلەرگە يۇقىرىدىكى لېكسىيەنى بىر قېتىم كۆرۈپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

بىز ئىسلام دىنىنىڭ پايدىسىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە كۆردۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ناھايىتى كۆپ زىيانلارنىمۇ تارتتۇق ھەم ھازىرمۇ تارتىۋاتىمىز. بىزنىڭ زىيان تارتىشىمىزنىڭ ئاساسىي سەۋەبلىرىدىن بىرى، خەلقىمىزنى دىنىي جەھەتتە يېتەكلەش تۈزۈكرەك ئوقۇپ باقمىغان، ئىسلامنى تولۇق ۋە توغرا چۈشەنمەيدىغان بىر قىسىم چالا موللىلارنىڭ قولىغا قالغانلىقى، دېسەك، مېنىڭچە خاتالاشمايمىز. ئەگەر سىز مۇشۇ قاراشقا قوشۇلسىڭىز، بۇ خىل ناچار ھالەتنى ئۆزگەرتىش يولىدا، مېنىڭ سىزگە يەنە تۆۋەندىكىدەك تەۋسىيەلىرىم بار:

--ئەگەر سىز بىر دېھقان بولماقچى بولسىڭىز، ئوقۇغان دېھقان بولۇڭ.

--ئەگەر سىز بىر موللام بولماقچى بولسىڭىز، ئوقۇغان موللام بولۇڭ.

-- ئەگەر سىز بىر ئوقۇغان ئادەم بولسىڭىز، ئىسلامنىمۇ توغرا ۋە تولۇق ئۆگىنىڭ، ھەمدە شۇ ئاساستا خەلقنى دىنىي جەھەتتە نازارەت قىلىپ ۋە توغرا تەرەپكە يېتەكلەپ، ئۇلارنى باشقا ھەممە ئىشلاردا توغرا يولغا باشلاشقا تىرىشىڭ. ئۇنداق قىلىشنى خالىمىسىڭىز، ياكى ئۇنىڭغا قۇربىتىڭىز يەتمىسە، خەلقنى يېتەكلەش ۋەزىپىسىنى مەكتەپ قارىسىنى تۈزۈكرەك كۆرۈپ باقمىغان موللىلارغا ئارتىپ قويغاندا، ھازىرقىدەك ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى، يەنى، بىزنىڭ يامان كۆنگە قېلىشىمىز دىنىمىزنىڭ سەۋەبىدىن ئەمەسلىكىنى ئېسىڭىزدىن چىقارماڭ.

-- ئەگەر سىز بىر تەربىيىلىگۈچى بولسىڭىز، كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ پۈچەك ئادەم، يالغان ئادەم، ۋە تايىنى يوق ئادەم بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۇلارنى ياپونلارغا ئوخشاش تولۇق ئادەم، ھەقىقىي ئادەم، ئۆزىنىڭ بىر ئۇيغۇر بولۇپ قالغانلىقىدىن ئىپتىخارلىنىدىغان، پەخىرلىنىدىغان، غۇرۇرلىنىدىغان، ھەر قانداق زامان، ھەر قانداق ماكان، ۋە ھەر قانداق مۇھىت ئىچىدە «مەن ئۇيغۇر» دەپ كۆكرەك كېرىپ چىقالايدىغان ئادەملەردىن قىلىپ تەربىيىلەشكە قولىڭىزدىن كېلىشىچە تىرىشىڭ.

دىن ۋە ئىلىم-پەننى ئىگىلەشتە ئاسانلا ئۈنۈم بېرىدىغان «قىسقا يول» (short-cut) مەۋجۇت ئەمەس. بۇ ئىشتا چوقۇم ياپونلاردىكىدەك روھ بولۇشى كېرەك. مۇشۇ بىر ھەقىقەتنى يېڭى ئەۋلادلارغا بىلدۈرۈپ قويۇش كېرەك. ئۇيغۇرلاردا بىر-قەدەر ئېغىر ساقلىنىۋاتقان، يېپەك-يولى دەۋرىدىن قالغان «تىجارەتچى» خاراكتېرى بىر مەزگىل ئۈنۈم بەرگەن. ئەمما ھازىر ئۇنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى بىزگە ياپونلار روھى ۋە ياپونلار خاراكتېرىگە ئوخشاش روھ ۋە خاراكتېر كېرەك. بىز بۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەردىن ئېلىپ، ئۇ يەردە كىچىككىنە پايدىغا سېتىپ ئەمەس، ئۆزىمىز ياساپ چىققان نەرسىلەرنى سېتىپ ياشاشقا قاراپ مېڭىشىمىز كېرەك .

ئەگەر دىققەت قىلغان بولسىڭىز، يۇقىرىدىكى 6 تەدبىرنىڭ ئىچىدىكى 6-تەدبىر «ئاقىلانە ئىشلارنى قىلىش، ئىشنى ئەقىل-پاراسەتنى تولۇق ئىشقا سېلىپ تۇرۇپ قىلىش» بولۇپ، بۇ ياپونلارنىڭ تەبىئىي خاراكتېرىنىڭ بىر قىسمى بىلەن ئوپمۇ-ئوخشاش.

دىنىي ساھەدە ياشلىرىمىز ئارىسىدا كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ئاجايىپ ئېسىل يېڭىلىقلار ۋۇجۇدقا كېلىۋاتىدۇ. مەن دىنىي جەھەتتە بىر مۇسۇلمان بولۇپلا ئەمەس، بەلكى بىر دىنىي لىدېر ياكى دىنىي داھىي بولۇپ ياشاشنى ئىستەيدىغان قېرىنداشلارغا، دوكتور ياسىر قازى ئەپەندىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر ئۈلگە قىلىشىنى، بولسا ئۇنىڭ ئىزىدىن مېڭىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

مەن ھازىرغىچە ياشىغان ھاياتىمدا ھېس قىلغان بىر نەرسە شۇكى، ئۆسمۈرلەرگە مەدەنىيەت، ئۆرپ-ئادەت ۋە قىممەت قارىشى قاتارلىق بىر قىسىم نەرسىلەرنى ئۆز يۇرتىدىن كۆپ يىراق بىر ماكانغا جايلاشقان دەرسخانىلاردا دەرس قىلىپ ئۆتۈش ئارقىلىق ئۆگىتىش ئاسان ئەمەس. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، بىلىم ئېلىش ۋە باشقىلارغا بىلىم بېرىشتىكى سەممىيلىك، راستچىللىق، ئىلمىيلىق، ۋە ئادىللىقنى سەممىيلىك، راستچىللىق، ئىلمىيلىق ۋە ئادىللىق ئانچە مەۋجۇت ئەمەس بىر ماكاندا تۇرۇپ ئۆگىنىشمۇ ئاسان ئەمەس. مەن بىزدە ھەم بىرەر مۇسۇلمانلار دۆلىتىدە، ھەم غەرب ئەللىرىدە ياكى ياپونىيەدە ئوقۇپ باققان بىر قىسىم دىنىي لىدېرلارنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىنى تولىمۇ ئۈمىد قىلىمەن.

ئەمدى مۇشۇ قىسىمنىڭ ئەڭ بېشىدىكى گەپكە قايتىپ كەلسەك، ھازىر دىن توغرۇلۇق گەپ تالىشىپ، ئۆز-ئارا كۆڭۈل ئازابى پەيدا قىلىۋاتقان قېرىنداشلارنىڭ كۆپىنچىسى تېخى ئۆگىنىش باسقۇچىنىڭ «چالا مولللىلار» بالدىقىدا تۇرۇۋاتقان كىشىلەر. شۇڭلاشقا، مېنىڭچە بىز ھازىرچە قۇرۇق گەپ تالاشماي، بىلىم توپلايلى. ھەممە ئۆز-ئارا بىلىم ئالماشتۇرۇپ، بىر-بىرىمىزنىڭ بىلىمىنى تولۇقلايلى ۋە كۆپەيتەيلى. ئاشۇنداق قىلىپ تەرەققىي قىلىپ، بىر يېتەرلىك سەۋىيىگە يەتكەندە، ئاندىن دىن توغرۇلۇق ئىجابىي مۇزاكىرە ۋە مۇنازىرىلەرنى ئېلىپ بارايلى. ئۇنداق قىلماي، بىلمەي تۇرۇپ تالاشساق، بىز ھېچ يەرگە بارالمايمىز. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۆز-ئۆزىمىزنى نابۇت قىلىمىز.

مەن ئاخىرىدا تەكىتلەپ قويىدىغان يەنە بىر نۇقتا شۇكى، ياسىر ئەپەندى تىلغا ئالغان يۇقىرىدىكى 6 تۈرلۈك ئىشنىڭ ئىچىدىكى 6-ئىشنى ھەرگىزمۇ خاتا چۈشىنىۋالماڭ. ئۇ يەردە دېيىلگىنى ھەرگىزمۇ خۇدا ياخشى كۆنگە ئېرىشتۈرگۈچە، قول-قولاشتۇرۇپ ساقلاپ تۇرۇش، ھەممە ئىشقا، جۈملىدىن ئادالەتسىزلىك، ھەققانىيەتسىزلىك ۋە قۇللۇققا، سەۋر قىلىش

دېگەنلىك ئەمەس. ئەگەر بەندىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى خۇدا ئۆزى قىلىپ بەرمەكچى بولغان بولسا، خۇدا ھەرگىزمۇ بەندىلەرگە ئەقىل بىلەن جىسمانىي كۈچنى ئاتا قىلمايتتى. بىز 5 ئەسىر سەۋر قىلدۇق. شۇڭا كۆرۈۋاتقان كۈنىمىز ھازىرقى شۇ. ئەگەر بىز بۇنىڭدىن كېيىنمۇ سەۋر قىلىپ ياشاۋەرسەك، يوقاپ كەتمەي، ئۆزىمىزنى ساقلاپ تۇرالايدىغانغا يەنە بىر-ئىككى ئەسىر ۋاقىت بارمۇ-يوق، ئۇنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. بۇ مەسىلىنى تولۇق ئانالىز قىلىش، كەم دېگەندە ئۇزۇن ماقالىدىن يەنە بىرنى تەلەپ قىلىدۇ. مەن كېيىنچە ئاشۇنداق ماقالىدىنمۇ بىرنى يېزىشىم مۇمكىن. «ئاللاھ ئۆز بەندىلىرىدىن قانداق ياشاشنى ئۈمىد قىلىدۇ؟» بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى ياپونلارنىڭ ئەمەلىيىتىدىن ئىزدەڭ. بىزنىڭ مەزكۇر ماقالىدىن كۆرگىنىمىزدەك، ياپونلار ئىسلام، خرىستىئان، جۇدائىزم ۋە بۇددىزم دىنلىرى بويىچە قارىغاندا بىر «دىنسىز» مىللەت. لېكىن، ئۇلار «ئېتىقادسىز مىللەت» ئەمەس. يەنى ئۇلار ئېتىقادى بار، ئەمما ئىمانى يوق مىللەت. ئەمەلىيەتتە ياپونلارنىڭ ئېتىقادى ئىنتايىن كۈچلۈك، ئىنتايىن تەكشى، ۋە ئىنتايىن ساپ. ئىشەنمىسىڭىز ئۇنى ئۆزىمىزنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ. مېنىڭچە بىز ھازىر قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى دىنىي ساھەدىكى «ئەخلەت» لەرنى تازىلاش. دوكتور ياسىر قازى ئەپەندىنىڭ ھەممە ئىنگلىزچە لېكسىيىلىرىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ، پۈتۈن خەلقىمىزنىڭ ئوقۇپ بېقىشىغا سۇنغاننىڭ زور پايدىسى بار. يەنى خەلقىمىز ئارىسىدا تارقالغان دىن جەھەتتىكى قالايمىقان چۈشەنچىلەرنى «رېمونت قىلىش» قا ناھايىتى زور پايدىسى بار. بۇ ئىشنى قىلالايدىغان قېرىنداشلارنىڭ ئويلىنىپ بېقىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

مېنىڭ ھازىرغىچە ئىگە بولغان چۈشەنچىلەرگە ئاساسلانغاندا، پەقەت كۆڭۈلنى تەلىماتىلا ئوقۇش ياكى مائارىپنى ئىنسانلاردىن تەلەپ قىلىنغان 4 چوڭ مۇھىم ئىشنىڭ بىرى قاتارىدا قاتتىق ۋە ناھايىتى ئېنىق تىل بىلەن تەكىتلىگەن. قالغان چوڭ دىنلار بولسا ئىلىم-پەننى دىن بىلەن زىددىيەتلىك بىر ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىمىغان. بولۇپمۇ قۇرئان كەرىمدە «ئوقۇش» ۋە «بىلىم ئىگىلەش» سۆزلىرى كۆپ قېتىم ئىشلىتىلگەن. ئەمما، ئۇنى كۆڭۈلى تەلىماتىدىكىدەك ئەگەشكۈچىلەر چوقۇم قىلمىسا بولمايدىغان ئىشلار قاتارىدا قاتتىق تەكىتلەپمۇ كەتمىگەن. بۇنداق بولۇشنى ئاشۇ دىنلارنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنىڭ ئاللاھتىن چۈشكەن

ۋاقتىدىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن. ياۋروپانىڭ 16- ۋە 17-ئەسىرلەردىكى ئىلىم-پەن ئىنقىلابى مەزگىلىدە، خرىستىئانلار دىنىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئاجىزلىقلىرىنى يېڭىپ، ئىلىم-پەنگە دىنىنىڭ سىرتىدا يۈرۈش قىلغان. يەنى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلىم-پەندە گۈللەنگەن دەۋرى ئاخىرلىششقا قاراپ ماڭغاندا، ياۋروپالىقلار ئىلىم-پەنگە دىنىي ساندۇقنىڭ سىرتىغا چىقىپ تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىشنى باشلىغان. مېنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىم، بىزنىڭ يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، مۇسۇلمانلار بۇنىڭدىن كېيىن قىلىشقا تېگىشلىك 6 ئىشنىڭ ئىچىدە ئىلىم-پەننى ئۆگىنىش ئوچۇق، كۈچلۈك ياكى يېتەرلىك دەرىجىدە تەكىتلەنمىگەن. شۇڭلاشقا بىز بۇنىڭدىن كېيىن ئىلىم-پەننى ئۆگىنىش مەسىلىسىدە دىققىتىمىزنى دىنىنىڭ ئىچىدىن جاۋاب تېپىشقىلا ئەمەس، دىنىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ، ھازىرقى دۇنياغا نەزەر سېلىپ، ئۆزىمىزگە بىر مۇۋاپىق جاۋاب ياكى يول تېپىشقىمۇ قارىتىشىمىز كېرەك. دوكتور ياسىر قازىنىڭ يەنە بىر لېكسىيىسىدە دېيىشىچە، ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئىسلام دۇنياسىنىڭ 7-ئەسىردىن باشلاپ گۈللىنىشىگە مۇنداق ئىككى ئامىل سەۋەبچى بولغان: بىرى ئىمانىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى. يەنە بىرى زامانىۋىلىققا قۇچاق ئېچىشى. يەنى، زامانىۋى پەن ۋە زامانىۋى تېخنولوگىيىلەرنى قوغلاپ يۈرۈپ قوبۇل قىلىشى. ئىسلام دۇنياسىنىڭ كېيىنچە خارابلىشىشقا قاراپ مېڭىشىمۇ ئاشۇ ئىككى ئامىلدىن بولغان. يەنى، ئىمانىنىڭ سۇسلىششى، ۋە زامانىۋىلىقنى چەتكە قېقىشى. مەن بۇ ھەقتە كېيىن يازىدىغان بىر پارچە ماقالىدە يەنە مەخسۇس توختىلىمەن. خرىستىئان دىنىدىكىلەر ئىلىم-پەن ئىنقىلابىنى باشلىغاندا، دىنىنىڭ چەكلىمىسىدىن قانداق قۇتۇلغان؟ مۇشۇ سوئالنىڭ جاۋابىنىڭ ئۆزىلا بىر پارچە ئىلمىي ماقالە بولالايدۇ، ھەمدە ئۇنىڭ بىز ئۈچۈن خېلى زور پايدىسى بار. شۇڭا قىزىقىدىغان قېرىنداشلارنىڭ بۇ تېمىنى ئويلىنىپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## ئاخىرقى سۆز

مەن بۇ قېتىم ئىگىلىگەن ۋە مەزكۇر ماقالىدا بايان قىلغان بىلىملەرگە ئاساسلانغاندا، تۆۋەندىكىدەك يەكۈنلەرنى چىقىرىش مۇمكىن:

-- سامۇرايلار بۇنىڭدىن تەخمىنەن 700 يىل ئىلگىرىكى دەۋردىن باشلاپ، ياپونلارنىڭ ئەسكىرىي كۈچى بولۇپ خىزمەت قىلىپ، ياپونىيەنى ھەربىي جەھەتتىن قوغداپ كەلگەن.

-- سامۇرايلارنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئاساسلىق ۋەزىپىسى پادىشاھقا سادىق بولۇپ، پۈتكۈل ياپونىيە جەمئىيىتىدىكى ئادالەتلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە قوغداش بولغان.
-- سامۇرايلار ئۆزلىرى قاتتىق ئۆگەنگەن، ۋە پۈتۈن ياپونىيىنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان، شۇ ئارقىلىق ياپون خەلقىنى يۇقىرى سۈپەتلىك ئوقۇش شارائىتىغا ئىگە قىلىپ، پۈتۈن ياپون خەلقىنىڭ بىر يۇقىرى ساپالىق مىللەت بولالىشىنى ئىشقا ئاشۇرغان.
-- سامۇرايلار ھەربىي ماھارەت، ئۇرۇشتىكى باتۇرلۇقى، ۋەتەن ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلىش روھى، ھەمدە بىلىم ۋە ئەخلاق قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەردە پۈتۈن ياپون خەلقىگە ئۈلگىسى بولۇپ كەلگەن.
-- ياپونلارنى سامۇراي روھىغا ئىگە قىلغان ئەڭ ئاساسلىق نەرسە ئۇلارنىڭ ئېتىقادى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئېتىقادى ئىسلام دىنى، خرىستىئان دىنى، جۇدائىزم ۋە بۇددا دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلقلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. يەنى، ياپونلارنىڭ ئېتىقادى پادىشاھقا چوقۇنۇش ۋە ئەجدادلارنىڭ روھىغا چوقۇنۇش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.
-- ھايات ۋە تەبىئەتتىكى گۈزەللىك ئاللاھتىن كەلگەن سوۋغات بولۇپ، ياپونلار ئۇلارنى ناھايىتى قەدىرلەيدۇ، ۋە ئۇلارنىڭ ھەر بىر سېكۇنتىدىن ھۇزۇرلىنىشقا تىرىشىدۇ.
-- ياپونلار مۇنداق بىر ھەقىقەتنى ئىسپاتلىدى: ئەقىل-پاراسەت بىلەن ئىش قىلىدىغانلار دۇنيانى سورايدۇ، بىپەرۋالىق بىلەن ياشايدىغانلار دۇنياغا يۈك بولۇپ قالىدۇ.
-- ياپونلار يەنە مۇنداق بىر ھەقىقەتنىمۇ ئىسپاتلىدى: بىر خەلق باشقىلارغا يۆلەنمىسە ياشىيالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالىدىكەن، ئۇ خەلق ھەرگىزمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالمايدۇ. ئەگەر ياپونىيە باشقا دۆلەتكە تايانمىسا ياشىيالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بولسا، ئۇ ھەرگىزمۇ بۈگۈنكىدەك مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالمايتتى .
-- بىر دوزاخقا ئوخشاش شەرت-شارائىت ئاستىدا ياشاۋاتقان خەلققە جەننەتنىڭ ئەۋزەللىكىنى قانچە تەشۋىق قىلىسىڭىزمۇ، ئۇ ئۈنۈم بەرمەيدۇ. ياپونلار سامۇرايلارنىڭ ئاقىلانە ۋە ئادىل باشقۇرۇشىنىڭ پايدىسىنى كۆرگەن، شۇڭا ئۇلار سامۇرايغا ئەگەشكەن، ھەمدە ئۇلارغا يۈزدە-يۈز بوي سۇنغان.

- - ياپونلارنىڭ مىللىي روھى سامۇراي روھىدۇر. بىر مىللەتنىڭ مىللىي روھى بىلەن مىللىي مەدەنىيىتى، مىللىي ئۆرپ-ئادىتى ۋە مىللىي ئەنئەنىسى ئۆز-ئارا چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. بىرى كەم بولسا يەنە بىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. بۇ ھەقىقەتنى بىز ياپونلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن روشەن كۆرۈپ ئالالايمىز. ياپونىيە ئاسىيادىكى بۇنىڭدىن مىڭ يىللارنىڭ ئالدىدىكى مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئەينەن ساقلاپ قالالىغان بىر مىللەت. شۇنداقلا بۇنىڭدىن مىڭ يىللارنىڭ ئالدىدىكى مىللىي روھىدىمۇ ئانچە ئۆزگىرىش بولمىغان بىر مىللەت.

- - مۇسۇلمانلار ئەڭ گۈللەنگەن دەۋردە، ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ياپونلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش ياكى ئۇلارنىڭكىدىنمۇ ئۈستۈن ئىدى. مۇسۇلمانلارمۇ ياپونلارغا ئوخشاشلا بۇرۇنقى ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا يېڭىلىقنى قارشى ئالغان، ۋە زامانىۋىلىققا قۇچاق ئاچقان ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ياپونلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، مۇسۇلمانلاردا ئىنتايىن كۈچلۈك ئىمان بار ئىدى. شۇڭا مۇسۇلمانلار ئىلىم-پەن ۋە تەرەققىياتتا دۇنياغا باشلامچى بولغانىدى. ھازىر مۇسۇلمانلار ئارقىدا قېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ياپونلار ۋە باشقا بىر قىسىم مىللەتلەر ئالدى.

مەن ھازىرغىچە بىرەر ياپونىنىڭ ئۆز مىللىتىدىن يۈز ئۆرۈش، ئۆز مىللىتىنى سېتىش بەدىلىگە باشقىلارغا ئىشلەپ جان باققانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىدىم. ياپونلاردىن ئاشۇنداق ئادەملەردىن بىرەرى چىققانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىدىم.

ئامېرىكىنىڭ دۇنياغا داڭلىق كىشىلىك ھوقۇق ھەرىكىتىنىڭ داھىيسى، قارا-تەنلىك دوكتور مارتېن لۇسېر كىڭ (Martin Luther King) 1955-يىلى مۇنداق دېگەن: «ھەقىقىي تىنچلىق يالغۇز بىر جىددىي ھالەتنىڭ يوقلۇقى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئادالەتلىكنىڭمۇ مەۋجۇتلۇقىدۇر.» [13]
(True peace is not merely the absence of tension: it is the presence of justice.)
ئەگەر تىنچلىقنىڭ مۇشۇ ئېنىقلىمىسىنى قوبۇل قىلساق، ياپونىيىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە بىر تىنچلىق ئىچىدە ياشاپ كەلگەن دۆلەت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز.

ساموٗرايلارنىڭ ۋۇجۇدى بىر خىل يەڭگىلى بولمايدىغان ئىرادە بىلەن تولغان. ئۇلارنىڭ قەلبى بىر خىل يوقاتقىلى بولمايدىغان غايە بىلەن تولغان. ساموٗرايلارنىڭ ئەقىل-پاراستى ئۆزىنى چېنىقتۇرۇش، ئۆزىنى تەربىيىلەش، ۋە ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەكىتلەيدىغان ئەنئەنىدە نامايان بولىدۇ. ساموٗرايدىن ئىبارەت بۇ سەنئەتكار ۋە جەڭچىلەر بىر خىل ئەدەبىياتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بولۇپ، ئۇ ئەدەبىيات كىشىلەرنى ئۆزىدىكى ۋەھىمە ۋە ئىشەنچسىزلىكنى يوقىتىپ، ئۆز قابىلىيەتلىرىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشقا ئۈندەيدۇ. ھەر بىر ئىشقا بىردىن تۈزۈم تۈزۈلگەن بىر جەمئىيەتتە، ساموٗرايلار بىر ئامالارنى قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدىغان بىر شارائىتنى بەرپا قىلغان. شۇڭلاشقا ساموٗرايلارنىڭ قاتتىق ۋە دەھشەتلىك بولۇش ئوبرازى ئۆز كەسپىدە بىرەر بۆسۈش خاراكتېرلىك يۈكسىلىشنى ئىستەيدىغان ياشلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولالايدۇ.

ساموٗرايلار بىزگە يېڭىش مۇمكىن ئەمەستەك بىلىنىدىغان قىيىن ئۆتكەللەرگە دۇچ كەلگەندە، ئۇ ئۆتكەللەرنى ئۆزىنىڭ جىسمانىي كۈچ-قۇۋۋىتى بىلەن ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئىچكى روھىي قابىلىيىتى بىلەن يەڭسە، غەلىبە قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئۆگىتىدۇ. ئۇلار بىزگە ھاياتنىڭ ھەر بىر سېكۇنتىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى، ئۇنى ئىنتايىن يۇقىرى دەرىجىدە قەدىرلىشىمىز كېرەكلىكىنى ئۆگىتىدۇ. ھايات بەزىدە ئىنتايىن قىيىنلىشىپ كېتىدىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەر بىر پەيتىنىڭ ھۇزۇرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىز بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىشىمىز كېرەكلىكىنى ئۆگىتىدۇ. بىز قىيىن ئۆتكەللەرگە دۇچ كەلگەندە، ساموٗراي روھىدىن كۈچ ۋە مەدەت ئالالايمىز. بىز ساموٗراي روھى ئاساسىدا ئۆزىمىزنىڭ ياشاش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆز ھاياتىمىزنى ۋە تەقدىرىمىزنى ياخشى تەرەپكە بۇرىيالايمىز.

مەن مەزكۇر ماقالىنىڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياپونلارنى تولۇق ۋە توغرا چۈشىنىشىگە، شۇنداقلا ياشلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر مۇۋاپىق ياشاش يولى تېپىۋېلىشىغا بىر ئاز ياردەم قىلالىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:

[1] Konzak Burt, «Samurai spirit: Ancient wisdom for modern life», published in 2002 by Tundra Books.

[2] بىلىمخۇمار، «ياپونلۇقلارنىڭ ئېتىقادى، ئەخلاقى ۋە تەبىئىي خاراكتېرى»
http://bbs.misranim.com/thread-117395-1-1.html

[3] Samurai
http://en.wikipedia.org/wiki/Samuray

[4] Albrecht Fürst von Urach, «The Secret of Japan's Strength», 1943.

[5] Russo-Japanese War
http://en.wikipedia.org/wiki/Russo-Japanese_War

[6] David Mccullough, «Moral and social education in Japanese schools: Conflicting conceptions of citizenship», Citizenship Teaching and Learning, Vol. 4, pp. 21-34, July 2008.

[7] Abul A'la Maududi
http://en.wikipedia.org/wiki/Abul_A'la_Maududi

[8] Mehdi Hasan: Islam is a peaceful religion—Oxfor Union
https://www.youtube.com/watch?v=Jy9tNyp03M0

[9] Yasir Qadhi: The Miracle of the Qur'an
http://www.youtube.com/watch?v=q2S_e1d4hb0

[10] 2013 U.S. Patent Trends & Insights
http://ificlaims.com/index.php?page=news&type=view&id=ifi-claims%2F2013-u-s-patent-trends

[11] Abu Ammaar Yasir Qadhi
http://en.wikipedia.org/wiki/Abu_Ammaar_Yasir_Qadhi

[12] Times Higher Education World University Rankings
http://en.wikipedia.org/wiki/Times_Higher_Education_World_University_Rankings

[13] Martin Luther King, Jr.
http://en.wikiquote.org/wiki/Martin_Luther_King,_Jr.

**رەسىملەر:**



1 ـ رەسىم: سامۇراي ئىكېدا ناگائوكى 1864 ـ يىلى چۈشكەن رەسىم.



2 ـ رەسىم: ئىككى سامۇراينىڭ جەڭگە تەييار تۇرۇشى.




3ـ رەسىم: ئامېرىكىنىڭ «ئاخىرقى سامۇراي» دېگەن كىنوسىدىن بىر كۆرۈنۈش.



4ـ رەسىم: ياپون گېيشالىرىنىڭ كىيىمى (ئۇنى ھازىرمۇ كىيىدۇ).



5ـ رەسىم: ياپون گېيشالىرىنىڭ يەنە بىر رەسىمى

# گېرمانلارنىڭ 7 خىل كىشىلىك خاراكتېرى

2014 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى

مەن ئۆزۈمنىڭ يېقىندا تەييارلىغان «بۇيرۇلغان ياردەم ۋە تىرىشچانلىق بەدرى ئۇرۇشىدىن ئويلىغانلىرىم» [1] دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دەپ يازغان ئىدىم:

ـ ـ «گېرمانىيە» بىلەن «ئىنژېنېرلىق» نىڭ مەنىداش سۆز بولۇپ كېلىۋاتقىنىغا خېلى ئۇزۇن بولدى. 1945 ـ يىلى تەسلىم بولغاندىن كېيىن، گېرمانىيىنىڭ بېسىۋېلىنغان قىسمى 4 پارچە زېمىنغا بۆلۈۋېتىلگەن، ھەمدە 1950 ـ يىلىغا كەلگۈچە ئۇنىڭ قايتا كۈچىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئېغىر سانائىتى بىرلەشمە كۈچلەر تەرىپىدىن مەقسەتلىك ھالدا ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇپ تاشلانغان ئىدى. لېكىن گېرمانىيە يەنە كۈچەيدى. ھازىر ئۇ ئىقتىسادىي جەھەتتە ياۋروپا بىرلىكىگە ئەزا بولغان قالغان ئەللەرنى يۆلەۋاتىدۇ.

ـ ـ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇن گېرمانلار دىنىنى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا قويغان. بولۇپمۇ ئەنگلىيە بىلەن سېلىشتۇرغاندا، گېرمانلار ھەقىقىي دىنچىلاردىن بولۇپ، ئۆزىنىڭ بارلىق كۈچىنى ئاساسەن دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلارغا قاراتقان. مېنىڭ مۆلچەرلىشىمچە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن گېرمانلاردىمۇ دىن جەھەتتە زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق نوپۇسىمۇ «خۇداغا ئىشىنىدىغان، ئەمما دىنچى ئەمەس» (spiritual but not religious) كىشىلەرگە ئايلاندى. گېرمانلارمۇ ئىنتايىن قاتتىق ئىشلەيدۇ. ۋەزىپىنى ناھايىتى يۇقىرى مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن ئورۇنلايدۇ، ھەمدە ناھايىتى ئىجادچان. ھازىر پۈتۈن دۇنيا ئىشلىتىۋاتقان ئىلغار تېخنىكىلارنىڭ ئىچىدە گېرمانلار ئىجاد قىلغانلىرى ناھايىتى يۇقىرى نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. 1762 ـ 1814 ـ يىللىرى ياشىغان گېرمانىيىلىك داڭلىق پەيلاسوپ فىختې (Johann Gottlieb Fichte) مۇنداق دەيدۇ: «گېرمانلارنىڭ روھى بىر بۇركۈتكە ئوخشاش. ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ۋە مەخسۇس چېنىقتۇرغان قانىتىنى قېقىپ، ئۆزىنىڭ ئېغىر

بەدىنىنى يۇقىرىغا قاراپ ئۆرلەشكە مەجبۇرى قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى چوڭقۇر تەپەككۇرلار ئارقىلىق ئۆزىگە كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلىدىغان بىر قۇياشقا ئوخشاش مەنبەگە يېقىنلىشىشتىن ئىبارەت.» مەن بۇ سۆزنى گېرمانلارنىڭ روھىنى ناھايىتى ئىخچام ۋە ناھايىتى جانلىق ھالدا چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىكەن، دەپ ئويلىدىم.

خۇددى يۇقىرىقىدەك، مەن ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى خېلى كۆپ ماقالىلىرىدە ياپونلار، گېرمانلار ۋە يەھۇدىيلارنى تىلغا ئالدىم. يەنى مەن ئۇلارنى 2-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە پۈتۈنلەي ۋەيرانىلىققا ئۇچراپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى 70 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە توغرا ئىشلارنى تاللاپ قىلىپ، ھەمدە ئىشلارنى توغرا قىلىپ، ئىقتىساد ۋە تېخنولوگىيە ساھەسىدە ھازىر يەنە دۇنيانىڭ ئەڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن مىللەتلەرنىڭ مىسالى سۈپىتىدە تىلغا ئالدىم. شۇنداقلا ياپونلار بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ نېمىگە تايىنىپ ئاشۇنداق قىلالىغانلىقىنى ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى 4 پارچە ماقالىسىدە تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۈم. ئەمما گېرمانلار ئۈستىدە ھازىرغىچە توختىلىپ باقمىدىم. بۇنىڭ سەۋەبى، مېنىڭ گېرمانلار ھەققىدىكى تونۇشۇم ئانچە تولۇق ئەمەس بولۇپ، مەن ھازىرغىچە ئۇلار ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، ھەمدە ئۇلارنى قانداق تونۇشتۇرۇش ھەققىدە ئويلىنىپ كەلدىم.

ئالدىنقى ھەپتە، يەنى 2014-يىلى 18-نويابىر كۈنى، ئامېرىكىدىكى مەملىكەتلىك تېلېۋىزورلارنىڭ ھەممىسى كەچلىك مەملىكەتلىك ۋە خەلقئارا خەۋەرلەر ۋاقتىدا مۇنداق بىر ئىشنى خەۋەر قىلدى: گېرمانىيە يېقىندا «دۇنيانىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان دۆلىتى» (World’s favorite country) بولۇپ باھالانغان. ئاشۇ خەۋەر مېنىڭ مەزكۇر ماقالىنى تەييارلىشىمغا سەۋەبچى بولدى. مەن يالغۇز ئاشۇ خەۋەرنىڭ ئۆزىنىلا بىر ماقالە قىلىپ يوللاشنى مۇۋاپىق كۆرمەي، ئۇنىڭغا گېرمانلارنىڭ ئەڭ روشەن 7 خىل كىشىلىك خاراكتېرىنى قوشۇپ بايان قىلىشنى قارار قىلدىم.

يۇقىرىدىكى خەۋەر ئەسلىدە مۇنداق بىر ئىش ئىكەن: ئەنگلىيىچە «Anholt Gfk Nations Brand Index» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كۆرسەتكۈچ بار بولۇپ، ئاشۇ كۆرسەتكۈچكە مەسئۇل تەشكىلات دۇنيانىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرىدىغان 50 دۆلەتنىڭ ئوبرازىنى يىلدا بىر قېتىم باھالاپ ئېلان قىلىدىكەن. ئاشۇ باھالاشتا ئامېرىكا ئۇزۇندىن بۇيان 1-ئورۇننى ئىگىلەپ كەلگەن بولۇپ، بۇ يىل ئامېرىكىنىڭ ئورنىنى گېرمانىيە ئېلىپتۇ. بۇ

كۆرسەتكۈچنىڭ 23 ئېلېمېنتى بار بولۇپ، ئۇلار 6 تۈرلۈك ئومۇمىيۈزلۈك ئۆلچەمنى تەشكىل قىلىدىكەن. بەزى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆرسىتىشىچە [2]، بۇ يىل گېرمانىيىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتۈشىگە سەۋەبچى بولغان ئامىللارنىڭ ئىچىدە ئۇلارنىڭ دۇنيا پۇتبول مۇسابىقىسى قاتارلىق تەنتەربىيە ساھەلىرىدە كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقى، ئۇلارنىڭ ناھايىتى پۇختا ئىقتىسادىي مۇۋەپپەقىيەتلەر بىلەن ياۋروپانى يېتەكلەپ مېڭىشى، شۇنداقلا ئۇلار ئىزچىل تۈردە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان سىياسىي جەھەتتىكى مەسئۇلىيەتچانلىق قاتارلىقلار بار ئىكەن.

بۇ باھالاشقا دانىيىگە جايلاشقان «Anholt_Gfk» دېگەن ئورگان مەسئۇل بولۇپ، ئۇلار 20 دۆلەتتىكى 20125 (20 مىڭ 125) نەپەر ئادەم بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ھېلىقى 50 دۆلەتنى دەرىجىگە ئايرىپ چىقىدىكەن.

ئامېرىكا بۇ باھالاشتا 2009_يىلدىن باشلاپ بىرىنچىلىككە ئېرىشىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، يېڭىلىق يارىتىش، زامانىۋى مەدەنىيەت ۋە مائارىپ قۇرۇلمىلىرى جەھەتتە ھازىرمۇ پۈتۈن دۇنيا بويىچە 1_ئورۇندا تۇرىدىغان دۆلەت بولۇپ ھېسابلانسىمۇ، بۇ قېتىم ئامېرىكا دۇنيا تىنچلىقى ۋە بىخەتەرلىكى جەھەتلەردە بىر ئاز زىيان تارتىپ، بۇ جەھەتتە ئۇ 19_ ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان [3].

بۇ يىلقى باھالاشتا رۇسىيەنىڭ ئورنى 3 دەرىجىدە تۆۋەنلەپ، 25_ ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان. ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتكىنى 22_دۆلەت ئارگېنتىنا، 23_دۆلەت جۇڭگو، ۋە 24_دۆلەت سىنگاپورلاردۇر. بۇ قېتىمقى باھالاشتا ئالدىنقى 10 نىڭ ئىچىگە كىرگەن دۆلەتلەر تۆۋەندىكىدىن ئىبارەت:

(1) گېرمانىيە
(2) ئامېرىكا
(3) ئەنگلىيە
(4) فىرانسىيە
(5) كانادا
(6) ياپونىيە
(7) ئىتالىيە
(8) شۋېتسارىيە
(9) ئاۋستralىيە
(10) شۋېتسىيە

گېرمانلارنىڭ بىز ئۆگىنىشكە تېگىشلىك يەرلىرى ناھايىتى كۆپ. مەن ئۇلار ھەققىدە بىر ئاز ئىزدىنىپ، ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق بىز ئۆگىنىشكە تېگىشلىك يەرلىرىنى سىستېمىلىق ھالدا تونۇشتۇرۇشنى ئويلىغىلى خېلى ئۇزۇن بولدى. ئاشۇنداق بىر مەقسەتتە مەن گىتلېر يازغان بىر قېلىن ئىنگلىزچە كىتابنىمۇ سېتىۋالدىم. ئەمما ئۇنى تېخى ئوقۇپ بولالمىدىم. تورلارنى ئىزدەپ، گېرمانلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بايان قىلىدىغان ئىلمىي ماقالە ياكى بىر دۆلەت ھۆكۈمىتىنىڭ رەسمىي ئىلمىي تەتقىقات دوكلاتلىرىدىن بىرەرنى تېخىچە تاپالمىدىم. نېمىشقىكىن بۇنداق مەزمۇندىكى ماتېرىياللار تورلاردىن ئانچە تېپىلمايدىكەن.

مەن بۇ قېتىم گېرمانلار بىلەن ئۇزۇن مۇددەت بىللە ياشىغان بىر ئادەم يازغان، گېرمانلارنىڭ ئەڭ چوڭ 7 خىل كىشىلىك خاراكتېرى (personality traits) ھەققىدە بىر پارچە ماقالە تاپتىم [4]. توردىكى بۇ ماقالىنىڭ ئاستىغا نۇرغۇن ئىنكاسلارمۇ چۈشكەن بولۇپ، ئۇ ئىنكاسلارمۇ ئەسلىدىكى ماقالىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان يەكۈنلەرنى جەزملەشتۈرىدىكەن، ياكى بولمىسا تولۇقلايدىكەن. ئۇ ماقالىنىڭ ئاپتورىنىڭ توردىكى ئىسمى «شنىتزېل رەپابلىك» (Schnitzel Republic) بولۇپ، ئۇ بىر ئامېرىكىلىق ئىكەن. ئەمما ئۇ بىر ئەسكەر بولۇپ، گېرمانىيىدە 20 يىل ياشاپتۇ، ھەمدە بىر گېرمانلىق قىز بىلەن توي قىلىپتۇ. ئۇنىڭ بىر تور بلوگى بار بولۇپ، بۇ بلوگدا ئۇ پۈتۈنلەي گېرمانىيە ۋە گېرمانلار ھەققىدىكى نەرسىلەرنى يازىدىكەن. مەسىلەن، گېرمانىيە، گېرمانلىقلار، گېرمان تەتقىقاتى، گېرماندىكى سىياسىي ئەربابلار، گېرمان تېلېۋىزورى، گېرمان يېمەكلىرى، گېرمان چاقچاقلىرى (ياكى گېرماندا چاقچاقنىڭ كەمچىللىكى)، گېرمان ئادەتلىرى، گېرمانىيە خەۋەرلىرى، گېرمانىيە ماشىنىلىرى ۋە گېرمان تارىخى قاتارلىقلار.

تۆۋەندىكىسى شىنىتزېل رەپابلىك تەييارلىغان «بىر گېرماننىڭ 7 خىل كىشىلىك خاراكتېرى» دېگەن ماقالىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى. مېنىڭچە بۇ ئاپتور تىلغا ئالغان 7 خاراكتېر بىر تولۇق تىزىملىك بولماستىن، ئۇنىڭ ئۆزىگە ئەڭ تەسىر قىلغان 7 خاراكتېر بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، گېرمانلارنىڭ بىر ئىشنى قىلىشتىكى ئەستايىدىللىقى، مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە

پۇختىلىقىمۇ دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. ئەمما شىنتزېل گېرمانلارنىڭ بۇ خىل خاراكتېرىنى ھېلىقى 7 خىل خاراكتېرگە قوشماپتۇ.

## 1. گېرمانلارنىڭ 7 خىل كىشلىك خاراكتېرى

### (1) جاھىللىق

بۇ بىرگە ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئايان. بۇ بىرگە 1950 ـ يىللاردىكى ئىشلاردىن، ھەمدە گېرمانىيىنىڭ قايتىدىن قەد كۆتۈرۈشىدىن ئايان. نۇرغۇن ئەللەرنىڭ ئىقتىسادى تەۋرەپ قالدى. بولۇپمۇ گىرېتسىيە يىراقنى كۆرۈش جەھەتتە ئېغىر دەرىجىدە خاتالىشىپ، نۇرغۇن ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە قالدى. ئەمما گېرمانىيە بولسا بىر ئىدىيىگە چىڭ ئېسىلىپ، ئۇنى قەتئىي داۋاملاشتۇرىدۇ. گېرمانلار ئۆز پىكىرلىرىنى ئاسانلىقچە ئۆزگەرتمەيدۇ. ئۆزگەرتكەن ۋاقىتتىمۇ چوقۇم مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق چۈشىنىپ تۇرۇپ، ئاشۇنداق بىر زۆرۈرىيەت تۇپەيلىدىن شۇنداق قىلىدۇ.

### (2) ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرۇش

ئەگەر بىر گېرمانلىق بىر ئەنئەنىنى باشلىغان بولسا، ئۇ چوقۇم ئۇنى ۋۇجۇدقا چىقارماي قالمايدۇ. بۇنىڭ بىر تىپىك مىسالى «ئوكتوبەرفەست» (Octoberfest) دەپ ئاتىلىدىغان بايرامدىن ئىبارەت. بۇ بايرام ھەر يىلى مىيۇنخېندا ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ، 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا باشلىنىپ، 10 ـ ئاينىڭ بىرىنچى يەكشەنبە كۈنىگىچە 16 كۈن داۋاملىشىدۇ. ئۇ 1810 ـ يىلى باشلانغان بولۇپ، ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ [5]. گېرمانىيىدە مۇشۇنداق بايراملاردىن بىر قانچە مىليونلىرى بار. مەسىلەن، بەزى جايلاردا ھەر يىلى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرى «كۈزلۈك ھويلا تازىلاش كۈنى» قىلىپ بېكىتىلگەن بولۇپ، ھەر يىلىنىڭ شۇ كۈنى ھەممە ئادەم ئاكتىپلىق ھالدا ھويلا تازىلايدۇ. بەزى جايلاردا بىر يازلىق بايرام كۈنى داۋام ئېتىۋاتقىلى 60 يىلدىن ئاشقان بولىدۇ. ئەگەر بىرەر سۇ ئاپىتىگە ئوخشاش چوڭ ئىشلار يۈز بەرمىگەنلا بولىدىكەن، كىشىلەر ئاشۇنداق بايرام كۈنىنى زادىلا ئۆزگەرتمەيدۇ.

بۇ خىل ئەھۋال ئايرىم ـ ئايرىم كىشىلەر ئۈچۈنمۇ ئوخشاش. مەسىلەن، بەزىلەر ئۆمۈر بويى «ئوپېل» (Opel) دىن ئىبارەت بىرلا ماركىلىق ماشىنا ھەيدەيدۇ. بەزى ئائىللار ئۆزلىرى ئايرىم دەم ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ھەر

يىلى 5-ئاينىڭ 2-كۈنى بېرلىن (گېرمانىيىنىڭ پايتەختى) گە كېتىدۇ. بەزىلەر ئۆيىنى بىر خىل سىرلىۋالغان بولسا، ئۇنى 45 يىلغىچە ئۆزگەرتمەيدۇ. بەزىلەر بىرلا ماشىنا رېمونت قىلىدىغان مېخانىكنى ئىشلىتىدىغان بولۇپ، مۇشۇ ئىش بىر ئەنئەنىگە ئايلانغاندىن كېيىن، بۇنى ئاشۇ مېخانىك پېنسىيىگە چىققۇچە داۋاملاشتۇرىدۇ.

(3) تېجەشچانلىق

ئادەتتە بۇنى «ئەرزان ماللار بىلەنلا ياشاش» دەپ ئاتىساقمۇ بولاتتى، ئەمما ئۇنداق دېسەك يۈزدە-يۈز ئادىللىق قىلغان بولماي قېلىشىمىز مۇمكىن. كۆپىنچە گېرمانلار ھەر يىلى يازدا 10 كۈن تەتىل قىلىپ، بىر يەرلەرگە بېرىپ دەم ئېلىپ كېلىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېنىدا ئەڭ كۆپ بولغاندا 300 دوللار پۇل بار بولۇشى بىر ناھايىتى نورمال ئىش. ئۇلار بىر ئاماللارنى قىلىپ، ئاشۇ 300 دوللار پۇلنى 10 كۈنلۈك دەم ئېلىشقا يەتكۈزەلەيدۇ.

ئەگەر پېنسىيىگە چىققان گېرمانلارغا قاراپ باقسىڭىز، ئۇلار 65 ياشقا كىرگەندە ھەر ئايدا خەجلەيدىغان پۇلى بىر مىڭ دوللار ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇلار ئاشۇنچىلىك ئاز پۇلنى يەتكۈزۈپ خەجلىيەلەيدۇ.

ھازىر گېرمانلار گېرمانىيىدىكى ئۆي رېمونت قىلىدىغان ماتېرىياللارنى ساتىدىغان «ھورنباخ» (Hornbach) دېگەن چوڭ دۇكانلاردىن ناھايىتىمۇ كۆپ پايدىلىنىدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇلار ئۆي بېزەشكە بىرەر كەسپىي شىركەتنى ئىشلەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا پولشالىق ئىشلەمچىلەردىن بىرەرنى بىر ھەپتىلىك ياللىۋېلىپ، ھەممە ماتېرىياللارنى بازاردىن ئۆزلىرى سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ، ئۆيىنى سىرلاش ۋە ئۆيىنى بېزەش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزلىرى قىلىدۇ.

(4) بەس-مۇنازىرىگە ئامراق كېلىش

گېرمانلار بەس-مۇنازىرە قىلىشىدىغان ئىشلار ناھايىتىمۇ كۆپ. بىرى ھويلىسىغا بىر خىل دەرەخ تىكسە، قوشنىسى ئۇنى ياقتۇرماي مۇنازىرىلىششى مۇمكىن. بىرى قىش كۈنى ماشىنىسىنى ئىككى مىنۇت ئىسسىتسا، ئۇنىڭدىن چىققان ئاۋاز ھەققىدە قوشنىسى مۇنازىرىلىششى مۇمكىن. قوشنىسى بىر مىنۇتقا چىدايدۇ، ئەمما ۋاقىت ئىككى مىنۇتقا ئۇزىراپ كېتىدىكەن، قوشنىسى چىقىپ بۇ كىشى بىلەن مۇنازىرىلىشىدۇ.

مۇشۇنداق بىر خىل شەكىلدە بىر گېرمانلىق سىزنىڭ قانداق قىلىپ بىر ئىشنى خاتا قىلغانلىقىڭىزنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭغا سىز ماقۇل بولۇشىڭىز كېرەك. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسىڭىز، بەس-مۇنازىرە ياكى تالاش-تارتىش باشلىنىدۇ.

**(5) يۇمۇر جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىك**

ئامېرىكىدىكى روبىن ۋىللىيەمز (Robin Williams) ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش داڭلىق يۇمۇرچىلارنىڭ چاقچاقلىرى گېرمانىيىدە ئازراقمۇ قارشى ئېلىنمايدۇ ياكى ئاقمايدۇ. ئەمما گېرمانلار باشقىلارنى مەسخىرە قىلىدىغان يۇمۇرلارنى ياخشى كۆرىدۇ. مەسىلەن، گېرمانىيىنىڭ سىياسىي سىستېمىسى قاۋاقخانىدىكى بىر مەستتىنمۇ بەكرەك بۇزۇلۇپ كەتتى، دېگەندەك گەپلەر گېرمانلارنى ناھايىتىمۇ قاتتىق كۈلدۈرۈۋېتەلەيدۇ.

گېرمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي مۇھىتى بىلەن سېلىشتۇرۇلغان ئىشخانا يۇمۇرلىرىنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. مەسىلەن، ئۇلار بىر قاسساپخانا ياكى ھۆكۈمەتنىڭ بيۇروكراتلىقى ھەققىدىكى ھېكايىلەرگە ناھايىتىمۇ بەك كۈلىدۇ، چۈنكى ئۇلار مۇشۇنداق ئىشلارنى ھەر كۈنى ئۇچرىتىپ تۇرىدۇ.

ئىلاۋە: مەن بۇلاردىن گېرمانلار ئويدۇرۇپ چىققان، ياكى ئەمەلىيەتكە ئانچە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان گەپلەرگە زادىلا كۈلمەيدىكەن، دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم. ئۇنىڭ ئەكسىچە، بەزى ئۇيغۇر زاتلارنىڭ ئېچىنىشلىق ياكى نەپرەتلىنىدىغان ئەھۋاللارنى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ سۆزلەۋاتقانلىقىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ دەرد تۆكۈش يىغىلىشلىرىنى ناخشا-ئۇسسۇلدىن ئىبارەت بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتۇرغىنىنىمۇ كۆرۈپ باقتىم. ئۇيغۇر ئىتوت سورۇنلىرىدىمۇ چوڭلارنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن مەيداندا ئولتۇرغان كىچىك بالىلارنى قىلچىمۇ ئويلاشماي قويمايدىغان مەزمۇنلارنى داۋاملىق كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن. بىز داۋاملىق كۈلۈپ-يايراپ ياشىيالىشىمىز ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنى ساقلاپ قېلىشىمىز كېرەك. كۈلىدىغان ئىشلار بار، نەپرەتلىنىدىغان ئىشلارمۇ بار. نەپرەتلىنىدىغان ئىشلارنى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ سۆزلەش نورمال ئىنسانغا خاس ئىش ئەمەس. بۇ جەھەتتە ئۇيغۇرلار خېلى بەك تىرىشمىسا بولمايدۇ.

**(6) كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى سوغۇقلۇق**

سىز بىر يېڭى جايغا كۆچۈپ كەلسىڭىز، قوشنىڭىز بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن 10 يىلدەك ۋاقىت كېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە سىز قوشنىڭىز بىلەن «ئەڭ كۆپ ئاربلاشتىم» دېگەندىمۇ، ماشىنا بىلەن هويلىڭىزدىكى ئوتلارنى

ئورغاندا، قوشنىڭىز بىلەن بىر قېتىم بىر قۇتا پىۋىنى بىللە ئىچكەن بولۇشىڭىز مۇمكىن.

بىر گېرمانلىق قىز بىر گېرمانلىق يىگىت بىلەن تونۇشۇپ، ئالتە ئاي ۋاقىت ئۆتۈپلا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىدىغان ئىشنى سىز ھەرگىزمۇ ئۇچرىتالمايسىز.

گېرمانلار ئۆزىنى قوغداشتىكى بىر خىل تاكتىكا سۈپىتىدە مۇشۇنداق سوغۇقلۇقنى ساقلايدۇ. ئۇلار مۇشۇنداق تاكتىكا بىلەن ئۆزلىرىنىڭ يېقىنلىرىنى قوغداپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن بىر خىل بىخەتەر شارائىتنى ھازىرلايدۇ.

(7) يېڭىلىق يارىتىشقا قادىر كېلىش

گېرمانلار يېڭىلىق يارىتىشقا ناھايىتى قادىر كېلىدۇ. يامغۇر ياغقاندا بەزى قىممەت باھالىق ئاپتوموبىللاردىكى يامغۇر سەزگۈچ ئۇنى بىلىپ، ئاپتوموبىل ئەينىكىدىكى سۇ ئېيتقۇچنى ئاپتوماتىك ھالدا ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. بۇنى گېرمانلار كەشىپ قىلغان. ئاپتوموبىللاردىكى ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن نەرسىلەرنىمۇ گېرمانلار كەشىپ قىلغان. ئۇلار كەشىپ قىلغان نەرسىلەردىن يەنە ئىسسىتقۇچ، قەلەم، خەت بېسىش ماشىنىسى، ماشىنىنىڭ رېزىنكە چاقى، يەر ئاستى پويىز، ھەتتا ئېغىزى ھىم ئېتىلىدىغان پلاستىك خالتا قاتارلىقلارمۇ بار. ئۇلار بىر يەردە ئولتۇرۇۋېلىپ، بىر دەمدىلا بىر يېڭى نەرسىنى ئويلاپ تاپالايدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇ كەشپىياتنى دۇنياغا جاكارلايدۇ.

## 2. كىتاب ئوقۇش ۋە يېڭىلىق يارىتىش

ئادەتتە بىر مىللەت كىشىلىرىنىڭ يېڭىلىق يارىتىشقا قادىر كېلىش-كەلمەسلىكى ئۇلارنىڭ كىتابنى كۆپ ئوقۇش-ئوقۇماسلىقى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك كېلىدۇ. ئەنگلىيەدىكى خەلقئارا مېدىيە شىركىتى بېرتېلسمەن (Bertelsmann) يېقىندا بىر قانچە تەتقىقات شىركەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، گېرمانىيە، فىرانسىيە ۋە ئەنگلىيە پۇقرالىرىنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئەھۋالى ئۈستىدە بىر قېتىم ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئاشۇ تەكشۈرۈشنىڭ دوكلاتى 2014-يىلى 23-سېنتەبىر كۈنى ئېلان قىلىندى [6]. ئاشۇ دوكلاتتا دېيىلىشچە، گېرمانلارنىڭ 70 پىرسەنتى، فىرانسۇزلارنىڭ 65 پىرسەنتى، ۋە ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ 72 پىرسەنتى ئۆزلىرىنى «يېڭىلىق

يارىتىدىغان كىشىلەر» دەپ ھېسابلايدىكەن. يېڭىلىق يارىتىلىدىغان كەسپىي ساھەلەرنىڭ ئىچىدە رەسساملىق، ناخشىچىلىق ياكى مۇزىكانتلىق قاتارلىق 3 سەنئەتچىلىك ساھەسى ئەڭ ئالدىدا تۇرىدىكەن.

بۇ 3 دۆلەتتىكى شىركەت-كارخانىلارنىڭ ئىچىدە يېڭىلىق يارىتىش كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان شىركەتلەرنىڭ سانى 392000 (392 مىڭ) بولۇپ، ئۇلار ھەر يىلى 128 مىليارد ياۋرولۇق كىرىم قىلىدىكەن، ھەمدە 3.3 مىليون ئادەمنى خىزمەت بىلەن تەمىنلەيدىكەن. بۇ جەھەتتە گېرمانىيە 1-ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، گېرمانىيىدىكى يېڭىلىق يارىتىش كاتېگورىيىسىدىكى شىركەتلەرنىڭ يىللىق كىرىمى 49 مىليارد ياۋرو، ئەنگلىيىنىڭ 44 مىليارد ياۋرو، ۋە فىرانسىيىنىڭ بولسا 35 مىليارد ياۋرو ئىكەن.

ھەر خىل مېدىيەلەردىن پايدىلىنىپ ئۆگىنىش قىلىش جەھەتتە دۆلەتلەر ئارا ۋە ئوخشىمىغان ياشتىكى كىشىلەر ئارا پەرقلەر بار ئىكەن. پۈتۈن گېرمانلارنىڭ ئىچىدە ھەر بىر ھەپتىنىڭ ئىچىدە چوقۇم ژۇرنال ئوقۇيدىغان كىشىلەرنىڭ سانى 65 پىرسەنت، فىرانسۇزلارنىڭ 45 پىرسەنت، ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ بولسا 40 پىرسەنت ئىكەن. گېرمانلارنىڭ ئىچىدە 47 پىرسەنت كىشى كەم دېگەندە ھەپتىدە بىر قېتىم كىتاب ئوقۇيدىغان بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئەنگلىيىلىكلەر 52 پىرسەنت، فىرانسۇزلار بولسا 36 پىرسەنت ئىكەن. ژۇرنالنى ئەڭ كۆپ ئوقۇيدىغانلار 40 ياشتىن 65 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى كىشىلەر بولۇپ، 40 ياشتىن كىچىكلەر بولسا تېلېۋىزورنى چوڭلاردىن كۆپرەك كۆرىدىكەن.

مەن ئوقۇرمەنلەردىن مۇشۇ يەردە توختاپ، بىر ئاز ئويلىنىپ بېقىشنى تەكلىپ قىلىمەن: ئۇيغۇرلار ئىچىدە ھەر ھەپتىنىڭ ئىچىدە چوقۇم ژۇرنال، گېزىت ياكى كىتاب ئوقۇيدىغانلارنىڭ سانى بارلىق ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ قانچە پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؟ ئۇلار 5 پىرسەنتكە بارامدۇ؟ ئۆيىدە كىتاب ساقلايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى بارلىق ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ قانچە پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؟ ئۆيىدە مەخسۇس بىر «كىچىك كۇتۇپخانا» ئورنى بار ئۇيغۇرلارچۇ؟

مەن ئادەتتە ئۆزىمىزنىڭ سەلبىي ئىشلىرىنى بەك تەكىتلەپ كېتىشتىن ئۆزۈمنى تارتىمەن. سەۋەبى، بىزنىڭ دەردىمىز ھازىر خېلى يېتىپ ئاشىدىغان بولۇپ، كەچكىچە سەلبىي نەرسىلەرنى سۆزلەۋەرسەك، خەلقىمىز ئەمدى ئۇلارنى كۆتۈرەلمەي قېلىشى مۇمكىن. ئەمما، مىللەتنىڭ قۇدرەت

تاپالماسلىقىغا سەۋەب بولۇۋاتقان يۇقىرىقىدەك ئىنتايىن روشەن ئامىللارنى تىلغا ئالمايمۇ بولمايدىكەن. بىزنىڭ سەنئەت مەدەنىيىتىمىز ۋە سورۇن مەدەنىيىتىمىز بىز ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك بولۇپ، مەن ئۆزۈمنىڭ بەزى يازمىلىرىدا ئۇلارنىڭ بەزى جەھەتتە ھازىرغىچە ئوينىغان رولىنى دىنىنىڭ رولى بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويدۇم. ئەمما، نىسبەت توغرا بولۇشى كېرەك. ھېچ بولمىغاندا نىسبەت توغرا بولۇشقا يېقىنراق بولۇشى كېرەك. ئەگەر بىز بىر جەھەتتە ئالاھىدە ياخشى، پۈتۈن جۇڭگو بويىچە بىرىنچى ئورۇندا بولۇپ، يەنە بىر جەھەتتە، بولۇپمۇ كىتاب ئوقۇش جەھەتتە نۆلگە يېقىن بولساق، ئىشىمىز ئاقمايدۇ .

مەن ئوقۇرمەنلەرگە مەزكۇر ماقالىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، يالقۇن روزى ئەپەندىنىڭ «بىز قانداقلارچە ناخشا-ئۇسسۇل مىللىتى ئاتىلىپ قالدۇق؟» دېگەن ماقالىسىنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن [7]. مەن ئۇ ماقالىنى مەزكۇر ماقالىنىڭ ئاستىغا ئىنكاس شەكلىدە چاپلاپ قويدۇم.

## 3. ئاخىرقى سۆز: باش كۆڭۈل قانۇنىيىتى ۋە مەركەزلەشتۈرۈش

مەن مەزكۇر ماقالىدە گېرمانلارنىڭ 7 خىل ئاساسلىق كىشىلىك خاراكتېرىنى تونۇشتۇردۇم. گەرچە مەزكۇر ماقالىدا ناھايىتى ئوچۇق بايان قىلىنمىغان بولسىمۇ، گېرمانلار ناھايىتى يۇقىرى ساپاغا ئىگە بولۇپ، بۇنداق ساپانى ئۇلار ئۇزۇن يىللار ئىچىدە يولغا قويۇپ كەلگەن ناھايىتى پۇختا مائارىپ پروگراممىسى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. گېرمانلاردىكى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بىر قىسىم ياخشى كىشىلىك خاراكتېر ئاشۇنداق يۇقىرى ساپانىڭ بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت. گېرمانلارنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى، ئۇلاردىكى ئېتىقاد بىرلىكى، ئىدىيە بىرلىكى، ئاڭلىقلىقتىكى تەكشىلىك ۋە ئۇستۇنلۇك، ۋە ھەرىكەت بىرلىكىدىن ئىبارەت. گېرمانلاردىكى بۇ خىل ساپا دۇنياغا 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا بىر قېتىم نامايان بولدى. يەنى، ھازىر گېرمانىيىنىڭ 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا باشقا نۇرغۇن ئەللەر ئۈستىدىن ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرى ھەققىدە توختالغاندا، نۇرغۇن كىشىلەر ئاشۇ ئىشلارنى قىلغان باش جىنايەتچى سۈپىتىدە گىتلېرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. بۇنىڭ مەلۇم دەرىجىدىكى ئاساسى بار. ئەمما، بىر ئەلدىكى ھەممە خەلق بىر ئادەمگە ئەگەشمىگەن بولسا، ئۇنچىۋالا ئىشنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ خىل ئەھۋال ياپونلار ئۈچۈنمۇ ئوخشاش. مەن يۇقىرىدا تونۇشتۇرغان گېرمانلارنىڭ 2-خاراكتېرى «ئەنئەنىنى

ساقلاش» تىن ئىبارەت. ئەمما ئاشۇ قىسمىنىڭ ئىچىدە مۇنداق بىر نەرسە بار: ئەگەر گېرمانىيىنىڭ بىر مەھەللىسىدە ياشايدىغان كىشىلەر «ھەر يىلى مانچىنچى ئاينىڭ مانچىنچى كۈنى ھەممىمىز ھويلا تازىلايمىز» دەپ قارار قىلسا، ئاشۇ مەھەللىدىكى ھەممە ئادەم ھەر يىلى ئاشۇ كۈندە ھويلا تازىلايدۇ. بىر كىم ئۇلارغا ئاشۇ ۋاقىت يېقىنلاشقاندا ئايرىم چاقىرىق قىلمايدۇ، ئايرىم ئەسكەرتىپ قويمايدۇ، ئۇ كۈنى ھېچ كىمنىڭ ئىشى چىقىپ قالمايدۇ، ھەمدە ئۇ كۈنى ھېچ كىم ئاغرىپ قالمايدۇ. مۇشۇ قۇرلارنى ئوقۇغاندا، ياپوندا ياشاپ باققان قېرىنداشلارنىڭ ئېسىگە دەرھاللا مۇنداق بىر ئىش كېلىدۇ: بۇ جەھەتتە ياپونلارمۇ گېرمانلارغا ئوپمۇ-ئوخشاش.

مەن ھازىرغىچە خىزمەت ۋە ساياھەت مۇناسىۋىتى بىلەن نۇرغۇنلىغان تەرەققىي قىلغان ئەللەرگە بېرىپ باقتىم. شۇلارنىڭ ئىچىدە شەھەر ئىچىدە قاتنايدىغان ئاپتوبۇس ۋە پويىزلاردا بېلەت تەكشۈرمەيدىغان دۆلەتلەردىن بىر قانچىنى ئۇچراتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى گېرمانىيىدىن ئىبارەت. يەنى، ئەگەر سىز گېرمانىيىدە يەر ئاستى پويىزغا ئولتۇرماقچى بولىدىكەنسىز، سىز بېلەتنى يەر ئۈستىدىكى كوچىدىكى بىر ماشىنىدىن ئالىسىز. ئۇنىڭدىن كېيىن سىز پويىزنىڭ ئىچىگە كىرگۈچە بىرەر ئىشىكتىن، بىرەر بېلەت تەكشۈرىدىغان ماشىنىدىن، ياكى بىرەر بېلەت تەكشۈرىدىغان ئادەمنىڭ ئالدىدىن ئۆتمەيسىز. يەنى، سىز بېلەتنى ئېلىپ يانچۇقىڭىزغا سېلىپ قويۇپ، يەر ئۈستىدىن يەر ئاستىدىكى پويىزغا خۇددى بىر دۇكانغا كىرگەندەك كىرىپ كېتىسىز. بىزدەك ئۆمۈر بويى بېلەت تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈپ ياشاپ كۆنۈپ قالغان كىشىلەرگە بۇنداق ئەھۋال بىر ئاز نورمالسىزلىقتەك تۇيۇلىدىكەن. ئەمما، ھازىرقى زامان گېرمانلارنىڭ ئاڭلىقلىق دەرىجىسى ئەنە شۇ سەۋىيىگە يەتكەن.

مەن ئۆزۈمنىڭ ئالدىنقى بىر پارچە ماقالىسىدە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى بەدرى ۋە ئوھۇد ئۇرۇشلىرى ھەققىدىكى مۇنداق بىر ئەھۋالنى بايان قىلدىم: بەدرى ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلاردا ئىدىيە بىرلىكى، مەقسەت بىرلىكى، ۋە ھەرىكەت بىرلىكى بار بولغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن. ئوھۇد ئۇرۇشىدا بولسا ئۇرۇشقا قاتناشقان مۇسۇلمانلاردا ئىدىيە بىرلىكى، مەقسەت بىرلىكى ۋە ھەرىكەت

بىرلىكى ساقلانمىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بەدرى ئۇرۇشىدىكىدەك ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمەي، ئۇرۇشتا يېڭىلىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئايرىلىپ قالغىلىمۇ تاس قالغان. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن مەن «تاشتەك ئۇيۇشۇش» نىڭ ئاللاھ بۇيرۇغان ياردەمنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ئەڭ مۇھىم شەرتلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى يەكۈنلەپ چىقتىم. بۇ «تاشتەك ئۇيۇشۇش» نىڭ رولىنىڭ ئىسلام نۇقتىسىدا تۇرۇپ بايان قىلىنىشىدۇر.

«تاشتەك ئۇيۇشۇش» نىڭ رولىنىڭ ھازىرقى زامان ئىلىم-پەنلىرىدىكى چۈشەندۈرۈلۈشىمۇ مەۋجۇت. مەسىلەن، بۇ جەھەتتىكى بىر قىسىم نەزەرىيىلەر «ناپولىيون خىلىنىڭ چۈشەندۈرۈشىدىكى ئۆزگە تارتىشنىڭ سىرلىق قانۇنىيىتى» دېگەن داڭلىق ئىنگلىزچە كىتابتا «باش كۆڭۈل قانۇنىيىتى» دېگەن تېما ئاستىدا بايان قىلىنغان بولۇپ، مەن ئۇنى ئۆزۈمنىڭ «غايىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ سىرلىق قانۇنىيىتى» دېگەن ماقالىسىدە ئازراق چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۈم [8]. بۇ ئۇقۇم يالغۇز گېرمانىيە ياكى ياپونىيىدەك بىر ئەلگە، ياكى گېرمانلار ياكى ياپونلارغا ئوخشاش بىر قەۋمغا ماس كېلىپلا قالماستىن، ئۇ ئورتاق بىر نىشان ئۈچۈن توپلانغان ھەر بىر گۇرۇپپا كىشىلىرىگە، مەسىلەن، بىر شىركەت ياكى بىر كارخانا كىشىلىرىگىمۇ ماس كېلىدۇ. مەن ئوقۇرمەنلەرگە «باش كۆڭۈل قانۇنىيىتى» نى گېرمانلار ۋە ياپونلارنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ تۇرۇپ بىر قېتىم ئوقۇپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن مەن ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى ماقالىسىدىكى «باش كۆڭۈل قانۇنىيىتى» دېگەن مەزمۇننى مۇشۇ يەرگە قىستۇرۇپ قويىدىغان بولۇپ، مەزكۇر ماقالىنىمۇ ئاشۇ مەزمۇن بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن.

مەن گېرمانلار ھەققىدە يازىدىغان مەزمۇنلار تېخى ئاخىرلاشمىدى. مەن بۇ جەھەتتە داۋاملىق ئىزدىنىپ، بىزگە بىر ئاز پايدىسى بار نەرسىلەرنى بايقىغاندا، ئۇلارنى يەنە ئايرىم ماقالە قىلىپ يوللاشقا تىرىشىمەن.

**باش كۆڭۈل قانۇنىيىتى**

(ئەگەر تېخىچە ئوقۇپ باقمىغان بولسىڭىز، سىز تۆۋەندىكى مەزمۇننى ئوقۇشتىن بۇرۇن، تۆۋەندىكى 8-مەنبەدىكى ماقالىنىڭ ھېچ بولمىغاندا كىرىش سۆز قىسمىنى بىر قېتىم ئوقۇۋېتىڭ.)

«ناپولېيون خىلنىڭ چۈشەندۈرۈشىدىكى ئۆزىگە تارتىشنىڭ سىرلىق قانۇنىيىتى» دېگەن بىر داڭلىق كىتاب بار بولۇپ، ئۇ كىتاب ئىنگلىزچە «The secret law of attraction as explained by Napoleon Hill» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدا «ئۆزىگە تارتىش قانۇنىيىتى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قانۇنىيەت، يەنى ئىنسانلار ئۆزى ئىستەيدىغان نەرسىلەرنى قانداق قىلىپ ئۆزىگە تارتىپ ئەكېلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆز غايىسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرالايدىغانلىقى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بۇ كىتاب 2008-يىلى نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئۇ ناپولېيون خىل 1928-يىلى يازغان 8 توملۇق «مۇۋەپپەقىيەت دەستۇرى» (Law of Success) دېگەن كىتاب بىلەن 1937-يىلى يازغان «ئويلاپ باي بولۇش» (Think and Grow Rich) دېگەن 2 كىتابقا ئاساسەن تۈزۈلگەن. «ئۆزىگە تارتىش قانۇنىيىتى» نىڭ بىر كىتاب بولۇپ يېزىپ چىقىلىشىغا ئاساسىي جەھەتتىن تۈرتكە بولغان كىشى ئەندرۇ كارنىگىدىن ئىبارەت. بۇ كىتابتا دېيىلىشىچە، يېقىنقى زاماندا كەڭ تارالغان مەدەنىيەتكە ئەڭ زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن نەرسىلەرنىڭ بىرى ئاشۇ قانۇنىيەت بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ تاكى ھازىرقى زامانغىچە ئۆتكەن مەشھۇر ئادەملەرنىڭ ھەممىسى غايىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ بۇ «سىرى» نى بىلىدىغان بولسىمۇ، ئۇلار باشقىلاردىن قىزغىنىپ، بۇ سىرنى ئاشكارىلىماي قوغداپ كەلگەن ئىكەن (ئەسلىدىكى ماقالىنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدىن ئېلىندى).

ناپولېيون خىل تۇنجى قېتىم ئەندرۇ كارنىگى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەت جەريانىدا ئەندرۇنىڭ ئاشۇنداق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىدىكى سىرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىغاندا، ئەندرۇ ئۇنىڭغا ئۆز شىركىتىدە بىر «باش كۆڭۈل» نىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ناپولېيون ئۇزۇن يىل تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، «باش كۆڭۈل» دېگەن بىر پسىخولوگىيە پرىنسىپىنى بايقىغان.

بۇ پرىنسىپنىڭ ئىنگلىزچە ئاتىلىشى «Master Mind» بولۇپ، بۇ يەردىكى «master» دېگەن سۆز يۇلغۇن لۇغىتىدە «ئىگە، خوجايىن، ياللىغۇچى، باشقۇرغۇچى، مۇئەللىم، ئۇستاز، ئۇستا، پىر، بەگزادە، مۇدىر» دەپ تەرىپلەنگەن. لېكىن مەن ناپولېيوننىڭ كىتابىدىكى مەزمۇنلارغا ئاساسەن، بۇ ئۇقۇمنى ئۇيغۇرچە «باش كۆڭۈل» ، دەپ ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

باش كۆڭۈل دېگەن ئۇقۇمغا «بىر ئېنىق مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۆز ـ ئارا ماسلىشىش روھى بىلەن، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ كىشىلەر ئارىسىدا بىلىم ۋە تىرىشچانلىقنى ماسلاشتۇرۇش» ، دەپ ئېنىقلىما بېرىشكە بولىدۇ.

ئەندىرۇ كارنىگىنىڭ ئادەملىرى ئاشۇنداق بىر باش كۆڭۈلنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئۇ كۆڭۈل ئىنتايىن ياخشى تەشكىللەنگەن، ۋە ئىنتايىن ياخشى ماسلاشقان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر ھەممىگە قادىر كۈچكە ئايلانغان بولۇپ، ئۇلار پولات سانائىتىدىن باشقا ھەر قانداق سانائەت بىلەن شۇغۇللانغان بولسىمۇ، خۇددى پولات سانائىتىدىكىسى بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان بولار ئىدى.

يۇقىرىقى قۇرلارنى بىرىنچى قېتىم ئوقۇغاندا، نۇرغۇن كىشىلەر باش كۆڭۈلنىڭ بېرىدىغان پايدىسى بىر توپ كىشىلەرنىڭ ئۆز ـ ئارا ماسلىشىپ، ۋە كۈچنى بىر يەرگە توپلاپ بىللە ئىشلىگەندە ئېرىشكىلى بولىدىغان پايدىدىن ئانچە پەرقى يوقتەك ھېسسىياتتا بولۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە باش كۆڭۈلنىڭ يەتكۈزىدىغان پايدىسى ئۇنىڭدىن كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ بۇنداق ئالاھىدىلىكى ئۆزىگە تارتىش قانۇنىيىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك .

سىزنىڭ خەۋىرىڭىزدە بولغىنىدەك، سىز كۆڭلىڭىزنى مەلۇم بىر ئىدىيىگە يىغسىڭىز، ئۇ ئىدىيە خۇددى بىر ماگنىتتەك رول ئويناپ، ئۆزىگە باشقا ئوخشاش ماھىيەتلىك ئىدىيىلەرنى جەلپ قىلىدۇ. بىر باش كۆڭۈل ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ كىشىلەر بىر يەرگە كېلىپ، كۆڭلىنى ئوخشاش بىر نەرسىگە مەركەزلەشتۈرگەندە ئاندىن بارلىققا كېلىدىغان بولۇپ، كۆڭۈللەرنىڭ بىرلەشمىسى ئىجادىي ئىدىيىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. باش كۆڭۈلنىڭ ئېنىقلىمىسى بويىچە، باش كۆڭۈلنىڭ ئەزالىرى ئۆزلىرىنى ئوخشاش بىر پەلسەپىگە ئاتىغان بولىدۇ، كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ قەلبى بىر ئورتاق، ئىنتايىن ئېنىق ئاساسىي نىشانغا مەركەزلەشكەن بولىدۇ، ھەمدە بارلىق ئەزالار ئايرىم ـ ئايرىم شەخسلەرنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا كەڭرەك ۋە چوڭقۇرراق چەكسىز ئەقىل مەنبەلىرىگە ئىگە بولغان بولىدۇ. بۇ بىرلەشكەن كۆڭۈل ھەر بىر شەخس ئۆز ئالدىغا ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش قەتئىي مۇمكىن بولمايدىغان يېڭى بىلىم ۋە يېڭى ئىدىيىلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ كۆڭلى بىر خىل شەكىلدىكى ئېنېرگىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىككى ئادەمنىڭ كۆڭلى بىر ـ بىرىگە تەگكەش بولۇش روھى

بىلەن ماسلاشقاندا، ھەر بىر كۆڭۈلنىڭ ئېنېرگىيىسى ئۆزىگە يەنە بىر كۆڭۈلنىڭ ئېنېرگىيىسىنى قوشۇۋالىدۇ.

ئىنسان مېڭىسىنى بىر ئېلېكتر باتارېيىسىگە ئوخشىتىشقا بولىدۇ. كۆپ ساندىكى باتارېيىنى بىرلەشتۈرگەندە ئۇنىڭدىن چىقىدىغان ئېنېرگىيىلەر بىر ئايرىم باتارېيىنىڭكىگە قارىغاندا كۆپ بولىدۇ. شۇنداقلا ھەر بىر باتارېيە چىقىرىدىغان ئېنېرگىيىنىڭ ئاز-كۆپلۈكىنى ئۇنىڭدىكى تارماق باتارېيىنىڭ سانى بەلگىلەيدۇ. ئىنسان مېڭىسىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلەيدۇ. يەنى، بىر قىسىم مېڭىنىڭ ئىش ئۈنۈمى يەنە بىر قىسىم مېڭىنىڭكىگە قارىغاندا ئۈستۈنرەك بولىدۇ. بىر توپ مېڭىنى ئۆز-ئارا تەڭكەش بولۇش روھى بىلەن ماسلاشتۇرغاندا، ئۇلار ھاسىل قىلىدىغان تەپەككۇر بىلەن ئېنېرگىيە بىر ئايرىم مېڭىنىڭكىگە قارىغاندا زور بولىدۇ. يەنى، باش كۆڭۈل سىزنىڭ ئىجادچانلىقىڭىزنى ئاشۇرىدۇ.

ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ئادەملەر ئارىسىدا بىر بىرلىكسەپ ھاسىل قىلىپ، شۇ ئارقىلىق بىر باش كۆڭۈل ئىتتىپاقداشلىقىنى ھاسىل قىلىشتىكى مەقسەت، مەركەزلەشتۈرۈش قانۇنىيىتىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك قوللىنىشتىن ئىبارەت. يەنى، باش كۆڭۈل پرىنسىپى بىر توپ ئادەم كۆڭلىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان ئاساسىي مەقسەتكە توپلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

## مەركەزلەشتۈرۈش

ناپولىيون خىل مەركەزلەشتۈرۈش بىلەن بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك شەكىلدە مۇناسىۋەتلىك بولغان پرىنسىپلارنى ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى «مۇۋەپپەقىيەتنىڭ سېھرىي ئاچقۇچى» دەپ ئاتىغان. بۇرۇنقى كىشىلەر مۇشۇ سېھرىي ئاچقۇچنىڭ ياردىمى بىلەن دۇنيادىكى بارلىق ئۇلۇغ كەشپىياتلارنىڭ مەخپىي ئىشىكىنى ئاچقان. ھەمدە بۇرۇنقى بارلىق ئەقىل-پاراسەت ۋە تالانتلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئاچقۇچنىڭ سېھرىي كۈچىدىن پايدىلىنىپ يېتىلدۈرۈلگەن ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان.

مەركەزلەشتۈرۈش دېگىنىمىز سىزنىڭ مۇقىم ئادەت ۋە ئەمەلىيەتتىن پايدىلىنىپ، مەلۇم بىر نەرسىنى تەلتۆكۈس چۈشىنىپ ۋە ئىگىلەپ بولغۇچە، كۆڭلىڭىزنى ئاشۇ نەرسىگە يىغىپ تۇرۇش قابىلىيىتىڭىزنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ سىزنىڭ ئۆز دىققىتىڭىز ۋە زېھنىڭىزنى تىزگىنلەپ، ئۇلارنى مەلۇم بىر مەسىلىگە ئاشۇ مەسىلىنى ھەل قىلىپ بولغۇچە مەركەزلەشتۈرۈپ

تۇرۇش قابىلىيىتىگىزنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ سىزنىڭ ئۆزىڭىز تاشلىۋېتىشنى ئىستەيدىغان ئادەتلەرنىڭ تەسىرىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇش ئىقتىدارىڭىز بىلەن يېڭى ئادەتلەرنى يېتىلدۈرۈش كۈچ-قابىلىيىتىگىزنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ سىزنىڭ ئۆز-ئۆزىڭىزنى تەلتۆكۈس تىزگىنلەش قابىلىيىتىگىزنى كۆرسىتىدۇ.

مەركەزلەشتۈرۈش دېگىنىمىز سىزنىڭ ئۆزىڭىز ئارزۇ قىلغاندەك ئويلاش ئىقتىدارىنى، ئۆزىڭىزنىڭ ئوي-تەپەككۇرىنى كونترول قىلىپ، ئۇنى بىر ناھايىتى ئېنىق مەقسەتكە توغرىلاش ئىقتىدارىنى، ۋە ئۆزىڭىزنىڭ بىلىملىرىنى بىر ساغلام ۋە ئەمەلىي ئىش-ھەرىكەت پىلانى قىلىپ تەشكىللەش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ.

سىز ئۆزىڭىزنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىڭىزنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىستىكىگە مەركەزلەشتۈرۈشتە، ئۆز-ئارا ئارىلىشىپ كەتكەن ۋە بىر-بىرى بىلەن ناھايىتى زىچ باغلانغان باشقا نۇرغۇن ئىشلار ئۈستىدىمۇ باش قاتۇرۇپ، زېھنىڭىزنى مەركەزلەشتۈرمەكچى بولغان ئاساسىي نەرسىنى تاماملىشىڭىز كېرەك. چوڭ پىلان (ambition) بىلەن ئىستەك ئوچۇشلۇق مەركەزلەشتۈرۈش جەريانىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان ئىككى ئاساسىي ئامىلدۇر. بۇ ئامىللار بولمايدىكەن، سېھرىي ئاچقۇچمۇ ئۈنۈم بەرمەيدۇ. بۇ ئاچقۇچتىن پايدىلىنىدىغان كىشىلەرنىڭ ئىنتايىن ئاز بولۇشىدىكى سەۋەب، كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ چوڭ پىلانى يوق بولۇپ، ھاياتىدا بىرەر ئالاھىدە نەرسىنىمۇ ئىستىمەيدۇ.

سىز ئۆزىڭىز ئارزۇ قىلالايدىغان ھەر قانداق نەرسىنى ئۆزىڭىز ئۈچۈن ئىستەك قىلىپ تاللىسىڭىز بولۇۋېرىدۇ. ئەگەر سىزنىڭ ئىستىكىڭىز ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ۋە يېتەرلىك دەرىجىدە كۈچلۈك بولىدىكەن، مەركەزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت سېھرىي ئاچقۇچ ئۇ ئىستەكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ياردەم قىلىدۇ. نۇرغۇن ئالىم ۋە پسىخولوگىيە تەتقىقاتچىلىرىنىڭ قارىشىچە، تىلاۋەت قىلغۇچىلارنىڭ دۇئاسىنىڭ كۈچى قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغان بىر ئىستەكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپى ئارقىلىق ئۈنۈم بېرىدۇ.

ئىنسانلار بەرپا قىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئەڭ ئالدى بىلەن ئىستەك ئارقىلىق تەسەۋۋۇردا ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلۈپ، ئاندىن مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق رېئاللىققا ئايلاندۇرۇلغان.

مەركەزلەشتۈرۈش سېھرىي ئاچقۇچىدىن پايدىلىنىشتا، سىز ئالدى بىلەن كۆڭلىڭىزدىكى گۇمانىي قاراش ۋە ئىشەنمەسلىكنى پۈتۈنلەي

يوقىتىشىڭىز كېرەك. ھازىرغىچە بۇ ئاچقۇچتىن ئوڭۇشلۇق پايدىلىنالىغان كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىك ئىدىيىسىدە بولغانلاردىن بىرسىمۇ يوق.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:


[1] بىلىمخۇمار: بۇيرۇلغان ياردەم ۋە تىرىشچانلىق--بەدرى ئۇرۇشىدىن ئويلىغانلىرىم

[2] Achtung! Germany named world's favorite country
http://www.usatoday.com/story/news/nation-now/2014/11/18/germany-is-the-worlds-favorite-country-survey-says/19221047/

[3] The world’s favourite country named
http://www.news.com.au/travel/travel-updates/the-worlds-favourite-country-named/story-e6frfq80-1227122927343

[4] The Seven Personality Traits of a German
http://schnitzelrepublic.blogspot.com/2010/07/seven-personality-traits-of-german.html

[5] Oktoberfest
http://en.wikipedia.org/wiki/Oktoberfest

[6] Survey says: Europeans Are Creative
http://www.bertelsmann.com/media/news-und-media/pressemitteilungen-als-pdf/2014/pm-20140923-creativity-engl.pdf

[7] يالقۇن روزى: «بىز قانداقلارچە ناخشا-ئۇسسۇل مىللىتى ئاتىلىپ قالدۇق؟»

http://www.alkuyi.com/m/show.php?hid=37181

[8] بىلىمخۇمار: «غايىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ سىرلىق قانۇنىيىتى»
http://bbs.misranim.com/thread-90186-1-1.html



1ـ رەسىم: ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى بېرلىننىڭ بىر كۆرۈنۈشى



2ـ رەسىم: 1989ـ يىلى 9ـ نويابىر كۈنى بېرلىن تېمىنىڭ ئۆرۈلۈشى



3-رەسىم: بۈگۈنكى بېرلىننىڭ بىر كۆرۈنۈشى

# گېرمانلارنىڭ ئادەتلىرى ۋە مەدەنىيەت خاراكتېرلىرى

ئەلىۋكسەل
2016 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى

يېقىنقى نەچچە ئون يىلنىڭ مابەينىدە ئۇيغۇرلاردا ئۆزگىرىش زور بولدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئىجابىي ئۆزگىرىشلەرمۇ بار، ۋە سەلبىي ئۆزگىرىشلەرمۇ بار. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇيغۇرلاردا ئىلگىرىلەشمۇ ۋە چېكىنىشمۇ بولدى. بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە ئۇنىڭ مىللىي خاراكتېرلىرى ئۇنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىگە ۋە تەرەققىيات ئەھۋالىغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن توغرا تىرىشىش نىشانلىرىنى بەلگىلەشتە چوقۇم ئۆزىمىزنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن ئاجىزلىقلىرىنى تولۇق ۋە توغرا چۈشىنىشىمىز كېرەك. بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى، ئۆزىمىزنى دۇنيادىكى ئەڭ تەرەققىي تاپقان ئەللەردىكى مىللەتلەر بىلەن سېلىشتۇرۇش. مەزكۇر يازمىدا مەن گېرمانلارنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقۇچە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئومۇمىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە مەدەنىيەت خاراكتېرلىرىنى تونۇشتۇرىمەن. مەن بايان قىلىدىغان مەزمۇنلار غەربتە نەشر قىلىنغان بىر پارچە قوللانمىغا كىرگۈزۈلگەن مەزمۇنلار بولۇپ، ئۇلار ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ [1]. ئەسكەرتىپ قويۇشقا تېگىشلىك بىر ئىش شۇكى، قوللانغان ئۆلچەمنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن گېرمانلارغا ئائىت بىر نەرسە ئۇلارنىڭ ئىجابىي خاراكتېرى بولالىشى مۇمكىن، شۇنداقلا ئوخشاش بىر نەرسە يەنە ئۇلارغا ئائىت سەلبىي قېلىپلاشتۇرۇش بولالىشىمۇ مۇمكىن. يەنى، بىر نەرسىگە باھا بېرىشتە قوللىنىلغان ئۆلچەم ناھايىتى مۇھىم.

ئەمدى مەن رەسمىي مەزمۇننى باشلايمەن.

## 1. يېڭىلىق يارىتىش ئېنېرگىيىسى

كەڭ دائىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، گېرمانلار تارىختىن بۇيان ناھايىتى ئېسىل نەرسىلەرنى ياسايدىغان ۋە كۆپلىگەن يېڭىلىقلارنى يارىتىدىغان كىشىلەر قاتارىدا ئورۇن ئېلىپ كەلدى. كىچىكرەك دائىرە بويىچە قارىغاندا، ئىندىۋىدۇئال گېرمانلار يەر شارىدىكى ئەڭ قاتتىق ئىشلەيدىغان كىشىلەر قاتارىدا تۇرۇپ كەلدى. شۇڭلاشقا بىر يازغۇچى گېرمانلارنىڭ مۇشۇنداق خاراكتېرىنىڭ بىر سەلبىي ئاقىۋىتىنى مۇنداق دەپ تەسۋىرلىگەن: «گېرمانلار ساراڭدەك ئىشلەيدۇ. ئۇلار تۇرمۇشتىن قانداق ھۇزۇرلىنىشنى بىلمەيدۇ.» ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرىدا گېرمانلارنىڭ ھەربىي ئاكوپلىرىغا باستۇرۇپ كىرگەن بىرلەشمە ئارمىيە ئەسكەرلىرى بىر قىسىم ئاكوپلارغا تور مىلەڭزە تارتىلغانلىقىنى، گىلەم سېلىنغانلىقىنى، نەقىش تاختىسى ئېسىلغانلىقىنى، ۋە ئۈستەللەرگە گۈل قويۇلغانلىقىنى كۆرگەن. بىر قىسىم گېرمان ئارمىيە لاگېرلىرىدا گۈللۈكلەر ياسىلىپ، گۈل باغلىرى ھاسىل قىلىنغانلىقىنى ۋە توشقانلار بېقىلغانلىقىنى كۆرگەن. ئەسىرگە ئېلىنغان گېرمان ئەسكەرلىرى تۈرمىدە ياغاچتىن كىچىك پويىزلارنى ياسىغان. گېرمانلارنىڭ ئىجتىھاتلىق ۋە ئىجادكار بولۇشتا داڭقى بار.

گېرمانلار زادىلا جىم تۇرماي، داۋاملىق بىر ئىشلارنى قىلىپ، ھەر ۋاقىت ئالدىراش ياشايدۇ. ئالدىنقى سەپتىكى ئەسكەرلەرمۇ تۇرۇۋاتقان جايىنىڭ مۇھىتىنى ياخشىلاش، ھەربىي كىيىملىرىنى ياماش، ھەربىي ئۈسكۈنىلەرنى رېمونت قىلىش، ھۆججەتلەرنى تەكشۈرۈش، ۋە خەت يېزىش بىلەن ئالدىراش ئۆتكەن.

## 2. ئۈزۈل ـ كېسىللىك

گېرمانلارنىڭ مۇنداق بىر سۆزى بار: «ئەگەر بىر ئىش قىلىشقا ئەرزىيدىكەن، ئۇ ئىش توغرا قىلىشقا ئەرزىيدۇ.» گېرمانلار ھەرگىزمۇ بىر ئىشنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويمايدۇ. ئۇلار تەشكىللەش ۋە رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇشقا ناھايىتى ئۇستا بولۇپ، ھەممە ئىشنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن قىلىدۇ. بۇ خاراكتېرنىڭ سەلبىي تەرىپى، ئۇلار ھەممە ئىشتا مۇكەممەللىكنى قوغلىشىدۇ، ھەمدە باشقىلارنى ياراتمايدۇ. بۇ گېرمان ئەدەبىياتىدا ئەڭ كۆپ تەسۋىرلىنىدىغان «ئەڭ مۇكەممەل» ھېسابلىنىدىغان خاراكتېردۇر.

### 3. تەرتىپلىك

گېرمانلارنىڭ يەنە بىر سۆزى بار: «تەرتىپ بولمىسا، قەتئىي بولمايدۇ!» گېرمانلار ناھايىتى رەتلىك ۋە پاكىز كېلىدۇ. ھەممە ئىشنى قائىدە بويىچە قىلىدۇ. ۋاقىتقا قاتتىق رىئايە قىلىدۇ. پويىزمۇ زادىلا كېچىكىپ قالمايدۇ. يىغىنغا كېچىكىپ قالغان كىشىنى ئەيىبلەپ تويغۇزۇۋېتىدۇ.

### 4. سەممىيلىك

گېرمانلار سەممىيەتلىكتە ئۆزلىرىدىن ناھايىتى پەخىرلىنىدۇ. ئۇلار ئادەتتە ۋەدىسىدە چىڭ تۇرىدىغان بولۇپ، دېگىنىنى چوقۇم قىلىدۇ. ئادولف گىتلېرمۇ ئۆزىنىڭ «مېنىڭ كۈرەشلىرىم» دېگەن كىتابىنى يازغاندا، ئۆزىنىڭ پىلانلىرىنى دۇنياغا ئوچۇق-ئاشكارا جاكارلىغان. گېرمانلارنىڭ مۇنداق بىر سۆزى بار: «بىر گېرمان ئۆزى ئىشەنمىگەن ئىش ھەققىدە ھەرگىز يالغان سۆزلىمەيدۇ.» گېرمانلارنىڭ سەممىيلىكىنى «كۆك كۆزلۈكلەرنىڭ ھەممە ئىشتا دېيىشى»، دەپ چۈشەندۈرسىمۇ بولىدۇ.
بۇ جەھەتتە گېرمان ئەسكەرلىرىگە چىقىرىلغان چاقىرىق مۇنداق: سىز بىر ئىندىۋىدۇئال ياكى بىر گۇرۇپپا شەكلىدە باشقىلارغا بىر ئىشنى قىلىپ بېرىمەن، دېگەن بولسىڭىز، سىز چوقۇم گېپىڭىزدە تۇرۇڭ. باشقىلارغا سەممىي بولۇڭ.

### 5. ساداقەتلىك

بۇ گېرمانلارنىڭ ئۆز-ئۆزلىرىنى ۋەيران قىلىش دەرىجىسىگىچە يېتىلدۈرگەن خاراكتېرلىرىنىڭ بىرى. گېرمانلارنىڭ گىتلېرغا بولغان ساداقەتمەنلىكى گېرمانىيەنىڭ 1940-يىللىرى تۈپتۈز قىلىۋېتىلىشىگە ۋە گىتلېرنىڭ كۆپلىگەن ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ گۆرگە بالدۇر سەپەر قىلىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان. گېرماننىڭ «Germanic SS» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئالاھىدە قىسمىنىڭ مۇنداق بىر شوئارى بار بولغان: «مېنىڭ ساداقەتمەنلىكىم مېنىڭ شان-شەرىپىم». ئۆزى تەۋە تەشكىلاتقا، ئائىلىسىگە، ۋەتىنىگە ۋە سەپداشلىرىغا بولغان سادىقلىق بارلىق گېرمانلارنى تەبىئىي ئەسكەرلەرگە ئايلاندۇرغان. ئەمما، تارىخنىڭ ئوخشىمىغان دەۋرلىرىدە گېرمانلارنىڭ ساداقەتمەنلىكى بىر سەلبىي

قۇتۇپقىچە، يەنى چوقۇنغۇچىلار مىللەتپەرۋەرلىككىچە تەرەققىي قىلغان. گېرمانلار ئاشۇنداق ساداقەتمەنلىكنى ئۆزىنىڭ جاھىللىقى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، سىزنىڭ نېمە دېيىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، ئۆزلىرىنى ۋە گېرمانىيەنى باشقىلاردىن ۋە باشقا ئەللەردىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدۇ.

بۇ جەھەتتە گېرمان ئەسكەرلىرىگە چىقىرىلغان چاقىرىق مۇنداق: سەپداشلىقنى مەشىق قىلىڭ. ئۆز تەشكىلاتىڭىزدىكى باشقا ئەزالارغا ۋە تەشكىلاتىڭىزغا ياردەم قىلىڭ. تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ ئۆز ئەزالىرىغا ياردەم قىلىدىغان شەكىلدە تۈزۈلۈشى كېرەك.

## 6. ناخشا

گېرمانلار گۇرۇپپا ناخشىسى ئېيتىشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ. ئامېرىكىلىقلار ئۈچۈن گۇرۇپپا ناخشىسى ئېيتىش ھېسسىياتقا تايىنىپ ئىش كۆرۈش، ۋەتەنپەرۋەرلىك ناخشىلىرىنى ئېيتىش بولسا ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن ئىش ھېسابلىنىدۇ. 1940-يىللىرىدىكى گېرمان ئوفىتسېرلىرى ئۈچۈن ناخشا ئېيتماسلىق ئىرادىسى سۇس بولۇش بولۇپ ھېسابلانغان. گېرمانلار ئۈچۈن ئۆز گۇرۇپپىسىنىڭ كوللېكتىپ ناخشىسىنى ئېيتىش ئىنتايىن مۇھىم ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ناخشىنى قانچە كۆپ ئادەم ئېيتسا، شۇنچە ياخشى، دەپ قارىلىدۇ.

## 7. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا تۇتقان پوزىتسىيە

گېرمانىيە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغانلىقى جەزملىشىپ بولغان بىر ۋاقىتتا، «لاندسېر» (Landser) ئىسىملىك بىر كوماندىر ئۇرۇش قىلىشنى توختاتماي داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇنىڭغا مۇنداق 3 نەرسە سەۋەب بولغان: (1) ئۇنىڭ مەدەنىيىتى—سەممىمي ۋە ساداقەتمەن بولۇش، (2) قارىغۇلارچە ئېتىقاد، ۋە (3) ئۈمىدۋارلىق. بۇنىڭغا يەنە بىر ئامىلنى قوشۇش مۇمكىن: ئۇنىڭ گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ قانۇنىي تۈزۈمىدىن قورققانلىقى. گەرچە ئادەتتىكى گېرمان ئەسكەرلىرى تولۇق غەلىبە قازىنىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لاندسېر ئۆزلىرىگە پايدىلىق بىر سىياسىي ھەل قىلىش چارىسىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرغان. گېرمان ئەسكەرلىرى ئۈچۈن ئۇرۇشنىڭ ئۆزى ئۇلارنىڭ ھاياتى بولۇپ، ھەر خىل سىستېمىلارنىڭ ئىشلەشتىن توختىمىغانلىقى ئۇلارنىڭ نورمال ھاياتىنىڭ

داۋاملىششى بولۇپ ھېسابلانغان. شۇڭلاشقا ئۇلار ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋاللارغا پەرۋا قىلمىغان.

## 8. تەبىئەتنى ياخشى كۆرۈش

گېرمانلار تەبىئەت ۋە ھايۋاناتلارنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن گېرمانلار ئاشلىق يېتىشمەسلىك مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى. شۇنداق بولسىمۇ بەزىلەر بېرلىنىنىڭ ئەتراپىدا ياشايدىغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۆيىدىكى نانلارنى ئېلىپ چىقىپ، ئۆيىگە يېقىن كۆللەردىكى غازلارغا بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. گېرمانلارنىڭ كېسەل بولۇپ قالغان ئۆي ھايۋانلىرىنى قانداق داۋالاتقانلىقى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ھېكايىلەر بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە ئادەمنىڭ زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ.

## 9. سىنىپ ئايرىش

بۇ ئۆرپ-ئادەت كىشىنى ئۇنچىۋالا سۆيۈندۈرمەيدىغان بولۇپ، ئۇ 2-دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدىمۇ كۈچلۈك دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. بۇ ئادەتنىڭ دەرىجىسى ئەنگلىيەلىكلەرنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ. ناتسىستلار «پەقەت بىرلا سىنىپ مەۋجۇت» دېگەننى كۈچەپ تەرغىب قىلغان بولسىمۇ، 2-دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدىكى گېرمان ئارمىيىلىرى ئۇنى قوبۇل قىلىشقا ئۇنىمىغان.

## 10. ئەدەپلىك بولۇش

ئامېرىكىلىقلارغا قارىغاندا ياۋروپالىقلار كۆپ ئەدەپلىك كېلىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە گېرمانلارمۇ بار. گېرمان تىلىدا ئەدەپنى ئىپادىلەيدىغان مېخانىزم بار. مەسىلەن، رەسمىي سورۇنلاردا 2-شەخس ئۈچۈن «سىز» نى ئىشلىتىپ، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا يېقىن دوستلارنى چاقىرىش ئۈچۈن «سەن» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىدۇ. باللار، ئائىلە ئەزالىرى ۋە ھايۋاناتلارغا بولسا «دۇ» دېگەن يەنە بىر سۆزنى ئىشلىتىدۇ. گېرمانلار باشقىلارنى تونۇشتۇرۇش ۋە باشقىلارنى قارشى ئېلىشنىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا قويىدىغان بولۇپ، ئۆيگە كەلگەن مېھمانلار بىلەن ئىشىكتىن كىرگىچە بىر قېتىم قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۆيدىن ئۇزاتقاندا يەنە بىر

قېتىم قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ خوشلىشىدۇ. بىر قىسىم ئامېرىكىلىقلار بۇ ئادەتكە بىر ئاز نارازىمۇ بولۇپ باققان.

## 11. تاماكا چېكىش

تاماكا چەككەندە ئامېرىكىلىقلار ئۇنى بىگىز بارماق (كۆرسەتكۈچ بارماق) بىلەن ئوتتۇرا بارماقتا تۇتىدۇ. گېرمانلار ئۇچۇن تاماكا تۇتۇشنىڭ توغرا ئۇسۇلى ئۇنى باش بارماق بىلەن بىگىز بارماقتا تۇتۇش (تۆۋەندىكى 1 ـ رەسىمگە قاراڭ).




1 ـ رەسىم: گېرمانلارنىڭ تاماكا تۇتۇش ئۇسۇلى.

## 11. يۇرۇش ـ تۇرۇش

گېرمانلار يۇرۇش ـ تۇرۇشقا قاتتىق دىققەت قىلىدىغان بولۇپ، ئۆرە تۇرغاندا تىك تۇرىدۇ. ھەرگىز ئامېرىكىلىقلارغا ئوخشاش ئىككى قولىنى ئىشتان يانچۇقىغا تىقىۋېلىپ تۇرمايدۇ.

## 12. سېغىز چايناش

گېرمانلار ئامېرىكىلىقلارنىڭ داۋاملىق سېغىز چاينىۋېلىشىنى ياخشى كۆرمەي، بەزىدە «قارا ئاۋۇ ئامېرىكىلىقلارنى، خۇددى كالىغا ئوخشاش داۋاملىق سېغىز چايناپدىكەن»، دەپ، نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئامېرىكىلىقلارنى تىللايدىغان سۆزلىرىنىڭ بىرى «سېغىز چاينىما!» دېگەن سۆزدۇر.

## 13. توي ئۈزۈكى

ئامېرىكىلىقلار توي ئۈزۈكىنى سول قولغا سالىدۇ. گېرمانلار بولسا توي قىلىشقا پۈتۈشكەنلەر ئۈزۈكنى سول قولغا سېلىپ، توي قىلغانلار بولسا ئۈزۈكنى ئوڭ قولغا سالىدۇ.

## 14. تاماق يېيىش

گېرمانلار ۋە باشقا ياۋروپالىقلار كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ۋىلكىنى سول قولدا دۇم كۆمتۈرۈلگەن ھالەتتە تۇتۇپ، ئوڭ قولدا بولسا پىچاق، قوشۇق ياكى بىر پارچە ناننى تۇتىدۇ.

بۇ قېتىم تونۇشتۇرماقچى بولغان رەسمىي مەزمۇن مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى. ئەگەر گېرمانلارنىڭ يۇقىرىدىكى ئەھۋالىنى تورلارغا بۇرۇن يوللانغان ماقالىلەر [2, 3] دىكى ياپونلارنىڭ ئەھۋالى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولسىڭىز، بۇ ئىككى مىللەتتە كۆپ ئوخشاشلىقلارنىڭ بارلىقىنى بايقايسىز. ئەمەلىيەتتە ياپونلار بىلەن گېرمانلار ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن-مۇددەتلىك تارىخىي دوستلۇق مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلار 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىمۇ بىرلىشۋالغان ئىدى. مېنىڭ بىلىشىمچە بۇ ئىككى مىللەت ھازىرمۇ ئىقتىساد، ئىنژېنېرلىق ۋە تېخنولوگىيە ساھەسىدە ناھايىتى كۈچلۈك ھەمكارلىقلارنى يولغا قويۇۋاتىدۇ. بۇ ئىككى مىللەتنىڭ بىرى ياۋروپادا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتقان بولسا، يەنە بىرى ئاسىيادا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ.

مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۇيغۇرلارنىڭمۇ تارىختا ئۆز مىللىتىگە بولغان ساداقەتمەنلىكى ۋە بىر-بىرىگە بولغان سەمىمىيەتلىكى بىر خىل ئېتىقاد دەرىجىسىگىچە كۆتۈرۈلگەن، پۈتۈن مىللەت ئىنتايىن كۈچلۈك مىللىي ئىپتىخارلىققا ئىگە ھالدا ياشىغان دەۋرلىرى مەۋجۇت بولۇپ ئۆتكەن بولۇپ، ئاشۇ دەۋرلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قۇدرەت تاپقان دەۋرلىرىگە توغرا كەلگەن.

مەن تېخى ئوقۇپ باقمىغان ئوقۇرمەنلەرگە بىلىمخۇمار بۇرۇن تورلاردا ئېلان قىلغان «گېرمانلارنىڭ 7 خىل كىشىلىك خاراكتېرى» دېگەن ماقالىنىمۇ بىر قېتىم ئوقۇپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

## پايدىلىنىش مەنبەسى:

[1] By Eric Tobey, edited by Jonathan Bocek: «Mannerisms & Cultural Traits of Germans in General»
http://www.dererstezug.com/Mannerisms.htm

[2] بىلىمخۇمار: «ياپونلۇقلارنىڭ ئېتىقادى، ئەخلاقى ۋە تەبىئىي خاراكتېرى»
http://bbs.izdinix.com/forum.php?mod=viewthread&tid=56688

[3] بىلىمخۇمار: «ياپونلۇقلارنىڭ مىللىي روھى»
http://bbs.izdinix.com/forum.php?mod=viewthread&tid=57078

[4] بىلىمخۇمار: «گېرمانلارنىڭ 7 خىل كىشىلىك خاراكتېرى»
http://bbs.izdinix.com/forum.php?mod=viewthread&tid=60947

# «پسخولوگىيەلىك ئۆرۈش» ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

2015 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى

مەن يېقىندا تونۇشتۇرغان «كىشىلىك خاراكتېرنىڭ 7 يادرولۇق سۈپىتى» نىڭ بەشىنچىسى «جۈرئەت، جاسارەت ياكى غەيرەت» بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەپ چۈشەندۈرۈلگەن ئىدى [1]: «ئۆزىڭىزنىڭ كىملىكى ۋە ئۆزىڭىزنىڭ ئېتىقادىنى قوغداشقا جۈرئەت قىلىڭ. ئۆزىڭىزنىڭ تەشۋىشلىرىنى تولۇق چۈشىنىڭ، ھەمدە ئۆزىڭىز توغرا دەپ قارىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىشقا جۈرئەت قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىڭىزدە بار بولغان بارلىق ئېسىل پەزىلەتلەر (integrity) نى ساقلاپ قېلىڭ. بۇ ئىشلارنى قىلىشتا تۆلەيدىغان بەدەللەر ئۆزىڭىز تۆلەشنى خالايدىغان مىقداردىن ئېشىپ كېتىدىغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ شۇنداق قىلىڭ.»

مەن يېقىندا ئۇيغۇر دىيارىغا ئائىت بەزى خەۋەرلەرنى ئاڭلىدىم، ھەمدە تورلارغا چىقىرىلغان بەزى رەسىملەرنى كۆردۈم. شۇنىڭدىن كېيىن چوڭقۇر ئويغا پېتىپ، ئۆز-ئۆزۈمدىن مۇنداق سوئاللارنى سورىدىم: «بۇ قانداق ئىش؟ بۇ ئىشلار نېمە ئۈچۈن يۈز بېرىدۇ؟ بۇنداق ئىشلارنى قايسى پەندىكى قانداق ئىلمىي نەزەرىيەلەر بىلەن چۈشەنگىلى ۋە چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ؟ ھازىرقىدەك شارائىتتا ئاشۇنداق ئەھۋاللارغا دۇچ كەلگەن كىشىلەر قايسى ئىشلارنى قىلىشى كېرەك؟» مەن كىچىكىمدىن تارتىپ ئۆزۈم ئۇچراتقان ئەھۋال ۋە ھادىسىلەرنى بىر ئىلمىي ئاساس بىلەن چۈشىنىۋېلىشقا ئۇرۇنۇشنى ئۆزۈمگە بىر ئادەت قىلىۋالغان ئىدىم. شۇڭلاشقا بۇ قېتىممۇ ھازىر ئۇيغۇر دىيارىدا ۋە دۇنيانىڭ ئۇ يەر بۇ يەرلىرىدە يۈز بېرىۋاتقان بەزى ئىشلارنى ئىلمىي ئاساستا چۈشىنىۋېلىش يولىدا ئازراق ئىزدەندىم. مېنىڭ مەزكۇر ماقالىدە يازىدىغىنىم ئاشۇ ئىزدىنىش ئارقىلىق ئېرىشكەن بىر قىسىم ئىلمىي ئۇچۇرلاردىن ئىبارەت.

مەن بۇ يەردە ئالدى بىلەن مەزكۇر ماقالىنىڭ ماۋزۇسى بىلەن ئانچە مۇناسىۋىتى يوق بىر مەزمۇننى تەسۋىرلەپ ئۆتىمەن.

مەن ئۆزۈمنىڭ ھازىرغىچە بولغان ئۆمرىدە، مىللەت ئۈچۈن ياخشىراق خىزمەت قىلىش ئۈچۈن، ئۆز كەسپىمنى ئۈچ قېتىم تەبىئىي-پەندىن ئىجتىمائىي پەنگە ئۆزگەرتىشنى قارار قىلىپ، كېيىن ئۇنداق قارارلىرىمدىن ۋاز كېچىپ باقتىم.

بىرىنچى قېتىم 1980-يىللىرى يۈز بەرگەن بولۇپ، مەن ئۇ چاغدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا فاكۇلتېتىنىڭ رادىيو-ئېلېكترونىكا كەسپىدە باكلاۋۇر ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇۋاتقان ئىدىم. ئۇ ۋاقىتلاردا خۇ ياۋباڭ ئەپەندى مەملىكەتلىك پارتىيە باش سېكرېتارى بولۇپ، ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايونلۇق «ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى» ئېچىلىپ، ئەمدىلا تاماملانغان مەزگىللەر ئىدى. ئاشۇ قېتىملىق يىغىندا ئۈچنى 60 پىرسەنت قىلىش، يەنى ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 60 پىرسەنتىنى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن قىلىش، ئىشچىلارنىڭ 60 پىرسەنتىنى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن قىلىش ۋە كادىرلارنىڭ 60 پىرسەنتىنى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن قىلىش قارار قىلىنغان ئىدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى ئاشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ رەئىسلىرىنى يىغىپ، يۇقىرىدىكى قارارغا نىسبەتەن ئۆز ئوي-پىكىرلىرىنى سۆزلەپ بېقىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان بىر سۆھبەت يىغىنى ئۇيۇشتۇردى. مەن ئۇ چاغدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولۇپ، بۇ يىغىنغا قاتناشقان بىردىنبىر ئۇيغۇر ئىدىم. مەن بۇ يىغىندا ئوتتۇرىغا چۈشكەن ناھەق پىكىرلەرگە چىداپ تۇرالماي، تىترەپ كەتتىم. شۇنداقلا مەن (1) ئۇيغۇر تىلى مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان بىرسى بولغانلىقىم، (2) يىغىندا خەنزۇ تىلىدا سۆزلەشكە مەجبۇرى بولغانلىقىم، (3) مېنىڭ كەسپىم تەبىئىي-پەن بولغانلىقى، ۋە (4) مەن مەزكۇر يىغىنغا قاتناشقان بىردىنبىر ئۇيغۇر بولغانلىقىم ئۈچۈن (قالغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ رەئىسلىرىنىڭ ھەممىسى خەنزۇ مىللىتىدىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ كەسپىمۇ ئاساسەن ئىجتىمائىي پەن ئىدى)، مەن ئۆز پىكىرلىرىمنى ئىپادىلەشتە ناھايىتى پايدىسىز ئورۇندا تۇرۇپ قالدىم. بۇ ئىشتىن كېيىن مەن بىر قانچە ھەپتە ئويلىنىپ، مىللەت ئۈچۈن ياخشىراق خىزمەت قىلىمەن، دەيدىكەنمەن، مەن چوقۇم ئۆز كەسپىمنى «سىياسەت ئىلمى» (political science) كەسپىگە ئۆزگەرتىشىم كېرەككەن، دېگەن تونۇشقا كەلدىم، ھەمدە كەسپىمنى ئېلېكتىر كەسپىدىن سىياسەت كەسپىگە ئۆزگەرتىشنى قارار قىلىپ،

قارارىمنى شۇ چاغدىكى فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سۇلتان مۇئەللىمگە ئېيتتىم. ئەمما سۇلتان مۇئەللىم ماڭا «سىز هازىر ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ قالدىڭىز. ئۇنداق بولۇشىڭىزدىكى بىر مۇهىم سەۋەب، هازىرغىچە تەبىئىي ـ پەن كەسپىدە ئوقۇغان ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە سىزدەك ئوقۇغان بىرەرى چىقىپ باقمىدى، ئەگەر كەسىپ ئۆزگەرتسىڭىز، سىزنىڭ بۇنداق ۋەكىللىك خاراكتېرىڭىز يوقاپ كېتىدۇ» دېگەن مەزمۇندا چۈشەنچە بېرىپ، مېنىڭ قارارىمغا قوشۇلمىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆز كەسپىمنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا مەجبۇرى بولدۇم.

ئىككىنچى قېتىملىقى مەن ئامېرىكىدا ئېلېكتىر ئىنژېنېرلىقى كەسپى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىپ بولغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن بولۇپ، مەن بىر ئىجتىمائىي پەن ساهەسىدىكى خىزمەت ئورنىغا بېرىپ، بىر هەپتە ئىشلىگەندىن كېيىن، ئەهۋالنىڭ مەن بۇرۇن ئويلىغىنىمدەك ئەمەسلىكىنى هېس قىلىپ، ئۇ خىزمەتتىن ۋاز كەچتىم. مەن بۇ ۋاقىتتىكى ئەهۋالنى كېيىنچە بىر مۇۋاپىق شارائىت هازىرلانغاندا تەپسىلىي بايان قىلىمەن.

ئۈچىنچى قېتىملىقى بۇنىڭدىن 4 ـ 5 يىللار بۇرۇن يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇ قېتىمقىسى كەسىپ ئالماشتۇرۇش ئەمەس، بەلكى «سىياسەت ئىلمى» كەسپىدە يەنە بىر ئۇنۋان ئېلىش ئىشى بولدى. مەن ئۆزۈم كىچىكىمدىنلا ئىجتىمائىي پەنلەرگىمۇ ئىنتايىن قىزىققان بولۇپ، ئىجتىمائىي پەنلەرگە ئائىت ماتېرىياللارنى كۆرۈشنى ئىزچىل تۈردە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىمەن. ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن «سىياسەت ئىلمى» ۋە «خەلقئارا مۇناسىۋەت» دېگەندەك كەسىپلەرگىمۇ ناهايىتى قىزىقىپ ياشىدىم. ئامېرىكىدا ئىشتىن سىرت ياكى ئاخشىمى ئوقۇپمۇ باكلاۋۇرلۇق، ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئۇنۋانلىرىنى ئالغىلى بولىدىغان بولغاچقا، بۇنىڭدىن 4 ـ 5 يىل بۇرۇن مەن بىزنىڭ ئۆيگە 35 كىلومېتىر كېلىدىغان كالىفورنىيە شتات ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشتىن سىرت ئوقۇپ، «خەلقئارا مۇناسىۋەت» كەسپى بويىچە بىر ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئېلىشقا نىيەت قىلدىم. ئەمما ئۇ مەكتەپنىڭ دەرسلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرسەم، مەن تاللىماقچى بولغان دەرسلەر ئاخشاملىرى ئەمەس، ساپلا كۈندۈزلىرى ئۆتۈلىدىكەن. مەن ئۇ چاغدا NASA مەركىزى JPL دە بىر ئالىي دەرىجىلىك ئوپتىكا ئىنژېنېرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان بولۇپ، كۈندۈزدىكى خىزمىتىمنى تاشلاپ، ئۆز كەسپىم

بىلەن ھېچ قانداق مۇناسىۋىتى يوق بىر ساھەدە دەرس تاللىسام بولمايدىغان بولغاچقا، بۇ ئارزۇيۇمدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرى بولدۇم. ئەمما ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى ئۆگىنىشنى توختاتمىدىم. مەن مەزكۇر ماقالىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە پارچە ماقالىدە تونۇشتۇرىدىغىنىم ئەنە شۇنداق ئۆزلۈكۈمدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق توپلىغان بىر قىسىم بىلىملەردۇر.

ئەمدى گەپنى رەسمىي تېمىغا يۆتكەي. ھازىر دۇنيادا بۇنىڭدىن 2500 يىل بۇرۇن ئىجاد قىلىنىپ، شۇنىڭدىن كېيىنكى ھەر خىل توقۇنۇشلاردا ئوخشىمىغان دەرىجىدە پايدىلىنىلغان، ئەمما پەقەت 1940-يىللىرىغا كەلگەندىلا ئاندىن بىر رەسمىي پەن بولۇپ شەكىللەنگەن، ھازىر بولسا ئامېرىكا قاتارلىق بىر قىسىم ئەللەردىكى داڭلىق ئالىي مەكتەپلەر ۋە ھەربىي ئاكادېمىيەلەر بىر مۇھىم دەرس سۈپىتىدە ئۆتىدىغان بىر پەن بار. ئۇنىڭ ئىسمى «پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش» تىن ئىبارەت. ئۇ ئۇرۇش مەزگىلى ۋە تىنچلىق مەزگىلىنىڭ ھەر ئىككىسىدە كىشىلەرگە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن بىر پەن بولۇپ، ئۇ ئۇرۇش مەزگىللىرىدە قوشۇنلارنى قوغدايدىغان، ۋە زەربە بېرىش كۈچىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرىدىغان قىرغۇچى ئەمەس ئۇرۇش قوراللىرى سىستېمىسى بولالايدۇ. سىز پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشنى ئۆزىڭىز نىشان قىلغان دۈشمىنىڭىز ھەققىدىكى ھەممە ئۇچۇرلارنى، مەسىلەن، ئۇلارنىڭ ئېتىقادلىرى، ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان نەرسە ياكى ئىشلىرى، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى، ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقلىرى، ۋە ئۇلارنىڭ ئاجىز نۇقتىلىرى ھەققىدىكى بارلىق ئۇچۇرلارنى يىغىپ، ئۇلاردىن دۈشمىنىڭىزنى يېڭىشتىكى ئەڭ مۇھىم قورال سۈپىتىدە پايدىلىنىش ئارقىلىق ئېلىپ بارىسىز. شۇڭلاشقا پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش دېگىنىمىز ھەر خىل خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرىدىن پىلانلىق ھالدا پايدىلىنىپ، سىز نىشان قىلغان كىشىلەر توپىنىڭ ئىنسانىي پوزىتسىيىلىرى ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلاردا ئۆزىڭىزنىڭ مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ياردەم قىلىدىغان ئىش-ھەرىكەتلەر، ھېسسىياتلار ۋە پوزىتسىيەلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ.

مەن مەزكۇر ماقالىدە پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش ھەققىدە بىر ئومۇمىي چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىمەن. كېيىنكى بىر قانچە پارچە ماقالىلەردە بولسا پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ يەنە بىر قانچە ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرىنى

تونۇشتۇرىمەن. بۇ مەزمۇنلاردىن بىز ئاز خەۋەردار بولۇش ھەر بىر ئادەمنىڭ ھازىر ئۆزى دۇچ كېلىۋاتقان ھەر خىل ئەھۋاللارنى، ۋە دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان ھەر خىل توقۇنۇشلاردىكى بىر قىسىم مۇھىم ئەھۋاللارنى ئىلمىي ئاساستا توغرا ۋە تولۇق چۈشىنىۋېلىشىنىڭ بىر مۇھىم شەرتى بولۇپ، مەن مەزكۇر تېما ئۈستىدە يوللايدىغان ماقالىلەرنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە بۇنىڭدىن ئارتۇق توختالمايمەن. ئۇلارنىڭ مۇھىملىقىنى ئوقۇرمەنلەردىن ماقالىنى ئوقۇش ئارقىلىق ئۆزلىرى ھېس قىلىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى «ئۇيغۇرلار دۆت ئەمەس، ئەقىللىق» دېگەن ماقالىسىدە [2]، «كۆڭۈلنى پىروگراممىلاش» دېگەن بىر ئىلمىي ئۇقۇمنى تونۇشتۇردۇم. كۆڭۈلنى پىروگراممىلاش تەدبىرىنى بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە، بىر گۇرۇپپا كىشىلەر يەنە بىر گۇرۇپپا كىشىلەرگە، ياكى بىر جەمئىيەت كىشىلىرى يەنە بىر جەمئىيەت كىشىلىرىگە قوللىنىدىغان بولۇپ، پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش ماھىيەت جەھەتتىن كۆڭۈلنى پىروگراممىلاشقا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمما پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭرەك بولۇپ، بىر قوۋم يەنە بىر قوۋمغا، بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتكە، ھەمدە بىر دۆلەت يەنە بىر دۆلەتكە ئىشلىتىدۇ. پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشتىن پايدىلىنىش دۇنيادا يېقىنقى 50 يىل ئىچىدە يۈز بەرگەن توقۇنۇشلاردا ناھايىتىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. مەسىلەن، ئامېرىكا ئىراقنى بېسىۋېلىشتىن بۇرۇن ۋە بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ يەردە كۆپلىگەن رادىيو ۋە تېلېۋىزور ئىستانسىلىرىنى قۇرۇپ، ھەر يىلى نەچچە مىليون دوللار پۇل خەجلەپ، پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش ئېلىپ باردى. ئامېرىكا ئۇنداق قىلىشنى ھازىرمۇ ئىنتايىن كۈچەپ داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ. ئوخشاش بىر مېدىيە شىركىتى تەرىپىدىن تەييارلانغان، ئوخشاش بىر ۋەقەنى مەزمۇن قىلغان، ئەمما ئىراق بىلەن ئامېرىكىدا تارقىتىلىدىغان ئىككى خىل خەۋەر بىر-بىرىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىدىغان بولۇپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئامېرىكىدىكى مېدىيە شىركەتلىرىگە سۆزلەش ئەركىنلىكى بەرگەن بولسىمۇ، ئىراقتا تارقىتىلىدىغان تەشۋىقات مەزمۇنلىرىنى ئىنتايىن قاتتىق كونترول قىلىدۇ. مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۇيغۇرلار ياشىغان زېمىنلاردىمۇ 16-ئەسىردىن تاكى 1949-يىلىغىچە ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي، ھەربىي، دىنىي ۋە دىنىي تونلارغا ئورىنىۋالغان سىياسىي ھۆكۈمدار كۈچلەر ئۇيغۇر خەلقىگە قاراتقان پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشلارنى زادىلا ئۈزۈپ قويمىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ

هازىرقىدەك بىر خىل پسىخولوگىيەلىك هالەتكە كىرىپ قېلىشىدا ئەنە ئاشۇنداق تارىخ ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. شۇڭلاشقا مەن ئوقۇرمەنلەردىن مۇشۇ ماقالە بىلەن بۇنىڭدىن كېيىن تەييارلايدىغان پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش ھەققىدىكى ماقالىلەرنى ئوقۇغاندا، ئۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى تارىخلىرى بىلەن باغلاپ ئوقۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

تۆۋەندە مەن مەزكۇر ماقالىنىڭ مەزمۇنلىرىنى بىر قانچە كىچىك بۆلەكلەر بويىچە بايان قىلىمەن.

## 1. پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ قىسقىچە تارىخى

پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىر قىسىم ئىدىيەلىرىنى بۇنىڭدىن 2500 يىل بۇرۇن جۇڭگولۇق ھەربىي ئالىم سۇنزى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ چاغلاردا «پسىخولوگىيە ئىلمى» دېگەن پەن مەۋجۇت بولمىغاچقا، سۇنزى ئۆزىنىڭ ئىدىيەلىرىگە «پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش» دەپ نام بەرمىگەن، ئەمما پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بىر قىسىم ئىدىيەلىرىنى ئۇ ئەينى ۋاقىتتىلا ئوتتۇرىغا قويغان. تارىختا زور كۆپ زېمىنلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغان ئىمپېراتور ئالېكساندېر (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن، Alexander the Great) ۋە موڭغۇللارنىڭ دۇنياغا داڭلىق داھىيسى چىڭگىزخان قاتارلىق مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئەينى ۋاقىتتا پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ ئىدىيەلىرىنى پايدىلانغان بولۇپ، مەن بۇ ھەقتە كېيىنكى ماقالەمدە ئايرىم توختىلىمەن.

كىشىلەر «پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش» دېگەن سۆزنى ئەڭ دەسلەپتە ئىشلەتكەن كىشى ئەنگلىيەلىك ھەربىي ئانالىزچى ۋە تارىخشۇناس فۇللېر ئەپەندىم (J. F. C. Fuller)، دەپ قارايدۇ [3]. فۇللېر 1920 ـ يىلى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ئەھۋاللارغا ئاساسەن، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇش تېخنىكىلىرىدا قانداق يېڭى يۈكسىلىشلەر يۈز بېرىدىغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ، كەلگۈسىدە بىر قىسىم ئەنئەنىۋى ئۇرۇش ۋاستىلىرىنىڭ ئورنىنى پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشلار ئالىدىغانلىقىنى، بۇنداق ئۇرۇشلاردا ھەربىي قوراللار ۋە ئۇرۇش مەيدانلىرىغا ھېچ قانداق ئېھتىياج قالماي، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنسانلارنىڭ توغرا ھۆكۈم چىقىرىش قابىلىيىتىنى بۇزۇپ تاشلاش، ئىنسانلارنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى مۇجمەللەشتۈرۈش، بىر دۆلەت

خەلقىنىڭ ئىرادىسى ۋە روھىي ھاياتىنى يەنە بىر دۆلەتنىڭ ئىرادىسى بويىچە ھالاك قىلىش مەقسىتى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. گەرچە فۇللېر «پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش» دېگەن سۆزنى 1920-يىلى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، بۇ سۆز ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ ھەربىي ۋە ئاكادېمىيە ساھەلىرىدە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە ئانچە بەك تارتىيالمىدى. ئۇنىڭدىن 20 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئەنگلىيە ئۆزى ئېلىپ بارماقچى بولغان بەزى تەشۋىقاتلارنى «سىياسىي ئۇرۇش» دېگەن سۆز بىلەن سۈپەتلىگەن بولۇپ، ئۇ ئەمەلىيەتتە فۇللېر ئوتتۇرىغا قويغان «پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش» نىڭ ئىدىيىسى بىلەن ئوخشاش ئىدى. «پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش» دېگەن سۆزنى ئامېرىكا 1940-يىلى رەسمىي يوسۇندا ئىشلەتتى. يەنى، شۇ يىلى 1-ئايدا ئامېرىكىدا «پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش ۋە ئۇنى ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلى» دېگەن بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق ئىرادىسى كومىتېتى «پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش» دېگەن سۆزنى ئۆزلىرى بېسىپ تارقاتقان بىر پارچە كىتابتا ئىشلەتتى. ئەمما ئۇ كىتابتا «پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش» قا بېرىلگەن ئىزاھاتلار 1-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن «پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش» قا باشقىلار تەرىپىدىن بېرىلگەن چۈشەنچىلەر بىلەن زادىلا ئوخشىمىدى.

«پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش» دېگەن سۆزنى ئەڭ دەسلىپىدە ئامېرىكا 2-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئىشلىتىشكە باشلىدى. يەنى ئۇلار بۇ سۆزنى ئىنسانلارنىڭ ئۆز-ئارا توقۇنۇش تارىخىدىكى بىر خىل ئىش-ھەرىكەتنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەتتى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دەسلەپكى 10 يىل ئىچىدە «پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش» دېگەن سۆز ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى ئەڭ قىزىقارلىق بەس-مۇنازىرىلەر ۋە ئىلمىي مۇزاكىرىلەردە ناھايىتى مۇھىم ئورۇن ئالدى.

ئامېرىكىلىقلار «پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش» ئۇقۇمىدىن 2-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە كەڭ كۆلەمدە پايدىلاندى. يەنى، ئامېرىكا ھەربىي قوشۇنلىرى بىلەن بىللە خىزمەت قىلغان، ياكى ئۇلارغا ياردەم قىلغان تەشكىلاتلار ۋە تەشۋىقات ئورۇنلىرىنى «پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش» دېگەن سۆز بىلەن سۈپەتلىدى. ئەمما ئۇ كەڭ-كۆلەملىك ۋە ئۇزۇن-مۇددەتلىك تەشۋىقات ئىشلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلمىدى. ئەنگلىيەنىڭ تاشقى ئىشلارغا مەسئۇل ئاساسلىق رەھبىرىي ئورگانلىرىمۇ كېيىنچە

«پسخولوگىيەلىك ئۇرۇش» نىڭ ئورنىغا «سىياسىي ئۇرۇش» دېگەن سۆزنى ئىشلەتتى.

ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە 2-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئېلىپ بارغان پسخولوگىيەلىك ئۇرۇش بىر ئالدىن پىلانلانغان ئىش بولماستىن، پەقەتلا نەق مەيداندا مەيدانغا چىقارغان ئىشلاردىنلا ئىبارەت بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولدى. ئەنگلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ ھەر ئىككىسى مەمۇرىي ۋە ھەربىي ئىدارىلەردىن مەخسۇس خادىملارنى تالالاپ، ئۇلارنى مەخسۇس تەربىيەلەپ ، ئۇلارنى ھەربىي قوشۇنلارغا، ئۇرۇش مەيدانىدىكى قوشۇنلارغا، ۋە ئالاھىدە ھەربىي قىسىم باش شتابىغا ئورۇنلاشتۇردى. بۇنداق ئىشلار ياپونغا قارشى ئۇرۇشتىمۇ ئوخشاش تەرتىپتە داۋام ئەتتى. ئۇ چاغلاردا پسخولوگىيەلىك ئۇرۇشقا مەسئۇل ئورۇنلار ئاساسەن ھەربىي ئاخبارات ئورۇنلىرى بىلەن بىرلەشتۇرۇۋېتىلدى. تەشۋىقات خىزمەتلىرى بىلەن ئۇرۇش پىلانلىرى ئاساسەن مۇۋاپىق ھالدا ئۆز-ئارا بىرلەشتۇرۇلمەي، تەشۋىقات ئىشلىرى ھەربىي مەشغۇلاتلارنىڭ بىر قىسمى تەرىقىسىدە ئەمەس، ئۇلاردىن ئايرىم مەشغۇلاتلار سۈپىتىدە ئېلىپ بېرىلدى. چەت ئەلدىكى رايونلاردا پسخولوگىيەلىك ئۇرۇشنى قوللىنىشتىكى ھەرىكەتلەندۇرگۈچى كۈچ ۋە پىلانلاش ئىشلىرى ھەر بىر قوماندانلىق مەركەزلىرى ئىچىدىن كەلگەن بولۇپ، بۇ ئىشلارنىڭ تەشكىللىنىش ئەھۋاللىرى ئۇرۇش مەيدانلىرىغا قاراپ ئوخشاش بولمىدى.

ئامېرىكىدا 1953-يىلىغا كەلگەندە «ئامېرىكا ئۇچۇر ئىدارىسى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر رەسمىي، ئۆز-ئۆزىنى مۇستەقىل باشقۇرۇش يېرىم ئىشقا ئاشۇرۇلغان بىر ئورۇن ۋۇجۇدقا كەلدى.

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى بىلەن كورېيە توقۇنۇشىنىڭ دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ بىر قانچە تارماقلىرىغا قاراشلىق چەت ئەللەردىكى تەشۋىقات ئىشلىرىغا مەسئۇل ئورۇنلارنىڭ خىزمىتىگە بىر تۇتاش يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىر يېڭى قۇرۇلمىغا بولغان ئېھتىياجمۇ زور دەرىجىدە كۈچەيدى. چەت ئەللەرگە ئائىت ئاخباراتلارغا مەسئۇل بولغان بىر قانچە ئورۇنلارنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئورۇنغا «پسخولوگىيەلىك ئۇرۇش» دېگەن سۆزگە يېقىن بولغان «پسخولوگىيەلىك ئىستراتېگىيە» دېگەنگە ئوخشاش سۆزنى ئىشلىتىش بىر تەبىئىي يۈزلىنىش بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا پىرېزىدېنتى ترۇمېن (Truman) 1950-يىلى «پسخولوگىيەلىك

ئىستراتېگىيە ئىدارىسى» نى قۇرۇپ، بىر قانچە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى مەسئۇل بولۇپ كېلىۋاتقان چەت ئەللەرگە ئائىت ئاخبارات ئۇچۇرلىرى ۋە پسىخولوگىيەلىك ئىستراتېگىيە خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىشنى يولغا قويىدى. 1953 ـ يىلى ئۇ ئىدارىنىڭ ئىسمى «مەشغۇلاتلارنى ماسلاشتۇرۇش ئىدارىسى» گە ئۆزگەرتىلدى. 1961 ـ يىلىغا كەلگەندە ئامېرىكا پرېزىدېنتى كېننېدى ئۇ ئىدارىنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

مەن ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋاللارنى مەزكۇر ماقالىنىڭ 3 ـ بۆلۈمىدە بايان قىلىمەن.

## 2. پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش ئۇقۇمىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن «پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش» دېگەن ئۇقۇم ئوخشىمىغان مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ ئەڭ كۆپ تارقالغان ژۇرناللار ۋە ئىلمىي ئەسەرلەردە قوبۇل قىلىنغان مەنىلىرىنى تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىلەش مۇمكىن:

(1) پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش دېگىنىمىز 1 ـ دۆلەت 2 ـ دۆلەتنىڭ ياكى بىر چەت ئەلنىڭ خەلقى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئىش ـ ھەرىكىتىگە 1 ـ دۆلەتنىڭ ئارزۇسى بويىچە تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللانغان بارلىق تەدبىرلىرىنىڭ جۇغلانمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ تەدبىرلەر 1 ـ دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي بايلىق مەنبەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. تەشۋىقات پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ ئاساسىي قىسمى بولۇپ، بىردىنبىر قىسمى بولمايدۇ.

(2) پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش يۇقىرىقىدىنمۇ كەڭرەك دائىرىدىكى ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، سىمۋوللۇق خاراكتېرىنى ئالغان زوراۋانلىق ئىش ـ ھەرىكەتلەر، ۋە رەقىبنى ئۆز ئىش ـ ھەرىكىتىنى ئۆزگەرتىشكە قايىل قىلىش ياكى ھەيۋە قىلىش مەقسىتىدە لايىھەلەنگەن تېررورلۇقلار قاتارلىقلار. ئۇ يەنە جاسۇسلۇققا ئوخشاش مەخپىي ھەرىكەتلەرنى، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىجتىمائىي تەرتىپ ۋە ئۇنىڭ ھوقۇق، نوپۇز ۋە دەرىجە تۈزۈمى تۈزۈلمىسىنى باشقا بىر شەكىلگە ئۆزگەرتىۋېتىشنى مەقسەت قىلغان ئىش ـ ھەرىكەتلەر (subversion) نى، مەخپىي ئۆلتۈرۈش، تېرروربىزملىق ۋە ئاختۇرۇپ تەكشۈرۈش قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ئۇ ئىشلار بەزى ئالاھىدە كىشىلەر توپىنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئىش ـ ھەرىكىتىنى چىرىتىشنى مەقسەت قىلغان بولىدۇ.

(3) پسخولوگىيەلىك ئۇرۇش يەنە «مېڭە يۇيۇش»، ئۇيقۇ كەلتۈرۈش، ۋە بەزى كوممۇنىست ئەللەردە ئىشلىتىلىدىغان، ئادەمنىڭ پسخىكىسىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىغان دورىلارنى ئىشلىتىش ئارقىلىق كىشلەرنىڭ مىجەزىنى ئۆزگەرتىدىغان ئىش-ھەرىكەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(4) پسخولوگىيەلىك ئۇرۇش يەنە ئۆز خەلقىنىڭ ئاممىۋى پوزىتسيەسىنى چىرىتىشنى، ئادەم ئۆلتۈرۈپ قېچىپ كېتىدىغان پارتىزان ئۇرۇشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سىياسىي-ھەربىي ئىش-ھەرىكەتلەرنى، شۇنداقلا دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇنتىزىم ئەسكەرلەرنىڭكىگە ئوخشاش ئىش-پائالىيەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى 20 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە، ئامېرىكا ۋە غەربىي ياۋروپا ئەللىرىدە، پسخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى زامان خەلقئارا مۇناسىۋەتلەردىكى رولى ھەققىدە بىر ئورتاق چۈشەنچە شەكىللىنىشكە باشلىدى. كىشلەر قوبۇل قىلغان بىر ئورتاق خۇلاسە شۇ بولدىكى، پسخولوگىيەلىك ئۇرۇش دېگىنىمىز بىر ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ بولغان خەۋەرلىشىش ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، كىشلەرنىڭ ئىدىيىسىنى ئالدىن پىلانلانغان تەرىقىدە كونترول قىلىشتىن ئىبارەت. مۇشۇنداق مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان ئىش-ھەرىكەتلەر پسخولوگىيەلىك ئۇرۇش بولۇپ ھېسابلانمايدۇ [3].

پسخولوگىيەلىك ئۇرۇش يېقىنقى زامانلاردا «پسخولوگىيەلىك مەشغۇلاتلار» (Psychological operations, psyops) دەپمۇ ئاتالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئېنىقلىمىسى مۇنداق: ئاڭلاش ئوبيېكتلىرىغا تاللانغان ئۇچۇرلار ۋە كۆرسەتكۈچلەرنى يەتكۈزۈپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھېسسىياتلىرى، مەقسەتلىرى، ۋە سەۋەبلەرنى ئوبيېكتىپ ھالدا چۈشىنىش ئىقتىدارلىرىغا تەسىر كۆرسىتىش، ئەڭ ئاخىرىدا نىشان قىلىنغان تەشكىلات، گۇرۇپپا ۋە شەخسلەرنىڭ ئىش-ھەرىكىتىگە تەسىر كۆرسىتىش. ئۇنى مەلۇم بىر ئۇرۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ئېلىپ بارغاندا، ئۇ بىر ئىنتايىن كۈچلۈك قورالغا ئايلىنىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى چەكلەپ قويىدىغان نەرسە پەقەت ئۇنى قوللانغان قوماندانىنىڭ چېۋەرلىك دەرىجىسىدىنلا ئىبارەت بولىدۇ [4].

«پسخولوگىيەلىك مەشغۇلاتلار» غا بېرىلگەن يەنە بىر ئېنىقلىما مۇنداق: دۈشمەنلەشكەن، قارشىلاشقان، بىتەرەپ يول تۇتقان ۋە دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورناتقان چەت ئەل گۇرۇھلىرىدا ئۆزىنىڭ مىللىي مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولغان ھېسسىيات، پوزىتسىيە ۋە ئىش-ھەرىكەتلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پىلانلانغان ۋە ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى پائالىيەتلەردىن ئىبارەت.

## 3. پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى

كورېيە ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىر «پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش ئىشخانىسى» نى قۇردى. شۇنداقلا ئامېرىكىنىڭ شىمالىي كارولىنا (North Carolina) شتاتىدا بىر پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش مەركىزى ۋە بىر پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش مەكتىپىنىمۇ قۇردى. ھەممە ئاشۇ قۇرۇلمىلاردىن پايدىلىنىپ، پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش نەزەرىيىلىرىنى كودلاشتۇرۇش (رەسمىيلەشتۈرۈش) ۋە ھەربىي خادىملارنى مەخسۇس تەربىيەلەش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. شۇنىڭدىن كېيىن پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشقا بولغان قىزىقىش ئامېرىكىنىڭ بارلىق ھەربىي قوشۇنلىرىغا كېڭەيدى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشقا ئائىت يېڭى ئۇقۇم ۋە يېڭى ئېنىقلىمىلار مەيدانغا كېلىپ، پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش تەلىماتلىرىمۇ ناھايىتى چۈشىنىشلىك قىلىندى. بۇرۇنقى پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش (psywar) دېگەن سۆز «پسىخولوگىيەلىك مەشغۇلاتلار» (psyops) ۋە «پسىخولوگىيەلىك پائالىيەتلەر» (psychological activities) دېگەن سۆزلەرگە ئورۇن بەردى.

ئامېرىكا 2-دۇنيا ئۇرۇشى ۋە سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش ساھەسىدە تۇتقان يول ئامېرىكىنىڭ ئىتتىپاقداش دۆلەتلىرىگىمۇ ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ئامېرىكا ئىشلەتكەن «پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش» دېگەن سۆز قالغان دۆلەتلەردە ئىشلىتىلىپ كەلگەن باشقا سۆزلەرنىڭ ئورنىنى ئالدى. ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمراق بولغىنى، قالغان ئەللەرمۇ كىرىزىس ۋاقىتلىرىدا پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش ئېلىپ بارىدىغان، ئالاھىدە تەربىيەلەنگەن ۋە ئالاھىدە قوراللار بىلەن قوراللانغان بىر ئالاھىدە قوشۇنغا بولغان ئېھتىياجنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلدى. ئاشۇنداق ئېھتىياجنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، كۆپلىگەن ئەللەر ئامېرىكىغا

ھەربىي ئوفىتسېرلارنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئامېرىكىدىكى ھەربىي مەكتەپلەردە تەربىيەلىدى.

ھازىرقى زامان پىسخولوگىيەلىك ئۇرۇشى بۇرۇنقى پىسخولوگىيەلىك ئۇرۇشىدىن تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتە تۈپتىن پەرقلىنىدۇ:

(1) پىسخولوگىيەلىك ئۇرۇش تىنچلىق ۋە ئۇرۇش مەزگىللىرىدە پايدىلىنىدىغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ۋە پىسخولوگىيەلىك ۋاسىتىلەردىن ئىبارەت 4 چوڭ ۋاسىتىنىڭ بىرى سۈپىتىدە رەسمىي ئېتىراپ قىلىندى. شۇنداق بولغاچقا، ھازىر ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرى چەت ئەللەرگە قاراتقان سىياسەتلەر ئۈستىدە مۇھىم قارارلارنى ئالغاندا، پىسخولوگىيەلىك ئۇرۇشنى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ئامىللار بىلەن ئوخشاش ئورۇنغا قويىدۇ.

(2) خەۋەرلىشىش تېخنىكىسىدىكى يېڭى تەرەققىياتلار نىشان قىلىنغان كىشىلەرگە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ئىشىنى ناھايىتى ئاسان ۋە ئۈنۈملۈك قىلىۋەتتى. ھازىر تەشۋىقات ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار قىسقا دولقۇنلۇق رادىيو، فىلىم، تېلېۋىزور پىروگراممىلىرى، ۋە يۇقىرى سۈرئەتلىك خەت بېسىش تېخنىكىسى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇچۇرلىرىنى تەشۋىقات ئوبيېكتلىرىغا ناھايىتى ئۈنۈملۈك ھالدا يەتكۈزەلەيدۇ.

(3) خەلقنىڭ راينى سىناش، تاللانغان كىشىلەرنىڭ پىكرىنى ئېلىش، تاللانغان مۇتەخەسسىسلەر بىلەن سۆھبەت ئېلىپ بېرىش، ئاخبارات ئۇچۇرلىرىنى ئانالىز قىلىش، ۋە چەت ئەلدىكى گۇرۇھلارنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىش تېخنىكىسىدىكى يېڭى تەرەققىياتلار مەلۇم بىر گۇرۇھ ياكى مەلۇم بىر خەلق ئۈستىدە ناھايىتى توغرا مۆلچەرگە ئېرىشىش مۇمكىنچىلىكىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. شۇنداق بولغاچقا، ھازىر پىسخولوگىيەلىك ئۇرۇشنى ناھايىتى يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن ئېلىپ بارغىلى بولىدىغان بولۇپ، ھازىر بۇرۇنقىدەك پىسخولوگىيەلىك ئۇرۇش بەزىدە ئۈنۈم بېرىپ، بەزىدە ئۈنۈم بەرمەيدىغان ئىشلار يۈز بەرمەيدۇ.

ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى پىسخولوگىيەلىك مەشغۇلاتلىرى مۇنداق ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈنگەن: تاكتىكىلىق پىسخولوگىيەلىك مەشغۇلاتلار، ئىستراتېگىيەلىك پىسخولوگىيەلىك مەشغۇلاتلار، ۋە مۇستەھكەملەش پىسخولوگىيەلىك مەشغۇلاتلىرى [5].

تاكتىكىلىق پسىخولوگىيەلىك مەشغۇلاتلار بىر ئالاھىدە دۈشمەن ھەربىي قوشۇنىغا قارىتىلغان بولۇپ، بۇنداق مەشغۇلاتلارنىڭ مەقسىتى دۈشمەننىڭ ھازىرقى ياكى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىكى ئۇرۇش قىلىش ئەھۋالىنى ئۆزگە پايدىلىق ھالەتكە ئۆزگەرتىش.

ئىستراتېگىيەلىك پسىخولوگىيەلىك مەشغۇلاتلار نىشان قىلغان دائىرە يۇقىرىقىدىن كۆپ چوڭ بولۇپ، ناھايىتى پۇختا پىلانلاش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ.

مۇستەھكەملەش پسىخولوگىيەلىك مەشغۇلاتلىرىنىڭ مەقسىتى مەمۇرى ۋە ھەربىي رەھبىرىي ئورۇنلار قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلەرنى مۇستەھكەملەش بولۇپ، بۇنى قانۇن-تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقىش ۋە ئىجرا قىلىش، بېسىۋالغان رايونلاردا ھۆكۈمەتنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشنى ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىشتىكى بىر مۇھىم ئامىل ئاخبارات توپلاش بولۇپ، توپلىنىدىغان ئاخبارات ئۇچۇرلىرى مۇنداق ئۈچ چوڭ تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

(1) تەپسىلىي ئارقا كۆرۈنۈش ئۇچۇرلىرى بولۇپ، ئۇ نىشان قىلىنغان گۇرۇھنىڭ مايىللىقلىرى ۋە ئاجىز نۇقتىلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(2) تەشۋىقاتلاردا سىرتقا تارقىتىلىدىغان ئۇچۇرلار. رەقىبنىڭ باشلىقلىرىنىڭ ماقالىلىرى، مۇخبىرلارغا تارقىتىدىغان ئۇچۇرلىرى، ۋە سۆزلەيدىغان نۇتۇقلىرىنىڭ مەزمۇنلىرىنىڭ ھەممىسىنى چوقۇم بىر قېتىم ئىنچىكىلىك بىلەن ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنى ئۆزگە پايدىلىق ۋە دۈشمەنگە زىيانلىق تۈسلەرگە كىرگۈزۈش.

(3) ئېلىپ بارغان پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ ئۈنۈمىنى باھالاشقا زۆرۈر بولغان ئۇچۇرلار. تارقاتقان ئۇچۇرلار نىشانلىغان كىشىلەرگە يېتىپ بارالىدىمۇ؟ نىشانلىغان كىشىلەر ئۇ ئۇچۇرلارنى ئېنىق چۈشىنەلىدىمۇ؟ تارقاتقان ئۇچۇرلارنى تېخىمۇ پايدىلىق قىلىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشنى ئېلىپ بارغۇچىلار ئوخشىمىغان دۈشمەن رايونلىرىغا ئوخشىمىغان ئۇسۇلنى قوللىنىپ، يۇقىرىقىدەك سوئاللارغا جاۋاب بولىدىغان ئۇچۇرلارنى توپلاپ، شۇ ئارقىلىق قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.


پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشقا ئائىت ئوقۇرمەنلەر بىلىشكە تېگىشلىك يەنە بىر قىسىم مۇھىم مەزمۇنلار بار بولۇپ، مەن ئۇلارنى كېيىنكى ماقالىلەردە تونۇشتۇرىمەن. مەن كېلەر قېتىم تورلارغا يوللايدىغان ماقالىدە تارىختىكى پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشلارنى قىسقىچە تەسۋىرلەپ ئۆتىمەن.

## 4. ئاخىرقى سۆز

چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان بىر ئۇكىمىز يېقىندا ماڭا پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش ھەققىدىكى بىر لېكسىيەنى تەۋسىيە قىلغان بولۇپ، مېنىڭ مەزكۇر تېمىنى ھازىر يېزىشىمغا ئاشۇ ئىش تۈرتكە بولدى. مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاشۇ ئۇكىمىزغا رەھمەت ئېيتىمەن. مەن ھېلىقى لېكسىيەنىڭ مەزمۇنىنى كېيىن تەييارلايدىغان بىر پارچە ماقالىدە ئايرىم تونۇشتۇرىمەن.

بۈگۈن ئەسلىدە مەن «بالىڭىزغا توغرا كۆيۈڭ» دېگەن تېمىنىڭ داۋامىنى (يەنى 4-قىسمىنى) يوللايدىغان كۈن ئىدى. ئەمما مەن ئۇنداق قىلمىدىم. مەن ئۇنىڭ ئورنىغا مەزكۇر تېمىنى يوللىدىم. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب، مەن تەييارلاۋاتقان «بالىڭىزغا توغرا كۆيۈڭ» دېگەن تېما ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرنى ئانچە جەلپ قىلالمىدى. مەن بۇنىڭ سەۋەبلىرى ئۈستىدە كۆپ ئويلاندىم. ئۆزۈمنىڭ ھېس قىلىشىچە، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرنىڭ بالا تەربىيەسى ھەققىدىكى تېمىلارغا قىزىقماسلىقىدا تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەر بار: (1) ھازىر تورلار ئانچە راۋان بولمىغاچقا، تورغا كىرىدىغانلارنىڭ سانى ئازلاپ كەتتى. (2) ھەر خىل ئەندىشىلەر تۈپەيلىدىن ھازىر تورلارغا كىرىدىغانلارنىڭ سانى ئازلاپ كەتتى. (3) تورغا كىرىدىغانلارنىڭ ئىچىدە كىچىك بالىلىرى بار ئوقۇرمەنلەر ئانچە كۆپ ئەمەس. بۇ ئەھۋالنىڭ باشقا سەۋەبلىرىمۇ بار بولۇشى مۇمكىن. بولۇپمۇ يېقىندىن بۇيان مەن بەزىدە ئۆزۈمنى دوزاختا ياشاۋاتقان بىر خەلققە جەننەتنىڭ ئەۋزەللىكىنى تەشۋىق قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. بالا تەربىيەسى ئىنتايىن مۇھىم. ئۇيغۇرلار ئۆز تەقدىرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، چوقۇم بالا تەربىيەسى بىلەن مائارىپقا ئەڭ تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ كىشىلىرىنىڭكىگە ئوخشاش دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. بالا تەربىيەسىنىڭ سۈپىتى بىلەن مائارىپنىڭ سۈپىتىنى ئاشۇ ئەللەردىكىگە يېقىن بىر سەۋىيەسگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك. مانا بۇ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بۈگۈندىن كېيىن قىلىشقا تېگىشلىك توغرا ئىشلارنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئەڭ مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى. مەن ھازىرغىچە بالا

تەربىيەسى ۋە مائارىپ ھەققىدە خېلى كۆپ نەرسىلەرنى يازدىم. ئۇلارنى يېزىشنى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملاشتۇرىمەن. «بالىڭىزغا توغرا كۆيۈڭ» دېگەن ماقالىنىڭ داۋامىنى يېزىشنىمۇ بىر مەزگىلدىن كېيىن يەنە داۋاملاشتۇرىمەن.




1-رەسىم: پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش ماھىيەت جەھەتتىن كۆڭۈلنى قايتىدىن پىروگراممىلاش بىلەن ئوخشاش.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

[1] بىلىمخۇمار: «كىشىلىك خاراكتېرنىڭ 7 يادرولۇق سۈپىتى»
http://bbs.izdinix.com/thread-62250-1-1.html

[2] بىلىمخۇمار: «ئۇيغۇرلار دۆت ئەمەس، ئەقىللىق»
http://book.menzil.biz/2013/08/05/3070.html

[3] William E. Daugherty: «Psychological Warfare»
http://www.encyclopedia.com/topic/Psychological_warfare.aspx

[4] Major Ed Rouse: «Psychological Operations/Warfare»
http://www.psywarrior.com/psyhist.html

[5] Psychological warfare
http://www.britannica.com/EBchecked/topic/481682/psychological-warfare

# تارىختىكى ۋە ھازىرقى پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشلارنىڭ مەسىلىلىرى

2015 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش كۆلەملىك ئۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىشلىتىلىدىغان ئاساسلىق قورال كۆرۈنۈش ياكى مەنزىرە بىلەن ئاۋازدىن ئىبارەت ئىككى نەرسە بولىدۇ. پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشنى قارشى تەرەپ بىلەن يۈز تۇرانە ئۇچرىشىش، تېلېۋىزورغا ئوخشاش ئاۋاز ۋە كۆرۈنۈش ۋاستىسىنى قوللىنىش، رادىيو ۋە چوڭ ئاۋازلىق كانايلارغا ئوخشاش ئاۋاز مېدىيەسىنى ئىشلىتىش، ھەمدە تەشۋىقات قەغىزى، گېزىت، كىتاب، ژۇرنال ۋە چوڭ تاختايلىق خەت ئۇچۇرلىرىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. بۇ ئۇرۇشتىكى «قورال»، ئۇچۇرنى قانداق تارقىتىش ئەمەس، بەلكى تارقاتقان نەرسىلەرگە يوشۇرۇنغان ئۇچۇرلار ۋە ئۇ ئۇچۇرلارنىڭ قارشى تەرەپكە قانداق تەسىر كۆرسىتىشىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

دۇنيادا ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان «قەلەم قىلىچتىن ئۆتكۈر» دەيدىغان بىر سۆز بار. ئۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، ئەگەر سۆزلەرنى مۇۋاپىق ئىشلىتەلىسەڭ، ئۇ باشقىلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان قوزغاتقۇچى كۈچ بولالايدۇ. تۆۋەندىكى داڭلىق نەقىللەرگە قاراپ بېقىڭ:

ـ ـ *«ماڭا يا ئەركىنلىك بەر، يا ئۆلۈم!»*

ـ ـ *«ۋەتەنگە تەقدىم قىلىدىغان جېنىمدىن پەقەت بىرسىلا بارلىقىغا ئۆكۈنىمەن.»*

ـ ـ *«ۋەتىنىم ماڭا نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەيدۇ، دەپ سورىما. مەن ۋەتىنىمگە نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەيمەن، دەپ سورا.»*

پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشنى ئۈنۈمگە ئېرىشتۈرۈشتىكى ئەڭ مۇھىم ئىش، ئېلىپ بارماقچى بولغان تەشۋىقاتنى ناھايىتى ياخشى پىلانلاش. سىز

دۈشمىنىڭىزنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىلىشىڭىز كېرەك، ھەمدە دۈشمىنىڭىزنىڭ ئەقىدىسى ياكى يېتەكچى ئىدىيەسىنى بۇزۇپ تاشلىشىڭىز كېرەك.

مەن ئالدىنقى ماقالىدە ئامېرىكىنىڭ ھازىرقى پسىخولوگىيەلىك مەشغۇلاتلىرىنىڭ مۇنداق ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدىغانلىقىنى تىلغا ئالدىم: تاكتىكىلىق پسىخولوگىيەلىك مەشغۇلاتلار، ئىستراتېگىيەلىك پسىخولوگىيەلىك مەشغۇلاتلار، ۋە مۇستەھكەملەش پسىخولوگىيەلىك مەشغۇلاتلىرى [1]. مەيلى قايسى خىلدىكى پسىخولوگىيەلىك مەشغۇلات ياكى ئۇرۇش بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۆۋەندىكىدەك ئۈنۈملەرگە ئېرىشىشنى ئۆزىنىڭ تۈپ مەقسىتى قىلىدۇ:

(1) دۈشمەننىڭ جەڭگىۋارلىقى ۋە ئۇرۇش قىلىش قابىلىيىتىنى تۆۋەنلىتىش

(2) دۈشمەننىڭ ھەربىي قوشۇنلىرى ئىچىدە كەڭ-كۆلەملىك ئىختىلاپ پەيدا قىلىش، ھەمدە دۈشمەن ئەسكەرلىرى ۋە دۈشمەننىڭ ئۆزىگە مايىل كادىرلىرىنىڭ ئاسىيلىق قىلىپ، ئۆزى تەرەپكە ئۆتۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش

(3) ئۆزىنىڭ ۋە ئىتتىپاقداش ئەللەر قوشۇنلىرىنىڭ يوشۇرۇن ۋە نەيرەڭۋازلىق ئىش-پائالىيەتلىرىگە ياردەم قىلىش

(4) ئۆز قوشۇنى، ئىتتىپاقداش ئەللەر قوشۇنلىرى ۋە دۈشمەننىڭ ئىچىدىكى ئۆزىگە ياردەملىشىۋاتقان گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق ۋە ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، ۋە ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىق روھىنى ئۆستۈرۈش

ھازىرغىچە بولغان تارىخنىڭ ھەممىسىدە مەلۇم بىر شەكىلدىكى پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش جەڭدە غەلىبە قازىنىشتا كەم بولسا بولمايدىغان بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ كەلدى. ئۇنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسى جەڭلەردە ئىشقا سېلىنغان ئادەم كۈچى ۋە قورال كۈچىنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ سۆز بىلەن قايىل قىلىش ئىقتىدارى ئۆزى چىقىم تارتماي تۇرۇپ ھەربىي كۈچنىڭ ئۈنۈمىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇش رولىنى ئويناپ كەلدى. ئەمما، پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش بۇرۇن ئانچە سىستېملاشمىغان بولۇپ، ئۇ پەقەت 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنلا بىر ئۈنۈملۈك ھەربىي قورال سىستېمىسى شەكلىگە كىردى.

مەن ئالدىنقى ماقالەمدە پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە بەردىم. مەزكۇر ماقالىدە تارىختا ئېلىپ بېرىلغان ۋە ھازىرمۇ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشلارنىڭ بىر قانچە مىساللىرىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن. بۇ ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى يۇقىرىدا تىزىلغان 4 ئۇنۇمگە ئېرىشىشنى ئۆزىنىڭ تۈپ مەقسىتى قىلغان [2].

## 1. سۈنزى

سۈنزى تارىختىكى ئەڭ ئۇلۇغ ھەربىي تاكتىكىچى، دەپ قارىلىدۇ. مېنىڭ چۈشىنىشىمچە سۈنزىگە ئائىت نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە پەقەت «سۈنزى ھەربىي ئىشلار دەستۇرى» (孫子兵法) دېگەن بىر كىتابنىڭ مەۋجۇتلۇقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان بولۇپ، تارىختا «سۈنزى» ئىسىملىك بىر ئادەم ھەقىقەتەن ياشىغانمۇ-يوق، ئەگەر ياشىغان بولسا ئۇ قاچان تۇغۇلۇپ، قاچان ئۆلگەن، دېگەن مەسىلىدە تارىخشۇناسلار ئارىسىدا بىرلىككە كەلگەن كۆز-قاراش تېخىچە مەۋجۇت ئەمەس [3]. يەنى، تۆۋەندىكى 3-مەنبەگە ئاساسلانغاندا، «سۈنزى ھەربىي ئىشلار دەستۇرى» دېگەن كىتابنى بىر ئادەم ئەمەس، بىر گۇرۇپپا ئادەم سۈنزىنىڭ نامىدا يازغانلىق، ياكى ئۇنى سۈنزىنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى يازغانلىق ئېھتىماللىقى بار ئىكەن. شۇنداقلا ئەگەر سۈنزى ھەقىقەتەن ياشاپ باققان ئادەم بولسا، ئۇ تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 500-يىللىرى ياشىغان بولۇشى مۇمكىن ئىكەن.



1-رەسىم: بەزى كىشىلەرنىڭ پەرىزىدىكى سۈنزى (سۈنزىنىڭ سىزىلغان رەسىملىرىنىڭ ھەر خىللىرى بار بولۇپ، مەن بۇ يەرگە شۇلارنىڭ بىرسىنى قىستۇرۇپ قويدۇم)

«سۇنزى ھەربىي ئىشلار دەستۇرى» دېگەن كىتابتا مۇنداق دەپ يېزىلغان:

*«دۈشمەننىڭ بارلىق ئەسكەرلىرىنى ئەسىرگە ئېلىش ئۇلارنى ۋەيران قىلىۋەتكەندىن ياخشى؛ بىر ھەربىي پولكنى پۈتۈن قولغا چۈشۈرۈش ئۇنى يوقاتقاندىن ياخشى. يۈز ئۇرۇشتا يۈز غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش يۇقىرى ماھارەت ئەمەس. دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلماي تۇرۇپ ئۇنى بويسۇندۇرۇش ھەممىدىن ئەۋزەل. شۇڭلاشقا ئۇرۇشتىكى ھەممىدىن مۇھىم نەرسە دۈشمەننىڭ ئىستراتېگىيىسىگە ھۇجۇم قىلىشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن كېيىن تۇرىدىغان مۇھىم ئىش دىپلوماتىيە ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ كۆپلىگەن دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ بىرلىشىۋېلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش. ئۇنىڭدىن كېيىن تۇرىدىغان مۇھىم ئىش دۈشمەن ئارمىيەسىگە ھۇجۇم قىلىش. ھەممىدىن ناچار تاكتىكا شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش.»*

## 2. ئىمپېراتور ئالېكساندېر (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن، Alexander the Great)

پسىخولوگىيە ئۇرۇشى ئىدىيەسىنى ئەڭ دەسلەپتە ئىشلەتكەن كىشىلەرنىڭ يەنە بىرى مىلادىدىن بۇرۇنقى 356-يىلىدىن 323-يىلىغىچە ماكېدونىيە (Macedonia) دە ياشىغان ئىمپېراتور ئالېكساندېردۇر. ئالېكساندېر ھۆكۈمدارلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە دۇنيادىكى زېمىنلارنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمىنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى. ئۇ ھەر بىر زېمىننى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ يەرگە ئۆزىنىڭ بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى قالدۇرۇپ، ئاشۇ زېمىننى ئىدارە قىلىشقا قويدى. بۇنداق قىلىشنى بىر مەزگىل داۋاملاشتۇرغاندىن كېيىن، ئالېكساندېرنىڭ ئەسكەرلىرى ھەممە يەرگە شالاڭ تارقىلىپ كەتتى. ئالېكساندېر شۇ چاغدا ئەسكەرلىرىنىڭ شالاڭلىشىپ كەتكەنلىكىدىن بىر كۈچلۈك دۈشمەنگە يېڭىلىپ قېلىش خەۋپى تۇغۇلغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ياندۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارنى قايتىدىن تەشكىللەشتىن باشقا يول قالمىدى. ئەمما ئۇنداق قىلغاندا ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى ئالېكساندېرنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئارقىسىدىن قوغلاپ، ئۇلارنى تۈتۈۋېلىپ گۇمران قىلىۋېتەتتى.




2-رەسىم: ئىمپېراتور ئالېكساندېر

ئالېكساندېر كۆڭلىدە، ئەگەر دۈشمەنلەرگە ھەيۋە قىلىپ ئۇلارنى قورقۇتسا، ئۇلار ئۆز ئەسكەرلىرىنى قوغلىمايدىغانلىقىنى پەملىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ قورال-ياراق ياسايدىغان قوشۇنلىرىغا بۇيرۇق قىلىپ، بويىنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى مېتىردىن ئىككى يېرىم مېتىرغىچە كېلىدىغان گىگانت ئادەملەرگىلا ماس كېلىدىغان ئۇرۇش قالپاقلىرى بىلەن ئەسكەرلەر چاپىنىنىڭ ئۈستىگە كىيىۋالىدىغان دالدىلىغۇچلارنى ياساتتى. ھەمدە ئالېكساندېر ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كېچىسى چېكىنگەندە، ئۇلار ھېلىقى يوغان قالپاق ۋە تۆمۈر كىيىملەرنى يولغا تاشلاپ ماڭدى. ئالېكساندېرنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەن دۈشمەنلەر ھېلىقى كىيىملەرنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزلىرى قوغلاپ ماڭغانلار گىگانت ئادەملەر ئىكەن، ئۇلارنى يېڭىش مۇمكىن ئەمەس، دەپ ئويلىدى. يولۇچىلاردىن ئالېكساندېر قوشۇنلىرىنىڭ ۋەھشىيلىكىنىمۇ ئاڭلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئالېكساندېرنىڭ دۈشمەنلىرى ئۇنىڭدىن قورقۇپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشتىن ۋاز كەچتى.

## 3. موڭغۇللارنىڭ داھىيسى چىڭگىزخان

چىڭگىزخان ۋەھشىيلەرچە ئۇرۇش قىلىدىغان ئاتلىق ئەسكەرلەر بىلەن رۇسىيە ۋە ياۋروپاغا ھۇجۇم قىلىپ بېرىش بىلەن دۇنياغا داڭلىق. ئۇ يېتەكلىگەن قوشۇن ھەقىقەتەنمۇ بارغانلا يېرىدە ياۋۇز ئادەملەردەك ئۇرۇش قىلىپ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇنىڭغا پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشمۇ ياردەم قىلدى. يەنى، چىڭگىزخان نەيرەڭ ئىشلىتىش، ھەربىي ئىش-پائالىيەتلەرنى مەخپىي تۇتۇش، ھەمدە دۈشمىنىنىڭ قارار ئېلىش جەريانىنى نىشانلىق ھالدا ۋەيران قىلىش تاكتىكىلىرىنى قوللاندى. ئۇ ھۇجۇم قىلماقچى بولغان جايلارغا ئالدىنئالا بىر قىسىم «تەسىر كۆرسەتكۈچى

ۋەكىللەر» نى ئەۋەتىپ، ئۇ ۋەكىللەرنى بېسىۋالماقچى بولغان جايلاردىكى خەلقلەر بىلەن يۈز تۇرانە ئۇچراشتۇرۇپ، ئۇلارغا موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ نەقەدەر ۋەھشىي ئىكەنلىكىنى، ۋە ئۇلارنىڭ سانىنىڭ نەقەدەر كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. چىڭگىزخان يەنە دۈشمەننى ئالداش ۋاستىلىرىنىمۇ قوللاندى. يەنى ئۇ ئەسكەرلىرىنى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە بىر جايدىن يەنە بىر جايغا يۆتكەپ، دۈشمەنلىرىگە ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ سانىنى ھەقىقىي ساندىن جىق كۆپتەك قىلىپ نامايان قىلدى. ئۇنىڭ «ئات ئۈستىدىكى ئوقياچىلار» دەپ ئاتىلىدىغان ئالاھىدە قوشۇندىن تەركىب تاپقان بىر ئالاقە تورى بار بولۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۇ قول ئاستىدىكى قوماندانلىرى بىلەن ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئالاقىلىشىپ تۇردى، ھەمدە دۈشمەنلەرنىڭ خەۋەرچىلىرىنى نۇقتىلىق ھالدا يوقىتىپ، دۈشمەن قوماندانلىرىنى ئۆز-ئارا ئالاقە قىلالماس قىلىپ قويدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ پسىخولوگىيەسىدە بىر خىل ئاجىزلىقنى پەيدا قىلىپ، موڭغۇللار نەگە بارسا شۇ يەردىكى يەرلىكلەر ئۇلاردىن قورقىدىغان بىر خىل ئەھۋالنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.



3-رەسىم: چىڭگىزخان (چىڭگىزخاننىڭمۇ ھەر خىل رەسىملىرى بار بولۇپ، مەن بۇ يەرگە ئۇنىڭ بىرسىنىلا قىستۇرۇپ قويدۇم)

## 4. ئادولف گىتلېر

پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش 2-دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدا ناھايىتى كۆپ ئېلىپ بېرىلدى. ئۇنىڭ پايدىسىنى ئەڭ كۆپ كۆرگەنلەرنىڭ بىرى گىتلېردۇر. ئۇ گېرمانىيەنىڭ ئەنئەنىۋى سولچىل ۋە ئوڭچىل پارتىيەلىرىنىڭ قوللىغۇچىلىرىنىڭ ئاشۇ پارتىيەلەرگە بولغان نارازىلىقىدىن ئۈنۈملۈك ھالدا پايدىلاندى. يەنى ئۇ ئاشۇ پارتىيەلەرنىڭ «ۋېرسال كېلىشىمى» (Treaty of Versailles) ئارقىلىق گېرمانىيەگە تېڭىلغان شەرتلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، ئۇ پارتىيەلەرنى قاتتىق چۈشۈردى (ۋېرسال كېلىشىمى گېرمانىيە بىلەن بىرلەشمە قوشۇنلار ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان كېلىشىم بولۇپ، ئۇ 1-دۇنيا ئۇرۇشىنى ئاخىرلاشتۇرغان). ئۇ مىللىي سوتسىيالىستلار پارتىيەسى كونسېرۋاتىپ مىللەتچىلەر بىلەن خەلقئارا سوتسىيالىستلارنى، ۋە ھاللىق سىنىپلار بىلەن ئىشچىلار سىنىپىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەتكە سالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مىللىي ئىپتىخارلىق بىلەن مىللىي ئىتتىپاقلىقنى كۈچىنىڭ بارىچە تەكىتلەپ، گېرمانىيەنىڭ ھەممە مەسىلىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرىنى چەت ئەللەرگە دۆڭگىدى. ئۇنىڭ ناتىقلىق تېخنىكىلىرى بىلەن تەشۋىقاتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئىقتىدارى پۈتۈن گېرمان خەلقىنى بىر خىل گىپنوزلۇق (hypnotic) تەرىقىدە ئۆزىگە قاراتتى. گىتلېر بىر دىكتاتور بولۇپ پۈتۈن ھوقۇقنى قولغا چۈشۈرۈۋالغاندىن كېيىن، تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىدىن پۈتۈن گېرمانىيەنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرىنى قورقۇتۇش ئۈچۈن داۋاملىق تۈردە ئۈنۈملۈك پايدىلاندى.



4-رەسىم: گىتلېرنىڭ نۇتۇق سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتىكى بىر كۆرۈنۈشى

## 5. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ئەنگلىيە

پىسخولوگىيەلىك ئۇرۇشتىن ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ ئىجادكارلىق بىلەن پايدىلانغان مىساللارنىڭ بىرى 2-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى ئەنگلىيەدە يۈز بەردى. گېرمانىيە ئەنگلىيەگە تاجاۋۇز قىلىشقا تەييار بولغان بىر ۋاقىتتا، يەنى 1940-يىلى 5-ئايدىن 9-ئايغىچە، ئەنگلىيە ئاڭلىتىش شىركىتى (British Broadcasting Corporation, BBC) رادىيو ئارقىلىق تاجاۋۇز قىلىپ كېلىش ئالدىدىكى گېرمانلارغا بىر مۇقىم ۋاقىت جەدۋىلى بويىچە ئىنگلىز تىلىدىن لېكسىيە ئاڭلاتتى. بۇ لېكسىيە گېرمان تىلىدا تارقىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تىل سەۋىيەسى گېرمانىيەدىكى رادىيولارنىڭ تىل سەۋىيەسى بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە يۇقىرى بولدى. ئەنگلىيە رادىيوسىنىڭ سۆزلىگۈچىسى بۇ لېكسىيەنى مۇنداق دەپ باشلىدى:

*«بىزنى زىيارەت قىلىشتىن بۇرۇن بىر ئاز ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىپ قويسىڭىز سىزگە كۆپ پايدىسى بار. سىزگە ئۆتنۈلىدىغان بىرىنچى دەرس ئۈچۈن بىز ‹ئەنگلىيە دېڭىز بوغۇزىدىن ئۆتنۈش› دېگەن تېمىنى تاللىدۇق. ئەمىسە ماڭا ئەگىشىپ سۆزلەڭ:*

*- -كېمە چۆكۈپ كېتىۋاتىدۇ.*

*- -كېمە چۆكۈپ كېتىۋاتىدۇ.*

*- -سۇ بەك سوغۇقكەن.»*

*«ئەمدى مەن سىزگە يەنە بىر ناھايىتى ئەسقاتىدىغان سۆزنى ئۆگىتىپ قوياي. ئەمىسە ماڭا ئەگىشىپ سۆزلەڭ:*

*- -مەن ئوتتا كۆيۈپ كېتىۋاتىمەن.*

*- -سەن ئوتتا كۆيۈۋاتىسەن.*

*- -ئاۋۇ ئەسكەر ئوتتا كۆيۈۋاتىدۇ.*

*- -بىز كۆيىمىز.*


*- -سەن كۆيۈۋاتىسەن.*

*- -ئۇلار كۆيۈۋاتىدۇ.»*

بۇ سۆزلەر ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى قوپال، ئەمما ئۇلار ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بەردى. ئەنگلىيە دائىرىلىرى ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆزلىرىنىڭ بىر خىل ئالاھىدە قۇرۇلمىلارنى ياساپ چىققانلىقى، ئاشۇ قۇرۇلمىلارنى ئىشقا سېلىپ،

گېرمانلار ئەنگلىيە دېڭىز بوغۇزى ۋە دېڭىز قىرغاقلىرىغا تاجاۋۇز قىلىپ كەلگەندە، پۈتۈن يەرگە ئوت قويۇۋېتىدىغانلىقى ھەققىدە نۇرغۇن سۆز-چۆچەكلەرنى تارقىتىپ بولغان ئىدى. يۇقىرىدىكى رادىيو لېكسىيەسى ئاشۇ خىل ئەھۋالنى تېخىمۇ جەزملەشتۈرۈپ، ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بەردى. بۇ سۆز-چۆچەكلەر يالغان بولسىمۇ، ئۇ ناھايىتى پۇختا پىلانلانغان ھەمدە ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن تارقىتىلغان بولۇپ، نۇرغۇن گېرمانلار ئاشۇ سۆز-چۆچەكلەرگە بۆگۈنگىچە ئىشىنىپ كېلىۋاتىدۇ. 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى بەزى ھۆججەتلەردە بايقىلىشىچە، گېرمانىيەنىڭ ئالىي دەرىجىلىك قوماندانلىق مەركىزى ئەنگلىيەنىڭ ئەنگلىيە دېڭىز بوغۇزىغا ئوت قويۇۋېتىش ھەققىدە بىر ھەقىقىي پىلانى تۈزۈپ چىققانلىقىغا ئىشەنگەن.

مەخپىي تۇتۇلغان ۋە قارشى تەرەپنى ئالدايدىغان ئىش-پائالىيەتلەر ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە چۈشىنىكسىز بولىدۇ. ئۇ نۇرغۇن تالانت ئىگىلىرىنى، تېخنىكىلارنى ۋە ھەر خىل بايلىق مەنبەلىرىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا بولۇپ ئۆتكەن تۆۋەندىكى ۋەقە يېقىنقى زاماندا يۈز بەرگەن ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ داغدۇغىلىق مەخپىي ۋە ئالدامچىلىق ۋەقەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋەقەدە گېرمانغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ قوماندانلىق مەركىزى ئەنگلىيەدىن فىرانسىيەدىكى «كالايىس رايونى» (Pas De Calais) غا ھۇجۇم قىلىپ، گېرمان ئارمىيەسىنى ئاشۇ يەردە بىتچىت قىلىدىغانلىقى ھەققىدە سۆز-چۆچەك تارقىتىپ، گىتلېرنى بۇنىڭغا ئىشەندۈرىدۇ. ئەمما بىرلەشمە ئارمىيە قوشۇنلىرى كالايىستىن 150 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى نورماندى (Normandy) دېڭىز ياقىسىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەردىكى گېرمان ئارمىيەسىنى مەغلۇپ قىلىدۇ. گىتلېر داۋاملىق تۈردە بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ نورماندىغا ھۇجۇم قىلىشى ئۇلارنىڭ كالايىسقا ھۇجۇم قىلىشىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچى، دەپ ئويلاپ، ئۇ يەردىكى «15-پانزېر ئارمىيەسى» دەپ ئاتىلىدىغان ئەڭ كۈچلۈك قوشۇننى نورماندىغا يۆتكىمەي، كالايىستا 7 ھەپتە قۇرۇق ساقلايدۇ.




5-رەسىم: ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا بىرلەشمە ئارمىيە گېرمانلارغا «كالايىسقا ھۇجۇم قىلىمىز»، دەپ سۆز-چۆچەك تارقىتىپ قويۇپ، نورماندىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەردىكى گېرمان ئارمىيەسىنى پۈتۈنلەي بىتچىت قىلىدۇ.

## 6. ئىستالىن

بۇ پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ 4-مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئائىت بىر مىسال. يەنى، بۇ ئۇرۇشتىن ئىتتىپاقداش گۇرۇھلار ئارىسىدىكى ھەمكارلىق، ئىتتىپاقلىق ۋە جەڭگىۋارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن پايدىلىنىشقا ئائىت بىر مىسال.



6-رەسىم: ئىستالىن

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ هايات قېلىشى ئىستالىننىڭ رۇسىيە خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك هېسسىياتىنى قوزغىشى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روهىغا تايىنىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا 1918-يىلى كوممۇنىست پارتىيە تەختكە چىققاندىن باشلاپ تاكى 1941-يىلىغا كەلگۈچە پۈتۈن خەلقنىڭ كاللىسى ئىدېئولوگىيەلىك ئابستراكت ئۇقۇملار ۋە كوممۇنىستىك قۇرۇق ئىدىيەلەر بىلەن لىق تولغان ئىدى. ئىستالىن مۇشۇنداق بىر روهىي هالەت ئىچىدە تۇرۇۋاتقان خەلققە تايىنىپ، گىتلېرنىڭ ئارمىيەسىگە تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى بايقىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پارتىيەنىڭ سىياسىتىنى هازىرغىچە بولغان تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە پۈتۈنلەي ئۆزگەرتتى. ئۇ ئۆز دۆلىتىنى «كوممۇنىستىك رۇسىيە» دەپ ئاتاشنىڭ ئورنىغا «ئۇلۇغ رۇسىيە» ياكى «ئانا رۇسىيە» دېگەننى سىستېمىلىق هالدا دەسسەتتى. شۇ ئارقىلىق رۇسىيەنىڭ قەدىمكى يادىكارلىقى ۋە ئۇنىڭ سىمۋولىنى رۇسىيە خەلقىگە قايتىدىن ئەسلەتتى.

ئىستالىننىڭ تەشۋىقاتچىلىرى رۇسىيەدە قەدىمدىن تارتىپ چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئارمىيە بىلەن چېركاۋلاردىن ئىبارەت ئىككى خىل ئورۇنلارغا تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە يېڭىدىن تەربىيە ئېلىپ باردى. رۇسىيە ئارمىيەسىنىڭ تارىختىكى غەلىبىلىرىنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە ماختىدى. چېركاۋلارنىڭ دەرىجە تۈزۈمى ۋە كىشىلەرنى سىنىپقا ئايرىش ئىشلىرىنى 1918-يىلىدىكى ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى هالەتكە قايتۇرۇپ ئاپاردى. شۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئەڭ چوڭ هاكىمىيەت گېزىتى بولغان «پراۋدا» (PRAVDA) مۇ «پۈتۈن دۇنيادىكى ئىشچىلار سىنىپى بىرلىشىڭلار» دېگەن ماركسىزملىق شوئارنى تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا «گېرمان تاجاۋۇزچىلىرىغا ئۆلۈم» دېگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك شوئارىنى دەسسەتتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈرەش «ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇرۇشى» غا ئۆزگەرگەن بولۇپ، ئۇ سوۋېت تارىخىدا هازىرمۇ شۇنداق دەپ ئاتىلىدۇ.

دېمەك، 20-ئەسىردىكى ئەڭ جاهىل دىكتاتورلارنىڭ بىرى بولغان ئىستالىنمۇ ئۆزىنىڭ ھەربىي قوشۇنىغىلا تايىنىپ، گېرمان ئارمىيەسىگە تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇنىڭ پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى ھەربىي كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتكەنلىكى ئۆزىنىڭ كوممۇنىستىك تۈزۈمىنى شۇنچە ئۇزۇن يىل ساقلاپ قالالىشىدا ئاساسىي رول ئوينىغان.

## 7. كورېيه ئۇرۇشى

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا رادىيو ئۇچۇرلىرى ۋە تەشۋىقات ۋاراقلىرىنىڭ نەقەدەر ئۈنۈملۈك بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتى. شۇڭلاشقا، 1950-يىلى 6-ئايدا شىمالىي كورېيە ئارمىيەسى جەنۇبىي كورېيەگە ھۇجۇم باشلىشى بىلەنلا، ئامېرىكىنىڭ بىر ئالاھىدە قىسمى جەنۇبىي كورېيەدە ماشىنا ۋە ئايروپىلاننىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان چوڭ كانايلار بىلەن رادىيو خەۋەرلىرىنى تارقىتىشنى، شۇنداقلا ئايروپىلانلاردىن تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى تاشلاشنى باشلىۋەتتى. تەشۋىقات ۋاراقلىرىغا «ئەسىرگە چۈشكەن بەختلىك ئەسكەرلەر»، «تەسلىم بولسىڭىز ياخشى مۇئامىلە قىلىنىسىز»، «بىز سىلەرنى بىتچىت قىلىۋېتەلەيمىز»، دېگەن مەزمۇنلارنى مەركەز قىلدى، ھەمدە ئۇلار ئۆيىنى، ئائىلىسىنى ۋە ئاياللارنى ئەسلىتىدىغان سۆز-ئىبارىلەر بىلەن تولدى. پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ مۇشۇنداق ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىلىشى نەتىجىسىدە كورېيە ئۇرۇشى 1952-يىلى ئاخىرلاشتى.



7-رەسىم: ئامېرىكا ئەسكەرلىرى تىك ئۇچار ئايروپىلاندىن تەشۋىقات ۋاراقلىرى تاشلاۋاتقان بىر كۆرۈنۈش

ئامېرىكا ۋيېتنام ئۇرۇشىدىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش تاكتىكىلىرىنى ئىشلەتتى. ئامېرىكا بۇرۇنقى تاكتىكىسىغا قوشقان بىر

يېڭى پسخولوگىيەلىك ئۇرۇش چارىسى ۋىيېتنامنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ھەربىي بازىسى ۋە ۋىيېتنام ئارمىيەسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىستراتېگىيەلىك نىشانلىرىنى ناھايىتى كۆپ B ـ 52 تىپلىق بومباردىمانچى ئايروپىلانلار بىلەن بومباردىمان قىلىش بولدى. يەنى بۇ بومباردىماننىڭ بىر مەقسىتى ۋىيېتنام ھەربىي كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش بولغان بولسا، يەنە بىر مەقسىتى ئۇنىڭ قوماندانلىرىنى سۈرئەت ئۇستىلىكە كېلىشكە قىستاپ، شۇ ئارقىلىق ئۇرۇشنى بالدۇرراق ئاخىرلاشتۇرۇش بولدى. ئەمما سىرتنىڭ ۋىيېتنامغا بەرگەن ياردەملىرى ۋە ئامېرىكىنىڭ بىر قىسىم ئىچكى سەۋەبلىرى تۈپەيلىدىن بۇ ئۇسۇل ۋىيېتنامدا ئۈنۈم بەرمەي، ئامېرىكىنىڭ ۋىيېتنامدىكى ئۇرۇشى تاكى ۋىيېتنامنىڭ ئۇرۇش مەيدانىدىكى ھەربىي كۈچى پۈتۈنلەي قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالغۇچە جەمئىي 8 يىل داۋام قىلدى.

## 8. بىرىنچى قېتىملىق (1991 ـ يىلىدىكى) ئىراق ئۇرۇشى

ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى 1991 ـ يىلى ئىراقتا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشتا پسخولوگىيەلىك ئۇرۇش بىر پۈتۈنلەي يېڭى تۈس ئالدى. يەنى بۇ قېتىم ئامېرىكا رادىيو ۋە تېلېۋىزور ئۇچۇرلىرى، تەشۋىقات ۋاراقلىرى، ۋە چوڭ ئاۋازلىق كاناي قاتارلىق ھەر خىل تاراتقۇ ۋاستىلىرىنىڭ ھەممىسىدىن پايدىلاندى. ئەرەب قېرىنداشلىق تەشكىلاتلىرى، بىرلەشمە قوشۇن ھاۋا ئارمىيەسى كۈچى ۋە ناھايىتى يالغۇز قالغان ئىراق ئەسكەرلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشلىرىنى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىپ، ناھايىتى كۆپ ساندىكى ئىراق ئەسكەرلىرىنىڭ ئەسكەرلىكنى تاشلاپ قېچىپ كېتىشىنى قولغا كەلتۈردى. پسخولوگىيەلىك ئۇرۇشقا مەسئۇل قىسىملار بەزىدە ئايرىم ئىراق قوشۇنىنى نىشانلاپ، ئۇلار تۇرۇشلۇق جايلارغا ئايروپىلان بىلەن تەشۋىقات ۋاراقلىرى تارقىتىپ، ئۇلارغا ئەگەر دەرھال تەسلىم بولمىسا، ئۇلار 24 سائەت ئىچىدە بومباردىمان قىلىنىپ، ۋەيران قىلىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. يەتتە ھەپتە ئىچىدە ئامېرىكا ئىراققا 100 خىلدەك بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان تەشۋىقات ۋاراقلىرىدىن جەمئىي 29 مىليون پارچىسىنى ئايروپىلان بىلەن تاشلىدى. بۇ تەشۋىقات ۋاراقلىرى ئىراقنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى 300 مىڭ ئەسكىرىنىڭ 98 پىرسەنتىنىڭ قولىغا تەگدى.

ئامېرىكا سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى 3 جايدا قۇۋۋىتى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان رادىيو ئىستانسىلىرىنى قۇرۇپ، ئىراققا قارىتىپ رادىيو

پىروگراممىسى تارقاتتى. شۇنداقلا ئىككى ئايروپىلاننىڭ ئۈستىدىنمۇ يۆتكىلىپ يۈرۈپ رادىيو پىروگراممىسىنى ئاڭلاتتى.

مەن شۇ قېتىم ئىراقتا ئۇرۇش بولۇۋاتقان ۋاقىتتا، ئامېرىكا تېلېۋىزورلىرىدا بىر قانچە قېتىم توپ-توپ ئىراق ئەسكەرلىرى رازۋېدكا قىلىپ يۈرگەن ئامېرىكا تىك ئۇچار ئايروپىلانىغا تەسلىم بولۇپ، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرگەن هالدا مۆكۈنۈۋالغان ئۆڭكۈرلىرىدىن چىقىۋاتقان كۆرۈنۈشلەرنى كۆردۈم.

ئىراق ئۇرۇشىدىكى پىسخولوگىيەلىك ئۇرۇشتا ئامېرىكا ئىنسان ئىش-هەرىكىتىنىڭ ئاڭسىز دىنامىكىسى ۋە ئىنسان ئىش-هەرىكىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان هەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قاتارلىق پەننىي بىلىملەردىن تولۇق خەۋىرى بار، ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ قىممىتى ۋە ئادىتىنى پۇختا بىلىدىغان، ۋە پىسخولوگىيە ساهەسىدە ئۇزۇن مۇددەت كېسەل داۋالىغان تەجرىبىلىك مۇتەخەسسىسلەرنى ئىشقا سالدى. بۇ مۇتەخەسسىسلەر تەشۋىقات ماتېرىياللىرىدا مەدەنىيەت جەهەتتىن ئەهمىيەتكە ماس كېلىدىغان ۋە نىشانلىغان كىشىلەرنى ئۈنۈملۈك هالدا قايىل قىلالايدىغان ئۇقۇملارنى ۋە كۆرۈنۈشلەرنى تاللاپ ئىشلەتتى. شۇنداقلا تەييارلىغان نەرسىلىرىنى ئەسىرگە چۈشكەن ئىراق ئەسكەرلىرىگە كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ تەكلىپلىرىنى يىغىپ، مۇۋاپىق كۆرگەنلىرىنى ئىشلەتتى. مەسىلەن، بىر پارچە تەشۋىقات ۋارىقىدىكى ئەسلىدىكى رەسىمدىكى ئامېرىكا ئەسكىرىنىڭ ساقال-بۇرۇتلىرى يوق ئىدى. تۈرمىدىكى بىر ئىراق ئەسكىرى ئۇنىڭ ئورنىغا ساقال-بۇرۇت قويۇۋالغان بىر ئامېرىكىلىق ئەسكەرنىڭ رەسىمىنى ئىشلىتىشنى، ئىراق مەدەنىيىتىدە ساقال-بۇرۇت سەمىمىيەتلىك ۋە قېرىنداشلىقنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكىنى تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكىلىقلار هېلىقى تەشۋىقات ۋارىقىنى ئاشۇ بويىچە ئۆزگەرتتى.

ئىراقمۇ پىسخولوگىيەلىك ئۇرۇشتىن پايدىلىنىشقا ئۇرۇنۇپ باقتى. ئۇلار رادىيولاردا «باغداد گۈزىلى» دېگەن نام بېرىلگەن بىر ئايالنى ئىشقا سېلىپ، ئامېرىكا ئەسكەرلىرىگە مۇنداق دەپ ئاگاهلاندۇرۇش بەردى: «سىلەر هازىر سەئۇدى ئەرەبىستان قۇملۇقىدا يۈرۈۋاتقاندا، سىلەرنىڭ خوتۇنۇڭلار ۋە قىز دوستۇڭلار توم كرۇز (Tom Cruise) قاتارلىق داڭلىق كىنو ئارتىسلىرى بىلەن بىر كارىۋاتتا چىقىۋاتىدۇ.» ئىراقنىڭ ئامېرىكا مەدەنىيىتى هەققىدە هېچ قانداق تەتقىقات ئېلىپ بارمايلا ئوتتۇرىغا

چىقارغان بۇنداق پىروگراممىلىرى ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ قاتتىق زاكىلىق قىلىشىغا ئۇچرىدى.

ئامېرىكا ئىراق ئۇرۇشى جەريانىدا چوڭ ئاۋازلىق كاناي ئارقىلىق ئىراق ئەسكەرلىرىنى تەسلىم بولۇشقا چاقىرىدىغان، ئۇلارنى مازاق قىلىدىغان، ۋە ئۇلارنى ئالدايدىغان مەزمۇنلارنى تارقاتتى. ئاشۇنداق تەشۋىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خادىملار ئىچىدە سەئۇدى ئەرەبىستانلىق، مىسىرلىق ۋە كۇۋەيتلىق تىلشۇناسلار بار بولۇپ، ئۇلار ھەر قېتىم ئەھۋاللار ئۆزگەرگەندە تەشۋىقات مەزمۇنلىرىنىمۇ شۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىپ تۇردى. چوڭ ئاۋازلىق كانايلار ئەسىرگە چۈشكەن ئىراق ئەسكەرلىرى ئوپچە تۇتۇپ تۇرۇلغان جايلاردىمۇ ئەسكەرلەرنىڭ مېڭىسىنى يۇيۇشتا كەڭ تۈردە ئىشقا سېلىندى. شۇ چاغدا ئامېرىكا جەمئىي 71 يەردە چوڭ كانايلىق تەشۋىقات ئەترىتىنى قۇرۇپ چىقتى.

ئىراققا قارشى بىرلەشمە ئارمىيە بىر قېتىم ئىراقنىڭ فايلاكا ئارىلىدىكى ئىراق ئەسكەرلىرىگە قارىتا ئايروپىلان ئۈستىدىن چوڭ ئاۋازلىق كانايدا تەشۋىقات ئېلىپ بارىدىغان پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشى ئېلىپ باردى. ئۇلار يەردىكى ئەسكەرلەرگە ئىككىنچى كۈنى ئاشۇ ئارالدىكى بىر رادىيو ئانتېننا مۇنارىنىڭ ئەتراپىدا رەتلىك تىزىلىپ تەسلىم بولۇشنى ئۇقتۇردى. ئەتىسى راست دېگەندەك 1405 نەپەر ئىراق ئەسكەرلىرى ھېلىقى دېگەن يەردە تەسلىم بولۇپ تىزىلىپ تۇردى. ئامېرىكا پىيادە قىسىملىرى بىر پاي ئوق چىقارمايلا بۇ ئەسكەرلەرنى ئەسىرگە ئالدى. بۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئىچىدە بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي گېنېرالمۇ بار.

شۇ قېتىمقى ئىراق ئۇرۇشىدا ھېچ قانداق قان تۆكۈلمەي تۇرۇپ، جەمئىي 87000 ئىراق ئەسكىرى ئەسىرگە چۈشتى. ئىراقنىڭ بىر ھەربىي گېنېرالى شۇ قېتىمقى پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ ئۈنۈمى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقىغا ئىنتايىن چوڭ تەھدىت سالغان بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئۇ پەقەت بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ ئىراقنى بومباردىمان قىلىشىدىن كېيىنلا تۇردى.»

## 9. ئىككىنچى قېتىملىق (2003 ـ يىلىدىكى) ئىراق ئۇرۇشى

ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى ئىراققا قارشى 2003 ـ يىلىدىن باشلاپ ئېلىپ بارغان 2 ـ قېتىملىق ئىراق ئۇرۇشىدىمۇ پسىخولوگىيەلىك

ئۇرۇش تاكتىكىسى ناھايىتى كەڭ تۈردە ئىشقا سېلىندى. بۇ قېتىم پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشقا يەنە بەزى يېڭى ئۇسۇللار قوشۇلغان بولۇپ، ئۇ جەمئىي 3 جەھەتتە ئېلىپ بېرىلدى [4]: (1) ئىراق ئەسكەرلىرى ۋە ئىراق پۇقرالىرىغا تەشۋىقات ۋاراقلىرى تارقىتىش. (2) چۆچۈتۈش ۋە قورقۇتۇش ھاۋا ھۇجۇملىرى (“shock and awe” air bombardment) نى ئېلىپ بېرىش. (3) ئىراقنىڭ قوماندانلىق، كونترول قىلىش ۋە خەۋەرلىشىش تورلىرىغا قارىتا ھۇجۇم ۋە ئېلېكترونلۇق ئۇرۇش ئېلىپ بېرىش.

بۇ قېتىم تارقىتىلغان تەشۋىقات ۋاراقلىرى ئىراق خەلقى بىلەن ئىراق ئەسكەرلىرىدىن ئىبارەت ئىككى ئادەم توپىنى نىشان قىلغان بولۇپ، ئۇلار مۇنداق بۇيرۇق شەكلىدە يېزىلغان: «ئەگەر مانى قىلساڭ، سەن ھايات قالىسەن» ، ياكى «ئەگەر ئانى قىلساڭ، سەن ئۆلىسەن» .

ئادەتتىكى ئاممىغا قارىتىلغان تەشۋىقات ۋاراقلىرىدىكى مەزمۇنلاردىن تۆۋەندىكىدەكلىرى بار:

*- «ئۆيى ئىچىدە تۇرساڭ، ساق قالىسەن.»*

*- «بارلىق ئىراق ئەسكەرلىرىدىن يىراق تۇر، ئۇلار بىزنىڭ دۈشمىنىمىز.»*

*- «قولۇڭغا قورال ئالمىساڭ ھايات قالىسەن.»*

*- «بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ ئىشلىرىغا توسقۇنلۇق قىلما، بىز سېنى سادامنىڭ زوراۋانلىقىدىن ئازاد قىلىمىز.»*

*- «بىز مۇشۇ رايوندا ئېلىپ بارىدىغان ھەربىي مەشغۇلاتلارنى بىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن ماۋۇ رادىيو ئىستانسىلىرىنى ئاڭلا.»*

ئىراق ئەسكەرلىرىگە قارىتىلغان تەشۋىقات ۋاراقلىرىدىكى مەزمۇنلاردىن تۆۋەندىكىدەكلىرى بار:

*- «مايىغا ئوت قويما، نېفىت سانائىتى سېنىڭ ياشاش ۋاستەڭ.»*

*- «چوڭ ۋەيرانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان قورالنى ئىشلەتمە، بولمىسا ئۆلتۈرۈلىسەن.»*

*- «چوڭ ۋەيرانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان قورالنى ئىشلەتمە، بىزدە ئۆزىمىزنى قوغدايدىغان نەرسە بار، ئۆلىدىغىنى سەن ئۆزۈڭ بولىسەن.»*

*— «سادام ئۇچۇن هاياتىڭدىن ئايرىلما، ماۋۇ رەسمىيەتلەر بويىچە تەسلىم بول.»*

*— «بىرلەشمە ئارمىيە ھەممىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، كېيىنچە سەن جاۋابكارلىققا تارتىلىسەن.»*

*— «يۈز مېتىر كەينىدە تۇر، بولسا ئۆلتۈرۈلىسەن.»*

بۇ قېتىم ئىراقنى قولغا چۈشۈرۈشتە رەسمىي ئۇرۇش ناھايىتى قىسقىلا ئېلىپ بېرىلدى. گەرچە بۇ قېتىم پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش بۇرۇنقىدىن كۆچەيتىلگەن بولسىمۇ، تەسلىم بولغان ئىراق ئەسكەرلىرىنىڭ سانى 1 ـ قېتىملىق ئۇرۇشقا قارىغاندا جىق ئاز بولدى. بىر قىسىم ئەسكەرلەر تەسلىم بولماي، قورالىرىنى تاشلاپ يۇرتتىكى ئۆيلىرىگە قايتىپ كەتتى. قالغانلىرى بولسا بىرلەشمە ئارمىيە ئەسكەرلىرى بىلەن خېلى ئۇزۇن تۇتۇشتى. بۇنداق بولۇشىدىكى بىر سەۋەب بۇ قېتىم ئىراق ئەسكەرلىرى باشقىلارغا تاجاۋۇز قىلماي، ئۆز ۋەتىنىنى قوغداش يولىدا ئۇرۇش قىلغانلىقى بولۇشى مۇمكىن.

پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشتا دۈشمەنىنىڭ ئېتىقادى ياكى ئىشىنىدىغان ئىدىيەسىنى بىلىۋېلىش ئۆزى ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىق. مەسىلەن، 2 ـ قېتىملىق ئىراق ئۇرۇشى يېڭى باشلانغاندا سادام ھۈسەيىن ئىراقتىكى غەربلىك ئاياللار ۋە بالىلارنى ئۆزلىرى ئۈچۈن قاپقان قىلىۋالغانلىقى ھەققىدىكى بىر قىسىم كۆرۈنۈشلەرنى تېلېۋىزورلاردا بەردى. ئەمما قۇرئاندا «دۈشمىنىڭنى قانداق قىلساڭ بولۇۋېرىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە، ياكى ئاياللىرى ۋە بالىلىرىغا زىيان يەتكۈزمە» دېگەندەك مەزمۇنلار بار. شۇنىڭ بىلەن غەربلىكلەر سادامنىڭ ئاشۇ ئىشىنى تۇتۇۋېلىپ، تەشۋىقاتلىرىدا «سادام دېگەن بىر قورقۇنچاق. ئۇ گۇناھسىز كىشىلەرنىڭ كەينىگە مۆكۈۋېلىپ، ئۆزى ‹مەن قوغداۋاتىمەن› ، دەپ داۋراڭ سالغان مۇسۇلمان قانۇنلىرىغا خىلاپلىق قىلدى» ، دېگەن مەزمۇندا كەڭ تۈردە تەشۋىقات ئېلىپ باردى.

ئىككىنچى قېتىملىق ئىراق ئۇرۇشى باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن پىرېزىدېنتى دىك چېنېي مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئىراق خەلقى بىزنى ئازادقا چىقارغۇچىلار سۈپىتىدە قارشى ئالىدۇ». ئۇنىڭدىن ئۇزۇن ئۆتمەي بىر گۇرۇپپا ئىراقلىقلار سادامنىڭ باغداتتىكى چوڭ ھەيكىلىنى ئۆرۈۋەتتى. بۇ كۆرۈنۈش غەرب تېلېۋىزورلىرىدا خېلى ئۇزۇن قويۇلۇپ تۇردى. ئۇ كۆرۈنۈش ئامېرىكا تېلېۋىزورلىرىدا

ھازىرمۇ بەزىدە چىقىپ قالىدۇ. ئاشۇ بىر گۇرۇپپا ئىراقلىقلارنىڭ قىلغان ئاشۇ ئىشى ھەقىقەتەن ئۆز خاھىشى بىلەن بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، ياكى ئۇ شۇ ۋاقىتتىكى پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ بىر قىسمى بولۇشىمۇ مۇمكىن. كىشىلەر بۇ ئىشنىڭ راست-يالغانلىقىغا باھا بېرىشتە پەقەت ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسىنى جەزملەشتۈرىدىغان بىر تەرىپىنىلا قوبۇل قىلىدۇ.

پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئۈچۈن مۇشۇنداق چىنلىقنىڭ ياخشى تەرىپىمۇ بار، يامان تەرىپىمۇ بار. ئۇنىڭ يامان تەرىپى، سىز تەمىنلىگەن ئىسپاتنىڭ قانچىلىك كۈچلۈك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كىشىلەر ئۆز كۆڭلىگە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن ئېتىقادنى ۋە پوزىتسىيەنى ئاسانلىقچە ئۆزگەرتمەيدۇ. ئۇنىڭ ياخشى تەرىپى بولسا، سىز بىلەن ئوخشاش كۆز-قاراش ۋە پوزىتسىيەدىكى كىشىلەر ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى مەيدانلىرىنى قوللايدىغان ھەر قانداق نەرسىگە ئىشىنىدۇ. شۇڭلاشقا پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ بىر تارمىقى بولغان ئۇچۇر مەشغۇلاتى سىزنىڭ ئۇچۇرىڭىزغا قوشۇلۇش ئېھتىماللىقى بار كىشىلەرنىڭ ھىمايىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. شۇنداقلا ناھايىتى ياخشى تەييارلانغان ئۇچۇر دۈشمەنىنىڭ كۆڭلىدە تەۋرىنىش پەيدا قىلىش ۋە دۈشمەنىنىڭ ئىرادىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇش رولىنىمۇ ئوينايدۇ.

## 10. پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشقا ئائىت ھازىرقى بەزى ئەھۋاللار

پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى توغرىسىدىكى مەزمۇنلارمۇ خېلى كۆپ بولۇپ، مەن ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى 1-قېتىملىق ماقالىگە كىرگۈزۈپ قويدۇم. ئۇلارنىڭ قالغىنىنىڭ ھەممىسىنى بۇ يەردە بايان قىلىپ بولغىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا مەن بۇ يەردە ئۆزۈم «بىزگە مۇناسىۋەتلىك» ، دەپ قارىغان بىرلا مەزمۇننى بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

ئامېرىكىدا ئىنگلىزچە «The Heritage Foundation» دەپ ئاتىلىدىغان بىر داڭلىق فوند جەمئىيىتى بار. ئۇ ئامېرىكىنىڭ دۆلەت سىياسىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئېرىشكەن ئۇچۇر ۋە يەكۈنلەرنى ئامېرىكا پارلامېنتى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىكى رەھبىرىي خادىملار، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئىجرائىيە تارمىقىدىكى سىياسەت بەلگىلىگۈچىلەر، مەملىكەتلىك ئاخبارات مېدىيە شىركەتلىرى، ئاكادېمىيە ۋە باشقا سىياسەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلارغا يەتكۈزۈپ

بېرىدۇ. 2013-يىلى 12-ئىيۇل كۈنى ئاشۇ فوند جەمئىيىتىنىڭ ئاسىيا تەتقىقاتى مەركىزىنىڭ بىر داڭلىق تەتقىقاتچىسى بىر پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى. ئۇ ماقالىنىڭ تېمىسى «ئۇرۇش قىلماي تۇرۇپ غەلىبە قىلىش: جۇڭگونىڭ پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش تەھدىتى» [5]. مەن تۆۋەندە ئاشۇ ماقالىنىڭ ئۆزۈم تاللىغان بىر قىسىم مەزمۇنلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

بېيجىڭ كەلگۈسىدىكى توقۇنۇشلاردا بىر پاي ئۇق ئاتماي تۇرۇپلا غالىبىيەت قازىنىشنى ئارزۇلاۋاتىدۇ. بۇ ئىشنى قانداق قىلماقچى؟ پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشتىن پايدىلىنىپ، يەنە بىر دۆلەتنىڭ لىدېرلىرى بىلەن پۇقرالىرىنى كونترول قىلىش ئارقىلىق، ۋە ئىتتىپاقداش ۋە دۈشمەن ئەللەرنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ تەپەككۇر قىلىش جەريانى ۋە بىلىش قۇرۇلمىلىرىغا تەسىر كۆرسىتىشكە تايىنىپ تۇرۇپ قىلماقچى. ھەقىقەتەنمۇ ھازىر بىر ئاكتىپ توقۇنۇش مەۋجۇت بولمىسىمۇ، جۇڭگونىڭ پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش مەشغۇلاتلىرى ئاللىقاچان باشلىنىپ بولدى. شۇڭلاشقا، ئامېرىكا ھازىر بىر توقۇنۇش يۈز بەرگەندە ئۆزىنىڭ سىياسىي ئۇرۇش قوراللىرىنى ئىشلىتىشكە تەييارلىق قىلىۋاتقان بىر پەيتتە، يۇقىرىقىدەك پسىخولوگىيەلىك مەشغۇلاتلارغا قارشى ئىشلارنىمۇ تەڭ ئېلىپ بېرىشى كېرەك.

جۇڭگونىڭ خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنى باشقا ئەللەرنىڭ ئارمىيەسىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئېلېمېنتلارنىڭ بىرى، ئۇ ھازىرمۇ پارتىيەنىڭ ئارمىيەسى بولۇش رولىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ. خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ بىر قورallىق قانىتى. ئۇنىڭ بۇ خاراكتېرى بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەتنى ئۆز قولىدا داۋاملىق تۇتۇپ تۇرۇشىغا ياردەم قىلىش مەجبۇرىيىتىنى يۈكلەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن پارتىيەنى ئۆزىنى ۋە دۆلەتنى مۇداپىئە قىلىش ئىشىدا ئارمىيەدىن بىر خىل قوشۇمچە قورال سۈپىتىدە پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ھازىر خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى يالغۇز فىزىكىلىق ئۇرۇش مەيدانلىرىدىكى ئۇرۇشلارغا پىلان تۈزۈپلا قالماستىن، ئۇ يەنە «سىياسىي ئۇرۇش» ئېلىپ بېرىشقىمۇ تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ. بۇ «سىياسىي ئۇرۇش» مۇنداق ئۈچ تەركىبىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ئاممىۋى كۆز-قاراش ياكى پىكىر ئۇرۇشى، قانۇن ئۇرۇشى، ۋە پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش.

بۇ ئۈچ خىل ئۇرۇشنىڭ ئىچىدە پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ دائىرىسى ھەممىدىن چوڭ. جۇڭگو ھۆكۈمىتى 2003- ۋە 2010-يىللىرى خەلق

ئازادلىق ئارمىيەسى ئۇچۇن بىر پارچە «سىياسىي خىزمەت بەلگىلىمىسى» نى چىقىرىپ بەرگەن بولۇپ، ئاشۇ بەلگىلىمىدە يۇقىرىدىكى 3 خىل ئۇرۇشقا ئائىت سىياسەتلەرنىمۇ ئېنىق بەلگىلەپ بەرگەن. جۇڭگودا چىققان ھۆججەتلەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئۇلار تەييارلىق قىلىۋاتقان پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ مۇنداق 5 كەڭ-دائىرىلىك ۋەزىپىسى بار:

(1) ئۆزى ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىشلارنى ئادىل ئىشلار قىلىپ كۆرسىتىش

(2) ئۆزىنىڭ باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان تەرەپلىرىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىش

(3) قارشى تەرەپنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئىرادىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇش

(4) دۈشمەن قوشۇنلىرى ئىچىدە ئىختىلاپ پەيدا قىلىش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش

(5) پسىخولوگىيە جەھەتتە ئۆزىنى قوغداش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇش. جۇڭگولۇقلارنىڭ قارىشىچە، پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ تەسىرى ناھايىتى چوڭ ۋە كۈچلۈك بولغاچقا، قارشى تەرەپ چوقۇم پسىخولوگىيەلىك ھۇجۇم قوزغايدۇ. شۇڭلاشقا يالغۇز ئاشۇنداق پسىخولوگىيەلىك ھۇجۇملارنى توختىتىۋېلىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالماي، يەنە دۈشمەننى يېڭىش، ھەمدە ئۇنىڭغا ئۆزى ئېلىپ بېرىۋاتقان پسىخولوگىيەلىك ھۇجۇملارنىڭ ھېچ بىر ئۈنۈمى يوقلۇقىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئارقىلىق، ئۇنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى يوق قىلىش ئۈچۈن پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش كېرەك. يالغۇز دۈشمەنگە قايتۇرما تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، دۈشمەننىڭ سۈيىقەستلىرى بىلەن تېخنىكىلىرىنى سىرتقا ئاشكارىلاپ، شۇ ئارقىلىق دۈشمەننىڭ ئىقتىدارسىزلىقىنى پاش قىلىش كېرەك.

جۇڭگولۇقلارنىڭ يۇقىرىدىكى پىلانلىرى پەقەت ھەقىقىي ئۇرۇش ۋاقتى ئۈچۈن تۈزۈلگەن ئەمەس. پسىخولوگىيەلىك مۇداپىئە سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىش، پارتىيە رەھبەرلىكىگە بولغان ئاممىۋى ۋە ھەربىي ھىمايىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ۋە كۈچەيتىش، ھەمدە ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشلارنىڭ ئادىل ئىشلار ئىكەنلىكىنى ئۆز خەلقىگە بىلدۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنىڭ بىر قىسمىنى تىنچلىق دەۋرىنىڭ ئۆزىدىلا قىلغىلى بولىدۇ.

پسخولوگىيەلىك ئۇرۇشنى باشقۇرۇش پرىنسىپلىرىنىڭ بىرىنچىسى مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: ئېلىپ بېرىلىدىغان پسخولوگىيەلىك ئۇرۇش ئىستراتېگىيەلىك بولۇشى، مەشغۇلاتقا ئائىت بولۇشى، ياكى تاكتىكىلىق بولۇشىدىن، ياكى ئۇ چەت ئەلگە ياكى دۆلەت ئىچىدىكى خەلققە قارىتىلغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ چوقۇم پارتىيە بەلگىلەپ بەرگەن يۆنىلىشنى بويلاپ، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك.

ھازىر جۇڭگودا ئاممىۋى كۆز-قاراش ياكى پىكىر ئۇرۇشى، قانۇن ئۇرۇشى، ۋە پسخولوگىيەلىك ئۇرۇشتىن ئىبارەت «ئۈچ خىل ئۇرۇش» ساھەسىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىشلار، جۇڭگونىڭ كەلگۈسىدىكى توقۇنۇشلاردا يالغۇز ھەربىي كۈچلەرنى ئىشقا سېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، توقۇنۇشنىڭ دائىرىسىنى سىياسىي ئۇرۇشقىچە كېڭەيتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

جۇڭگونىڭ پىلانىچە، ئۇ يۇقىرىقىدەك ھەربىي ئۇرۇشنى سىياسىي ئۇرۇشقا كېڭەيتىش ئىشىدا يەنە دۈشمەننىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىنى قورقۇتۇش، مەجبۇرلاش، خەلقىدىن ئايرىۋېتىش، ۋە ئالداش ۋاستىلىرى بىلەن كونترول قىلىش ئۇسۇلىغا تايىنىدۇ.

بىر پاي ئوق چىقارماي تۇرۇپ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلماقچى بولۇۋاتقان جۇڭگونىڭ پسخولوگىيەلىك ئۇرۇشتا ئۈستۈنلۈككە چىقىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئامېرىكا چوقۇم ئۆزىنىڭ پسخولوگىيەلىك ئۇرۇش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. بۇ، ئىستراتېگىيەلىك خەۋەرلىشىش قابىلىيىتى ۋە ئاممىۋى دىپلوماتىيە قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش، مېدىيە تاراتقۇلىرىنىڭ تەسىر كۆرسىتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، ھەمدە پسخولوگىيەلىك ئۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئالاھىدە قوشۇنلارنى بەرپا قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھېلىقى ماقالىدىكى مەن تونۇشتۇرماقچى بولغان مەزمۇن مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.

## 11. ئاخىرقى سۆز

مەن مەزكۇر ماقالىدە تارىختا بولۇپ ئۆتكەن ۋە ھازىر يۈز بېرىۋاتقان پسخولوگىيەلىك ئۇرۇشلارنىڭ بىر قانچە مىساللىرىنى بايان قىلدىم. مېنىڭ ئۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتىم، ئوقۇرمەنلەرنىڭ پسخولوگىيەلىك ئۇرۇشقا

بولغان چۈشەنچىسىنى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

جۇڭگولۇقلارنىڭ قەدىمكى ئۇرۇش نەيرەڭلىرىگە ئائىت بىر قانچە مۇھىم ماتېرىياللار بار بولۇپ، ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن چارىلەرنى بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە، ۋە بىر ئادەم توپى يەنە بىر ئادەم توپىغا قوللانسىمۇ بولىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇلار ھازىر ئوخشىمىغان شەكىل ۋە دائىرىدە قوللىنىلىۋاتىدۇ. مەن ھازىرغىچە ئۇلارنى تونۇشتۇرۇپ باقمىدىم. ئۇنىڭ ئورنىغا ئېسىل كىشىلىك خاراكتېر ۋە گۈزەل ئەخلاققا ئائىت مەزمۇنلارنى يېزىپ كەلدىم. يەنى، مەن ئوقۇرمەنلەرگە رەزىللىكنى تەۋسىيە قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇنى بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇنداق نەرسىلەرنى تونۇشتۇرماي كەلدىم. ئەمما يېقىندا ئويلاپ باقسام، ئۆزگە قىلىنغان رەزىللىكنى بايقاش ۋە ئۇنىڭغا ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ قانداق ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى بىلىش كېرەك ئىكەن. شۇڭلاشقا مەن ھازىر ئاشۇ مەزمۇنلارنىمۇ كېيىنچە تونۇشتۇرۇشنى ئويلاۋاتىمەن.

كېلەر قېتىملىق ماقالىدە مەن بىر داڭلىق زاتنىڭ چۈشەندۈرۈشىدىكى پىسخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ 4 چوڭ قەدەم-باسقۇچىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. مېنىڭچە ئۇ مەزمۇن دۇنيادا ھازىر يۈز بېرىۋاتقان نۇرغۇن ئىشلارنى چۈشىنىۋېلىشقا پايدىلىق.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

[1] بىلىمخۇمار: «پىسخولوگىيەلىك ئۇرۇش» ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە
http://bbs.izdinix.com/thread-62459-1-1.html

[2] Major Ed Rouse: «Psychological Operations/Warfare»
http://www.psywarrior.com/psyhist.html

[3] Ancient History Encyclopedia: Sun-Tzu
http://www.ancient.eu/Sun-Tzu/

[4] Information Operations & Psychological Operations in Iraq
http://www.globalfocus.org/GF-IOPO-Iraq.htm

[5] http://www.heritage.org/research/reports/2013/07/winning-without-fighting-the-chinese-psychological-warfare-challenge

# پسخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ 4 چوڭ قەدەم ـ باسقۇچى

(1 ـ بۆلۈم)
2015 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

ئالدىنقى ئىككى پارچە ماقالىنىڭ مەزمۇنىدىن كۆرۈۋالغىنىمىزدەك، پسخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ شەكىللىرى ھەر خىل بولىدۇ. ئۇنىڭ دائىرىسىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. بىر ئادەم يەنە بىر ئادەم ئۇستىدىن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشنىڭ دائىرىسىنى پسخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ ئەڭ كىچىك دائىرىسى، دەپ قاراش مۇمكىن. بۇنداق ھەر خىل شەكىل ۋە ھەر خىل دائىرىدىكى پسخولوگىيەلىك ئۇرۇشلارنىڭ قەدەم ـ باسقۇچلىرىمۇ ھەر خىل بولىدىغانلىقى بىر ھەقىقەتتۇر.

ئەمما بىر دۆلەت يەنە بىر دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇۋېتىش، بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتنى بويسۇندۇرۇش ياكى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ يوق قىلىۋېتىشكە ئوخشاش چوڭ كۆلەملىك پسخولوگىيەلىك ئۇرۇشلارنىڭ مەلۇم مۇقىم قەدەم باسقۇچلىرى بار بولىدۇ. ئاشۇنداق چوڭ كۆلەملىك پسخولوگىيەلىك ئۇرۇشلارنىڭ بىر مىسالى سۈپىتىدە ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ ئىراق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇۋېتىشىنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن.

ئىنگلىزچە تور بەتلىرىدە كەڭ تۈردە تارقىلىپ يۈرۈۋاتقان بىر يۇتيۇب (YouTube) لېكسىيەسى بار. ئۇنىڭ تېمىسى «پسخولوگىيەلىك ئۇرۇش ئارقىلىق غەرب جەمئىيەتلىرىنى ئاغدۇرۇۋېتىش ۋە كونترول قىلىش» بولۇپ [1]، بۇ لېكسىيەنى يۇرى بېزمېنوف (Yuri Bezmenov) [2] ئىسىملىك بىر زات 1980 ـ يىللىرى ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى لوس ئانژېلېس رايونىدىكى بىر يىغىلىشتا سۆزلىگەن. 1939 ـ يىلىدىن 1993 ـ يىلىغىچە ياشىغان يۇرى بېزمېنوف ئەسلىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۇنياغا داڭلىق جاسۇس ئورگىنى «KGB» نىڭ خادىمى بولۇپ، ئۇ 1970 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاسىيلىق قىلىپ، كانادادا سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن. ئۇ تورونتو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «سىياسەت ئىلمى» كەسپىدە 2 يىل ئوقۇپ، كانادا

مېدىيە شىركىتى (Canada Broadcasting Company, CBC) گە خىزمەتكە كىرگەن، ھەمدە بۇ شىركەتنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراتقان خەلقئارالىق پىروگراممىسىدا ئىشلىگەن. يۇرى بېزمېنوف KGB نىڭ قىستىشى بىلەن بۇ خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇرى بولۇپ، 1976 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىختىيارىي مۇخبىرلىق خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىنچە ئۇ لوس ئانژېلېس شەھرىدىكى ئىنگلىزچە «Panorama Almanac» دەپ ئاتىلىدىغان بىر دۇنياۋى ئۇچۇر تورى شىركىتىگە مەسلىھەتچى بولۇپ ئىشلىگەن.




1 ـ رەسىم: يۇرى بېزمېنوفنىڭ لېكسىيە سۆزلەۋاتقان ۋاقتى.




2 ـ رەسىم: يۇرى بېزمېنوفنىڭ لېكسىيەسىنى ئاڭلاۋاتقانلارنىڭ بىر كۆرۈنۈشى.

ئەينى ۋاقىتتا KGB قىلغان ئەڭ مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش بولۇپ، يۇرى بېزمېنوف يۇقىرىدىكى ئىنگلىزچە لېكسىيەسىدە KGB ئېلىپ بارغان پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشلار ۋە ئۇنىڭ 4 چوڭ قەدەم-باسقۇچى ھەققىدە سۆزلەيدۇ. مەن مەزكۇر ماقالىدە ئاشۇ لېكسىيەنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى بايان قىلىمەن. مەن بۇ لېكسىيەدىكى مەزمۇنلارنىڭ دۇنيادا يېقىنقى زامانلاردا يۈز بەرگەن ۋە ھازىرمۇ يۈز بېرىۋاتقان نۇرغۇن ۋەقەلەرنى چۈشىنىشكە ناھايىتى پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. شۇڭلاشقا مەن بۇ ماقالىدىكى مەزمۇنلار ئوقۇرمەنلەرگە خېلى ياخشى نەپ بېرىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

ئەمدى مەن يۇرى بېزمېنوف لېكسىيەسىنىڭ مەزمۇنىنى باشلايمەن. يۇرى بېزمېنوفنىڭ بۇ لېكسىيەسىنىڭ تىلى دېگەندەك ئوچۇق ئەمەس بولغانلىقتىن، ئۇنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇش خېلى كۆپ ۋاقىت تەلەپ قىلىدىكەن. ۋاقىت يېتىشتۈرەلمەسلىك سەۋەبىدىن مەن بۇ قېتىم مەزكۇر لېكسىيەنىڭ يېرىمىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ بولالىغان بولۇپ، ھازىر ئاشۇ پۈتكەن قىسمىنى يوللاپ تۇردۇم. مەزكۇر لېكسىيەنىڭ قالغان يېرىمىنى ماقالىنىڭ 2-بۆلۈمى قىلىپ كېيىنكى قېتىم يوللايمەن.

جىنايى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان سوتلارنىڭ لۇغىتىگە قاراپ باقىدىغان بولسىڭىز، ئىنگلىزچە «subversion» (ئاغدۇرمىچىلىق) دېگەن سۆزگە باشقا بىر دۆلەتنىڭ دىنىنى ياكى سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي سىستېمىلىرىنى بۇزۇپ تاشلاش يولىدىكى ئىش-ھەرىكەتلەر، دېگەندەك ئىزاھاتلار بېرىلگەنلىكىنى بايقايسىز. ئادەتتە كىشىلەر بۇ سۆزنى جاسۇسلۇق ئىش-ھەرىكەتلىرى، بىر كۆۋرۈكنى پارتلىتىۋېتىش، بىر كېتىپ بارغان پويىزنى بۇلاشقا ئوخشاش ھوللىۋۇد (Hollywood) كىنولىرىدا چىقىدىغان ئىش-ھەرىكەتلەرگە باغلاپ چۈشىنىدۇ. مەن بۇ يەردە سۆزلەيدىغان مەزمۇنلارنىڭ KGB جاسۇسلۇق ئىش-ھەرىكەتلىرى ياكى ئۇلارنىڭ ئاخبارات توپلاش ئىش-ھەرىكەتلىرى بىلەن ھېچ قانداق مۇناسىۋىتى يوق. «KGB» دېگەن سۆز ئوتتۇرىغا چىققان ھامان، بەزى بىر غەلىتە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ھوللىۋۇدتىكى كىنو ئىشلىگۈچىلەردىن تارتىپ سىياسەت ئىلمى كەسپىنىڭ پروفېسسورلىرى ۋە سوۋېت ئىشلىرى ساھەسىدىكى «مۇتەخەسسىسلەر» گىچە بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى KGB نىڭ قىلىدىغان ئىشى مەلۇم بىر يېڭى تېخنولوگىيە لايىھەسىگە ئوخشاش

نەرسىلەرنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇنى سوۋېت ئارمىيىسى ياكى سوۋېت سانائەت ساھەسىدە ئىشلەيدىغانلارغا سېتىش، دەپ چۈشىنىدۇ، ھەمدە شۇنداق دەپ تەرغىب قىلىدۇ. بۇ بىر خاتالىق، ياكى بىر خاتا چۈشىنىش بولۇپ، ئۇنىڭ پەقەت بىر قىسمىلا توغرا.

سوۋېت KGB سى ھەقىقەتەنمۇ ئۆز چېگراسىنىڭ سىرتىدا جاسۇسلۇق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ جەھەتتە KGB نىڭ قىلىدىغان ئىشى ئامېرىكىدىكى CIA ۋە FIB قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئىشىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئەمما، KGB نىڭ جاسۇسلۇق ئىشلار ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان ۋاقتى، پۇلى ۋە ئادەم كۈچى ئۇنىڭ بارلىق سەرپىياتلىرىنىڭ ئاران 10 ـ 15 پىرسەنتىنىلا ئىگىلەيدۇ. KGB نىڭ قالغان 85 پىرسەنت كۈچى پەقەت «ئاغدۇرمىچىلىق» ئۈچۈنلا سەرپ قىلىنىدۇ. سوۋېتنىڭ نەزىرىدىكى «ئاغدۇرمىچىلىق» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئۇ سۆزنىڭ غەرب ئەللىرىنىڭ لۇغەتلەردىكى مەنىسى بىلەن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان بولۇپ، سوۋېتلىقلار ئۈچۈن بۇ سۆز مۇنداق مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ بىر ۋەيران قىلغۇچى ۋە تاجاۋۇزچى ئىش ـ ھەرىكەت بولۇپ، ئۇنىڭ مەقستى ئۆزىگە دۈشمەن بولغان دۆلەت، مىللەت، ياكى جۇغراپىيىلىك رايوننى گۇمران قىلىۋېتىشتىن ئىبارەت. KGB بۇ ئىشنى ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن قىلىدۇ. يەنى، ئەگەر سىز ئىنتايىن ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىدىغان بولسىڭىز، KGB قىلىدىغان بۇنداق ئىشلار ناھايىتىمۇ ئورۇنلۇقتەك، ھەمدە قانۇنغا ئۇيغۇندەك كۆرۈنىدۇ. ئۇ خەلقئارالىق قانۇنلار بويىچە قارىغاندىمۇ ھەرگىز بىر جىنايەت بولۇپ ھېسابلانمايدۇ. KGB بۇنداق مەقسەتلەرگە ئىشلەتكەن سۆزلەرنى ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن تاللاپ، شۇ ئاساستا باشقىلارغا خاتا چۈشەنچىلەرنى تارقىتىش ئارقىلىق يېتىدۇ.

KGB دە ئىشلەيدىغان «ئاغدۇرمىچىلار» (subverter) بېرىپ بىر كۆۋرۈكنى پارتلىتىۋېتىدىغان ئادەملەر ئەمەس. بەلكى ئۇلار بىر خەلقئارالىق ئوقۇغۇچى، بىر دىپلومات، بىر كىنو ئارتىسى، بىر سەنئەتكار، ياكى ماگا ئوخشاش بىر مۇخبىردىنلا ئىبارەت. ئاغدۇرمىچىلىق دېگىنىمىز بىر خىل ئىككى يۆنىلىشلىك قاتناش ئېقىمى بولۇپ، سىز ھەرگىزمۇ ئاغدۇرۇۋېتىلىشنى خالىمايدىغان بىرسىنى ئاغدۇرۇۋېتەلمەيسىز.

مەسىلەن، ئەگەر سىز ياپوننىڭ تارىخىنى بىلىدىغان بولسىڭىز، مۇنداق بىر ئىشنى ئۇقسىز: 20 ـ ئەسىردىن بۇرۇن ياپون بىر خىل يېپىق جەمئىيەت ئىدى. چەت ئەل كېمىلىرى ياپون قىرغاقلىرىغا كەلگەن ھامان،

ياپونىيەنىڭ ئىمپېرىيە ئارمىيىسى ئۇلارغا «ئارقاڭغا يېنىپ، كەلگەن يېرىڭگە كەت!» دەيتتى. بۇنىڭدىن 60 ـ 70 يىللار بۇرۇن بىر ئامېرىكىلىق سودىگەر ياپون قىرغىقىغا بېرىپ، «مەن سىلەرگە بىر ۋاكۇئۇم تازىلىغۇچ ئېلىپ كەلدىم» ، دېسە، ياپونلار ئۇنىڭغا «بىزگە ۋاكۇئۇم تازىلىغۇچ كېرەك ئەمەس، ئارقىڭىزغا قاراپ، كەلگەن يېرىڭىزگە قايتىڭ» ، دەيتتى. ئەگەر ئۇ ئامېرىكىلىق بۇ گەپنى ئاڭلىمىسا، ھېلىقى ياپونلۇق ئۇنى مىلتىق بىلەن ئېتىپ تاشلايتتى. ياپونلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتى، ئىدېئولوگىيىسى، ئەنئەنىسى ۋە قىممەت ـ قارىشىنى ئەسلىدىكى بويىچە ساقلاپ قېلىش ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ چاغدا سىز ياپوننى ئاغدۇرۇۋېتەلمەيتتىڭىز. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنداق. ئۇنىڭ چېگرىسى سىرتقا قارىتا پۈتۈنلەي تاقاقلىق. تەشۋىقاتلار ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قاتتىق كونترول قىلىنىدۇ. دۆلەت ئىچىدىكى پۈتۈن نوپۇس KGB ۋە ئىچكى ساقچىلار تەرىپىدىن كونترول قىلىنىدۇ. سوۋېتتىكى ئامېرىكا كونسۇلخانىسى ئامېرىكىدا چىقىدىغان، ۋە سوۋېتلىقلارنى ناھايىتى جەلپ قىلىدىغان كۆپلىگەن چىرايلىق رەسىم ۋە مەزمۇنلار بېسىلغان «دەۋر» ژۇرناللىرىنى ئىشىكىنىڭ ئالدىغا تىزىپ قويۇپ، ئۇلارنى ھەقسىز تارقىتىدۇ. ئەمما ئۇ ژۇرناللار ھەرگىزمۇ سوۋېت خەلقىنىڭ قولىغا تەگمەيدۇ. سەۋەبى ھۆكۈمەتنىڭ ئادەملىرى ئۇ ژۇرناللارنى ئېلىپ، ئۇتتۇرلا ئاپىرىپ ئەخلەت ساندۇقلىرىغا تاشلىۋېتىدۇ.

ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكىتى پەقەت ئاشۇ ھەرىكەتنى ئېلىپ بارغۇچىغا ئىنكاس قايتۇرىدىغان بىر نىشان مەۋجۇت بولغاندىلا ئاندىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ قوش يۆنىلىشلىك قاتناش ئېقىمىغا ئوخشايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكىتىنى ئېلىپ بارغۇچى، ئامېرىكا بولسا ئاغدۇرمىچىلىقنى قوبۇل قىلغۇچى نىشاندۇر. سوۋېتنىڭ چېگرىسى ئېتىكلىك بولغاچقا، ئامېرىكىنىڭ سوۋېتنى ئاغدۇرۇۋېتىش ھەرىكىتى ھەرگىزمۇ سوۋېتنىڭ چېگرىسىدىن ئۆتەلمەيدۇ.

ھەقىقي ئاغدۇرمىچىلىق ئىش ـ ھەرىكىتى 2500 يىللىق تارىخقا ئىگە. بۇ ئىدىيەنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان كىشى بىر جۇڭگولۇق پەيلاسوپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى سۇنزى. ئۇ قەدىمكى جۇڭگودىكى بىر قانچە پادىشاھ ئوردىلىرىدا مەسلىھەتچى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ ناھايىتى كۆپ ئويلىنىشلاردىن كېيىن، مۇنداق ئىدىيەنى ئوتتۇرىغا قويغان: دۆلەت سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشتا، ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان

ئۇرۇشلارغا تايىنىش ئەڭ كۆپ ئەكس تەسىر پەيدا قىلىدىغان، ئەڭ ياۋايى ۋە ئۇنۇمدارلىقى ئەڭ تۆۋەن چارىدۇر. ئۇرۇش قىلىشتىكى ئەڭ قىممەتلىك سەنئەت، ھېچ قانداق ئۇرۇش قىلماي تۇرۇپ، ئۆزۈڭگە دۈشمەن بولغان دۆلەت ئۈچۈن قىممەتلىك بولغان بارلىق نەرسىلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت. بۇ ئىشنى شۇنچە پۇختا قىلىشىڭ كېرەككى، سېنىڭ دۈشمىنىڭ سېنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقىنىڭنى قىلچىلىكمۇ سەزمەيدۇ، ھەقىقىي رېئاللىقنى ئازراقمۇ چۈشەنمەيدۇ، شۇڭا سېنى ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ دۈشمىنى، دەپ ھېسابلىمايدۇ. سېنىڭ سىياسىي تۈزۈمىڭ، سېنىڭ مەدەنىيىتىڭ، ۋە سېنىڭ غايەڭ ئۇلار ئۈچۈن يەنە بىر نورمال تاللاش بولۇپ كۆرۈنىدۇ. يۇقىرىقى نەرسىلەر ئۇلار ئۈچۈن ئارزۇ قىلغۇدەك نەرسىلەر بولمىسىمۇ، ھېچ بولمىغاندا قوبۇل قىلغىلى بولىدىغان نەرسىلەر بولۇپ تۇيۇلىدۇ. ئەگەر بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالىساڭ، سەن بىر پاي ئوق ئاتماي تۇرۇپ، دۈشمىنىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىسەن.

«ئاغدۇرمىچىلىق» نىڭ مەنىسى دەل ئەنە شۇ.

سۈنزىنىڭ ئىدىيەلىرى بىر كىتاب قىلىپ تۈزۈپ چىقىلغان بولۇپ، مەن ئۇ كىتابنى كانادا ۋە ئامېرىكىدىكى كۇتۇپخانىلاردىن تاپالمىدىم. سوۋېت ئىتتىپاقىدىمۇ بۇ كىتابلار كىتابخانىلاردا سېتىلمايتتى. ئەمما، كەلگۈسى ھاياتىدا چەت ئەللىكلەر بىلەن بىرەر مۇناسىۋەت قىلىپ ئۆتىدىغان بىر كەسپتە ئوقۇيدىغان سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسىدە بۇ كىتابنىڭ بىر نۇسخىسى بار بولۇپ، ئۇلار بۇ كىتابنى چوقۇم ئوقۇشقا مەجبۇرى قىلىناتتى. KGB دە ئىشلەيدىغانلار بولسا تېخىمۇ شۇنداق ئىدى.

ۋاقىت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «ئاغدۇرمىچىلىق» جەمئىي 4 قەدەم-باسقۇچ ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچىسى دۈشمەننى «ئىرادىسىزلاندۇرۇش» (demoralization) تىن ئىبارەت.

## 1. ئاغدۇرمىچىلىقنىڭ بىرىنچى باسقۇچى: ئىرادىسىزلاندۇرۇش

ئاغدۇرمىچىلىقنىڭ 1-باسقۇچى «ئىرادىسىزلاندۇرۇش» بولۇپ، بىر جەمئىيەتنى ئىرادىسىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئادەتتە 15-20 يىل ۋاقىت كېتىدۇ. يەنى، مۇشۇ 15-20 يىل ۋاقىت ئىچىدە بىر ئەۋلاد كىشىلىرىنى باشقىچە تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ چىققىلى بولىدۇ. بىر ئىنساننىڭ پۈتۈن

ھاياتىدا مەخسۇس ئوقۇشقا ئاجرىتىپ، ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىنى بەلگىلەش، ئۆزىدە بىر ئىدېئولوگىيە ۋە خۇي-مىجەز شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان ۋاقىت مانا مۇشۇنچىلىك بولىدۇ. مۇشۇ 15-20 يىل ئىچىدە بىر ئەۋلاد كىشىلىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۇسۇللاردىن ھەر خىللىرى بار بولۇپ، ئۇ سۇقۇنۇپ كىرىش، تەشۋىقات ۋە بىۋاستە ئۇچرىشىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ھەقتە مۇشۇ ماقالىنىڭ كەينىدە بىز يەنە ئايرىم توختىلىمىز.

ئاممىۋى كۆز-قاراشلارنى ئۆزگەرتىش ياكى يېڭىدىن شەكىللەندۈرۈش ئىشى كۆپلىگەن ساھەدە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، ئۇ ساھەلەر تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

- -دىن
- -مائارىپ سىستېمىسى
- -ئىجتىمائىي ھايات
- -مەدەنىيەت
- -مەمۇرىي باشقۇرۇش قۇرۇلمىسى
- -قانۇنلارنى ئىجرا قىلىش سىستېمىسى
- -ئەمگەكچىلەر بىلەن كارخانا ئىگىلىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىرى
- -ئىقتىساد

مەن ئاغدۇرمىچىلىقنىڭ ئۇسۇللىرى ھەققىدە سۆزلىگەندە، بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار «سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشلەتكەن ئۇسۇللارمۇ ئاشۇلارغا ئوخشاشمۇ؟»، دەپ سورايدۇ. ئۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن، بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. مېنىڭ بۇ يەردە سۆزلەۋاتقىنىم تاكتىكىلىق ئاغدۇرمىچىلىق بولۇپ، ئۇ خۇددى ياپونلارنىڭ چامباشچىلىقىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر سىزنىڭ دۈشمىنىڭىز سىزدىن جىق يوغان ۋە سىزدىن جىق كۈچلۈك بولۇپ، سىز ئۇنىڭ بىلەن بىۋاستە تۇتۇشىدىكەنسىز، ئۇنىڭ سىزگە تەگكۈزگەن مۇشتىنىڭ سىزگە بولغان زەربىسى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ. سىزنىڭ ئاشۇنداق بىر دۈشمىنىڭىز سىزنىڭ يۈزىڭىزگە بىر مۇشت سالماقچى بولغاندا، ئەگەر سىز ئۇنى قولىڭىز بىلەن توسماقچى بولىدىكەنسىز، سىزنىڭ قىلغىنىڭىز بىر خىل نادانلىق بولۇپ، پۈتۈنلەي ئەكس تەسىر پەيدا قىلىدۇ. جۇڭگولۇقلار بىلەن ياپونلارنىڭ جۇدو سەنئىتى بىزگە بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا قانداق قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. يەنى، سىز ئۇنىڭ قول

ھەرىكەتىنى توسمايسىز، بەلكى سىز ئۆزىڭىزنى مۇداپىئە قىلغاچ، ئۇنى بىر تامنىڭ قېشىغا گوللاپ ئېلىپ كېلىپ، دۈشمىنىڭىز ئاتقان مۇشتنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدىكى تامغا قاتتىق ئۇرۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىسىز.

ئەگەر سىز قىلماقچى بولغان ئاغدۇرمىچىلىقنىڭ نىشانى يەنە بىر دۆلەت، دەپ قارىساق، ئۇ دۆلەتتە چوقۇم سىزگە ياردەملىشىدىغان ئادەم چىقىدۇ. چۈنكى، ھەر بىر جەمئىيەتتە ئاشۇ جەمئىيەتكە قارشى تۇرىدىغان كىشىلەر مەۋجۇت بولىدۇ. يەنى، جىنايەتچىلەر، ئىدېئولوگىيە جەھەتتە دۆلەت سىياسىتىگە قوشۇلمايدىغانلار، ئاگىلىق دۈشمەنلەر، ۋە پسىخولوگىيە جەھەتتە نورمال ئەمەس ئادەملەر بار بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ جەمئىيەتتە سىزنىڭ بىر گۇرۇپپا جاسۇسلىرىڭىزمۇ بار بولىدۇ. ئاشۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شۇغۇللىنىۋاتقان ئىش-ھەرىكەتلەر بار. سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز ئاشۇ ئىش-ھەرىكەتلەرنى ئۆز مەقسىتىڭىزگە ماس كېلىدىغان بىر يۆنىلىشكە توغرىلاپ، ئۇلارنىڭ داۋاملىششىغا كاپالەتلىك قىلىش. بۇ خۇددى يۇقىرىدا تەسۋىرلەنگەن چامباشچىلىق تاكتىكىسى بىلەن ئوخشاش. قىسقىسى، بۇ يەردە سىز ئۆزىڭىزگە دۈشمەن دۆلەتتىكى ھېلىقى بىر توپ كىشىلەرنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى توسمايسىز، ئۇنى توختىتىپ قويمايسىز، بەلكى سىز ئۇلارنى ئۆزىڭىز كۆزلىگەن يۆنىلىشكە توغرىلاپ قويۇپ، ئۇنىڭ داۋاملىششىغا ياردەم قىلىسىز.

دېمەك، ھەر بىر جەمئىيەتتە ئاشۇ جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق قىممەت قارىشى بىلەن قارىمۇ-قارشى مەيدان تۇتىدىغان بىر توپ كىشىلەر بار بولىدۇ. ئاغدۇرمىچىلىقنىڭ ئىرادىسىزلاشتۇرۇش باسقۇچىدا سىز ئاشۇ بىر توپ كىشىلەردىن پايدىلىنىسىز.

ئاغدۇرمىچىلىق يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەنگە ئوخشاش بىر قاتار ساھەلەردە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

دىنىي جەھەتتە، ئاغدۇرمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار رەسمىي دىننىڭ ئورنىغا يالغان دىنلارنى دەسسىتىدۇ. بىر ئۇيۇشقان دىننىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ھەر خىل كىچىك مەزھەپلىرىنى دەسسىتىدۇ. دىنچىلارنىڭ كۆڭلىدىن ھەقىقىي دىننىڭ تەسىرىنى ئاستا-ئاستا يوقىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا دىنغا ئازراق ئوخشاپ كېتىدىغان، ئەمما ھەقىقىي دىندىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىدىغان نەرسىلەرنى قاچىلايدۇ. ھەممە كىشىلەر قوبۇل قىلغان، ۋە كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئورنىغا يالغان تەشكىلاتلارنى دەسسىتىدۇ. كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ھەقىقىي دىنىي

ئېتىقادتىن ئايرىپ، باشقا ھەر خىل كىچىك ۋە يالغان دىنىي ئېتىقادلارغا يۈتكەيدۇ.

مائارىپ جەھەتتە، ئاغدۇرمىچىلار كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە ھەقىقىي تۇردە پايدىلىق، ئۇنۇملۇك ۋە ئەمەلىيەتچان نەرسىلەرنى ئۆگىنىشىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلارغا ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، ۋە چەتئەل تىلى قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتمەي، ئۇنىڭ ئورنىغا «شەھەر ئۇرۇشىنىڭ تارىخى»، «تەبىئىي يېمەكلىكلەر»، «ئائىلە ئىقتىسادى»، ۋە «قوش جىنسلىق كىشىلەر» دېگەنگە ئوخشاش دەرسلەرنى ئۆتىدۇ. قىسقىسى، پەقەتلا سىزنى ئالدىراش قىلىپ تۇرىدىغان، ئەمما ھەقىقىي پايدىلىق بىلىملەرنى ئۆگەتمەيدىغان ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ.

ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەھەتتە، بۇرۇن قۇرۇلۇپ، ئۇزۇن مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئىنستىتۇت ۋە تەشكىلاتلارنىڭ ئورنىغا يالغان ئىنستىتۇت ۋە تەشكىلاتلارنى دەسسىتىدۇ. ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىش ئېلىپ بارىدىغان، جەمئىيەتنىڭ چوڭقۇر ھىمايىسىگە ئېرىشكەن كىشىلەر ۋە تەشكىلاتلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئاغدۇرمىچىلار ئۆزلىرى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان شەخسلەر ۋە تەشكىلاتلارنى دەسسىتىدۇ. قوشنىلار ئارىسىدىكى دوستلۇق ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش تۈزۈلمىسىنىڭ ئورنىغا ئىجتىمائىي ئەمگەكچىلەر ئىنستىتۇتلىرىنى دەسسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاھالىلەر مائاشىنى بۇرۇنقىدەك ئاھالە تەشكىلاتلىرىدىن ئالماي، يۇقىرى دەرىجىلىك بيۇروكراتلاردىن ئالىدىغان بولىدۇ. ئىجتىمائىي ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتلىرى كۆڭۈل بولىدىغىنى سىزنىڭ ئائىلىڭىز ۋە سىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىڭىز بولماستىن، بەلكى، ھۆكۈمەتتىن ئاشۇ تەشكىلات باشلىقلىرىغا كېلىدىغان مائاشقا كاپالەتلىك قىلىش بولىدۇ. بۇ خىلدىكى ئىجتىمائىي ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتلىرىنىڭ قانداق نەتىجىلەرنى يارىتىدىغانلىقى ئازراقمۇ مۇھىم ئەمەس. ئۇلار ھەر خىل ئويۇنلارنى ئويلاپ چىقىپ، ھۆكۈمەتكە ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمەت ئۈچۈن ئەسقاتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىپ تۇرسىلا كۇپايە.

مەمۇرىي باشقۇرۇش ياكى ھوقۇق تۈزۈلمىسى جەھەتتە، ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغىنى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن ھوقۇقدارلار قۇرۇلمىسى بولسا، ئاغدۇرمىچىلار ئۇلارنىڭ ئورنىغا سۈنئىي ھالدا ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن رەھبىرىي قۇرۇلمىلارنى دەسسىتىدۇ. ئۇ قۇرۇلمىدىكى رەھبەرلەرنى ھېچكىم سايلاپ چىققان بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ

مۇتلەق كۆپ قىسمى ئاشۇنداق تەختكە چىقىپ قالغان رەھبەرلەرنى ئازراقمۇ ياخشى كۆرمەيدۇ. ئەمما ئۇلار يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئاشۇنداق كىشلەرنىڭ ئىچىدىكى بىر گۇرۇپپىسى «مېدىيە» ۋە تەيىنلەنگەن باشلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇلارنى كىم سايلىغان؟ ئۇلارنى ھېچكىم سايلىمىغان. ئۇلارنىڭ ھوقۇقى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، ئۇلار سىزنىڭ كۆڭلىڭىزگە ئۆزى خالىغانچە تاجاۋۇز قىلالايدۇ. ئۇلار سىزگە ئۆزلىرى خالىغان ھەر قانداق ئىدىيەلەرنى تاڭالايدۇ. ئاشۇ كىشلەر سىز سايلىغان رەھبەرلەرگە قايسى ئىشلارنى قىلسا بولىدىغانلىقى ۋە قايسى ئىشلارنى قىلسا بولمايدىغانلىقىنى بېكىتىپ بېرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ھەممە ئىشنى بىلىدىغان كىشلەر، دەپ ھېسابلايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۇنداق ئەمەس. قىسقىسى، ئاغدۇرمىچىلار بۇرۇن تاكامۇللىشىپ بولغان رەھبىرىي ئورۇنلارنى تەدرىجىي ھالدا ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا بىر يېڭى ھوقۇق تۈزۈلمىسىنى دەسسىتىدۇ. بۇ يېڭى تۈزۈلمىدە ئىشلەيدىغانلارنىڭ يا ئۆزىنىڭ ھوقۇق ئورنىغا چۇشلۇق سالاھىيىتى يوق، يا ئۇلاردا خەلقنىڭ ھىمايىسى يوق. خەلق ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق ھوقۇق ئورنىنى تۇتۇپ تۇرۇشىنى خالىمايدۇ، ئەمما ئۇلار داۋاملىق ئاشۇنداق ھوقۇقلارنى تۇتۇپ ياشاپ كېتىۋېرىدۇ.

قانۇن-تۈزۈم جەھەتتە، ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن يېڭى كىنولارغا قاراپ باقىدىغان بولساق، ئۇنىڭدا چىقىدىغان ساقچىلار دۆت، داۋاملىق خاپا بولۇپ يۈرىدىغان، پىسخىكىسىدا مەسىلە بار، ۋە گۇمانخور كېلىدۇ. ئەمما جىنايەتچىلەر بولسا ئاق كۆڭۈل، نەشە چېكىدىغان، بىلىكىگە ئاق چېكىملىكنى ئوكۇل قىلىپ سالىدىغان، باشقىلارغا كۆيۈنىدىغان، ۋە ئىجادكارلىققا باي كىشلەر بولۇپ، ئۇلار پەقەت پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئۆزلىرىنى تۆۋەنگە بېسىپ تۇرۇشى تۈپەيلىدىن ھېلىقىدەك ھوسۇلسىز كىشلەرگە ئايلىنىپ قالغان كىشلەر بولۇپ تەسۋىرلىنىدۇ. كىنولاردىكى ساقچىلار چوشقىغا ئوخشاش سېمىز بولۇپ، ئۆز ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلىتىدۇ. ساقچىلار قوغدىماقچى بولۇۋاتقان خەلق ئۇ ساقچىلارنى ئۆچ كۆرىدۇ، ۋە ئۇ ساقچىلارغا ئىشەنمەيدۇ. خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، ئاغدۇرمىچىلار ئۆزلىرى نىشان قىلغان جەمئىيەتنىڭ بۇرۇنقى مۇكەممەل قانۇن-تۈزۈملىرىنى ئاستا-ئاستا ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقىچە بىر نەرسىلەرنى دەسسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جىنايەتچىلەر ئۆزىنى قوغدىغۇچىلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئەمگەكچىلەر مۇناسىۋىتى جەھەتتە، ھېلىقى 15ـ20 يىل ۋاقىت ئىچىدە، ئاغدۇرمىچىلار خىزمەتچىلەر بىلەن كارخانا ئىگىلىرى ئوتتۇرىسىدا بۇرۇن ۋۇجۇدقا كېلىپ، ئۇزۇن مۇددەت داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۆز-ئارا پۈتۈشۈش ياكى كېلىشىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بۇرۇنقىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان بىر تۈزۈمنى ئورنىتىدۇ. مەسىلەن، بۇنىڭدىن 100 يىللار بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەينى ۋاقىتتا ھەقىقىي تۈردە ئىشچىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. ئىشچىلار بىلەن كارخانا ئىگىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پۈتۈشۈش جەريانلىرىدا چوقۇم ئىشچىلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. ئىشچىلارنىڭ خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاش ۋە ئۇلارنىڭ مائاشىنى ئۆستۈرۈشنى ئۆزلىرىنىڭ تۈپ مەقسىتى قىلاتتى. ھازىر ئۇ ئەھۋاللار پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتى. ئىشچىلار مائاشىنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ ئىش تاشلاپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مائاشىنى ئازراق ئۆستۈرەلىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئېرىشكىنى پۇلنىڭ پاخاللىشىش سۈرئىتىگە يېتىشەلمەيدۇ. ھازىر ئوخشىمىغان جايلاردىكى ۋە ئوخشىمىغان كەسپىي ساھەلەردىكى ئىقتىسادلار ئۆز-ئارا گىرەلىشىپ كەتتى. بۇنىڭدىن 100 يىل بۇرۇن بىر ساھەدىكى ئىشچىلار ئىش تاشلىسا، ئۇنىڭ باشقىلارغا ئاساسەن تەسىرى بولمايتتى. ھازىر ئۇنداق ئىش مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر بۈگۈن ئەخلەت يىغىدىغان ئىشچىلار ئىش تاشلايدىغان بولسا، ئەتە كۆپلىگەن شەھەرلەرنىڭ ئىچى سېسىقچىلىققا تولۇپ كېتىدۇ. كانادانىڭ كۇبەك (Quebec) ئۆلكىسىدىكى توك ئىشچىلىرى بىر قېتىم قەھرىتان قىش كۈنلىرى ئىش تاشلاپ، شۇنىڭ بىلەن ئاھالىلەر سوغۇقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتى. ئەمما، بۇ ئىش تاشلاشتىن كېيىن پايدىغا ئېرىشكىنى توك ئىشچىلىرى بولماستىن، ئۇلار تەۋە بولغان ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ باشلىقلىرى بولدى. بۇنداق ئىش تاشلاشلارنىڭ تۈپ مەقسىتى ئىشچىلارنىڭ خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاش بولماستىن، بەلكى مەلۇم بىر ئىدېئولوگىيىنى نامايان قىلىشتىنلا ئىبارەت. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقلىرى ئاشۇنداق ئىش تاشلاش ئارقىلىق كارخانا ئىگىلىرىگە ئۆزىنىڭ كۈچىنى بىر قېتىم كۆرسىتىپ قويىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلار ئىشچىلارنىڭ ئۆزلىرىگە بويسۇنماسلىقىغىمۇ يول قويمايدۇ. ئۇلار ھەممە ئىشچىلاردىن ئۆزلىرىنىڭ كەينىدىن خۇددى بىر توپ قويلاردەك مېڭىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر بەزى ئىشچىلار ئۆزلىرىگە بويسۇنمايدىكەن، ئۇلارنى يوشۇرۇن ھالدا ئۆلتۈرىدۇ، ياكى باشقا ئۇسۇللار بىلەن جازالايدۇ.

يۇقىرىقىدەك ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىگە سوۋېت ئىتتىپاقى بىۋاستە قول تىقىشىمۇ مۇمكىن، بىۋاستە قول تىقماسلىقىمۇ مۇمكىن. ئەمما سوۋېت تەشۋىقات ئورگانلىرى تەبىئىي يۈزلىنىشلەردىن ناھايىتى زور دەرىجىدە پايدىلىنىپ، ئۇلاردىن ئەمەلىي ئۈنۈملەرگە ئېرىشىدۇ. مەسىلەن، سوۋېت ھۆكۈمىتى ئىشچىلار ئويۇشمىسىنىڭ باشلىقلىرىغا پەقەت ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىشلەيدىغان كىشىلەرنىلا تۇرغۇزۇپ، شۇلارنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق ئىشچىلارنى ئۆز ھوقۇقلىرىدىن پۈتۈنلەي بەھرىمانسىز قالدۇرىدۇ.

مەن بۇرۇن KGB دە ئىشلەۋاتقان ۋاقتىمدا، بىز ھەر خىل تەشۋىقات ئىشلىرىنى ئۆزىمىز بىۋاستە ئېلىپ بارمايتتۇق. بەلكى بىز ئىشچىلار ئويۇشمىسى، ئوقۇغۇچىلار ئويۇشمىسى ۋە دىنىي گۇرۇھلارغا ئوخشاش ھەر خىل تەشكىلاتلارنىڭ رەھبىرىي ئورگانلىرىغا ناھايىتى ئىنچىكە پىلانلاش بىلەن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن ھەر خىل تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى كىرگۈزەتتۇق. بۇ ماتېرىياللاردا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ھەقىقىي قانۇنلۇق مەنپەئەتى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى، ۋە باراۋەرلىك قاتارلىقلار سۆزلەنگەن. سابىق ئامېرىكا پرېزىدېنتى بىر قېتىم «بىز ھەممە ئامېرىكىلىقلارنى بارلىق ئىنسانلارنىڭ باراۋەر يارىتىلغانلىقىغا ئىشىندىغان قىلىشىمىز كېرەك»، دېگەن ئىدى. ئەگەر سىز كۇتۇپخانىلارغا بېرىپ، قاتتىق ئىزدىنىپ باقىدىغان بولسىڭىز، مۇنداق بىر ئەھۋالنى بايقايسىز: ئىنجىل ۋە باشقا بارلىق مۇقەددەس دىنىي كىتابلارنىڭ ھېچ قايسىسىدا ئىنسانلارنىڭ باراۋەر يارىتىلغانلىقى ھەققىدە بىرەر ئېغىزمۇ سۆز يوق. بەلكى، ئۇنىڭ ئەكسىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بار. ئۇلاردا «خۇدا سىزنى ئۆزىڭىز قىلغان ئەمەللەرگە ئاساسەن باھالايدۇ»، «سىزنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىڭىز ھەممىدىن مۇھىم»، «سىزنىڭ خۇي-مىجەزلىرىڭىزنىڭ ئارتۇقچىلىقى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ» دېگەندەك گەپلەر بار. ئەمما بىزنىڭ جەمئىيىتىمىز كىشىلەرنىڭ باراۋەرلىكى ئاساسىغا قۇرۇلغان. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق باراۋەرلىك بىر خىل يالغانچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بەزى ئادەملەر بويى ئېگىز، ئەمما دۆت كېلىدۇ. بەزى ئادەملەر پاكار، بېشىدا چېچى يوق، ئەمما ئەقىللىق كېلىدۇ. ئەگەر بىز ھەممە ئادەمنى مەجبۇرى ھالدا باراۋەر قىلماقچى بولىدىكەنمىز، جەمئىيەتنى باراۋەرلىك پىرىنسىپى ئاساسى ئۈستىگە قۇرماقچى بولىدىكەنمىز، ئۇ خۇددى بىر بىنانى بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە سالغان بىلەن ئوخشاش. ئۇ چوقۇم مەلۇم بىر ۋاقىتتا ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەشۋىقاتلىرى كىشىلەرنى «ھەممىڭلار باراۋەر» دېگەن بىر يۆنىلىشكە قارىتىپ ئىتتىرىپ تۇرىدۇ. سىزچە «ئوخشاش پۇرسەتلەرنىڭ ماكانى» دېگەن سۆز توغرىمۇ-ئەمەسمۇ؟ ئەڭ توغرا ياكى ئەڭ ياخشى نىيەتنىڭ ئاستىدىمۇ كىشىلەرنىڭ پۈتۈنلەي باراۋەر بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى تەشۋىقاتلار بىزنى باراۋەرلىككە ئىشىنىشكە ئۈندەيدۇ. ئامېرىكىدا بۇنىڭدىن 100 يىل بۇرۇن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن دېموكراتىيىنى بولسا «باراۋەرسىزلىك» دەپ تەشۋىق قىلىدۇ. ھەقىقىي باراۋەرلىك ئامېرىكىدا مەۋجۇت ئەمەس، سوۋېت ئىتتىپاقىدا مەۋجۇت، دەپ جار سالىدۇ.

بىر دۆلەت كىشىلىرىنىڭ روھىي ھالىتى پۈتۈنلەي ئىرادىسىزلىنىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەندە، ئۇ دۆلەتنىڭ ھېچ قانداق ئىشى يۈرۈمەس بولۇپ قالىدۇ. سىز مەلۇم بىر ئىشنىڭ توغرىلىقى ياكى خاتالىقىنى پەرق ئېتەلمەيسىز. ياخشى ياكى يامانلىقىنى پەرق ئېتەلمەيسىز. ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ ئايرىمىسى مەۋجۇت بولمايدۇ. بەزى چېركاۋلارنىڭ باشلىقلىرىمۇ ئىجتىمائىي ئادالەتپەرۋەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بەزى جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان زوراۋانلىق ئىش-ھەرىكەتلىرىنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ، دەپ سۆزلەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا زوراۋانلىقنى ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ. ئىجتىمائىي ئادالەتپەرۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا زوراۋانلىق قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ.

**پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:**

[1] Yuri Bezmenov: Psychological Warfare Subversion & Control of Western Society (Complete)
https://www.youtube.com/watch?v=5gnpCqsXE8g

[2] Yuri Bezmenov
http://en.wikipedia.org/wiki/Yuri_Bezmenov

(داۋامى بار)

# پسخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ 4 چوڭ قەدەم ـ باسقۇچى

(2 ـ بۆلۈم)

2015 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى

تۆۋەندىكىسى مېنىڭ ئالدىنقى قېتىم تورلارغا چىقارغان «پسخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ 4 چوڭ قەدەم-باسقۇچى» [1] دېگەن ماقالىنىڭ داۋامى. ئالدىنقى ماقالىدە ئاغدۇرمىچىلىقنىڭ بىرىنچى باسقۇچى بولغان «ئىرادىسىزلاندۇرۇش» نى تونۇشتۇردۇم. بۇ ماقالىدە ئاغدۇرمىچىلىقنىڭ قالغان ئۈچ باسقۇچىنى، ۋە ئاغدۇرمىچىلىقتىن ئۆزىنى قوغداش ئۇسۇللىرىنى تونۇشتۇرىمەن. يۇرى بېزمېنوفنىڭ رەسىملىك فىلىم لېكسىيەسى [2] مۇشۇ يازما بىلەن تاماملىنىدۇ.

## 2. مۇقىمسىزلاندۇرۇش

«مۇقىمسىزلاندۇرۇش» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى، سىز دۈشمەن قىلىپ تىكلىگەن دۆلەتتىكى ھەممە مۇناسىۋەتلەرنى، ھەممە ئورۇنلارنى ۋە ھەممە تەشكىلاتلارنى مۇقىمسىزلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ ئىشنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرىسىز؟ سىز ئۇ دۆلەتكە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۇنياغا داڭلىق جاسۇسلۇق ئورگىنى KGB خادىملىرىدىن تەركىب تاپقان بىر قوشۇننى ئەۋەتىپ، كۆۋرۈكلەرنى پارتلاتمايسىز. بۇ ئىشنى ئاشۇ دۆلەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە قىلدۇرىسىز. بۇ باسقۇچتا ئىش ئېلىپ بارىدىغان دائىرە 1 ـ باسقۇچقا قارىغاندا كىچىكرەك بولىدۇ. بۇ باسقۇچتا سىز، بىرىنچىدىن، ئىقتىساد ۋە ئەمگەك مۇناسىۋەتلىرى؛ ئىككىنچىدىن، قانۇن ـ تۈزۈم ۋە ھەربىي قوشۇنلار؛ ئۈچىنچىدىن، مېدىيە ۋە تەشۋىقات ساھەلىرىدە ئىش ئېلىپ بارىسىز.




3-رەسىم: يۇرى بېزمېنوفنىڭ لېكسىيە سۆزلەۋاتقان ۋاقتى.

ئىقتىسادىي جەھەتتە، ئاغدۇرمىچىلار ئۆزىگە دۈشمەن دۆلەتتىكى كېلىشىش جەريانىنىڭ رادىكاللىششىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنداقلا كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى رادىكاللىقنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كىشىلەر نورمال مۇئامىلە قىلىشىپ، ئۆز-ئارا كېلىشىپ بىر ئىشنى ھەل قىلالمايدۇ. ھەممە ئىشتا ئۆز-ئارا سوقۇشمىسا بولمايدىغان بىر ھالەت شەكىللىنىدۇ. بۇرۇندىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر مۇقىمسىزلاندۇرۇلىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇناسىۋىتى مۇقىمسىزلاندۇرۇلۇپ، ئۇلار ئۆز-ئارا سوقۇشىدىغان بولىدۇ. كارخانا ئىگىلىرى بىلەن ئەمگەكچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ رادىكاللىشىدۇ. ئەمگەكچىلەرنىڭ قانۇنلۇق تەلەپلىرىمۇ كارخانا ئىگىلىرى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنمايدۇ. ياپونىيەدە كارخانا خىزمەتچىلىرى بارلىق قارار ئېلىش جەريانىغا قاتنىشىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلاردا باشلىقلار بىلەن سوقۇشۇش زۆرۈرىيىتى مەۋجۇت بولمايدۇ. ئامېرىكىدا ئىشلار بۇنىڭ دەل ئەكسىچە بولۇپ، خىزمەتچىلەر ئىش تاشلاپ، كارخانا ئىگىلىرىگە نارازىلىق بىلدۈرىدىغان ئىشلار كۆپ بولۇپ تۇرىدۇ.

بەزىدە بىر رايوننى ھەربىي ئەسكەرلەر ئارقىلىق باشقۇرۇش ئەھۋالىمۇ كېلىپ چىقىپ، كىشىلەرنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈش ئىشلىرىمۇ يۈز بېرىدۇ.

قانۇن-تۈزۈم جەھەتتە، بۇرۇن كىشىلەر ئۆز ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى تىنچلىق ئاستىدا ئىلمىي يوللار بىلەن ھەل قىلغان بولسا، ئەمدى ھەممە ئىشنى سوتقا يوللاپ، سوتنىڭ ياردىمى بىلەن ھەل قىلىدىغان بولىدۇ. كىشىلەر ئۆز ئىچىدىكى ئەڭ كىچىك زىددىيەتلەرنىمۇ ئۆز-ئارا كېلىشىپ ھەل قىلالماس بولۇپ قالىدۇ. پۈتۈن جەمئىيەت كۆپ قۇتۇپقا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. ئادەملەر، ئادەملەر گۇرۇپپىسى ۋە پۈتۈن جەمئىيەت قۇتۇپلىشىپ كېتىدۇ.

مېدىيەلەر بولسا ئۆزلىرىنى جەمئىيەت بىلەن قارىمۇ-قارشى ئورۇنغا قويۇۋالىدۇ. ئۇلار جەمئىيەتتىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

بۇنىڭدىن 15-20 يىل بۇرۇن مەخسۇس تەربىيىلىنىشكە باشلىغان ھېلىقى بىر توپ كىشىلەر ئەمدى چوڭلار قاتارىغا قوشۇلۇپ، جەمئىيەتتە ھەر خىل رەھبەرلىك ئورۇنلىرىنى ئىگىلەشكە باشلايدۇ، ھەممە پۈتۈن سىياسىي جەريانلارغا قاتنىشىدۇ. ئۇلار جەمئىيەتتە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىدۇ. بەزىدە بۇنداق قالايمىقانچىلىق قان تۆكۈلۈش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىدۇ. مانا بۇ مۇقىمسىزلاندۇرۇش جەريانىدۇر. ھېلىقى 15-20 يىل بۇرۇن مەخسۇس تەربىيىلىنىشكە باشلاپ، ھازىر تەييار بولۇپ بولغان كىشىلەر، ۋە KGB خادىملىرى ئەنە شۇنداق مۇقىمسىزلاندۇرۇش ھەرىكەتلىرىنىڭ لىدېرلىق رولىنى ئوينايدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئامېرىكىغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يېڭىدىن كەلمەيدۇ. ئۇلار ئامېرىكىدا ياشاۋاتقىلى خېلىلا ئۇزۇن بولۇپ قالغان، ھەممە خېلى كۆزگە كۆرۈنۈپ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ بولغان كىشىلەر، شۇنداقلا مەخسۇس تەربىيىلەنگەن يەرلىك كىشىلەر. ئاغدۇرمىچىلىقنىڭ 2-باسقۇچىدا ئەنە شۇ كىشىلەر ئوخشىمىغان كىشىلەرنى ئۆز-ئارا سوقۇشقا سېلىپ، توغرا بىلەن خاتانىڭ سىزىقىنى ئايرىغىلى بولمايدىغان بىر قالايمىقان ھالەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە مۇقىمسىزلىق پەيدا قىلىدۇ.




4-رەسىم: ئاغدۇرمىچىلىقنىڭ 4 چوڭ قەدەم-باسقۇچى.

### 3. كرىزىس پەيدا قىلىش

يۇقىرىقىدەك مۇقىمسىزلىق كۆپىنچە ئەھۋالدا بىۋاستە ھالدا ھەر خىل شەكىلدىكى كرىزىسلارغا ئېلىپ بارىدۇ. سىياسىي قۇرۇلما ۋە ھوقۇق قۇرۇلمىلىرى ئۆزلىرىنىڭ نورمال ۋە قانۇنىي رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆپلىگەن سۇنئىي ئورگانلار، يەنى سايلام بىلەن ئەمەس، ئۆزلۈكىدىن ھوقۇق ئورۇنلىرىغا چىقىۋالغان ئورگانلار مەيدانغا كېلىدۇ. ئەگەر باشقىلار بۇنداق كىشىلەرگە يول قويمايدىكەن، ئۇلار ھوقۇقنى قورال كۈچى بىلەن تارتىۋالىدۇ. مەسىلەن، ئىراننى مىسالغا ئالساق، ئۇ يەردە تۇيۇقسىزلا «ئىنقىلابىي كومىتېتلار» مەيدانغا كەلدى. ئۇ چاغدا ئىراندا بىرەر ئىنقىلاب مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، ئەمما ئىنقىلابىي كومىتېتلار ۋۇجۇدقا كەلدى. بۇنداق كومىتېتلارنىڭ كىشىلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىش، قانۇن چىقىرىش، ۋە سوتچىلىق قىلىش ھوقۇقلىرى بار بولۇپ، مۇشۇنداق ھوقۇقلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ بىر ئورگانغا مەركەزلەشكەن بولىدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى خارۋارد ياكى كالىفورنىيەدىكى بېركېلېي

ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، ئۇلار خۇددى ئۆز دۆلەتلىرىگە قايتىپ، ھەممە ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىۋېتىدىغاندەك بىر قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

كرىزىسنىڭ مەنىسى بىر جەمئىيەت ئۆز-ئۆزىنى ئىدارە قىلىپ مېڭىش ئىقتىدارىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قېلىپ، پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇش، دېگەندىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا بىر جەمئىيەت كرىزىسقا ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئاشۇ جەمئىيەتتىكى ھەممە ئادەملەر بىر قۇتقۇزغۇچى كېلىپ، ئۆزلىرىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى تۆت كۆز بىلەن كۈتىدۇ. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ باقمىسا بولمايدىغان ئائىلىسى بار. شۇڭلاشقا ئۇلار بىرەر مەركىزىي ھۆكۈمەت، ھەتتا بىرەر سوتسىيالىستىك ھۆكۈمەت ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىش تاشلاشلارنى ۋە باشقا قالايمىقانچىلىقلارنى توختىتىپ، تۇرمۇشنى رەتكە چۈشۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۇلار بىرەر كۈچلۈك ئادەمگە، بىرەر كۈچلۈك ھۆكۈمەتكە، ياكى بىرەر لىدېرغا تەلپۈنىدۇ. پۈتۈن ئاھالىلەر قالايمىقانچىلىقلاردىن ھېرىپ ۋە تويۇپ كەتكەنلىكتىن، بىرەر قۇتقۇزغۇچى پەيدا بولۇپ، ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

دەل شۇنداق ۋاقىتتا، يا بىرەر چەت ئەل قوشۇنى كېلىدۇ، يا بىرەر يەرلىك گۇرۇپپا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇلار بىر قۇتقۇزغۇچى قىياپىتىدە پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇنداق 2 ئىشتىن بىرى يۈز بېرىدۇ: ئىچكى ئۇرۇش، ياكى تاجاۋۇزچىلىق. ئىچكى ئۇرۇشنىڭ بىر مىسالى لىۋاندىن ئىبارەت. لىۋاندىكى ئىچكى ئۇرۇشنى پەلەستىن ئازادلىق ئارمىيىسى سۈنئىي ھالدا پەيدا قىلغان. تاجاۋۇزچىلىققا مىسال بولىدىغان دۆلەتلەرمۇ كۆپ. مەسىلەن، ئافغانىستان. بۇ 2 ئىشتىن بىرىنى قىلىپ، ئېرىشىدىغان مەقسەت پۈتۈنلەي ئوخشاش.

## 4. نورماللاشتۇرۇش

كېيىنكى باسقۇچ نورماللاشتۇرۇش. بۇ يەردىكى «نورماللاشتۇرۇش» دېگەن سۆز ئادەمنى مەسخىرە قىلىدىغان بىر سۆز، ئەلۋەتتە. 1968-يىلىدىكى چېخوسلوۋاكىيە بۇنىڭ بىر مىسالى. ئۇ چاغدا شەھەرلەرگە تانكىلار كىرىپ، ھەممە يەرنى ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن سوۋېت تەشۋىقاتلىرى ۋە ئامېرىكىنىڭ «نيۇ يورك دەۋر گېزىتى» قاتارلىق مېدىيەلەر «چېخوسلوۋاكىيە نورماللاشتى»، دەپ خەۋەر قىلدى. بۇ باسقۇچقا كەلگەندە ئۆز-ئۆزىنى ھوقۇق ئورۇنلىرىغا چىقىرىۋالغان كىشى

ھېچ قانداق ئىنقىلابنى كېرەك قىلمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى دەل «مۇقىمسىزلاشتۇرۇش» نىڭ ئەكسى بولىدۇ. يەنى ئۇ قوراللىق كۈچلەردىن پايدىلىنىپ، جەمئىيەتنى تىنچلاندۇرىدۇ ياكى نورماللاشتۇرىدۇ. بۇرۇن قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىشتا باشلامچىلىق رول ئوينىغان ئىجتىمائىي پائالىيەتچىلەر، ئوقۇغۇچىلار، پىروفېسسورلار، ئادۋوكاتلار ۋە باشقىلار يوق قىلىنىدۇ. ئۇلار بەزىدە بۇرۇنقى ئورۇنلىرىدىن ئەمەس، جىسمانىي جەھەتتىنمۇ غايىب قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى تۈگەپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارغا ھېچ بىر ئېھتىياج چۈشمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار مۇشۇنداق تەقدىرگە ئۇچرايدۇ.

يېڭىدىن تەختكە چىققان ھۆكۈمدار ئۆز دۆلىتىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش، خەلقىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ۋە ئۆز غەلىبىسىدىن ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈن، نورماللىققا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. مەسىلەن، 1971-يىلى بېنگالدا دەل مۇشۇنداق بولغان. ئافغانىستاندىمۇ ئاشۇنداق ئىشلار يۈز بەردى. ئۇ يەردە بىر قانچە كىشىلەر ھوقۇق تالىشىپ، بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈشتى. ئافغانىستاندا ئاغدۇرمىچىلىقنىڭ دەسلەپكى 3 باسقۇچى يۈز بېرىپ بولغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى بىر ھەربىي گېنېرالنى ئەۋەتىپ، ئافغانىستاننى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. مۇشۇنداق ئىشلار يۈز بەرگەن يەنە بىر قانچە دۆلەتلەرمۇ بار.

قىسقىسى، بۇ باسقۇچتا ئىنقىلابقا، ئىش تاشلاشقا، ئۇنداق ياكى مۇنداق بىرلەشمە ياكى ئۇيۇشمىلارغا يول قويۇلمايدۇ. پەقەت تىنچلىققا ياكى دېموكراتىيەلىك ئەركىنلىك ۋە «پىرولېتارىياتلىق ئەركىنلىك» لەرگىلا يول قويۇلىدۇ.

## 5. ئاغدۇرمىچىلىقتىن ئۆزىنى قوغداش

بىر يەردە ئاغدۇرمىچىلىق يۈز بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى ئاغدۇرمىچىلىقتىن بۇرۇنقى ھالەتكە ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىنتايىن زور تىرىشچانلىقلارنى تەلەپ قىلىدۇ. ھازىر ئامېرىكا گىرېنادادا ئەسكەر كىرگۈزۈپ، ئۇ يەردە يۈز بەرگەن ئاغدۇرمىچىلىقنىڭ تەسىرىنى تازىلاش يولىدا ئىش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇ يەردە ئاغدۇرمىچىلىق ئەمدىلا يۈز بېرىشكە باشلىغاندا، ئۇنى ھېچكىم توسمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىشلار تەرەققىي قىلىپ، ئاغدۇرمىچىلىقنىڭ ئالدىنقى 4 قەدەم-باسقۇچلىرىنىڭ ھەممىسى يۈز بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئامېرىكا بۇ گۈزەل ئارال دۆلەتكە

تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئۇ يەرنىڭ بۇرۇن ئاللىقاچان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر ھەربىي بازىسىغا ئايلىنىپ بولغانلىقىنى بايقىدى. بۇ قېتىم ئامېرىكا ئۇ يەرگە ئەسكەر كىرگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ 17 نەپەر ئەسكىرىنى قۇربان قىلدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر خىل كەسكىن تەدبىردۇر.

نېمە ئۈچۈن ئامېرىكا گرېنادادا ئاغدۇرمىچىلىق ئىشلىرى يۈز بېرىشتىن بۇرۇنلا ئەسكەر كىرگۈزمەيدۇ؟ ئۇنىڭغا زىيالىيلار قوشۇنى يول قويمايدۇ. چۈنكى ئۇنداق قىلغاندا ئامېرىكا باشقىلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالغان بولۇپ قالىدۇ. ئامېرىكىدىكى زىيالىيلار ئامېرىكىنىڭ باشقىلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىنى خالىمايدۇ. ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقى شۇنداق قىلسا، ئۇنىڭ بىلەن كارى يوق.

ئاغدۇرمىچىلىقنىڭ 4 قەدەم-باسقۇچى يۈز بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى كەينىگە ياندۇرۇشنىڭ بىردىنبىر چارىسى ئاغدۇرمىچىلىق يۈز بەرگەن دۆلەتنىڭ ئىشىغا قوراللىق ئارىلىشىشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا چارە يوق.

ئەگەر ئامېرىكا باشقا دۆلەتلەرگە نىسبەتەن ئاغدۇرمىچىلىقنىڭ «كىرىزىس پەيدا قىلىش» باسقۇچى ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى باسقۇچلىرىدىن كېيىنلا ئىش ئېلىپ بارسا، باشقا دۆلەتلەرگە ھەربىي قوشۇن بىلەن بېسىپ كىرمىسىمۇ بولاتتى. ئەمما ئۇنداق قىلىشقا ئامېرىكىدىكى مېدىيەلەر ۋە لىبېرالىست كۈچلەر يول قويمايدۇ. «ئۇنداق قىلىش ئامېرىكىنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا خىلاپ»، دەپ تۇرۇۋالىدۇ.

ئىرادىسىزلاشتۇرۇش جەريانىنى توسۇپ قېلىش ئۇنچىۋالا تەس ئەمەس. يەنى، تەشۋىقاتلارنى ئىمپورت قىلىشنى پۈتۈنلەي توختىتىش ئارقىلىقلا ئىرادىسىزلاشتۇرۇش جەريانىنى توسۇپ قالغىلى بولىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېزىت ژۇرناللىرىنىڭ ئامېرىكىدا خالىغانچە تارقىتىلىشى، سوۋېت ئىتتىپاقى تېلېۋىزور پروگراممىلىرىنىڭ ئامېرىكا تېلېۋىزورلىرىدا خالىغانچە قويۇلۇشى قاتارلىق ئىشلار پۈتۈنلەي توختىلىشى كېرەك. ئەگەر ئامېرىكا شۇنداق قىلىدىكەن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئانچە كۆڭلىگە ئېلىپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۇلار ئامېرىكىغا تېخىمۇ بەكرەك ھۆرمەت قىلىدۇ. ئەگەر بىر دۆلەت زوراۋانلىققا تايىنىپ ئەمەس، پەقەت ئاكتىپ ھالدا چەت ئەل ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ئۆز دۆلىتىگە ئېقىپ كىرىشىنى توسىدىغانلا بولسا، ئۆز خەلقىنىڭ ئىرادىسىزلاندۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ. مەن ئامېرىكىنىڭ قەدىمكى ياپونلارنىڭ يولىنى تۇتۇشىنى ئۈمىد

قىلمايمەن. يەنى، ئامېرىكا ئۆزىنىڭ دېڭىز قىرغىقىغا كەلگەن چەتئەللىكلەرنى ئېتىپ تاشلىمىسىمۇ بولىدۇ. ئەمما، باشقىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەخلەت ماللىرىنى پارقىراق بىر نەرسە قىلىپ كۆرسىتىپ، ئامېرىكىلىقلارغا زورلىغاندا، ئامېرىكىلىقلار «ياق، بىزگە ئۆزىمىزنىڭ ئەخلەت ماللىرى يېتىپ ئاشىدۇ»، دېيىشى كېرەك.

ئەگەر ئىرادىسىزلاشتۇرۇش يۈز بېرىشتىن بۇرۇن، بىر جەمئىيەت يېتەرلىك دەرىجىدە يۇقىرى ئاڭغا، باتۇرلۇققا ۋە كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە بولۇپ، چەت ئەلنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ ئىدىيىسىنىڭ ئۆز جەمئىيىتىگە سىڭىپ كىرىشىنى توسۇپ قالالايدىكەن، ئۇ ھالدا ئاغدۇرمىچىلىقنىڭ بارلىق قەدەم-باسقۇچلىرىدىن ساقلىنىپ قالالايدۇ.

ئاغدۇرمىچىلىقتىن ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ئامېرىكا پايتەختىدىكى بارلىق KGB خادىملىرىنى قوغلاپ چىقىرىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇنىڭ ئەڭ قىيىن ۋە ئەڭ ئاددىي بىر ئۇسۇلى بار. ئۇ بولسىمۇ بارلىق جەمئىيەتلەرنى ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى دىندار جەمئىيەتلىك ھالىتىگە قايتۇرۇپ ئاپىرىشتىن ئىبارەت. بۇ سىز قول بىلەن تۇتالمايدىغان، ئاغزىڭىز ئارقىلىق يېيەلمەيدىغان، ياكى ئۆزىڭىزنىڭ ئىچىگە سالالمايدىغان بىر ئىش. ئەمما ئۇ جەمئىيەتنى يۈكسەلدۈرەلەيدۇ، ھەممە جەمئىيەتنى ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىنى ساقلاپ ماڭدۇرالايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدا بىر كومپيۇتېر مۇتەخەسسىسى بار بولۇپ، ئۇ دىندار ئەمەس ئىدى. ئەمما ئۇ سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ تارىخى ئۈستىدە ئىنتايىن چوڭقۇر ئىلمىي تەتقىقاتلار ئېلىپ بارغان. ئۇ بىر مەركەزلەشكەن ئىقتىسادىي تۈزۈلمىگە ئىگە، ھەممە پىرامىدا شەكلىدىكى ھوقۇق قۇرۇلمىسىغا ئىگە دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىنى سوتسىيالىستىك ياكى كوممۇنىستىك دۆلەتلەر، دەپ ئاتىغان. شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇ مۇنداق بىر نەرسىنى ئوتتۇرىغا قويغان: قەدىمكى ھىندىستان رايونلىرى، مىسىر، مايا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر قىسىم قەدىمكى ئەللەر ئۆز دىنلىرىنى يوقىتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئۆز دۆلەت ياكى مىللەتلىرىنىمۇ پۈتۈنلەي يوقاتقان. بۇ بىر ئاددىي جەريان بولۇپ، ئاشۇ دۆلەت ياكى مىللەتلەر دىنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنلا پۈتۈنلەي پارچىلىنىپ كەتكەن. ھازىرقى زامان ئىلغار تېخنىكىلىرى بىر جەمئىيەتنى پارچىلىنىپ يوقاپ كېتىشتىن ساقلاپ قالالمايدۇ. دۇنيادا «ئىككىگە ئىككىنى كۆپەيتسە تۆت بولىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش ھەقىقەتلەر ئۈچۈن ئۆز جېنىنى قۇربان قىلىشنى خالايدىغان بىرەر ئادەمنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئەمما خۇدا ئۈچۈن

ئۆزىنىڭ جېنى، ئەركىنلىكى، باياشاتلىق تۇرمۇشى ۋە باشقا بارلىق نەرسىلىرىنى قۇربان قىلىشنى خالايدىغان كىشلەر مىليونلاپ تېپىلدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى يىغىۋېلىش لاگېرىدىكى بىر قىسىم دىندار كىشىلەر ئۆلدى. ئۆزلىرىنى شەرەپلىك ھېس قىلىپ تۇرۇپ، جىمجىت ھالدا ئۆلدى. ئۇلار باشقىلارغا ئوخشاش ئىستالىنىنىڭ ئانچە ئۇزۇن ياشىمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، «ئىستالىن مەڭگۈ ياشىسۇن» دەپ شوئار توۋلاپ تۇرۇپ ئۆلمىدى. دىن دېگەن بىر خىل ماتېرىيال ئەمەس، ئەمما ئۇ جەمئىيەتنى يۇرۇشتۇرەلەيدۇ، ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۆزىنى ساقلاپ مېڭىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالايدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئەگەر بىز «ئىككىگە ئىككىنى كۆپەيتسە تۆت بولىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش بىر ھەقىقەتنى ئۆزىمىزنىڭ ياشاش پىرىنسىپى ياكى ئۆزىمىزنىڭ ھاياتىي يېتەكچىسى قىلىدىكەنمىز، بىز شۇ چاغدىلا ھالاك بولىمىز. گەرچە يۇقىرىدىكى «ئىككىگە ئىككىنى كۆپەيتسە تۆت بولىدۇ» دېگەن بايان بىر ھەقىقەت بولۇپ، دىننى بىز ئىسپاتلاپ بېرەلمىسەكمۇ، ئەمەلىيەت دەل بىز يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك بولىدۇ.


دېمەك، ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى ئاغدۇرمىچىلىقتىن ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش ئۇسۇلى ئىنتايىن ئاددىي. سىز كىشىلەرنى ملتىق بىلەن ئاتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. باشقىلارنىڭ قوماندانلىق مەركەزلىرىنى باشقۇرۇلىدىغان بومبىلار بىلەن بومباردىمان قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. سىزدە پەقەت بىر خىل ئېتىقاد بولسىلا كۇپايە. ئەگەر سىزدە ئېتىقاد بولىدىكەن، باشقىلار سىزگە ئاغدۇرمىچىلىق قىلالمايدۇ. سىز باشقىلار ئېلىپ بارغان ئاغدۇرمىچىلىقنىڭ قۇربانى بولۇپ قالمايسىز. جۇدو تېخنىكىسى بويىچە قارىغاندا، ئەگەر سىز باشقا بىرسىنىڭ يۈزىگە بىر مۇشت ئاتىدىكەنسىز، ئۇ كىشى يۈزىنى بىر ياققا ئېلىۋېلىپ، سىزنىڭ بىلىكىڭىزنى تۇتۇۋالىدۇ. شۇڭلاشقا باشقىلارغا مۇشت ئاتماي، ئۆزىڭىزنى سىزدىكى روھىي كۈچ ۋە ئەخلاقىي ئۈستۈنلۈك بىلەن قوغداڭ. ئەگەر سىزدە ئۇنداق كۈچ يوق بولىدىكەن، ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئۇنى يېتىلدۈرۈڭ. ئاغدۇرمىچىلىقتىن ئۆزىنى قوغداشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى ئەنە شۇ.

## 6. ئاخىرقى سۆز

مەن 1965-يىلى باشلانغۇچ 1-يىللىقتا ئوقۇشنى باشلىغان بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىنكى 10 يىل جەريانىدا يۇرتىمىزدا يۈز بەرگەن «مەدەنىيەت

زور ئىنقىلابى» نىڭ ھەر خىل ھادىسىلىرىنى بىۋاستە كۆرگەن، ھەمدە ئۇنىڭ تەسىرىگە بىۋاستە ئۇچرىغان ئىدىم. بولۇپمۇ ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلارنى كۈرەش قىلىش ئىشلىرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغان، ھەمدە ئوقۇتقۇچىلارغا قىلىنغان ناھەقچىلىك كاللامدىن ئۆتمەي، ئىزچىل تۈردە بەزىدە ئاشكارا بەزىدە يوشۇرۇن ھالەتتە ئوقۇتقۇچىلار تەرەپتە تۇرغان ئىدىم. ئوقۇتقۇچىلار ئۆتكەن دەرسلەرنى يالغۇز مەنلا ئاڭلاۋاتقانغا ئوخشايدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلگەن ئىدى. «ئىشكىنى ئېچىپ قويۇپ مەكتەپ باشقۇرۇش» سىياسىتىنىڭ تەسىرىدە، تولۇقسىزنىڭ 3-يىللىقىدىن باشلاپ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگۈچە ئاساسەن كەسپىي دەرسلەرنى ئوقۇماي، ئۆز ۋاقتىمىزنى زاۋۇت، يېزا ۋە مەكتەپنىڭ يېزا-ئىگىلىك مەيدانلىرىدا ئۆتكۈزگەن ئىدۇق. مەن مەزكۇر لېكسىيەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا يۈز بەرگەن ئەھۋاللار مۇشۇ لېكسىيەدە بايان قىلىنغان «ئاغدۇرمىچىلىقنىڭ 4 چوڭ قەدەم-باسقۇچى» بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇ ئۇسۇللار ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كۆچۈرۈپ ئەكىرىلگەنمۇ-ئەمەسمۇ، مەن ئۇنى بىلمەيمەن. ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر دىيارىدا يۈز بەرگەن ئەھۋاللاردىن مەن دېمەتلىك ۋە مەندىن يېشى چوڭ ئاتا-ئانىلار ناھايىتى ياخشى خەۋەردار بولۇپ، مەن ئاشۇ ئاتا-ئانىلاردىن مەزكۇر ماقالىنى ئوقۇغاندا، شۇ ۋاقىتتىكى ئىشلارنى ئۆزلىرىنىڭ بالىلىرىغا ئازراق سۆزلەپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مېنىڭچە شۇنداق قىلىشنىڭ مەزكۇر ماقالىنىڭ مەزمۇنىنى ياخشى چۈشىنىشىلىشقا زور پايدىسى بار.

مەن ئۆزۈم بۇرۇن تەييارلىغان يەھۇدىيلار ۋە ياپونلار ھەققىدىكى 4 پارچە ماقالىدە ئېتىقادنىڭ رولى ھەققىدە خېلى كۆپ توختالغان ئىدىم. يۇرى بېزمېنوفنىڭ لېكسىيەسىدىكى بىر قىسىم مەزمۇنلار مەن بۇرۇن بايان قىلغان ئېتىقادنىڭ رولى ھەققىدىكى مەزمۇنلار بىلەن ناھايىتى ئوبدان ماسلىشىدىكەن. شۇڭلاشقا ئوقۇرمەنلەردىن مەزكۇر ماقالىنى ئوقۇغاندا، ئۇنى مەن بۇرۇن بايان قىلغان مەزمۇنلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئويلاپ بېقىشنى سورايمەن.



**THE SUBVERSION PROCESS**

| AREAS | METHODS | RESULTS |
|---|---|---|
| | DEMORALIZATION (15 TO 20 YEARS) | |
| IDEAS | | |
| 1. RELIGION | POLITICIZE, COMMERCIALIZE, ENTERTAINMENT | DEATH WISH |
| 2. EDUCATION | PERMISSIVENESS, RELATIVITY | IGNORANCE |
| 3. MEDIA | MONOPOLIZE, MANIPULATE, DISCREDIT, NON-ISSUES | UNINFORMED MYOPIA |
| 4. CULTURE | FALSE HEROES AND ROLE MODELS | ADDICTIVE FADS, 'MASS' |
| STRUCTURE | | |
| 1. LAW AND ORDER | LEGISLATIVE, NOT MORAL | MISTRUST 'JUSTICE' |
| 2. SOCIAL RELATIONS | RIGHTS VS. OBLIGATIONS | LESS INDIVIDUAL RESPONS. |
| 3. SECURITY | INTELLIGENCE, POLICE, MILITARY | DEFENSELESSNESS |
| 4. INTERNAL POLITICS | PARTY, ANTAGONISMS | DISUNITY |
| 5. FOREIGN | SALT. . . FRIENDS | ISOLATION |
| LIFE | | |
| 1. FAMILY, SOCIETY | BREAK UP | NO LOYALTY (STATE) |
| 2. HEALTH | SPORTS, MEDICARE, JUNK FOOD | ENFEEBLED MASSES |
| 3. RACE | LOWER THE UPPERS, BIBLE? GENETICS VS. ENVIRONMENT | HATRED, DIVISION |
| 4. POPULATION | DE-LAND, URBANIZE | ALIENATION |
| 5. LABOR | UNIONS VS. SOCIETY | VICTIMIZATION |
| | ↓ | |
| | DESTABILIZATION (2 TO 5 YEARS) | |
| 1. POWER STRUGGLE | POPULISM, IRRESPONSIBLE POWER STRUGGLE | BIG BROTHER |
| 2. ECONOMY | DESTRUCTION OF BARGAINING PROCESS | YIELD TO BIG BROTHER |
| 3. SOCIETY FIBER, LAW | GRASS ROOTS PARTICIPATION | MOBOCRACY |
| 4. FOREIGN | ISOLATION, MULTI-NATIONS, AND CENTRAL COMM. | PRESTIGE, BELLIGERENT ENCIRCLEMENT |
| | ↓ | |
| | CRISIS (2 TO 6 MONTHS) | |
| | ↓ | |
| | NORMALIZATION | |

BY TOMAS SCHUMAN

This chart shows the four stages of Soviet ideological subversion: demoralization, destabilization, crisis, and normalization. The methods used by the subverter in the different areas of life produce their desired results in a country that does not resist the subversion process.

5 ـ رەسىم: يۇرى بېزمېنوف ئۆز لېكسىيەسىدە ئىشلەتكەن، ئاغدۇرمىچىلىقنىڭ 4 باسقۇچى ھەققىدىكى بىر ۋاراق ئىنگلىزچە چۈشەندۈرۈش. ئىنگلىزچە بىلىدىغان قېرىنداشلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئۇنى بۇ يەرگە كىرگۈزۈپ قويدۇم. بۇ رەسىمدە كۆرسىتىلىشىچە، ئىرادىسىزلاندۇرۇش 15 ـ 20 يىل، مۇقىمسىزلاندۇرۇش 2 ـ 5 يىل، ۋە كرىزىس پەيدا قىلىش 2 ـ 6 ئاي داۋام قىلىدىكەن.

## پايدىلىنىش ماتېرىيالى:


[1] بىلىمخۇمار: «پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ 4 چوڭ قەدەم ـ باسقۇچى» (1 ـ بۆلۈم)

http://bbs.izdinix.com/thread-63183-1-1.html
http://bbs.bagdax.cn/thread-29236-1-1.html
http://bbs.bozqir.top/forum.php?mod=viewthread&tid=6874

http://bbs.alkuyi.com/thread-50080-1-1.html
http://www.ejdad.com/bbs/forum.php?mod=viewthread&tid=3200
http://www.alganur.cn/mb/forum.php?mod=viewthread&tid=3156

[2] Yuri Bezmenov: Psychological Warfare Subversion & Control of Western Society (Complete)
https://www.youtube.com/watch?v=5gnpCqsXE8g

**(تۈگىدى)**

# پسخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ ئوخشىمىغان تۈرلىرى

2015 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى

مەن ئالدىنقى تۆت پارچە ماقالەمدە بىر دۆلەت يەنە بىر دۆلەت ئۈستىدىن، بىر ھاكىمىيەت يەنە بىر ھاكىمىيەت ئۈستىدىن، ياكى بىر مىللەت يەنە بىر مىللەت ئۈستىدىن ئېلىپ بارىدىغان پسخولوگىيەلىك ئۇرۇش ۋە ئاغدۇرمىچىلىق ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە بەردىم. پسخولوگىيەلىك ئۇرۇش بىر چوڭ پەن بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان كىچىك تارماقلىرى بار. ئۇ تارماقلار ئىشلىتىلگەن تاكتىكىلار ۋە ئۇرۇشنىڭ نىشانلىرى قاتارلىقلارنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. بەزىدە ئوخشىمىغان تارماقلارنىڭ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىش بىر ئاز تەس بولۇپ، ئادەتتە بىر گۇرۇھ كىشلەر يەنە بىر گۇرۇھ كىشلەر ئۈستىدىن پسخولوگىيەلىك ئۇرۇش ئېلىپ بارغاندا، ئاشۇ ئوخشىمىغان تارماقلارنىڭ ھەممىسىدىن ئوخشىمىغان دەرىجىدە پايدىلىنىدۇ. مەن مەزكۇر ماقالىدە ئاشۇنداق ئوخشىمىغان تارماقلارنى قىسقىچە خۇلاسىلەپ ئۆتىمەن. مەقسىتىم، ئوقۇرمەنلەرگە «دۇنيادا مۇنداق ئىشلارمۇ بار» دېگەن نەرسىنى بىلدۈرۈپ قويۇش. ئەسلىدە مەن بۇ قېتىم تونۇشتۇرىدىغان پسخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ ئوخشىمىغان تۈرلىرىنىڭ ھەر بىرىنى تولۇق چۈشەندۈرۈش بىر پارچىدىن ئۇزۇن ماقالە يېزىشنى تەلەپ قىلاتتى. ئەمما مەن يازماقچى بولغان باشقا تېمىلار يەنە خېلى كۆپ بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەتتىكى ئوقۇرمەنلەر بۇنداق تېمىلاردىكى چوڭقۇر ۋە تەپسىلىي مەزمۇنلارغا ئانچە قىزىقىپ كەتمەيدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، مەن پسخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ ئوخشىمىغان تۈرلىرى ھەققىدە ئۇنداق تەپسىلىي توختالمايمەن. ئوقۇرمەنلەر پسخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ ئۆزلىرى قىزىقىدىغان تۈرلىرى ئۈستىدە ئۆز ئالدىغا ئىزدىنىپ، ئۆگىنىش قىلسا بولىدۇ. مەزكۇر ماقالە ئاشۇنداق قېرىنداشلار ئۈچۈن بىر ياخشى «بوسۇغىدىن كىرىش ماتېرىيالى» بولالايدۇ.

تۆۋەندە مەن پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ ئوخشىمىغان تۈرلىرىنى تونۇشتۇرۇشنى باشلايمەن.



1 ـ رەسىم: پسىخولوگىيەلىك ئۇرۇش

## 1. كۆڭۈلنى پروگراممىلاش

بىر قىسىم ئوقۇرمەنلەر «كۆڭۈلنى پروگراممىلاش» نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. يەنى مەن ئۆزۈمنىڭ 2008 ـ يىلى 1 ـ نويابىر كۈنى تورلارغا چىقارغان «ئۇيغۇرلار دۆت ئەمەس، ئەقىللىق» دېگەن ماقالەمدە بۇ ئۇقۇمنى قىسقىچە تونۇشتۇرغان بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك مەزمۇن مۇنداق ئىدى (نەقىل):

**تارىختا ھىندىستاننىڭ ئۇدىپۇر دېگەن يېرىدە مۇنداق بىر ۋەقە بولغان. دۈشمەنلەر بۇ جايغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەرنىڭ پادىشاھىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، بۇ پادىشاھنىڭ «پانناداي» ئىسىملىك بىر خىزمەتچىسى پادىشاھنىڭ ئوغلىنى قۇتقۇزۇپ قالغان. بۇ بالا مۆكۈنۈپ يۈرۈپ چوڭ بولۇپ، ئەڭ ئاخىرى ئاشۇ جايغا پادىشاھ بولغان. ئۇنىڭ نېمىشقا پادىشاھ بولالىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ سىزچە ئاشۇ بالىنىڭ قېنىدا پادىشاھلىق بارمىدۇ؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئۇنىڭ بىر پادىشاھ بولۇپ تەربىيىلىنىپ چىقىشىدىكى سەۋەب، ھېلىقى خىزمەتچى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھەممە كىشىلەر ئۇ بالىغا: «سەن دېگەن بىر شاھزادە. سەن چوقۇم پادىشاھ بولۇشۇڭ كېرەك. دۈشمەنلەر بىزنىڭ پادىشاھلىقىمىزنى تارتىۋالدى. سەن چوڭ بولغاندا ئۇلاردىن چوقۇم ئىنتىقام ئېلىشىڭ ھەممە ئۇلارنى يېڭىشىڭ كېرەك» دەپ تۇرغان.**

ئىنگلىزچىدا «كۆڭۈلنى پروگراممىلاش» دېگەن بىر ئۇقۇم بار. ئۇنى ئىنگلىز تىلىدا «mind programming» دەپ ئاتايدۇ. «mind»نىڭ مەنىسى كۆڭۈل، ئاڭ، نىيەت، ھوش، ئەقىل ۋە خىيال دېگەن سۆزلەرگە يېقىن بولۇپ، «program» دېگەن سۆز پېئىل قىلىپ ئىشلىتىلگەندە، «بىر ئادەمدە بىر خىل خىيالنى تۇرغۇزۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ خىيالىنى تۈزلەپ ياكى ئۆزگەرتىپ، ئۆزىگە كەلگەن ئۇچۇرغا نىسبەتەن بىر خىل ئالاھىدە ئىنكاس قايتۇرىدىغان ياكى بىر خىل ئالاھىدە ئىش تۇتىدىغان قىلىش»

دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، يۇقىرىقى ھېكايىدىكى بالا «سەن پادىشاھ بولسەن» دېگەن گەپنى داۋاملىق ئاڭلاۋېرىپ، ئۇنىڭ كۆڭلى ئاشۇ تەرىقىدە پروگراممىلانغان. نەتىجىدە، ئۇ بالا بىر باشلىق ياكى ھەربىي قوماندان بولۇشنى خالىماي، پەقەتلا بىر پادىشاھ بولۇشنى ئىستىگەن. ھەمدە ئاشۇنداق غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆز جېنىنى قۇربان قىلىشقىمۇ تەييار تۇرغان. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىچىدە بۇنداق مىساللارنى بىلىدىغانلار ناھايىتى كۆپ بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، بۇنىڭ يەنە بىر مىسالى، ئامېرىكىدىكى چوڭ بۇشنىڭ ئوغلى كىچىك بۇشنىڭمۇ پرېزىدېنت بولۇشىدۇر. ئۇيغۇرلار ئىچىدە «باشلىقنىڭ بالىسى باشلىق بولىدۇ»، دېگەن سۆز كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئاشۇنداق بىر ئەمەلىيەتنىڭ بارلىقىغا كېلىشىدىكى تۈپ سەۋەبلەرنىڭ بىرسىمۇ ئاشۇ «كۆڭۈلنى پروگراممىلاش» تىن ئىبارەتتۇر (ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە «ئارقا ئىشىك» 1-ئورۇندا تۇرامدۇ ياكى «كۆڭۈلنى پروگراممىلاش»مۇ؟ بۇ سوئالغا ئۆزىڭىز جاۋاب بېرىپ بېقىڭ.)

ئادەمنىڭ ئەس-ھوشى ئىككى خىل بولىدۇ: ئاساسلىق ھوش ۋە قوشۇمچە ھوش. ئىنگلىزچىدا بۇلار «conscious and sub-conscious» دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەمنىڭ قوشۇمچە ھوشى ئۇنىڭ ئاساسلىق ھوشىنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا بولمايدۇ. ئادەمنىڭ قوشۇمچە ھوشى ئۇنىڭغا قاچىلانغان ئۇچۇرلار ئاساسىدا مۇستەقىل ھالدا ئىش ئېلىپ بارىدۇ. مانا بۇ كۆڭۈلنى پروگراممىلاشنىڭ ئاساسىدۇر. يەنى، «كۆڭۈلنى پروگراممىلاش» دېگىنىمىز، بىر ئادەمنىڭ قوشۇمچە ئەس-ھوشىغا مەلۇم ئۇچۇرلارنى قاچىلاپ، شۇ ئارقىلىق ئاشۇ ئادەمنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى ئۆزگەرتىش ۋە كونترول قىلىش، دېگەنلىكتىن ئىبارەتتۇر.

ئادەمنىڭ ئاساسلىق ئەس-ھوشى بىر «ئىسكىلات باققۇچى» ياكى «ئىسكىلاتچى» غا، قوشۇمچە ئەس-ھوشى بولسا بىر ئىسكىلاتقا ئوخشايدۇ. ئىسكىلاتچىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئەقلى بولمايدۇ. ئۇ ئىسكىلاتقا قاچىلانغان ئۇچۇر ئاساسىدا ئىش ئېلىپ بارىدۇ. «كۆڭۈلنى پروگراممىلاش» دېگەنلىك، ئىسكىلاتچىغا ئۇقتۇرماي تۇرۇپ، ئۇچۇرنى ئىسكىلاتقا كىرگۈزۈپ قويۇش دېگەنلىكتىن ئىبارەتتۇر.

سىز ئۆز-ئۆزىڭىزگە «مەن ئۆگىنىشتە ناھايىتى ياخشى» دېدىڭىز، ئەمما ئىسكىلاتتا باشقا ئادەملەرنىڭ «سەن دۆت، سەن ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايسەن.» دېگەن سۆزلىرى ساقلانغان، دەپ پەرەز قىلايلى. ئىسكىلاتچى سىزنىڭ سۆزىڭىزنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئىسكىلاتتا ساقلانغان يۇقىرىقى سۆزلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ، «بۇ ئۇچۇر خاتا ئىكەن»، دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ يېڭى، ئىجابىي ئۇچۇرنى ئىسكىلاتقا ئەكىرىپ قويماي، ئۇنى تاشلىۋېتىدۇ. مانا بۇ بىر ئادەمنىڭ ئىدىيىسىنى ۋە ئىش-ھەرىكىتىنى ئۆزگەرتىشتىكى ئەڭ تۈپ قىيىنچىلىقتىن ئىبارەتتۇر.

يۇقىرىقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تارىخىي ھېكايىلەر شۇنى كۆرسىتىدۇكى، كىشىلەر ۋە بىر جەمئىيەت سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى پروگراممىلىيالايدۇ. يۇقىرىقى

**شاھزادە بىلەن قارمۇ-قارشى ھالدا، بىز ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان «ئۇنداق قىلما... تەۋەككۈلچىلىك قىلما... ساراڭلىق قىلما... سەن دۆت. ... سېنىڭ قولۇڭدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ...» دېگەندەك خاتا ئۇچۇرلار بىلەن پروگراممىلىنىپ كەلدۇق. بۇ خىل ئەھۋالنىڭ بىر ئادەم ۋە بىر مىللەتكە ئېلىپ كېلىدىغان يامان ئاقىۋىتىنى بىر تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ.**

**ھازىر ئىنسانلار تارىخىدا تۇنجى قېتىم سىزنىڭ ئۆز كۆڭلىڭىزنى توغرا يۆنىلىشتە پروگراممىلىشىڭىزنى ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىدىغان كۈچلۈك تېخنىكىلار ۋۇجۇدقا كەلدى. بۇ تېخنىكىلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ قوشۇمچە ئەس-ھۇشىڭىزغا بۆسۈپ كىرىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە ئاساسلىق ئەس-ھۇشقا ئۇقتۇرماي تۇرۇپ ئۇچۇر قاچىلايدۇ. سىزنىڭ قوشۇمچە ئەس-ھۇشىڭىزدىن ئىبارەت بۇ «ئىسكىلاتىڭىز» غا ھەر كۈنى نۇرغۇن ئۇچۇرلار كىرگۈزۈلۈۋاتىدۇ. ئۇلار قانداق ئۇچۇرلار؟ ئۇلار سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى قايسى يۆنىلىشتە پروگراممىلايدۇ؟ بىر دەم كۆزىڭىزنى يۇمۇپ جىم ئولتۇرۇپ، مۇشۇ سوئاللار ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىڭ. (نەقىل تۈگىدى)**

## 2. كۆڭۈلنى كونترول قىلىش

كۆڭۈلنى كونترول قىلىش «سۆز بىلەن قايىل قىلىش» ۋە «تەسىر كۆرسىتىش» كاتېگورىيەسىگە كىرىدىغان بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەقىدىسى ياكى ئىدىيىسى بىلەن ئىش-ھەرىكىتىنى ياكى ئىپادىسىنى قانداق ئۆزگەرتىشنى مەزمۇن قىلغان بولىدۇ. «تەسىر كۆرسىتىش» نىڭ ئۆزىمۇ بىر پەن بولۇپ، مەن يېقىندا مۇشۇ پەن ھەققىدە ئىككى كۈن دەرس ئالدىم. ئۇنىڭ مەزمۇنىنى مەن كېيىنچە ئايرىم تونۇشتۇرىمەن.

تەسىر كۆرسىتىشنىڭ دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ بىر قۇتۇبىدا كىشىلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ھوقۇقلىرىغا ھۆرمەت قىلىدىغان ئەخلاقلىق ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر تەسىر كۆرسىتىشلەر بار. مېنىڭ يېقىندا ئوقۇغىنىم ئەنە شۇ جەھەتتىكى تەسىر كۆرسەتكۈچىلەر ھەققىدە. تەسىر كۆرسىتىشنىڭ يەنە بىر قۇتۇبىدا بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە تەسىر كۆرسىتىش بار بولۇپ، ئۇنىڭ مەقسىتى كىشىلەرنىڭ كىملىكىنى، مۇستەقىللىقىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ تەنقىدىي ياكى لوگىكىلىق ئويلاش قابىلىيىتىنى ۋەيران قىلىپ يوقىتىش بولىدۇ. بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە خۇراپات گۇرۇھلار ۋە مەزھەپلەرنىڭ يېتەكچىلىرى قىلىدىغان ئىشلار ئەنە شۇنداق تەسىر كۆرسەتكۈچىلەرگە كىرىدۇ. ئۇنداق گۇرۇھلارنىڭ ئۆزگەرتكۈچىلىرى ئالدامچىلىق ۋە كۆڭۈلنى كونترول قىلىش تاكتىكىلىرىنى

قوللىنىپ، ئەزالىرىنىڭ ئاجىزلىقلىرى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجلىرى ۋە ئارزۇلىرىنى قاندۇرىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئىككى قۇتۇبنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدىغان كۆڭۈلنى كونترول قىلىش ئىشلىرى ناھايىتى كۆپ. ئۇنىڭ بىرى بىر گۇرۇھ كىشىلەر ياكى دائىرىلەر بىر تەسىر كۆرستىش سىستېمىسى ئارقىلىق بىر ئادەمنى ئۇنىڭ كىملىكىدىن ئىبارەت ئەڭ يادرولۇق يېرىدىن باشلاپ پۈتۈنلەي بۇزۇپ، يەنى ئۇنىڭ قىممەت قارىشى، ئەقىدىسى، ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرى، قارارلىرى، ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرى قاتارلىقلارنى پۈتۈنلەي بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭدا بىر ياسالما كىملىك ياكى ياسالما كىشىلىك خاراكتېرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ.

بەزىلەرنىڭ قارىشىچە كۆڭۈلنى كونترول قىلىش دېگىنىمىز بىر ھۆكۈمەتنىڭ خادىملىرى ياكى ئورۇنلىرىنىڭ شەخسىيلەرنى ياكى بىر كوللېكتىپنىڭ تاللاش ۋە ئىش-ھەرىكەت ئەركىنلىكىنى كونترول قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسى، بىرەر ئىشنى قىلىشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى، يېقىنلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئىشلارنى چۈشىنىش ئىقتىدارى ۋە ئىش-ھەرىكەت نەتىجىلىرىنى ئۆزگەرتىش ياكى بۇزۇۋېتىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ھەممە كىشىنىڭ ئاشۇنداق بىر جەرياننىڭ ئوبيېكتى بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى بار بولىدۇ.

باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى كونترول قىلغۇچىلار سۆزلەرنى ۋە گۇرۇپپا بېسىمىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆز ئەزالىرىنى ئۆزگە تايانمىسا بولمايدىغان قىلىپ قويۇپ، ئاندىن ئۆز ئەزالىرىنىڭ ھەر خىل ئىشلاردىكى قارارلىرىنى ئۆزگەرتكۈچىلەر ئۆزلىرى چىقىرىپ بېرىدۇ. ئەمما ئۇ ئۆزگەرتكۈچىلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولسا ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇنداق كونترول قىلىنىۋاتقانلىقىنى سەزمەي، ئۆزلىرىنى مۇستەقىل ئىش ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋە ئۆز ئىشلىرى توغرىسىدا ئۆزلىرى قارار چىقىرىدىغان ئەركىنلىككە ئىگە كىشىلەر، دەپ ھېسابلايدۇ. يەنى، كۆڭلىنىڭ كونترول قىلىنىشىغا دۇچ كەلگەن كىشىلەر ئۆزلىرى قوبۇل قىلىۋاتقان تەسىرلەرنى ۋە ئۇلار ئۆزلىرىدە كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى سەزمەيدۇ [1].

كۆڭۈلنى كونترول قىلىش ئۇزۇن مۇددەت ئىچىدە، ئوبيېكتلارغا تۇيدۇرماي، ئاز-ئازدىن ئېلىپ بارىدىغان ئىش بولۇپ، كۆڭلى كونترول قىلىنىۋاتقان كىشىلەر ئاشۇنداق بىر ئىشنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى ئاساسەن سەزمەيدۇ. بۇ جەريانغا كېتىدىغان ۋاقىتنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىشلىتىلگەن

ئۇسۇل، ئاشۇ ئۇسۇلنىڭ ئىشقا سېلىنىش مۇددىتى ۋە باشقا ئىجتىمائىي ۋە كىشىلىك ئامىللارغا باغلىق بولىدۇ. كۆڭۈلنى كونترول قىلىشتا مەلۇم كۈچلەر ئىشقا سېلىنىدىغان بولۇپ، ئۇلار بەزىدە جىسمانىي كۈچ، بەزىدە بولسا ئۇنداق ئەمەس بولىدۇ. ئەمما ئۇ كۈچلەر چوقۇم پسىخولوگىيەلىك كۈچ، ئىجتىمائىي كۈچ ۋە ئىجتىمائىي بېسىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كۆڭۈلنى كونترول قىلغۇچىلار بەزىدە ئۆز قىلمىشلىرىنى نىقابلاش ئۈچۈن «ھېچكىم سېنىڭ بېشىڭغا ناگان تەڭلىمىدى»، دەيدۇ. كۆڭۈلنى كونترول قىلىش ئىشىدىن بىخەۋەر كىشىلەر بۇنداق سۆزگە رەددىيە بېرەلمەيدۇ. ئۇنداق كىشىلەر «ئۆز قارارلىرىمنى مەن ئۆزۈم چىقاردىم، ئۇنى ماڭا باشقا بىرى چىقىرىپ بەرمىدى»، دەپ ئويلايدۇ. بىز ئۆزىمىز چىقارغان قارارلار ناھايىتى كۈچلۈك ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرى بەك ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان بولغاچقا، كۆڭۈلنى كونترول قىلغۇچىلار يۇقىرىقىدەك سۆزلەر بىلەن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارغا ئۆزىنىڭ قارارىنى ئۆزى چىقارغان تۇيغۇنى بېرىشكە ئەڭ زور دەرىجىدە تىرىشىدۇ.

## 3. مېڭىنى يۇيۇش

«جىنايەتچى» ياكى ئۇرۇش ئەسىرى بولۇپ قېلىپ تۈرمىگە كىرىپ، تۈرمىدە بىر مەزگىل ياشاپ چىققان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى تۈرمىدىكى ۋاقتىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى «مېڭىنى يۇيۇش» جەريانىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ. شۇڭا ئۇلار كۆپىنچە ھاللاردا تۈرمىدىن باشقا بىر ئادەم بولۇپ، ياكى تۈرمىگە كىرىشتىن بۇرۇنقىغا قەتئىيلا ئوخشىمايدىغان بىر ئادەم بولۇپ چىقىدۇ.

«مېڭىنى يۇيۇش» بىلەن «كۆڭۈلنى كونترول قىلىش» بىر ئاز ئوخشىشىپ كېتىدىغان بولۇپ، بەزىلەرنىڭ قارىشىچە بۇ ئىككىسىنىڭ بىر پەرقى، مېڭىنى يۇيۇش جەريانىغا دۇچ كەلگەن كىشىلەر ئۆزىنىڭ مېڭىسىنى يۇيۇۋاتقان تەرەپنىڭ بىر «دۈشمەن» ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇرۇش ئەسىرلىرى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش-قالالماسلىقى ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيە سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىش ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇلار ئادەتتە قىلمايدىغان ئىشلارنى جىسمانىي كۈچنىڭ بېسىمى بىلەن مەجبۇرى قىلىدۇ. ئەمما بۇنداق ئادەملەر دۈشمەن قولىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن مېڭىنى يۇيۇش جەريانلىرىنىڭ تەسىرىمۇ يوقاپ كېتىدۇ.

كۆڭۈلنى كونترول قىلىش جەريانى ئۇزۇن ۋە مۇرەككەپ بولىدۇ. كۆڭلى كونترول قىلىنغۇچىلار (ياكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار) كۆڭۈلنى كونترول قىلغۇچىلارنى ئۆزلىرىنىڭ دوستى ياكى مۇئەللىمى دەپ ھېسابلايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇنداق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلمايدۇ. بەزىلىرى بولسا «كونترول قىلغۇچىلارنىڭ ئاشۇنداق قىلىشىدا مەلۇم سەۋەب بار»، دەپ قاراپ، ئاشۇنداق جەريانغا ئۆز رازىلىقى بىلەن قاتنىشىپ، كونترول قىلغۇچىغا بەزى خۇسۇسىي ئۇچۇرلارنى بېرىدۇ. كونترول قىلغۇچى بولسا ئۇنداق ئۇچۇرلاردىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارغا تېخىمۇ زور زىيان يەتكۈزىدىغان تەرىقىدە پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى كونترول قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭۈلنى كونترول قىلىش مېڭىنى يۇيۇش ياكى جىسمانىي جەھەتتىن مەجبۇرلاشقا قارىغاندا تېخىمۇ خەتەرلىك بولىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، كۆڭۈلنى كونترول قىلىش قىيناش، جىسمانىي جەھەتتىن خارلاش ۋە دورا يېگۈزۈشكە قارىغاندا تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈم بېرەلەيدۇ. ئۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، مەجبۇرلاش باشقىلارنىڭ ئىپادىسىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، ئەمما مەجبۇرى قايىل قىلىش ياكى كۆڭۈلنى كونترول قىلىش بولسا باشقىلارنىڭ پوزىتسىيىسى بىلەن ئىش-ھەرىكىتىنىڭ ھەر ئىككىسىنى ئۆزگەرتىدۇ. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارمۇ كۆڭۈلنى كونترول قىلىش ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق، دەپ ئويلاپ، ئۇ جەريانغا خۇشاللىق ۋە ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىدۇ [1].

## 4. خۇراپاتلىق ئارقىلىق كۆڭۈلنى كونترول قىلىش

مەن يۇقىرىدا ئادەتتىكى كۆڭۈلنى كونترول قىلىش ئۇقۇمى ئۈستىدە ئازراق چۈشەنچە بەردىم. ئۇنىڭدىن باشقا «خۇراپاتلىق ئارقىلىق كۆڭۈلنى كونترول قىلىش» دېگەن يەنە بىر ئۇقۇممۇ بار بولۇپ، بۇ ھەقتە يېزىلغان ئىنگلىزچە كىتابلار ئاز ئەمەس. ئۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، گەرچە ئۇيغۇرلاردا «خۇراپات گۇرۇھلار» غا كىرىدىغان تەشكىلاتلار ئاساسەن مەۋجۇت بولمىسىمۇ، ئامېرىكىدا بار بولغان خۇراپات گۇرۇھلارنىڭ سانى 3000 دىن ئاشىدۇ. يەنى، ئامېرىكا بىر ئەركىن دۆلەت بولغاچقا، ئاشۇنداق خۇراپات گۇرۇھلار ئەركىن ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ. خۇراپات گۇرۇھلار ئىشلىتىدىغان بىر يۈرۈش كۆڭۈلنى كونترول قىلىش ئۇسۇللىرى

بار بولۇپ، ئۇ ئۇسۇللارنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنداق گۇرۇھلارغا تەۋە بولمىغان كىشىلەرمۇ ئۇچرىتىپ تۇرىدىغانلىقى بىر پاكىت. شۇڭلاشقا مەن بۇ ھەقتە قىسقىچە توختىلىمەن.

يازغۇچى ستىۋىن ھېسسەن (Steven Hassan) بىر بۇزغۇنچى خۇراپات گۇرۇھنىڭ سابىق ئەزاسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا بىر تۆت نۇقتىلىق كۆڭۈلنى كونترول قىلىش سىستېمىسى بار بولغان. ستىۋىن خۇراپاتلىق ئارقىلىق كۆڭۈلنى كونترول قىلىش ھەققىدە بىر كىتاب يازغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ ئۇسۇلىنى مۇنداق دەپ خۇلاسىلىگەن: خەتەرلىك خۇراپات گۇرۇھلار ئۆز ئەزالىرىنىڭ (1) ئىش-ھەرىكىتى، (2) ھېسسىياتى (3) ئىدىيىسىنى كونترول قىلىش ھەمدە ئۆز ئەزالىرىغا سىرتتىن يېتىپ كېلىدىغان ئۇچۇرلار (بۇ 4-ئامىل) نى قاتتىق كونترول قىلىش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ تەسىر كۈچىنى كۈچەيتىپ، ئۆز ئەزالىرىنىڭ كىملىكىنى ئۆزگەرتىدۇ.

يازغۇچى مارگارېت سىڭگېر (Margaret Singer) ئۆزى يازغان بىر كىتابتا ئۆزىنىڭ ئالتە نۇقتىلىق سىستېمىسىنى تونۇشتۇرىدۇ:

--(1) كىشىلەر ئۆزلىرىنى كونترول قىلىۋاتقان بىر سىستېمىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلمەيدۇ.

--(2) ئۇلارنىڭ ۋاقتى ۋە ياشاش مۇھىتى پۈتۈنلەي كونترول قىلىنىدۇ.

--(3) ئۇلار قورقۇنچاق ۋە باشقىلارغا يۆلەنمىسە ياشىيالمايدىغان كىشىلەرگە ئۆزگەرتىلىدۇ.

--(4) ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە پوزىتسىيىلىرى پۈتۈنلەي باستۇرۇپ قويۇلىدۇ.

--(5) ئۇلاردا يېڭى ئىپادىلەر ۋە يېڭى پوزىتسىيىلەر بەرپا قىلىنىدۇ.

--(6) ئۇلار بىر لوگىكىسى پۈتۈنلەي يوشۇرۇنغان يېڭى ئېتىقادقا ئىشىنىدىغان قىلىنىدۇ.

## 5. روھىي ئىسلاھات

مەن بەزى كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشىش جەريانىدا، بۇنىڭدىن 15-20 يىللار بۇرۇن دۇنيانىڭ بەزى جايلىرىدا بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ يوقىتىۋېتىش ئۈچۈن، ئىنتايىن قاتتىق ۋە مەخپىي

پىلانلاشلار ئارقىلىق «روھىي ئىسلاھات» پروگراممىسىنى باشلانغانلىقىنى ئاڭلىدىم. بۇنداق پروگراممىلار ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ، ئاشۇ ئىشلارنى قىلىدىغانلار بۇ پروگراممىدا ھەتتا يېڭىدىن تۇغۇلىدىغان بوۋاقلارنى قورقۇنچاق ئادەملەردىن بولۇپ تۇغۇلدۇرۇش ئۈچۈن، قورسىقىدا باللىرى بار چاشقان ئۈستىدىمۇ مەخسۇس تەجرىبە-تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارىدىكەن.

قورساقتىكى بالىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنى بىر قورقۇنچاق ئادەم قىلىپ تۇغدۇرۇش بىر قىسىم ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولۇپ، مەن ئۆزۈمنىڭ «بالىڭىزغا توغرا كۆيۈڭ (3)» دېگەن ماقالىسىدە بۇ ھەقتە ئازراق توختالغان ئىدىم (نەقىل):

«بالا ئېلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان بىر جۈپ ياش ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ۋە ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى ئەجدادلىرىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى ئەسلەش ئارقىلىق ئۆز كۆڭۈللىرىنى ساغلام ۋەقەلەر بىلەن روھلاندۇرالايدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ۋاقىتلىق كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن ئەمەس. بەلكى يېڭى توي قىلغان بىر جۈپ ياش بۇ ئىشنى ئۆز ئائىلىسىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان پەرزەنتكە ئېرىشىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ. سىز ئاشۇنداق بىر يىگىت بولسىڭىز، ئايالىڭىزنىڭ قورسىقىدا قالىدىغان بالىنىڭ روھى ساغلام بىر بالا بولۇشىنى ياراتقۇچىمىزدىن تىلەڭ. ئايالىڭىزمۇ شۇنداق قىلسۇن. سىز بۇ ئىشنى ھازىر ئۆز كۆڭلىڭىزدە بىر ياخشى روھىي ھالەت بەرپا قىلىش، ئاندىن كېيىنچە ئۇنى بالىڭىزغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن قىلىسىز.

ھەر قېتىم كۆڭلىڭىز پەرىشان بولغاندا ياكى ھېسسىياتىڭىز بىر خىل شەھۋەتپەرەسلىك، خاپىچىلىق، خام-خىيال ياكى چىرىكلىك بىلەن تولغاندا، جۈپىڭىز بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلماڭ. خاتا كۆڭۈل چوقۇم خاتا نەتىجە پەيدا قىلىدۇ. بۇرۇنقى زامانلاردا كىشىلەردە ئەرنىڭ ياكى ئايالنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە، ئاتا-ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن كۈنلەردە، ئايال ئادەت كۆرگەن ياكى باشقا بىرەر كېسەلگە گىرىپتار بولغان كۈنلەردە جىنسىي مۇناسىۋەت قىلماسلىق قائىدىلىرى مەۋجۇت ئىدى. ئۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، ئۇنداق كۈنلەردە ئەر-ئايال ئىككىيلەننىڭ جىنسىي مۇناسىۋەتكە پۈتۈن زېھنىنى يىغالماسلىقىدۇر. بۇرۇنقى زامانلاردا چوڭلار بۇ قائىدىگە ئالاھىدە دىققەت قىلغان بولۇپ، ئۇنى ھازىرمۇ داۋاملاشتۇرۇشقا تىرىشىشىمىز كېرەك. ئاشۇنداق قىلىش جەمئىيەتنىڭ تېخىمۇ ناچارلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، بىزنى پارلاق ئىستىقبالغىمۇ ئىگە قىلىدۇ.

ئايالنىڭ ھامىلدارلىق مەزگىلى ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى ئۈچۈن بىر ناھايىتىمۇ قىممەتلىك ئىش يۈز بېرىۋاتقان مەزگىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ مەزگىلدە بىر قىسىم قائىدە-تۈزۈم بويىچە ئىش قىلىش كېرەك. ئانىنىڭ بىر ياخشى ۋە ساغلام بەدىنىنىڭ بولۇشى ئۈچۈن مەسلىھەت بېرىش بىر تېببىي

دوختۇرنىڭ مەجبۇرىيىتى. ئانىنىڭ بەدىنى ياخشى ۋە ساغلام بولغاندا، ئۇنىڭ قورسىقىدىكى بالىمۇ ساغلام بولالايدۇ. ئانا بولغان كىشى ئۆزى يەيدىغان يېمەكلىكلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك. چۈنكى قورساق كۆتۈرۈۋاتقان ئايال ئىككى جاننىڭ ھاياتىنى كەچۈرۈۋاتقان بولىدۇ. ئەگەر ئانىنىڭ ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولىدىكەن، ھەر ئىككى جاننىڭ ئىشلىرىمۇ ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. ئەگەر ئانا ئاجىزلايدىكەن، ھەر ئىككى جان ئاجىزلايدۇ.» (نەقىل تۈگىدى) [2]

روھىي ئىسلاھات ساھەسىدە ئەڭ نوپۇزغا ئىگە كىشىلەرنىڭ بىرى ئامېرىكىدىكى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى تېببىي داۋالاش ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى دوكتور روبېرت لىفتون (Robet Lifton) بولۇپ، ئۇ كىشى بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتىنى 1953-يىلى باشلىغان. ئۇ كورېيە ئۇرۇشىدا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قولىغا ئەسىر بولۇپ چۈشۈپ قېلىپ، جۇڭگو تۈرمىسىدە كۆپ يىل يېتىپ، كېيىن قويۇپ بېرىلگەن ئامېرىكا ئەسكەرلىرىدىن 25 كىشى، شۇنداقلا جۇڭگو ئالىي مەكتەپلىرىدە قاتتىق ئىدىيىۋى تەربىيىلەرنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، كېيىن ئامېرىكىغا قېچىپ كەلگەن 15 جۇڭگولۇق بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، شۇ ئاساستا «ئىدىيە ئىسلاھاتى ۋە ھاكىممۇتلەقلىق پسىخولوگىيەسى» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىققان. بۇ كىتاب تۇنجى قېتىم 1961-بېسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر قانچە قېتىم قايتىلاپ نەشر قىلىنغان. ھازىر ئامېرىكىدىكى كۆپلىگەن ئالىي مەكتەپلەر بۇ كىتابنى بىر دەرسلىك سۈپىتىدە ئىشلىتىۋاتىدۇ [3].

دوكتور روبېرت لىفتون ئاشۇ كىتابىتا ئوتتۇرىغا قويغان «ئىدىيە ئىسلاھاتىنىڭ 8 ئۆلچىمى» مۇنداق:

(1) مۇھىتنى كونترول قىلىش: بۇ ئالدى بىلەن بىر ئادەم ياشاۋاتقان مۇھىتتىكى ئۇچۇرلار بىلەن ئالاقىلەرنى كونترول قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئاشۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنى كونترول قىلىشنى، شۇ ئارقىلىق ئۇ ئادەمنى پۈتۈن جەمئىيەتتىن ئايرىۋېتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(2) سىرلىق كونترول قىلىش: ئۆزگەرتكۈچى ئۆزگەرتىلگۈچى بىر ئادەمنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى كونترول قىلىدۇ، ئەمما ئۇ ئۆزگەرتىلگۈچىدە ھېلىقى ئىشلار ئۆزلۈكىدىن يۈز بېرىۋاتقاندەك تۇيغۇنى پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزگەرتكۈچى ئۆزىنى بىر خىل ئىلاھىي نوپۇز، روھىي ئارتۇقچىلىق، بەزى ئالاھىدە ئىقتىدار ياكى بەزى ئالاھىدە تالانتلارغا ئىگە كىشىدەك كۆرسىتىپ، ۋەقەلەرنى، مۇقەددەس كىتابلاردىكى مەزمۇنلارنى، ۋە سەرگۈزەشتىلەرنى ئۆز خاھىشى بويىچە چۈشەندۈرسە ھېلىقى

ئۆزگەرتىلگۈچى شۇ بويىچە قوبۇل قىلىدىغان بىر خىل ئەھۋالنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ.

(3) پاكلىقنى تەلەپ قىلىش: ئۆزگەرتكۈچى ئۆزگەرتىلگۈچىگە بۇ دۇنيانى بىر ناھايىتى ئاددىي نەرسە قىلىپ چۈشەندۈرىدۇ. ھەمدە ئۆزگەرتىلگۈچىنى ئۆزگەرتكۈچىنىڭ ئىدېئولوگىيىسى بويىچە ئىش كۆرۈشكە، شۇ ئارقىلىق «پاكلىق» نى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۈندەيدۇ. ئۆزگەرتكۈچى بۇ يەردە ئۆزگەرتىلگۈچىنى گۇناھكار ۋە نومۇسسىز ئادەم قىلىپ ئەيىبلەشتىن ئىبارەت بىر كونترول قىلىش ئۇسۇلىنى كۆپ قوللىنىدۇ.

(4) ئىقرار قىلدۇرۇش: ئۆزگەرتىلگۈچى ئۆزگەرتكۈچى ئالدىدا «ئۆز گۇناھلىرى» نى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇرلىنىدۇ. ئۆزگەرتىلگۈچىنىڭ دېگەنلىرى باشقىلاردىن مەخپىي تۇتۇلمايدۇ. ئۆزگەرتكۈچىلەر ئۆزگەرتىلگۈچىنىڭ «گۇناھلىرى»، «پوزىتسىيىلىرى «ۋە «خاتالىقلىرى» نى خالىغانچە مۇزاكىرە قىلىدۇ، ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىدۇ.

(5) مۇقەددەس پەن: ئۆزگەرتكۈچى تەۋە بولغان گۇرۇھنىڭ تەلىماتى ياكى ئىدېئولوگىيىسى ھېچقانداق گۇمان قىلىشقا بولمايدىغان دەرىجىدىكى ئەڭ مۇقەددەس ھەقىقەت، دەپ قارىلىدۇ. ئۇ ھەقىقەت ئۆزگەرتكۈچى تەۋە بولغان گۇرۇھنىڭ سىرتىدا تېپىلمايدۇ. ئۆزگەرتكۈچى خۇداغا ياكى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ۋەكىللىك قىلىپ سۆز قىلغۇچى بولۇپ، ئۇ بارلىق تەنقىدلەردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

(6) تىل جەھەتتە ئويۇن ئويناش: ئۆزگەرتكۈچى سۆز-ئىبارىلەرنى سىرتقى دۇنيا چۈشەنمەيدىغان شەكىلدە يېڭىچە چۈشەندۈرىدۇ، ياكى يېڭى ئۇسۇل بويىچە ئىشلىتىدۇ. بۇ ئۇسۇل كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى بوغۇۋېتىدىغان سەپسەتىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ئۇ ئۆزگەرتىلگۈچىنىڭ ئويلاش جەريانىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزگەرتىلگۈچىنى ئۆزگەرتكۈچى ئارزۇ قىلغاندەك ئويلايدىغان قىلىپ قويىدۇ.

(7) ئۆزگەرتىلگۈچىگە قارىتىلغان تەلىمات: ئۆزگەرتىلگۈچىنىڭ شەخسىي سەرگۈزەشتىلىرى مۇقەددەس پەنگە بويسۇندۇرۇلۇپ، مۇقەددەس پەنگە قارىمۇ-قارشى كېلىدىغان سەرگۈزەشتىلەرنىڭ ھەممىسى مەنئى قىلىنىدۇ، ياكى بولمىسا ئۆزگەرتكۈچى تەۋە بولغان گۇرۇھنىڭ ئىدېئولوگىيىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان قىلىپ قايتىدىن چۈشەندۈرۈلىدۇ.

(8) مەۋجۇت بولۇش ھوقۇقىنى تەقسىم قىلىش: ئۆزگەرتكۈچى تەۋە بولغان گۇرۇھنىڭ كىم ياشاپ، كىمنىڭ ياشمايدىغانلىقىنى بەلگىلەيدىغان ھوقۇقى بار بولىدۇ. ئۆزگەرتكۈچى تەۋە بولغان گۇرۇھنىڭ سىرتىدىكى كىشىلەر قۇتقۇزۇلمايدۇ، يەكلەنمەيدۇ، سەزمەس ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ، ۋە ئۆزگەرتكۈچىنىڭ گۇرۇھىنىڭ ئىدېئولوگىيىسى قوبۇل قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر بىر ئۆزگەرتىلگۈچى ئۆزگەرتكۈچى گۇرۇھغا قوشۇلمايدىكەن ياكى ئۇ گۇرۇھنى تەنقىدلەيدىكەن، ئۇ ئۆزگەرتىلگۈچى ئۆزگەرتكۈچىنىڭ گۇرۇھى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلىدۇ. شۇڭلاشقا تاشقى دۇنيانىڭ ھېچ قانداق نوپۇزى بولمايدۇ. ئۆزگەرتكۈچىنىڭ گۇرۇھىدىكى بىرەر ئەزا بۇ گۇرۇھىدىن ئايرىلىپ چىقىپ كېتىدىكەن، ئۇمۇ تاشلىۋېتىلىدۇ.

يۇقىرىدىكى 8 نۇقتىنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى ئىشلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ.

## 6. پسىخولوگىيەلىك تېررورلۇق

بەزى ئەللەر ئۆز خەلقىنى ئىدارە قىلىشتا ئەڭ كۆپ قوللىنىدىغان تاكتىكىلارنىڭ بىرى «پسىخولوگىيەلىك تېررورلۇق» تىن ئىبارەت. بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا، سىز تېررورىزم تاكتىكىسىدىن پايدىلىنىپ، شۇ ۋاقىتتىكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، ياكى ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدە كۆپتۈرۈۋېتىلگەن بىر خىل قورقۇنچلۇق ئاتموسفېرانى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىسىز. ھەر قېتىم بىرەر زوراۋانلىق ۋەقەسى يۈز بەرگەندە، ئۇ ۋەقەنى كەڭ دائىرىدە كۈچەپ تەشۋىق قىلىش پسىخولوگىيەلىك تېررورلۇق ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى بولىدۇ [4].

پسىخولوگىيەلىك تېررورلۇقنى ئۈنۈمگە ئېرىشتۈرۈشنىڭ ھەر خىل ئۇسۇللىرى بار. مەسىلەن، سىز ئېلىپ بارغان تېررورلۇقنىڭ كۆلىمىگە تايىنىش، سىز نىشان قىلغان ئادەملەرنىڭ سىمۋوللۇق ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىش، ۋە ياكى بىرلا ئادەم ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلغان ۋەھشىيلىك. بۇ جەھەتتە سىزنىڭ نېمە ئىش قىلغانلىقىڭىز مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى سىز ئۆزىڭىز قىلغان ئىشنى قانداق تەشۋىق قىلغانلىقىڭىز بولىدۇ. مەسىلەن، ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن كىشىلەرنى ئۈستى ئوچۇق ماشىنىلارغا بېسىپ، ئادەم قايناق كوچىلاردا سازايى قىلىش.

پسخولوگىيەلىك تېررورلۇقتىن ھەقىقىي تېرروررچىلارمۇ كۆپ پايدىلىنىدۇ. مەسىلەن، ھازىرقى ئەڭ ئىشەنچلىك مۆلچەرلەرگە ئاساسلانغاندا، ئىراق ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ سانى 20 مىڭدىن ئاشمايدۇ. ئەمما ئۇلار يۈزگە ماسكا تاقاپ ئۇرۇش قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشلەرنى، ئادەملەرنى مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرگەن كۆرۈشۈشلەرنى، ۋە ئادەملەرنى پىچاق بىلەن بوغۇزلىغان كۆرۈنۈشلەرنى توردا ناھايىتى كۆپ تارقاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى ياخشى بىلمەيدىغان كىشىلەردە ئىراق ئىسلام دۆلىتىنىڭ نەچچە يۈز مىليون ئەسكىرى باردەك، ئۇلار ھازىر پۈتۈن دۇنيانى ئىگىلەپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇ پەيدا قىلدى. پسخولوگىيەلىك ئۇرۇشتا بىر ئادەمنى پىچاق بىلەن بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈش كىشىلەردە بىرەر مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈرگەندەك تەسىر پەيدا قىلىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن 10 ئادەمنى ماشىنىغا بېسىپ سازايى قىلىش 10 مىڭ ئادەمگە ئۆلۈم جازاسى بەرگەندەك تەسىر پەيدا قىلالىشى مۇمكىن. سىز 10 ئادەمگە ئۆلۈم جازاسى بېرىش بىلەن بىر خەلققە ئۇنچىۋالا چوڭ زىيان سالالمايسىز. ئەمما، قورقۇنچلۇق، ۋەھىمە ۋە تېررورلۇق پەيدا قىلىش، شۇ ئارقىلىق ھەممە ئادەملەرنى ئازابلاپ، ئۇلارنى ئىرادىسىزلاندۇرۇش جەھەتتە سىز ناھايىتى يۇقىرى ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيسىز.

### 7. نېرۋا تىلى ئارقىلىق كۆڭۈلنى پروگراممىلاش

نېرۋا تىلى ئارقىلىق كۆڭۈلنى پروگراممىلاش ھازىر دۇنيادا ئەڭ كۆپ تارقالغان كۆڭۈلنى كونترول قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئېلان شىركەتلىرى، سىياسەتچىلەر ۋە تاراتقۇ مۇخبىرلىرى قاتارلىق نۇرغۇن ساھەدىكى كىشىلەر پايدىلىنىدۇ.

نېرۋا تىلى ئارقىلىق كۆڭۈلنى پروگراممىلاش ( Neuro-Linguistic Programming, NLP) ئۇسۇلىنى رىچارد باندلېر (Richard Bandler) بىلەن جون گرىندېر (John Grinder) بىرلىكتە 1970-يىللىرى ئىجاد قىلغان. ئۇ چاغدا باندلېر كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى سانتا كرۇز تارمىقىدا «كومپيۇتېر ئىلمى» كەسپىنىڭ ئاسپىرانتلىق ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، گرىندېر بولسا ئاشۇ مەكتەپتە مۇئاۋىن پروفېسسور ئىدى. ئۇ پروفېسسور بولۇشتىن بۇرۇن ئامېرىكا ئالاھىدە ھەربىي قىسمىنىڭ كاپىتانى بولۇپ ئىشلىگەن. خۇددى «كومپيۇتېر پروگراممىلاش تىلى» بار بولغىنىدەك، بۇ ئىككىيلەن

«پسخولوگىيەلىك پروگراممىلاش تىلى» ئىشلەپ چىقىش يولىدا ئىزدىنىپ، ئاخىرى ھازىرقى «نېرۋا تىلى ئارقىلىق كۆڭۈلنى پروگراممىلاش» ئۇسۇلىنى كەشىپ قىلغان [5].

بۇ ئۇسۇلنى ئىشلەتكەندە، سىز نازۇك مەنىلەرنى كۆپلىگەن قەۋەتلەرگە بولۇپ، ئاندىن ئۇنى ئېغىزچە ياكى يازما تىل بىلەن ئىپادىلەپ، ئەڭ ئاخىرىدا سىز نىشان قىلغان كىشىگە تۇيدۇرماي تۇرۇپ، ئۇ ئۇقۇملارنى نىشان قىلىنغان ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىغا «تەكلىپلەر» شەكلىدە قاچىلايسىز. شۇ ئارقىلىق ئۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى كونترول قىلىسىز.

يۇقىرىدىكى ئۇقۇملار مەن ئۆزۈمنىڭ «غايىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ سىرلىق قانۇنىيىتى» دېگەن ماقالەمدە تونۇشتۇرغان بىر قىسىم ئۇقۇملار بىلەن بىردەك بولۇپ، ئەگەر قىزىقسىڭىز ئاشۇ ماقالىنىمۇ بىر قېتىم ئوقۇپ چىقسىڭىز بولىدۇ.

غەربتىكى ئەللەر يۇقىرىقىدەك پەنلەردە ناھايىتى تەرەققىي قىلىپ كەتتى. بىزنىڭ ئۆيگە پات-پات مال ساتىدىغان كىشىلەر كېلىدىغان بولۇپ، ئۇلارنى ھەيدىۋېتىش ئۈچۈن مەن ھەر قېتىم ئۇلار بىلەن 10-20 مىنۇت ۋاقىت ھەپىلىشىمەن. دەسلىپىدە ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەي، ئۇلارنى ئۆيگە ئەكىرىپ، مەھسۇلاتىنى تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئويدىن ھەيدەپ چىقارسام، ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىسى بىراقلا ئەسكىلىككە ئۆزگىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەن بىر قانچە كۈن ئاچچىق يۇتۇپ كەتكەن ۋاقىتلىرىمۇ بولغان.

نېرۋا تىلى ئارقىلىق كۆڭۈلنى پروگراممىلاش ھازىر بىر رەسمىي پەن بولۇپ، پۈتۈن دۇنيا بويىچە پايدىلىنىۋاتقان بولغاچقا، ئۇ پسخولوگىيەلىك ئۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ بىر كۈچلۈك قورالى بولۇپ قالغانلىقىنى پەرەز قىلماق تەس ئەمەس.

نېرۋا تىلى ئارقىلىق كۆڭۈلنى پروگراممىلاشقا سىز تۆۋەندىكى 10 خىل ئۇسۇل بىلەن تاقابىل تۇرالايسىز (ماقالىنى بەك ئۇزۇن قىلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، مەن پەقەت ئۇ ئۇسۇللارنى قىسقىچىلا تىزىپ چىقىمەن):

--(1) ناھايىتى ئېھتىياتچان بولۇپ، باشقىلارنىڭ سىزنىڭ بەدەن تىلىڭىزنى بىلىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىڭ

--(2) سىزنى كونترول قىلماقچى بولغان ئادەم سىزگە سۆزلەۋاتقاندا، سىز كۆزىڭىزنى رىتىمسىز ھالدا ئۇ ياق بۇ ياقلارغا يۆتكەپ تۇرۇڭ

-(3) سىزنى كونترول قىلماقچى بولغان ئادەمنىڭ سىزنىڭ بىر يېرىڭىزنى تۇتۇشىغا يول قويماڭ
-(4) مۇجمەل سۆزلەرگە نىسبەتەن بەك ئېھتىياتچان بولۇڭ
-(5) ئىچىڭىزدىكى ھەممە گەپلەرنى دەۋېتىشتىن ئېھتىيات قىلىڭ
-(6) تېتىقسىز پاراڭلارغا ئېھتىياتچان بولۇڭ
-(7) يوشۇرۇن مەنىلەرنى بىلىۋېلىشقا تىرىشىڭ
-(8) دىققىتىڭىزنى نېمىگە بېرىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىپ تۇرۇڭ
-(9) ھېچ قانداق ئىشقا ماقۇل بولماڭ
-(10) ئۆزىڭىزدىكى ھېسسىي تۇيغۇغا ئىشىنىڭ

سىزنى كونترول قىلىش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەشۋىقاتلارغا تۆۋەندىكى ئۇسۇل بىلەن تاقابىل تۇرسىڭىز بولىدۇ [6]:

(1) ئۇ تەشۋىقاتنىڭ مەقستى سىزنى كونترول قىلىش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىڭ. پۈتۈن دۇنيا بويىچە بىردىن-بىر قانۇنلۇق ئۇرۇش قورالى تەشۋىقاتتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنى ھۆكۈمەتلەر، شەخسىيلەر ۋە خۇسۇسىي تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسى تىنچلىق دەۋرىدە قوللىنالايدۇ.

(2) تەشۋىقاتنى پاش قىلىڭ. ئەگەر ئىمكانىيىتىڭىز يار بېرىدىكەن، بىرەر تەشۋىقاتچىنى يالغان سۆزلەۋاتقاندا تۇتۇۋالالىسىڭىز، ئۇنى پاش قىلىپ، «بىر ئىشتا يالغانچىلىق قىلغان ئادەم ھەممە ئىشتا يالغانچىلىق قىلىدۇ» دېگەن پرىنسىپ بويىچە ئۇنىڭ نوپۇزىنى يوق قىلىڭ.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:


[1] WHAT IS MIND KONTROL?
http://www.decision-making-confidence.com/mind-kontrol.html

[1] The Science Behind Psychological Warfare
http://cs.stanford.edu/people/eroberts/courses/ww2/projects/psychological-warfare/link3.html

[2] بىلىمخۇمار: «بالىڭىزغا توغرا كۆيۈڭ (3)»

[3] Dr. Robert J. Lifton's Eight Criteria for Thought Reform
http://www.csj.org/studyindex/studymindctr/study_mindctr_lifton.htm

[4] Coping With Psychological Warfare at Home
http://www.webmd.com/mental-health/features/coping-with-psychological-warfare-home

[5] 10 Ways to Protect Yourself From NLP Mind Kontrol
http://ultraculture.org/blog/2014/01/16/nlp-10-ways-protect-mind-kontrol/

[6] How a Free Society Can Protect Itself from Psychological Warfare
http://www.americanthinker.com/articles/2011/08/how_a_free_society_can_protect_itself_from_psychological_warfare.html

**ئالدىنقى 4 ماقالىنىڭ تور ئادرېسلىرى:**

«پىسخولوگىيەلىك ئۇرۇش» ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە
http://bbs.bagdax.cn/thread-28523-1-1.html

تارىختىكى ۋە ھازىرقى پىسخولوگىيەلىك ئۇرۇشلارنىڭ مىساللىرى
http://bbs.bagdax.cn/thread-28726-1-1.html

پىسخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ 4 چوڭ قەدەم-باسقۇچى: 1-بۆلۈم
http://bbs.bagdax.cn/thread-29236-1-1.html

پىسخولوگىيەلىك ئۇرۇشنىڭ 4 چوڭ قەدەم-باسقۇچى: 2-بۆلۈم
http://bbs.bagdax.cn/thread-29313-1-1.html

# «ياپونلارنىڭ مىللىي روھى» دېگەن ماقالىگە قارىتا يېزىلغان بىر يازما

http://www.bagdax.cn دىن «phonon» ئىسىملىك قېرىندىشىمىز يازغان. ئەسلى مەنبەسى: http://bbs.bagdax.cn/thread-22752-3-1.html

**(1)** يەتمەكچى بولغان نىشان تاق بولغاندا «بارلىقىنى ئىشقا سېلىش، دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش» ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. مەسىلەن جەڭ، ئۇرۇش. مەقسەت تاق ھەم ئېنىق، قارشى تەرەپنىڭ كۈچىنى يوقىتىپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش. بۇ جەرياندا سىزنىڭ ئىشلەتكەن ئۇسۇلىڭىز ئانچە مۇھىم ئەمەس. **36** تەدبىرنىڭ ھەممىسىنى ئىشلەتسىڭىز بولىدۇ. ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈش، تەتقىقاتتا نەتىجە يارىتىش ھەممىسىدە بارلىق زېھنىڭىزنى ئىشقا سېلىشىڭىز لازىم. لېكىن بىزلەر ئىنتايىن ئارزۇ قىلغان «روناق تېپىش، يۈكسىلىش، تەرەققىي قىلىش» لار سۆز ئاددىي بولغان بىلەن ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن ئىنتايىن كۆپ. ئادالەتنى تۇرغۇزىمىز، باراۋەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرىمىز، جىنايەتكە زەربە بېرىمىز، چىرىكلىشىشنى توسايمىز، ئاجىزلارنى قوغدايمىز ... ۋەھاكازالار. بۇ نۇقتىلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئارزۇلىرىمىزنىڭ مەزمۇنى، كەم بولسا بولمايدۇ، ھەم چوقۇم تەڭ ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. ئالدى بىلەن كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىرىنچىسىنى قىلىلى، ئاندىن ئىككىنچىسىنى قىلىلى دېگىلى بولمايدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى تۇتقان يول كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىرنەچچە ئىشنى قىلىش بولدى. چوڭ سەكرىدۇق، ئاتوم بومبىسى ياسىدۇق. لېكىن خەلقنىڭ تۇرمۇشىچۇ؟ بۇ خىل يولنى ئىسلاھات باشلانغاندا يەنە باستۇق. ئىقتىساد ئاشتى، مۇھىتچۇ؟ پارىخورلۇقچۇ؟ باي ـ نامرات پەرقىچۇ؟ توردا ئېيتىلغان سۆزلەر بار: «تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىغاندا دۆلىتىمىز يوق بولدى، لېكىن تاغ ـ دەريالىرىمىز بار ئىدى، ئەمدى دۆلىتىمىز بار، ئەكسىچە تاغ ـ دەريالىرىمىز يوق بولدى». مانا ھازىر چاۋشيەن، ئىران خەلقىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن كارى يوق يەنە كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ قورال ياساش يولىدا مېڭىۋاتىدۇ. تەرەققىي قىلىش بىر جاپالىق، مۇرەككەپ جەريان، ئاددىي قىلىپ بىر جۈملە سۆز بىلەنلا شەرھلەپ بولغىلى

بولمايدۇ. ئىللەت تۈزەلسىلا، ئىللەت بولمىسىلا قورساق تويىدىغان، كىيىم پۈتۈن بولىدىغان ئىش يوق. قورساقتا قورساقنىڭ سەۋەبىنى، كىيىمگە كىيىمنىڭ سەۋەبىنى قىلىشىمىز كېرەك. ئىللەت بىلەن تەرەققىيات ئاددىيلا تارازىنىڭ ئىككى تەرىپى ئەمەس. ئىللەت بولمىسىلا تەرەققىي قىلىدىغان، يۈكسىلىدىغان ئىش يوق. ئەگەر ئوخشىتىشقا توغرا كەلسە تەرەققىيات ئۈچۈن ئاكتىپ ئامىل بىلەن پاسسىپ ئامىلنى ئارغامچىنىڭ ئىككى ئۇچىدىكى يۆلىنىشى قارشى كۈچكە ئوخشىتىشقا بولىدۇ. پاسسىپ كۈچ نۆل ھالەتتە ئاكتىپ كۈچمۇ نۆل بولسا تەرەققىياتنىڭ تېزلىنىشى نۆل، تىنچ ھازىرقى ھالەت ساقلىنىدۇ. ئەكسىچە پاسسىپ كۈچ نۆل بولمىسىمۇ، قىممىتى خېلى چوڭ بولسىمۇ، ئاكتىپ كۈچ ھامان پاسسىپ كۈچتىن چوڭ بولىدىكەن، بىزدە ئۈمىد بار، تەرەققىي قىلىشىمىز، يۈكسىلىشىمىز پەقەت ۋاقىت مەسىلىسى. بۇ ماقالىدە ھەم ئالدىنقى ماقالىدە تىلغان ئېلىنغان ياپونلاردىكى، يەھۇدىيلاردىكى بىزنىڭ ئۆلچىمىمىزدە سەت، ئىللەت، ناچار بىلىنگەن ئىشلار ئۇلارنىڭ ئاكتىپ كۈچلىرىنىڭ ئالدىدا ھېچنېمە ئەمەس. «قانداق قىلىش كېرەك؟» بۇنىڭغا بەك جىق زېھنىمىزنى سەرپ قىلىش لازىم ئەمەس. ھەر قېتىم كاللىڭىزغا بۇ سوئال كەلگەندە ئۇلاپلا «باشقىلار قانداق قىلىپتىكەن؟» دەپ سوئال سوراڭ. نېمە قىلىشنى بىلەلمىسەكمۇ باشقىلارنىڭ تەجرىبىلىرىدىن، بىلىملىرىدىن پايدىلىنىشنى، ئىزدەپ تېپىشنى ئۆگىنىۋالساق بولىدۇ. يېڭى ئىشلارغا يولۇققاندا باشقىلارنى دوراشتىن باشلىساق بولىدۇ. سەۋىيىمىز باشقىلاردىن ئاشقاندا، ياكى تەڭ بولغاندا ئاندىن ئىشەنچىمىز بىلەن باشقىلار مېڭىپ باقمىغان يېڭى يولغا تەۋەككۈل قىلساق بولىدۇ. «چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇماقچى ئىدىم، قانداق قىلىشىم كېرەك؟» چەتئەلدە ئوقۇغان، ئوقۇۋاتقانلاردىن مەسلىھەت سوراڭ. «ناسا دا خىزمەت قىلماقچى ئىدىم. قانداق قىلىمەن؟» ئەركىن سىدىق ئاكىدىن مەسلىھەت قىلىڭ. «بارلىقىمنى بىئولوگىيە تەتقىقاتىغا ئاتىماقچى ئىدىم»، ئەمىسە پەخىرلىك ئالىمىمىز شۆھرەت مۇتەللىپ ئاكىدىن مەسلىھەت سوراپ كۆرۈڭ. گەپ چەتنەپ كەتتى. ئەمدى ياپونلارغا كېلىلى.

سامۇرايلاردا بار بولغان ياخشى خىسلەتلەرنىڭ ئىچىدە مەن ئۈچۈن ئەڭ ئېسىلى «مەسئۇلىيەت، ئار ــ نومۇس، شان ــ شەرەپ». مەسئۇلىيەت ئائىلىگە بولغان، جەمەتكە بولغان، ئاۋامغا بولغان، دۆلەتكە بولغان، پادىشاھقا بولغان، يۇقىرىدىكىلەرگە بولغان مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. بۇنىڭ ياخشى تەرىپى مەسىلە چىققاندا كىمنى ئىزدەش، كىمنى سۈرۈشتۈرۈش ئاسان بولىدۇ. بۇ يەردە ياپوننىڭ بىر كونا كىنوسىنى تەۋسىيە قىلىمەن «يەتتە سامۇراي». بەك

كونا، بەك ئۇزۇن فىلىم بولغاچقا ئامېرىكا فىلىملىرىنى كۆرۈپ كۆنۈپ قالغانلارغا ئاخىرغىچە كۆرۈپ بولۇش تەس بولۇشى مۇمكىن. ئاساسىي مەزمۇنىنى دەپ بېرەي. يېزا دېھقانلىرى باندىتلارنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچرايدۇ، زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن سامۇرايلارغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. 7 سامۇراي بىرلىشىپ، دېھقانلارنى يېتەكلەپ باندىتلارنى يوقىتىدۇ. بۇ يەردىكى ئېسىل ئىش دېھقانلار كىمگە مۇراجىئەت قىلىش، كىمنى ئىزدەشنى بىلىدۇ. ياپون جەمئىيىتىدە بۇ ئېنىق. ھەممىسى سامۇرايلارنىڭ ۋەزىپىسى، مەجبۇرىيىتى ھەم شان شەرىپى. تاجاۋۇزچىلار كەلدى، ئالدىن ئاتلانغانلار سامۇرايلار. سامۇرايلار باشقىلارنى ساقلاپ تۇرمايدۇ، ۋەزىيەتنى كۆزەتمەيدۇ. ئىش بولسا ئالدىغا ئېتىلىپ تۇرىدۇ. جەڭگە ئاتلىنىشتىن بۇرۇن باشقا مەدەنىيەت توپىدىكىلەر كۆپرەك جەڭدە زەپەر قۇچۇشنى تىلەيدۇ. لېكىن سامۇرايلار باتۇرلارچە ئۆلۈشنى تىلەيدۇ. چەتئەل كۈچلىرى بىرىنچى قېتىم ياپونغا قەدەم باسقاندا، جۇڭگوغا ئوخشاش ئۇلارنى ئۆلتۈرىدىغان ئىشلار بولغان. ئوخشىمايدىغىنى جۇڭگودا بۇنى سادىر قىلغانلار كۆپىنچىسى ئاۋام خەلق، ئۆلتۈرۈپ بولۇپ يوقاپ كېتىدۇ. ياپوندا بۇنى قىلغانلار ھەممىسى سامۇرايلار، چەتئەل كۈچلىرى ئۆلۈم ـ يېتىمنى سەۋەب قىلىپ ياپون ھۆكۈمىتىگە، پادىشاھقا بېسىم سالغاندا، ئىشنى قىلغان سامۇرايلار چەتئەل ئەلچىخانىلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قارنىنى يېرىپ ئۆلۈپ بېرىپ خۇن تۆلىگەن. **1945** ـ يىلى ئامېرىكا ياپون قۇرۇقلۇقىغا قەدەم بېسىپ، كىملەرنى سوتقا تارتىش، پادىشاھنى سوراق قىلىش كېرەكمۇ؟ دېگەنلەرنى ئويلاشقاندا نۇرغۇن ياپونلۇقلار، ئاياللارمۇ بار، ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىپ پادىشاھنىڭ سوراققا تارتىلماسلىقىنى تىلىگەن. ئەمدى ئۆزىمىزگە نەزەر سالايلى؟ مەسىلە كۆرۈلسە كىم بار؟ دەردىمىزنى كىمگە ئېيتىمىز؟ دېھقانلارنىڭ دەردىنى كىم ئاڭلايدۇ؟ كىم قۇلاق سالىدۇ؟ كىم ئاجىزلار ئۈچۈن سۆزلەيدۇ؟ كىم ھوقۇقلىرىمىزنىڭ سورىغىنى قىلىدۇ؟ بىزدە، بىزنىڭ تەربىيىمىزدە ئاۋامنىڭ زارىغا داۋا بولۇشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى قىلغان كىشىلەر توپى، ياكى تەبىقە يوق، شەكىللەنمىدى. ئاجىزلارغا ئىچ ئاغرىتىمىز، كۆڭۈل بۆلۈشكە تىرىشىمىز، لېكىن بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ ئۇلارنىڭ ھوقۇقلىرىنىڭ سورىغىنى قىلىشقا كەلگەندە قەدەملىرىمىز ئاستىلاپ قالىدۇ. چىقىدىغانلار پەقەت ساناقلىق بىرنەچچەيلەن. بۇلارنى زىيالىيلار قىلىشى كېرەك دەيمىز، ئۇلارنىڭ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز، لېكىن تاپالمايمىز. چۈنكى زىيالىيلارنىڭ ئېنىقلىمىسى ئېنىق ئەمەس. بەزىلەر دەيدۇ، خەلق ئۈچۈن ھەقىقىي كۆيۈنگەنلەرنى زىيالىي دەيمىز دەپ. ئاڭلىماققا توغرا، لېكىن نەتىجىدە ھېچ كىمنى تاپالمايسىز، ھەممە زىيالىي بولۇشنى رەت

قىلىدۇ. «خاپا بولماڭ مەن زىيالىي ئەمەس، ھەقىقىي زىيالىيلارنى ئىزدەڭ»، ئەڭ ئاخىرىدا قالغانلىرى گۈلەن، ئەركىن سىدىق، ئىلھام توختى، قانۇن يولى مۇشۇ بىرنەچچە ئادەم. بۇلار راست زىيالىي. زىيالىيلارنىڭ ئۆلگىسى بولۇشقا لايىق. لېكىن ھەرگىز ئۇلارنى ئۆلچەم قىلىشقا بولمايدۇ. ئۆلچەم قىلىسىڭىز مۇشۇ بىر نەچچەيلەندىن باشقا ھېچكىمنى تاپالمايسىز. مەنچە بارلىق ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەر ھەممىسى زىيالىي. مىللەتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا، كەلگۈسىدە قانداق بولۇشىغا ئاساسلىق مۇشۇلار مەسئۇل. مۇشۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى. ئېتىز بويىدىكى دېھقانىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئەمەس. دېھقان ئېتىزدىكى زىرائەتكە مەسئۇل بولسا بولدى.

ھەممە سامۇراي ماددىي جەھەتتىن باياشات ئۆتكەن ئەمەس، غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەنلەر نۇرغۇن. لېكىن مەسئۇلىيەت، ئار ــ نومۇس، شان ــ شەرەپنى تاشلىغىنى يوق. شان ــ شەرەپ تۆۋەن ئاۋامدىن، دۆلەتتىن، باشقا سامۇرايلارنىڭ مەدھىيىسىدىن كۈلىدۇ. بۇنداق شان ــ شەرەپ ھەممىگە كېلىۋەرمەيدۇ. سامۇراي بولغانلىق شان ــ شەرەپ ھەممىگە نېسىپ بولمايدۇ. ئاز بولغاچقا ئۇنىڭ رىغبەتلەندۈرۈش كۈچى زور بولىدۇ. ھەممە سامۇراي بولۇشنى تاما ياكى ئارزۇ قىلىدۇ. ئادەتتىكى كىشىلەر ئۇچۇن پەقەت جەڭدە باتۇرلۇق كۆرسىتىش بىلەن ئېرىشىش ئىمكانىيىتى بولىدۇ. پۇل ــ مال بىلەن سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. سامۇرايلارمۇ سامۇرايلىق ئىززەت ھۆرمەتنىڭ كۆرسىنى بال بايلىق بىلەن چۈشۈرمەيدۇ. سامۇراي كىشىلەرگە بىر ئالدىغا قاراپ ئىنتىلىش ئىستىكىنى يارىتىپ باردى. خۇلاسىلەپ كۆرىلى. ئۆزىمىزدە يېقىن **500** يىلدا مۇشۇ نەرسىلەر كەم بولدىمۇ؟ يەنى ئاۋامغا باش بولىدىغان مەسئۇلىيەتچان تەبىقە ياكى كىشىلەر توپى، كىشىلەرنى ئالدىغا ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدىغان سەۋەبلەر، قىزىقتۇرۇشلار.

(2) ياپونلارنىڭ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان يەنە بىر خىسلىتى ئۇلاردا بار بولغان ھۈنەرۋەنچىلىك روھى. بۇ روھ ياپونلارنىڭ مەسئۇلىيەتچان، ئىزدىنىش روھى بىلەن بىرىكىپ كەتكەن. مىسال ئالسام ئاسانلا چۈشىنىۋالالايسىز. بىر يىلى پۇرسەت بولۇپ جەنۇبىنىڭ يېزا، ناھىيە بازارلىرىنى ئارىلايدىغان پۇرسەت بولدى. ياغاچ ساندۇق ياسايدىغانلارغا دىققەت قىلىپ باقتىم. ساندۇقنىڭ شەكلى، ماتېرىيال، ئىشلەش جەريانى دادام ئاپاملارنىڭ دەۋرىدىكى ياغاچ ساندۇق بىلەن ئوخشاش. پەقەت نەقىش بىرئاز پەرقلىق. بىزنىڭ ئۆيدىكى ساندۇقتا ئۈچ يېتەرسىزلىك بار. تۇتقۇچ قول ئاغرىتىدۇ. نەقىشلەر قولنى ئىلىدۇ. ئىشلەتكەن

ياغاچ يېرىلىپ كېتىدۇ. يېرىم ئەسىر كېيىن بۇ كەمچىلىكلەر يەنىلا بار. ياپونغا كېلىشتىن بۇرۇن بىرنەچچە كىچىك قەلەمتىراچ سېتىۋالدىم. سوغا قىلىش ئۈچۈن. يېڭىساردا ئىشلەنگەننى تاللىدىم. بىرنى سوغا قىلدىم. قالغىنىغا پۇرسەت بولمىدى. كېيىن قارىسام ھەممىسى قارىداپ كېتىپتۇ. بۇنىڭغا بەلكىم ياپونىنىڭ نەم ھاۋاسى سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. ياغاچ قاپلىرى بۇزۇلۇپ كەتتى. قاپتىكى خەتلەر ئۆچۈپ كەتتى. ئېچىپ يېپىش ئانچە قۇلايلىق ئەمەس. مەن ئالغان قەلەمتىراچنى ياسىغان ھۈنەرۋەننىڭ ئۇستىسىمۇ بەلكىم يەنىلا مۇشۇنداق. بۇندىن باشقا خوتەننىڭ قولدا توقۇلغان ساپ يۇڭ گىلەم ئالدۇق. يۇمشاق، نۇسخىسى، رەڭگى ياخشى ياردى. لېكىن يۇڭى چىقىدىكەن. ئويلاپ قالدىم بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىزنىڭ ئۆيدىمۇ شۇنداق كىيىملەرگە يۇڭى چاپلىشىدىغان گىلەم بار ئىدى. مەن ئۆزۈم تۇتۇپ باققان تۇركىيە، ئىران، ياپون گىلەملىرىدە بۇ مەسىلە يوق.

ماقالىدە تىلغا ئېلىنغان ياپونلارنىڭ قىلچىنىڭ سۈپىتىدە مەسىلە يوق. بۇنىڭغا ئىسپات قىلىپ توردىن ئىزدەپ كۆرسەتكىلى بولىدۇ. ياپون جۇڭگو ئۇرۇشىدا جۇڭگو تەرەپ كۆتۈرۈۋالغان چوڭ قىلچىلار ھەرگىز ياپونىنىڭ ئىنچىكە سامۇراي قىلچىلىرىنىڭ خىلى ئەمەس. بىر چېپىشتا جۇڭگو ئەسكەرلىرىنىڭ قولىدىكى قىلچىلارنى پارە-پارە قىلىۋەتكەن ۋەقەلىكلەر كۆپ خاتىرىلەنگەن. ئىككىنچى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدىمۇ ئارىلىق ئەڭ يىراق، ئوقنىڭ ئېغىشى ئەڭ كىچىك قورالنىمۇ ياپونلار ئىشلەتكەن. ھەتتا ھازىرمۇ ياۋروپادىكى نۇرغۇن چېركاۋلار ياپوندا ئىشلەتكەن داڭ قوڭغۇراقلارنى ئىشلىتىدىكەن. بۇمۇ تېلېۋىزوردا تونۇشتۇرۇلغان. ئادەتتىكى تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ساتىدىغان دۇكاندا بىر جۈپ ئىككى مىڭ ياپون يېنىغا سېتىلىدىغان چوكا كۆرگەنمەن. جۇڭگو پۇلىغا يۈز نەچچە سوم بولىدۇ. ساتىدىغىنى چوكا ئەمەس، ھۈنەردە. بۇنداق مىساللار بەك كۆپ. يىغىنچاقلىسىڭىز باشقا تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىمۇ بۇ ئەنئەنە بار. ھۈنەر قىلىدىغانلار، كەسىپ قىلىدىغانلار توختىماي ئويلايدىغىنى قانداق قىلىپ ئۆز قولىدىن چىققان نەرسىلەرنىڭ سۈپىتىنى تېخىمۇ ياخشىلاش. ئەگەردە پۇرسەت بار بولسا ئەتراپىڭلاردىكى، ياكى ئۇچرىغان ھۈنەرۋەنلەردىن سوراپ كۆرۈڭ. تېخىمۇ ياخشى قىلىش دېگەنلەرنى ئويلىشىپ بېقىپتىمۇ؟

**(3)** ھەرقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىمىز دەيدىكەنمىز، باشقا شارائىتلار بىلەن ھېسابلاشمىغان ئەھۋالدىمۇ، چوقۇم ۋاقىت بىلەن زېھىن سەرپ قىلىمىز. ياپونغا

كەلگەندە چوڭلار ئېيتقان «ياپۇندا ۋاقىت بەك تېز ئۆتىدۇ» دەپ. ئۇزۇن قالماي بۇنى ھېس قىلىشقا باشلىدۇق. بىر نەچچەيلەن بىر يەرگە كەلسەك دەردىمىز ئوخشاش، قانداقلا ۋاقىت يەتمەيۋاتقان. بىرىمىز دەيمىز ئادەم نېمىشقا ئۇخلايدىغان بولۇپ يارىتىلغاندۇ؟ ئۇخلىمايدىغان، ياكى ئاز ئۇخلايدىغان بولساق ياخشى بۇلار ئىدى. بىرىمىز دەيمىز يەرشارى ئاستىراق ئايلانسا بولماسمۇ؟ مەنمۇ قوشۇپ قۇيىمەن بىر كۈن 48 سائەت ياكى 72 سائەت بولسا تېخىمۇ ياخشى بۇلار ئىدى دەپ. ھازىرقى دەۋردە ئىشتىن سىرت ۋاقىتلىرىدا، ئويناپ يۈرۈپ نەتىجە يارىتىدىغان كۈنلەر كەلمەسكە كەتتى. تۇتۇپ تۇرۇپ ئاسانلا نەتىجە قازانغانلارنى ئاڭلاپ قىلىش ئېھتىماللىق بار. لېكىن جىق ئەمەس، قولدا سانغۇدەكلا. «تالانت 99% تىرىشچانلىق بىلەن 1% ئىلھامنىڭ يىغىندىسى.» بۇ ھەممەيلەنگە تونۇش بولغان ئېدىسوننىڭ ئەقلىيە سۆزى. ئەپسۇس تەرجىمە تولۇق بولمىغان. كەينى «1% ئىلھام 99% تىرىشچانلىقتىن مۇھىم». قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە ھەل قىلىش ئىلھامنى تېپىش ئۈچۈن 99% تىرىشىڭىز يەنى زېھنىڭىزنىڭ 99%، ۋاقتىڭىزنىڭ 99% نى سەراپ قىلىشىڭىز، باشقا ھەممە ئىشتىن سىرتقى ئىشلارغا ئايلىنىشى كېرەك. تاماق يېيىشىڭىز، ئۇخلىشىڭىز، ئائىلە، دوست بۇرادەرلەر، ئۇرۇق تۇغقانلار ھەممە يولنىڭ چېتىگە ئۆتۈپ تۇرۇشى كېرەك. تاشپولات ئاكا تونۇشتۇرغان ياپونلۇق قىزمۇ ئىلھامنىڭ كېلىشىنى تىلىغا ئالدى. شۆھرەت مۇتەللىپ ئاكىنىڭ 2 نەتىجىسىمۇ ئىلھام بولغانغا بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭغا ئوخشاش ئىلھامغا مىسال نۇرغۇن نۇرغۇن. شۇ نەتىجە قازانغانلارنى زىيارەت قىلسىڭىز ئىلھام كېلىشىنىڭ ئالدىدا تىرىشقانلىرىنى مەن يازغاندەك بايان قىلىدۇ. ياپون ئوقۇغۇچىلارمۇ مۇشۇنداق، نەتىجە چىقىشتىن بۇرۇن دەم ئېلىش، شەنبە، يەكشەنبە، قىزىل كۈن يوق. نەتىجە چىقىپ دوكلاتنى يېزىپ بولۇپ بىرەر كۈن دەم ئېلىپ، يەنە يېڭى نەتىجە ئۈچۈن ئوخشاشلا دەم ئېلىش يوق ھالەتتە تىرىشىدۇ. يۇكسىلىمىز دەيدىكەنمىز ياپونلاردىمۇ بەك تىرىشماي بولمايدۇ. ھەممە كۈندە 8 سائەت تىرىشقانغا مىللەت تەرەققىي قىلمايدۇ. 8 سائەت تىرىشالمايدىغانلار بار، باشقىلارنىڭ تىرىشىشلىرىنى نۆل قىلىۋېتىدىغان ناچارلار بار. چوقۇم شارائىت بارلار چوقۇم كۆپرەك تىرىشىشى كېرەك. تېخىمۇ ئېنىق گەپنى قىلساق ئوقۇغانلار بەكرەك تىرىشىمىز كېرەك. بۇ مىللەتكە بولغان مەسئۇلىيەت بولۇپلا قالماي، ئېتىقادىمىز ئالالاھقا بولغان جاۋابىمىز. چۈنكى بەرگەن نەرسىنىڭ ھەممىسىنىڭ سورىقى بولىدۇ. بۇ نەرسىلەر ماددىي نەرسىلا بولماستىن بىلىم، پۇرسەت، سالامەت، ئەقىل، تالانت، ياخشى خىسلەت ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مىللەتنىڭ كەلگۈسىدە ھەممىنىڭ

مەسئۇلىيتى بار. لېكىن ئاساسلىقى شۇ مىللەتنىڭ سەرخىللىرى بەلگىلەيدۇ. سەرخىللەرنىڭ ئويلىغان، قىلغان ئىشىدىن، باسقان قەدىمىدىن كەلگۈسگە ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ.

ھىندونېزىيەگە بېرىپ ئالىي مەكتەپتە بىر مەزگىل دەرس سۆزلىگەن ئوقۇتقۇچىم «يۈكسىلىش بۇ دۆلەتتىن بەك يىراقتا» دەپ ئېيتقان. ئوقۇتقۇچىمنىڭ ئالغان بىر مىسالى، دەرس سۆزلەۋاتقاندا ئوقۇغۇچىلار توختاشنى تەلەپ قىلغان، سەۋەبى ناماز ۋاقتى بولغان. ياپوندا بىر قېتىملىق دەرس **90** مىنۇت بولىدۇ. ئارىلىقتا ئوقۇغۇچىلار ھاجەتلەرگە چىقسا بولىدۇ، لېكىن توختاشنى تەلەپ قىلىش تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز بىر ئىش. يېقىنقى **500** يىلنى ئويلايلى؟ زېھنىمىزنىڭ، ۋاقتىمىزنىڭ قانچە پىرسەنتى تەرەققىي قىلىشقا، يۈكسىلىشكە، قانچە پىرسەنتى دىن ۋە باشقا تالاش تارتىشلارغا سەرپ بولدى؟

**(4)** **2006**ـ يىلى بىرىنچى قېتىم ياپونغا قەدەم باسقاندا تاشپولات ئاكا تىلغا ئالغان ياپونلۇق باينى كۆرۈش پۇرستى بولغان. شۇ چاغدا كۆرگەندىمۇ بۇ باي رەسمىدىكىدەك كۆڭلەك كىيۋېلىپتىكەن. ئوقۇتقۇچىمدىن ئۇ كىشىنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ شۇنداق ھۆرمىتىم بولغان. تەپسىلاتلار جىق ئىدى، مەن پەقەت بۇ تېما بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ئىشنى مىسال قىلاي. ئۇ باي بىلەن كۆرۈشكەندەك قېشىدا ئۇكىسىمۇ بار ئىدى. بىرنەچچە كۈن بىزگە ھەمراھ بولدى. ئۇستازىمدىن سورىدۇم: «ئىنىسى نېمە ئىش قىلىدۇ؟» «ئاكىسىغا ئىشلەيدۇ». ھەيران بولدۇم. دادىسىدىن ئىنىسىغا بايلىق ئايرىلمىغانما؟ ياپونلاردا ئائىلىگە چوڭ ئوغۇل ۋارىسلىق قىلىدۇ. باشقىلارغا ھېچنېمە يوق. (ھازىر ئانچە مۇنچە ئۆزگىرىش بولغان بولۇشى مۇمكىن). ئاڭلىغاندا بىرئاز رەھىمسىز بىلىندى. لېكىن بۇنىڭ ياخشى تەرەپلىرىمۇ باركەن. بىرى بايلىق چېچىلمايدۇ، چېچىلىپ يوقاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. بايلىق بولىدىكەن ئىش قىلىشقا پۇرسەتلەر بولىدۇ. بىر تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيى چىقىلغاندا نۇرغۇن تۆلەم پۇل كەلدى. بىر ئوغۇل مەسلىھەت قىلدى. بۇ پۇلنى دەسمايە قىلىپ بىر ئىش قىلىلى. باشقا قېرىنداشلار قوشۇلمىدى. ئوغۇل يەنە دېدى مەن پۇلنى قەرز ئالغان بۇلاي كېيىن ھەممىڭلارغا ئاشۇرۇپ قايتۇراي. يەنە قوشۇلمىدى. **10** بالا پۇلنى تەڭ بۆلۈشتى. بۆلۈشكەن پۇل ئۇلارنىڭ بىر ئېھتىياجىدىن چىققان بولسىمۇ، تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولمىدى. بۇرۇن قانداق بولغان بولسا ھازىرمۇ شۇنداق. بۇندىن كېيىن ئۇلارغا بۇنداق پۇرسەت يوق. ياۋروپامۇ بۇ ئەنئەنىنى ساقلىغان. ياپون قۇدرەت تاپتى،

ياۋروپا يۈكسەلدى. بۇنىڭدا ئۇلار قوللانغان مىراس بۆلۈش ئۇسۇلىنىڭ ئاكتىپ روللىرى بارمىكىن دەپ ئويلايمەن. يەنە بىر تەرەپتە باشقا باللارغا مىراس بولمىغاچقا چوقۇم بەك تىرىشىپ ئۆزىنىڭ ئىگىلىكىنى تىكلىشى لازىم. بەك ئوقۇشى كېرەك، جەڭگىلەردە باتۇرلۇق كۆرسىتىپ ساموراي بولۇشى كېرەك. زېمىن تېپىشى كېرەك. دادامنىڭ بىز كىچىك ۋاقتىمىزدا دەيدىغان گېپى. «كۆمۈرلۈكتىن چىقىپ كېتىڭلار.» باللار ئۈچۈن خېلى تىرىشتى لېكىن 3 ئاكام چۆگىلەپ ـ چۆگىلەپ يەنە كۆمۈرلۈككە قايتىپ كەلدى. ئاسپىرانتلىق ئوقۇشۇم تۈگىگەندە ئاكىلىرىم كۆمۈرلۈككە قايتىشنى تەۋسىيە قىلدى، قىزىقتۇردى. نېفىتلىكلەر بىلەن ئوخشاش بولغان كەلگۈسىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن. لېكىن دادام كەسكىن رەت قىلغان. رازى بولمايمەن دەپ گەپنىڭ ئېغىرىنى قىلغان. ئەتراپىمدا 3 ئەۋلاد كۆمۈرلۈكتە خىزمەت قىلغانلار بار. باشقا يۆلىنىشتە تىرىشىپ بېقىشنى ئويلىغانلار ساناقلىق. ئاخىرى كىتابلىرىمىزدا ئوقۇغان، ئاڭلىق دادىلار تىلغا ئالغان ئىشلار يۈز بېرىشكە باشلىدى. كۆمۈر تۈگىدى، كۆمۈرلۈك تاقالدى. يېشى چوڭلار دەم ئېلىشقا چىقتى، ياشلار ئائىلىدىن يىراق كۆمۈرلۈكلەرگە تارقىلىپ كەتتى. كېيىنكىلەر بىرىنچى قېتىم ئەمدى نېمە قىلىمىز؟ دېگەننى ئويلاشقا باشلىدى. ئاسمان ئۆرۈلمىدى، يوللار ئېتىلگىنى يوق، رىزىق تۈگىگىنى يوق. ھەممىسى يول تاپتى، بەزىلەر شوپۇر بولدى، بەزىلەر رېمونتچى بولدى، بەزىلەر ھۈنەر قىلدى. بۇ خىل قىسمەت كۆمۈرلۈكتىلا ئەمەس، نېفىتىمۇ بار، زاۋۇتلاردىمۇ بار، ھەتتا مەمۇرلاردىمۇ بار. گۈلەن يازغان ھۈنەر قىلىلى، ئەركىن سىدىق ئاكىمۇ يەھۇدىيلارنى تونۇشتۇرغاندىمۇ جاپا، كىرىزىسنىڭ ئاكتىپ رولىنى تىلغا ئالغان. شۇ سانجىشلار بولمىسا مەن ياپونغا كەلمەس بولغىيتتىم، باشقىلار باشقا قەدەملەرنى باسماس بولغىيتتى.

دوكتورلۇق ئوقۇش ۋاقتىمدا مەكتەپتە بىر توپ ياپونلۇق قېرىلاردىن تەشكىللەنگەن چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلارغا خالىسانە ياپون تىلى، ياپون مەدەنىيىتى ئۆگىتىدىغان كۇرس بار ئىدى. بىر بوۋاي سۆز قىلغان، «ياش ۋاقتىمدا ئالدىراشچىلىقتىن بىر ئۆيدە تۇرۇپ بىر نەچچە ھەپتە باللىرىمنى كۆرمىگەن ۋاقىتلار بولغان» ئەتىگىنى باللاردىن بۇرۇن قوپۇپ ئىشقا ماڭىدۇ، كەچتە باللار ئۇخلاپ بولغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىدۇ. كوچىلاردا باللارنى ئوينىتىۋاتقانلار ھەممىسى ئانىلار، دادىلار قېنى؟ مۇنچە ئالدىراش بولۇپ نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ ھۇزۇرلىنىشنى بىلمەي ئۇنچە ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەننىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ ئوخشىمىغان ياپونلاردا مەن سورىغان. مېڭىسى يۇيۇلۇپ كەتكەندەك ھەممىسىنىڭ جاۋابى ئوخشاش. «بىرنېمىنى بىرنېمە قىلىمىز دەپ ئەمەس، بۇنداق قىلمىساق

دۇنيادا ياپونلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ.» چۈشەنگەندەك بولدۇم. ياپونلارنىڭ ھازىرقى تەرەققىياتى «مەۋجۇتلۇقىمىز ئۈچۈن» دېگەن ئاساسلىق نىشانىنىڭ قوشۇمچە مەھسۇلاتى ئىكەن. باشقا ئىقلىمدىكى قېرىلارغا ئوخشاش ياپون قېرىلىرى ياشلاردىن رازى ئەمەس. قېرىلاردا بۇنىڭغا دەسمايە بار. مېيجى يىلىنى ئەسلەڭ، ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئەھۋالنى ئەسلەڭ. قېرىلارنىڭ تىرىشچانلىقىدا ئامېرىكىدىن ئېشىپ كېتىشكە يېقىنلاشقان. لېكىن ياشلار جەمئىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن داۋاملاشتۇرالمىدى، يىقىلىپ كەتتى. ياشلار قېرىلارنى رازى قىلالمايدۇ. لېكىن ياپون جەمئىيىتى ئاستا بولسىمۇ يەنىلا ئالدىغا قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. بىر زاۋۇتتا، شىركەتتە ئاستىدىكى ئىشچىلار ئىچىدە كۈندە پەقەت **8** سائەت ئىشلەشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار بار بولسا چوڭ گەپ ئەمەس، لېكىن يۇقىرىدىكى، رەھبىرى ئورۇندىكىلەر چوقۇم كۆپ خىزمەت قىلىشى لازىم. ئەگەر ئۇلارمۇ **8** سائەت ئىشلىسە زاۋۇت، شىركەت تاقىلىدۇ. ياپون جەمئىيىتىدە پەقەت **8** سائەت ئىشلەشنى مەقسەت قىلغان ئادەم يۇقىرىغا ئۆرلىيەلمەيدۇ. قېرىلارمۇ بۇلارنى ئۆرلىگىلى قويمايدۇ. پەقەت ياپونلارنىڭ روھىغا، مەنپەئەتكە ۋارىسلىق قىلغان ھەم بۇ روھنى داۋاملاشتۇرالايدىغان ياشلارلا مۇھىم ئورۇنلاردا خىزمەت قىلالايدۇ. ياپونلار نەتىجە ياراتقانلارنى ھۆرمەت قىلىدۇ. تەقدىرلەيدۇ. ياپون روھنى ئەكس ئەتتۈرگەنلەرنىمۇ بەك ھۆرمەت قىلىدۇ. ئوقۇتقۇچىم ياپونلار ئاددىي ئىشلارنى خاتالىق چىقارماي داۋاملاشتۇرالىغانلارنىمۇ بەك ھۆرمەت قىلىدۇ دەپ بىر پوچتالىيوننىڭ ھېكايىسىنى دەپ بەرگەن. بۇ پوچتىكەش **25** يىل خىزمەت جەريانىدا بىر قېتىم خاتالىق ئۆتكۈزگىنى يوق، بىر قېتىم خىزمەتكە چىقمىغىنى يوق، رۇخسەت سورىغىنى يوق. ئاخىرى دەم ئېلىشقا چىققاندا ياپون پادىشاھىنىڭ قوبۇل قىلىپ تەقدىرلىشىگە مۇيەسسەر بولدى. ئەكس ئەتكىنى ياپونلار چوقۇنىدىغان مەسئۇلىيەت روھى!

**(5)** **90** ياشتىن ئاشقان بوۋام بار. بىر ئۆمۈر تەقۋادار ياشىدى. ھازىر سالامەتلىكى نامازنى، روزىنى ئادا قىلىشقا يار بەرمەيدۇ. لېكىن يەنىلا داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ. بوۋام بىلىدۇ، ساننى ئازايتسا، ياكى ئادا قىلمىسىمۇ گۇناھ بولمايدىغانلىقىنى، لېكىن بىر ئۆمۈر داۋاملىشىپ قېنى قېنىغا، ھۈجەيرىسىگە، بەدىنىدىكى ھەر بىر مولېكۇلىلارغا سىڭىپ كەتكەن تەقۋادارلىق، ئېتىقاد، ئادەت بوۋامنى ئۈندەيدۇ، جىم تۇرغۇزمايدۇ ئۇخلاتمايدۇ. بىر قېتىم ئادا قىلالمىسا شۇنچىلىك ئازابلىنىدۇ، مۇشۇ بىر قېتىملىقتىن جاۋاب قىلالماسلىقتىن

ئەنسىرەيدۇ. تارىختا نەزەر سالساقمۇ نۇرغۇن يۇكسەك تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەتلەر ھەممىسى ئازدىن كۆپتىن بولسۇن ئېتىقادىنىڭ مەھسۇلى، ئىلاھلىرىغا بولغان مەدھىيىسىنىڭ مەھسۇلى. گىرېتسىيە، رىم ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى ئارقىلىق ئىلاھقا چوقۇنۇشنى ئىپادىلىدى. مىسىر، مايا چوڭ قۇرۇلۇشلارنى بارلىققا كەلتۇرۇپ ئىلاھلىرىغا سەجدە قىلدى ... ياپونلار مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن تىرىشتى. بىزلەرمۇ، مۇسۇلمانلارمۇ بىر كۈنى ئەركىن پىكىر قىلىش، توختىماي تىرىشىش، ئىلىم ئۆگىنىش، تەرەققىي قىلىش، يۇكسىلىشنى ناماز، روزىغا ئوخشاش ئېتىقادىمىز دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، تەقۋادار بوۋامدەك بىر كۈن بىر قېتىم پىكىر قىلالمىغىنىمىزدىن، ئىلىم ئۆگىنەلمىگەنلىكىمىزدىن، تىرىشالمىغانلىقىمىزدىن ناماز، روزىنى ئادا قىلالمىغاندەك ئازابلانغان، ياراتقۇچىنىڭ شاپائىتىگە جاۋاب قايتۇرالمىغاندەك ئازابلانغان كۈنىنىڭ ئۆگۈنىسى بىزنىڭ، مۇسۇلمانلارنىڭ قايتا يۇكسەلگەن كۈنىمىز.

**(6)** ياپون جەمئىيىتى بىلىم ئىگىلىرىگە بەك ھۆرمەت قىلىدۇ. بولۇپمۇ پروفېسسورلارغا ياكى پروفېسسورلۇق سەۋىيىسىگە يەتكەنلەرگە. بۇ ياپونلار بىلەن چەكلەنمەيدۇ، مەيلى كىم بولۇڭ، نەدىن كەلگەن بولۇڭ، بىلىم قابىلىيەت بولسىلا ياپونلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەيسىز. مىسال قىلىپ بېرەي. يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە كىشى ئوخشاش ئىش قىلسىمۇ ئەمگەك ھەققى باشقىلاردىن يۇقىرى بولىدۇ. مەن دوكتور بولغاچقا ئايلىق مائاشىم تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگەنلەردىن بىر ھەسسە، ماگىستىرلاردىن **70%** يۇقىرى. ھەم ياپوندىكى ئالدىن سانىلىدىغان مەكتەپنىڭ، پروفېسسورنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولغىنىمدىن باشقا ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن دوكتورلاردىن يەنە يۇقىرى. ئەلۋەتتە بۇ ھازىرقى شىركەتتىن چىقارغان خۇلاسە. بۇنى بارلىق ياپونغا كېڭەيتكىلى بولىدىغانلىقىغا كاپالەت بېرەلمەيمەن. بۇ خىل ئورۇنلاشتۇرۇش بىر تەرەپتىن بىلىمگە، ئوقۇغانلارغا ھۆرمەت قىلىش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن شىركەتلەرنى ئۆزىگە لازىم كىشىلەرنى ئىزدەشكە ئۈندەيدۇ. تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەنلەر ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئىش بولسا ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەنلەرنى تەكلىپ قىلمايدۇ. ھەتتا ماگىستىر باكلاۋۇرلارنىڭ تەمىناتىغا رازى بولسىمۇ شىركەت ماگىستىرنى باكلاۋۇرنىڭ ئىشىغا سالمايدۇ. جۇڭگو بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسىڭىز بولىدۇ. بىر يىلى ۋەتەندىن بىر پروفېسسور قىسقا مۇددەت ياپونغا كەلدى، ئارىلىقتا بالىسىنى ياپون تىل مەكتىپىگە ئورۇنلاشتۇرماقچى بولدى، لېكىن بەزى سەۋەبلەر بىلەن رەت قىلىشقا ئۇچرىدى. بۇنى ئاڭلىغان ياپوندا ئۇزۇن

يىل تۇرغان بىر ئاكىمىز پروفېسسورنى باشلاپ تىل مەكتىپىنىڭ مۇدىرىنىڭ قېشىغا قايتا باردى. ھەم پروفېسسورنى پروفېسسورلۇق ئۇنۋانى بىلەن قايتا تونۇشتۇرۇپ ھازىر ياپونغا تەتقىقات مۇناسىۋىتى بىلەن كەلگەنلىكىنى سۆزلىدى. پروفېسسور بىزگە ئۆز ئېغزى بىلەن ئېيتىپ بەرگەن سۆز. مۇدىر ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئالدىمغا كېلىپ تەزىم قىلىپ قىزغىن سالاملاشتى، ئىسىم كارتىسى بەردى، ھۆرمەت سۆزلىرىنى تۆكۈۋەتتى. بالامنى مەكتىپىگە ئالدى. بىنانىڭ پەسكىچە ئۇزىتىپ چىقتى. سىزگە تەسىرلىك بىلىندىمۇ؟ بىلىنمىگەن بولسا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىكى ئوقۇتقۇچىلاردىن سورىسىڭىز بىر ساپاسىز مەكتەپ رەھبىرىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەن پروفېسسورنى چىقىرىۋەتكەن ۋەقەلىكنى سۆزلەپ بېرىدۇ. پروفېسسورلارنىڭ مەكتەپ مەمۇرلىرى ئالدىدا قانداق ئورۇندا ئىكەنلىكىنىمۇ سۆزلەپ بېرىدۇ. باشقا ھەممە ئىشقا ئوخشاش بىلىم ئىگىلىرىگە بولغان ھۆرمەتنى تۇرغۇزۇشتا كىچىكلەرگە چوڭلار، كېيىنكىلەرگە ئالدىنقىلار، تۆۋەندىكىلەرگە يۇقىرىدىكىلەر ئۈلگە تىكلەپ بېرىشى كېرەك ئىكەن. ياپوندىكى سىياسىيونلار بەلكىم ئاستىرتىن پۇلى بارلارنى ئۆزىگە يېقىن بىلىشى مۇمكىن، لېكىن دۆلەت، ھۆكۈمەت، ئاۋام پۇقرا مەۋقەسىدە بىلىم ئىگىلىرى ھۆرمەتلەشكە تېگىشلىك كىشىلەرنىڭ ئالدى. ياپوندا سىز پروفېسسور بولۇڭ، مەيلى كەسپىڭىز نېمە بولسۇن، مەيلى ماقالە يېزىڭ يازماڭ، تەتقىقات قىلىڭ قىلماڭ ھۆكۈمەتتىن كېلىدىغان مائاش تەمىنات ئوخشاش. قىلغان ئەمگىكىڭىزنى، يازغان ماقالىنى، ئالغان مۇكاپاتلارنى، تەتقىقات مەبلىغىڭىزنى تىلغا ئېلىش ھاجەتسىز. پروفېسسور دەپ تونۇشتۇرسىڭىزلا ھۆرمەتكە ئېرىشىسىز. نۇرغۇن شىركەتلەردە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان تەتقىقاتچىلار مەكتەپلەردە پروفېسسور بولۇشنى كۈچلۈك ئارزۇ قىلىدۇ. ماددىي سەۋەبلەر بولۇشى مۇمكىن، مەنچە پۈتكۈل جەمئىيەتتىن كېلىدىغان ھۆرمەتمۇ بىر مۇھىم ئامىل. سىز پروفېسسورلاردىن يۇقىرى مائاش ئېلىڭ، جىق پۇل تېپىڭ، جىق باج تۆلەڭ يەنىلا پروفېسسورلارغا خاس ھۆرمەتكە ئېرىشەلمەيسىز. ئىلمىي سورۇن يازمىلاردا «پروفېسسور» نىڭ ئالدىغا ھېچقانداق ئارتۇقچە سۈپەتلەش، ئېنىقلىمىلار كەلمەيدۇ. داڭلىق پروفېسسور، مەشھۇر پروفېسسور دېگەن گەپ يوق. نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن كىشى ئىلمىي ماقالە يازسا «نوبېل ساھىبى، پروفېسسور ساھىبى» دەپ يازمايدۇ. سەھنىگە نۇتۇققا چىقسىمۇ يەنىلا «پروفېسسور پالانى» تونۇشتۇرۇلىدۇ. بۇ جەھەتتە بىز بىلەن كۈچلۈك پەرقلىنىدۇ. سەھنىگە چىقىپ سۆز قىلغۇچىنىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىغا ھەرخىل سۈپەتلەرنى تۆكۈۋېتىمىز. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا پروفېسسورلارنى **6** تەبىقىگە بۆلۈۋەتكەن. يەنە مۇنداق پروفېسسور ئانداق پروفېسسور دەپناملار كۆپ.

بۇ خىل بۆلۈشلەر ئادەمگە تارىختىكى كىشىلەرنى ئوخشىمىغان تەبىقىلەرگە بۆلۈشنى ئەسلىتىدۇ. بەلكىم بۇنداق بۆلۈش، ئېنىقلىما بېرىش بىلەن پروفېسسورلارنىڭ ئەمگىكىنى شەرھلىمەكچى بولغاندىمىز. لېكىن نەتىجىدە پروفېسسورلارغا، ئىلىم ئىگىلىرىگە بولغان ھۆرمەتنى سۇسلاشتۇرۇشقا ياكى يوق قىلىشقا سەۋەب بولىمىز. بۇ خىل بۆلۈش، ئېنىقلىمىلارغا كۆنگەن كىشى «پروفېسسور» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىغاندا بىرىنچى ئىنكاسى ھۆرمەت بولماي، «قانداق پروفېسسور» دېگەن سوئال بولۇشى مۇمكىن. بىز ئۇچۇن پروفېسسورلارنىڭ، يۇقىرى بىلىم ئىگىلىرىنىڭ مۇھىملىقىنى شەرھلەشكە كۆپ سۆز ھاجەتسىز. ھەممەيلەن ئاز نەرسىنىڭ ئەتىۋار بولىدىغانلىقىنى بىلىمىز. مۇشۇكئېيىق ئەتىۋار، ئالتۇن ئەتىۋار، قاشتېشى ئەتىۋار. بىلىم ئىگىلىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئەتىۋارلاشقا موھتاج، بولۇپمۇ يۇقىرى پروفېسسور سەۋىيىلىك كىشىلەر. ۋەتەندىكى ئۇيغۇر پروفېسسورلارنى ساناپ كۆرۈڭ، مۇشۇكئېيىقتىنمۇ ئاز. ھەرقانداق مەمۇرنىڭ ئورنىنى تولدۇرىدىغان ئادەم نۇرغۇن، ناخشىچى، ئۇسسۇلچى، ئىمىلار ھەممە ئوخشاش، ئىز باسارلاردىن ئەنسىرەش ھاجەتسىز. پەقەت پروفېسسور سەۋىيىسىدىكى ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۇنداق ئاسان ئەمەس. بۇ سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىز دەم ئېلىشقا چىقسۇن، بىز بىلەن ۋىدالاشسۇن ئورنىنى ئۇزۇن يىللارغىچە تولدۇرالمايمىز. شۆھرەت مۇتەللىپ ئاكىنىڭ ئورنىنى تولدۇرىدىغانلار بارمۇ؟ ناساغا كىرەلەيدىغانلار بارمۇ؟ ئامېرىكا ئالىي مەكتەپلىرىگە مۇدىر بولالايدىغانلار بارمۇ؟ ئۇيغۇرنى دۇنياغا تونۇتۇش ئاسان، يوللار نۇرغۇن. ياپوننىڭ كوچىلىرىدا ئەدەپسىزلىك قىلسىڭىز بولىدۇ، قانۇنلىرىغا خىلاپلىق قىلسىڭىز بولىدۇ. پويىزلاردا شاۋقۇن چىقارسىڭىز بولىدۇ. لېكىن باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغاش ئۇنداق ئاسان ئەمەس. باشقىلارنىڭ سەھنىسىگە چىققان بىلەنلا ھۆرمەتكە ئېرىشىش ناتايىن. ئەدەپ بىلەن چالغان چاۋاك، ئەدەپ بىلەن قىلىنغان تەكەللۇپ سۆزلەر ھۆرمەتكە تەڭ ئەمەس. ئىچ ئاغرىتىش ھۆرمەت ئەمەس. جاكارلاش لازىم پەقەت ھەم پەقەت گۈزەل پەزىلەت، نەتىجە بىلەنلا باشقىلارنى قايىل قىلىپ ھۆرمەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ. بىر كىشىنى، بىرخىل كىشىلەرنى ياخشى كۆرسىڭىز بولىدۇ، مېنىڭ ئۈمىد قىلىدىغىنىم «ئۇيغۇر ئۇچۇن سۆيۈملۈكلەر كىم؟» دەپ سوئال سورالغاندا، ئىلىم ئىگىلىرىنى، پروفېسسورلارنى بىرىنچى ئورۇنغا، بىرىنچىگە تىزالمىسىڭىز، ئىككىنچى ئورۇندىن چۈشۈپ كەتمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**2014** ـ يىلى **11** ـ فېۋرال

# ئاپتورنىڭ يەھۇدىيلار ۋە ياپونلۇقلار ھەققىدىكى يازمىلىرىغا چۈشكەن ئىنكاسلاردىن تالالانمىلار

**ئىلاۋە: تۆۋەندىكى ئىنكاسلارنى مەن ئەسلىدە «گۈزەل ئەسلىملەر» نىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ساقلاپ قويۇش، ھەمدە ئۇلارنى ئارىلاپ-ئارىلاپ كۆرۈپ، ئۆزۈم ئۈچۈن بىر خىل روھىي ئوزۇق سۈپىتىدە پايدىلىنىش ئۈچۈن ساقلاپ قويغان. ئەينى ۋاقىتتا مەن كىتاب چىقىرىش ياكى بۇ ئىنكاسلارنى بىرەر كىتابقا كىرگۈزۈشنى خىيالىمغا كەلتۈرمىگەن بولغاچقا، بۇ ئىنكاسلار يېزىلغان تور بەتلىرىنىڭ ئىسمىلىرى بىلەن ئاپتورلارنىڭ ئىسمىلىرىنى يېزىپ قويماپتىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنكاس ئىگىلىرىدىن ئەپۇ سورايمەن، ھەمدە ئوقۇرمەنلەرنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى سورايمەن. ئاپتوردىن.**

**(1)** خېلى ئەتراپلىق يېزىلىپتۇ. تاكى يەھۇدىي دۆلىتى قۇرۇلغىچە بۇ قوۋم ئىشقىلىپ تارتقۇلۇقنى تارتىپ باقتى. مېنىڭچىمۇ يەھۇدىينى بۇگۈنكىدەك ئەقىللىق قىلغان نەرسە ئۇلارنىڭ شۇ تارتقان ئازابلىرى، ئۈچرىغان يەكلىنىشلىرىگە ئاساسەن خۇلاسىلىنىپ قىلىنىدىكەن.

بۇلار ياۋروپادا ياشىغان ئەينى زامانلاردا (سانائەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇن)، كىم يەرگە ئىگە بولسا شۇ باي بولغان، ياكى پەقەت پۇلدار، ئەمەلدار، چوڭ جەمەتلەرنىڭلا يېرى بولغان. يەھۇدىيلار دىنى ھەم ئېرقى جەھەتتە يات بولغاچقا، ياۋروپالىقلار ئۇلارغا قەتئىي يەر بەرمىگەن، ئۇلارغا يەر بەرمەسلىك ئارقىلىق ئۇلارنى سودا ـ سېتىق دېگەندەك كەسىپلەرنىلا قىلىشقا مەجبۇر قىلغان. شۇ زامانلاردا سودا ـ سېتىق قىلىدىغانلار، يەنى شۇنداق كەسىپ كىشىلەر تەرىپىدىن كۆزگە ئىلىنمايدىغان كەسىپ بولغان. سودىگەر دېگەن سۆز سەلبىي مەنىدە بولغان. ئەكسىچە، سودىگەرلىك كىشىلەردىن ھېساب ئىلمى تەلەپ قىلىدۇ، مىڭ يىللار سودا سېتىق بىلەنلا شۇغۇللىنىش تەبىئىيلا يەھۇدىيلارنىڭ ماتېماتىكا ئىقتىدارىنى ياخشىلاپ، ھەتتا بۈنى ئۇلارنىڭ گېنىغا ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

سانائەت ئىنقىلابى ھەممىنى ئۆزگەرتتى، يەر ئىگىلىرى ئورنىدىن قېلىپ سودىگەرلەر بىردىنلا يۇقىرى قاتلامغا چىقىپ قالدى. چۈنكى بۇرۇن قايچىسىمان پەرقىلا تايىنىپ سودا قىلغان يەھۇدىيلار ئەمدى زامانىۋى زاۋۇت قۇرۇش ئارقىلىق، قاتناشنىڭ ھەم كېڭەيمىچىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئىلىپ كەلگەن دۇنيا بازىرىنىڭ پايدىسىنى كۆردى. بۇنىڭغا چىدىمىغان ياۋروپالىقلار يەھۇدىيلارنى ھۆكۈمەت ۋاستىسى بىلەن باستۇردى. بۇلارنى ھېسابتا يېڭى قۇرۇلغان ئامېرىكىدەك دۆلەت ساقلاپ قالدى دېسەك ئارتۇق كەتمەس.

ئاللانىڭ ھېكمىتى دېگەن شۇدۇر بەلكىم. خۇددى رادىل ئابلا ئەپەندى دېگەندەك، «قىيىنچىلىق ــــ بايلىقىمىز». ئەمەلىيەتتە سىگانلارمۇ ئوخشاش ئەھۋالدا ئىدى، تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى، ئۇچرىغان مۇئامىلىسى ئوخشاش ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ھازىرغىچە ئۆزگەرگىنى يوق. يەھۇدىي بىلەن سىگانلارنىڭ تارىخىدىن كۆپ نەرسە ئۆگىنەلەيمىز. سىگانلار مۇقىم بىر ئىش قىلمايدۇ، مەخسۇس ئېتىقادىمۇ يوق، نەگە بارسا شۇ يەرنىڭ ئېتىقادى بويىچە ياشايدۇ. ھاياتىدا مۇقىم ئولتۇراقلاشماي چۆرگىلەپلا يۈرىدۇ، ھەم ئىسمى ــ جىسمىغا لايىق ناخشا ــ ئۇسسۇل مىللىتى.

(2) ئەتراپلىق يېزىلىپتۇ. ئاۋۇ يەھۇدىيلار ئەتىيازدا ئۆتكۈزىدىغان بايرىمى ئۇيغۇرلارنىڭ نورۇز بايرىمى بىلەن بىر كۈن، بۇ كۈن يەنە مۇسا ئەلەيھىسسالام مىسىر پىرئەۋنىنىڭ سېھىرگەرلىرى بىلەن تۇتۇشۇپ ئۇلارنى يەڭگەن ۋە ئۇلارنى ئاللانىڭ دىنىغا كىرگۈزگەن كۈن.

يەھۇدىيلار پەقەت مۇشۇ دىن جەھەتتىن يەھۇدىي دەپ ئاتالغان، مىللەت جەھەتتە ئىنتايىن شالغۇت مىللەت بولۇپ ئۇلارنى نۇرغۇن مىللەت ئىرقلارنىڭ يۇغۇرۇلمىسى دېيىشكە بولىدۇ، ھەتتا مىلادى **6** ــ ئەسىردىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار قەبىلىسى دىنغا كىرىش ۋەجىدىن يەھۇدىي تۇركۇمگە كىرگەن. **Herbert George Wells** نىڭ مەشھۇر ئەسىرى «دۇنيا تارىخى تېزىسى» غا قارالسۇن.

ئۆزىنىڭ يەھۇدىي ئىكەنلىكىنى يوشۇرىدىغانلار رۇسىيە تەرەپتە جىقراق ئوخشايدۇ، ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادا «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەھۇدىيلار» دېيىلىدىكەن، بەلكىم سودا جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقنى كۆزدە تۇتسا كېرەك.

دۇنيادا يەھۇدىيغا ئەڭ قول قويىدىغان مىللەت خەنزۇلاردىن قالسا بىزنىڭ ئۇيغۇر مىللىتى، بۇنىڭغا كۆز يۇمۇپ بولغىلى بولمايدۇ. چۈنكى خەنزۇ مىللىتى بىلەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تۇرۇۋاتقان دەۋر ئالاھىدىلىكى ئارزۇ ــ ھەۋەسلىرى ئوخشىشىپ

كېتىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ يەھۇدىي بىلەن توي قىلىشقا پېتىنىدىغان بىردىن ــ بىر مىللەت ئۇيغۇرلار ئىكەن، مەسىلەن ھېلىقى قازاقىستانلىق مىليونېر ئىبراھىموۋىچنىڭ ئاپىسى ئۇيغۇر، دادىسى يەھۇدىي.

لېكىن يەھۇدىي بىلەن ھەقىقىي ئۇچرىشىپ باققان جۇڭگولۇقلار، مەسىلەن ئامېرىكىدىكى كۆچمەن خەنزۇلارنىڭ يەھۇدىيلارغا بەرگەن باھاسى ئىقتىسادى جەھەتنى چۆرىدىگەن ھالدا بەكلا سەلبىي ئىكەن، بۇ تەرەپتىن ئەنگلىيەلىك كلاسسىك يازغۇچى شېكسپىرنىڭ قارىشىغا ئوخشىشىپ كېتىدىكەن.

(3) يەھۇدىيلارنىڭ بىز ئۆگىنىشكە تېگىشلىك تەرىپى بار دېسە ئۇلارنىڭ دىنىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى، ئۇلار پەرزەنتلىرىگە 7 ياشتىن باشلاپ دىنىي دەستۇرى تەۋراتنى يادلىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە مانا مۇشۇنىڭ خاسىيىتىدىن مېڭىسىنىڭ ئېچىلىپ ئەقلى قابىلىيىتىنىڭ ئالاھىدە يۇكسىلىشى. بۇنداق ئەھۋال پەرزەنتلىرىگە قۇرئانى كەرىمنى يادلىتىشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئەرەب ۋە پاكىستان، ھىندىستانلىق مۇسۇلمانلاردىمۇ ئەقلىنىڭ يۇكسىلىشى ئەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان.

يېقىندا خەنزۇ يولداشلار پەرزەنت تەربىيەسىدە يادلاشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىپ پەرزەنتلىرىگە ھېلىقى كۇڭزى ئەپەندىنىڭ كىتابىنى ۋە ئۈچ خەتلىك دەستۇرنى يادلاشنىڭ پەرزەنت ئەقلى يۇكسىلىشىدە ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ.

(4) ۋەتەنىدىكى بىر كونا خىزمەتدىشىم بىلەن بىر چاغدا مائارىپ ئۇستىدە ئازراق پاراڭدا بولۇپ قالدۇق، بىزنىڭ خەلقىمىز ئۇزۇندىن قالماي يوقاپ كېتەرمۇ دېگەن ئەندىشىنى دەپتىمەن. ئۇ ناھايىتى تېزلا مېنىڭ گېپىمنىڭ بېلىگە تېپىۋەتتى. بىزنىڭ خەلقىمىز نەققە مىڭ يىللىق سىناقلاردا يوقاپ كەتمىگەن تۇرسا، مۇشۇ يۈز ياكى ئەللىك يىلدا يوقاپ كېتىپ قالمايدۇ، ئۇنداق ئىش ھەرگىز بولمايدۇ دېدى. گەرچە مەن ئۇنىڭدىكى بۇ مەغرۇر قاراشنىڭ سەۋەبىنى بىلمىسەممۇ (بەلكىم ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەس)، ئۇنىڭ جاۋابىغا كۆپ مەستلىكىم كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا، بۇ مەسىلىگە ئۇنداق يوقاپ كېتىش بولامدۇ دېگەن بىپەرۋا مۇئامىلىدە تۇرۇپ كېلىۋاتىمەن، ئەلۋەتتە ئاز پاز سەۋەبىنى قولدىن كەلگىچە قىلىپ تۇرۇشىمۇ زۆرۈر.

**(5)** ئاللاھ ۋە پەيغەمبىرىمىز يەھۇدىيلارنىڭ تارىختىكى ۋە كەلگۈسىدىكى مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئىزچىللىقى توغرىسىدا خەۋەر بەرگەندە ! مەيلى ئۇ ئىجابىي بولسۇن ياكى سەلبىي بولسۇن. بۇ مىللەتنىڭ جاھىللىقى ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئاساسى. ھەقكە بويسۇنمىغان جاھىللىقىنىڭ، مەۋجۇتلۇقىنىڭ، ئىلغارلىقىنىڭ، تەرەققىياتىنىڭ، كۈچلۈكلۈكىنىڭ، شان ـ شەرەپىنىڭ نېمە ئەھمىيتى ھە! تۆت كۈنلۈك جاھاندا.

ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئىبرەت ئالىدىغان يېرىدىن ئىبرەت ئېلىشىمىز لازىم. ئۇلارنىڭ ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنى قاقشاتقۇچى باللىرىنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: ـ دېگەن مەشھۇر سۆزىنى ئېيتقانلىقىنى، ئەيسا ئەلەيھىسسالامنى قەستلەشكە ئۇرۇنغانلىقىنى، پەيغەمبىرىمىزگە، مۇسۇلمانلارغا كەلتۈرگەن پىتنىلىرىنى ئۇنتۇماسلىقىمىز لازىم !

**(6)** بۇ تېما مېنىڭ كاللامنى خېلى ئېچىپ قويدى. ناھايىتى يارقىن پىكىر بىلەن يېزىلىپتۇ. بىلىمخۇمار ئاكىمىزغا مىڭ تەشەككۇر! مەن بۇ تېمىنى ئوقۇپ كاللامغا خېلى كۆپ خىياللار كەپ قالدى، بۇ مېنىڭلا كۆز قارىشىم. مىللىتىمىزنىڭ تارىخى ئۇزۇن، سەرخىل مەدەنىيەت ياراتقان مىللەت، نوپۇسى ۋە ئىقتىسادى خېلى بار. قول بىلەن سانىغۇدەك بولسىمۇ زىيالىيلار بارلىققا كەلدى (مېنىڭ نەزىرىمدە بىلىمخۇمار، ئىلھام توختى، ئا.جالالىدىن قاتارلىق يۇقىرى قاتلامدىكى كىشىلەر زىيالىي سانىلىدۇ). بىراق بىر ئەقىللىق كىشى مىللەتنىڭ كرىزىسىنى تونۇپ يېتىشى ۋە شۇ توغرىسىدا دادىل پىكىر قىلىشى كېرەك، ھازىر دىيارىمىزدا خىتايلاشتۇرۇش سىياستى ئىجرا قىلىنىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر مۇنچىلىغان مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدۇق (تىل مەدەنىيەت، ئىقتىساد) دېگەندەك. ئەلۋەتتە بىز يوقىلىپ كەتمەيمىز دېيەلمەيمىز. بۇ ئۆزىمىزنىڭ تىرىشچانلىقىغا باغلىق ئىش. شۇنىڭ ئۈچۈن كاللامدا مۇنداق بىر خىيال كېچىپ قالدى. **1**. قۇرئانى كەرىم، **2**. تارىخ، **3**. مەدەنىيەت، **4**. بىز كىم؟ **5**. قانداق قىلىمىز قاتارلىق كىتابلارنى نەشر قىلىپ (چەتئەلدە) ئۇيغۇرلارنىڭ بىرلىكىنى ساقلاش كېرەك، ۋە داۋاملىق تەرەققىي قىلىش لازىم. ئەلۋەتتە ھازىرقى غايىمىزدىنمۇ مەڭگۈ ۋاز كەچمەيمىز ھەم مۇرەسسە قىلمايمىز. بۇنى دېيىشىمدىكى يەنە بىر سەۋەب چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلار چېچىلاڭغۇ ھەم ئاسسىمىلياتسىيە كرىزىسىغا دۇچار بولۇۋېتىپتۇ.

(7) مەن قايسى كىتابتىن ئوقۇغىنىم يادىمدا قالماپتۇ، مۇنداق بىر گەپنى ئاڭلىغان، بىر جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئاساسلىق ئامىللار 1 ـ بىلىملىكلەر، 2 ـ ھوقۇقدارلار، 3 ـ مۇشتۇمزورلار دەپ يېزىلىپتىكەن. ماقالە مەزمۇنىغا ماسلاشتۇرساق 1 ـ بىلىملىكلەرنى مائارىپنى كۈچلەندۈرۈش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. 2 ـ ھوقۇقدارنى (ئاكىمىزنىڭ ئالدىنقى ماقالىسىدىكى لىدېرلارغا ئۇتتۇر كېلىدۇ. 3 ـ مۇشتۇمزورلار بەلكىم جاسارەتلىك كىشىلەرگە ئۇتتۇر كېلىشى مۇمكىن، شەخسى قارىشىم.

(8) مۇشۇنداق ئېسىل ئەسەرنى يوللاپ بىزنىڭ كۆزىمىزنى ئېچىپ، قېرىنداشلىرىمىزنى ئومۇمىيۈزلۈك ئويغىنىشقا تۈرتكە بولغانلىقىڭىزدىن ئىنتايىن سۆيۈندۈم! بىز مانا مۇشۇنداق ئەسەرلەرنى كۆپرەك ئوقۇپ، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئۆزىمىزدىكى ئاجىزلىقلارنى تېپىپ چىقىپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىلغارلىقىدىن ئۆگىنىپ، مىللىتىمىزنىڭ پارلاق ئىستىقبالىنى يارىتىش ئۈچۈن ئۆيۈلتاشتەك بىرىكىپ، ھەمكارلىشىپ، ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشىمىز زۆرۈر. بىزنىڭ قىلماقچى بولۇۋاتقان ئىشلىرىمىز بەك كۆپ ھەم ئىنتايىن مۇشكۈل، يەھۇدىيلاردەك چىدام، غەيرەت، تىرىشچانلىق بولسىلا، چوقۇم بىزمۇ دۇنيادا ئۆزىمىزنىڭ ئادەملىك ئورنىمىزنى تاپالايمىز! ئاخىرىدا سىز ۋە ئائىلىڭىزدىكىلەرنىڭ تېنچ ـ ئامانلىقى، بەخت ـ سائادىتىنى ئاللاھدىن تىلەيمەن.

(9) يۈسۈپ ـ زىلەيخا فىلىمى توغرىسىدا تەۋراتتىكى مەزمۇنلار بىلەن كىنودا زور پەرق بار. مەن ئەينى ۋاقىتتا مۇشۇ كىنو پايدىلانغان بەلكىم قۇرئان قىسسىلىرى بولۇشى مۇمكىن دەپ ئىزدەنگەن لېكىن قۇرئان قىسسىلىرىدىمۇ يۈسۈپ بىلەن زىلەيخانىڭ مۇھەببىتى توغرىلىق بىرەر مەلۇمات تاپالمىدىم. ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنى يەھۇدىي دەپ ئالغاندىن كۆرە بەنى ئىسرائىل دەپ ئاتىغىنىمىز ياخشىراق. ئىسرائىلىيە ئىككىگە بۆلۈنگەندىن كېيىن ئىسرائىلىيە ۋە يەھۇدىيەگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئون ئىككى ئوغلى يەنى يەھۇدىيلارنىڭ ئون ئىككى قەبىلىسىدىن پەقەت ئىككى قەبىلە ساقلىنىپ قېلىپ قالغانلىرى تارىختىن غايىب بولىدۇ. بۇ غايىب بولغانلار بىز مەزگىل «سامارىيە» لىكلەر نامى بىلەن ئاتالغان. يەھۇدىيلار يەنى يەھۇدىيەلىكلەر ئۇلارنى كۆزگە

ئىلمايدۇ، چۈنكى ئۇلار يەھۇدىي ئەمەسلەر بىلەن توي قىلىدۇ، ئېرۇسالىمدا ئەمەس سامارىيەدە ئىبادەت قىلىدۇ.

مېنىڭ نەزىرىمدە يەھۇدىيلارنى 3000 يىل ساقلاپ قالغان نەرسە تەۋرات، تەۋراتتا مىللەت ساپلىقىنى ساقلاپ قېلىش، دۆلەت تەۋەلىكىگە بولغان تونۇش، يەھۇدىيلارنىڭ ئۆز مىللىتىگە بولغان چەكسىز پەخىرلىنىش تۇيغۇسىغا ئاساس بولىدىغان ئىدىيىلەر.

بىرىنچى مىللەت ساپلىقىنى قوغداش تەشۋىقى تەۋراتتىكى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بەنى ئىسرائىللارنىڭ مېديان قىزلىرى بىلەن باردى كەلدى قىلىشىنى قەتئىي چەكلىشى ھەتتا قىزلارنىڭ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈرۈشى، ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلك ئوغلى ئىساۋنىڭ قانۇنلۇق بەنى ئىسرائىل قوۋمى بولمىغان قىزلار بىلەن توي قىلغانلىقى سەۋەبلىك خاپا بولۇشى، ھەر قايسى پەيغەمبەرلەرنىڭ توي قىلىشتا باشقا مىللەت ئەمەس ئۆز مىللەت قوۋمىدىن جۈپ تاللىشىنىڭ كۆپ قېتىم سۆزلىنىشى، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ خاتالىقى قاتاردا باشقا قوۋم قىزلىرىنى ئالغانلىقىن قاتارلىق نۇرغۇن باياىلار بار. قارشى تەرەپ يەھۇەنى، بىر خۇدانى ئېتىراپ قىلغان ھالەتتە بولسىمۇ يەنىلا ئوخشاش. دېمەك بۇ مىللەتنىڭ ساپلىقنى ساقلاپ قېلىشتىكى، نەچچە مىڭ يىل جەريانىدا بىر خۇدالىق دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلارنى دىنىي قېرىندىشىمىزكەن دەپ ئاسسىملىياتسىيە بولۇش يولىغا مېڭىپ قالمىغانلىقىدىكى ئىدىيىۋى يېتەكچى.

ئىككىنچى زېمىن مەسىلىسى تەۋراتتا تەڭرى ئىسرائىلىيە زېمىنى بەنى ئىسرائىللارغا ھەدىيە قىلغان زېمىن، باشقا ھەرقانداق مىللەت بۇ يەردىكى تاجاۋۇزچىلار دېيىلىدۇ. قىزىقارلىق يېرى ھەر قېتىم زېمىن قولدىن چىقىپ كەتكەندە يەھۇدىي پەيلاسوپلىرى ئۆزىنى تەڭرى ئەۋەتكەن شەخس دېگەندەك نامالار بىلەن يەنە يەھۇدىي خەلقىگە بۇنىڭ تەڭرىنىڭ جازاسى ئىكەنلىكىنى، سەۋەبى ئۇلارنىڭ تەڭرى كۆرسەتكەن يولدا ماڭمىغانلىقى دەپ چۈشەنچە بېرىدۇ، نەتىجىدە خەلقنىڭ ئېتىقادى تېخىمۇ چىڭىيدۇ. ئۇلار ئىسرائىلىيە، ئېرۇسالىمنى تەڭرى ئەھدە قىلىپ ئۇلارغا بۆلۈپ بەرگەن زېمىن ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنىدۇ. دېمەك دىنىي ئەقىدە بىلەن زېمىن مەسىلىسى چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن. ئېرۇسالېمغا بولغان تەلپۈنۈش دىنىنىڭ مۇھىم بىر تارماق قىسمى، يەھۇدىيلاردا ئۇلۇغلىنىدىغان زېمىن بىلەن مىللەت ياشىغۇچىلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئۆز يۇرتى خەۋپتە قالسا باشقا زېمىن ئۈچۈن كاللا قاتۇرىدىغان مەسىلە مەۋجۇت ئەمەس.

ئۈچىنچىسى ئۇلارنىڭ داڭلىق شەخس (پەيلاسوپ ،جەڭچى باتۇرلىرى) ۋە پادىشاھلىرىغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە يەھۇدىيلار ئۇچۇن تارىختا تۆھپە ياراتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى تەڭرى تەرىپىدىن يەھۇدىيلارغا يەنى ئامراق بەندىلىرىگە ئەۋەتىلگەن ئالاھىدە ئادەملەر، بۇلارنى ئادەتتىكى ئىنسانلارغا ئوخشىمايدىغان قىلىپ تەسۋىرلەش ئۇچۇن ئۇلارنىڭ تارىختا كۆرسەتكەن مۆجىزىلىرى توغرىسىدىكى ھېكايىلەرمۇ تەۋراتتا ئاز ئۇچرىمايدۇ، يەھۇدىي تارىخ پۈتۈكچىلىرى شۇنچىلىك پاراسەتلىككى ئەگەر كۈكرى، لاۋزىلا بەنى ئىسرائىل قوۋمىدىن بولۇپ ئوتتۇرا شەرقتە ياشاپ ئۆتكەن بولسىدى بۇگۇنكى كۈندە ئۇلارنى تارىخچىلىرى تەرىپىدىن مۆجىزىلىك ئىنسانلار دەپ قەۋرىسىنى زىيارەت قىلىپ ياد ئېتىلەتتى دەپ پەرەز قىلىمەن.

تۆتىنچى مىللىي پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بىلەن يەھۇدىي دىنىنىڭ زىچ بىرلىكى. بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا مىللەتنى سۆيۈش، پەخىرلىنىش تۇيغۇسى كەم بولسا بولمايدۇ دەپ ئويلايمەن. تەۋراتتىكى بەنى ئىسرائىل قوۋمىنىڭ تاللانغان خەلق ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى بايانلار، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىردىن چىقىشىدىن پادىشاھلىق دەۋرىگىچە بولغان قىسسىلەر يەھۇدىيلارنىڭ مىللىي ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىغا يېتىپ ئاشىدۇ.

ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقتىم بولۇپ قاپتۇ داۋامىنى كېيىن يازاي.

**(10)** ئۇيغۇرلار ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مېنىڭچە:

**1**. مائارىپقا زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش، ئانا تىل ـ يېزىقىنى ئۇنتۇماسلىق.

**2**. دىنى ئېتىقادىنى مۇستەھكەملەپ، دىن بىلەن خۇراپاتلىقنى پەرق ئېتىش.

**3**. بارلىق ئۇيغۇرلار قوبۇل قىلالايدىغان ئىتتىپاقلىق ئىدىيىسىنى تېپىپ چىقىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش، بولۇپمۇ زىيالىيلار بىلەن دىنى ئامما ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق پىكىر يولىنى تېپىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش.

**4**. ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىك ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي شان ـ شەرەپ تۇيغۇسىنى ئويغىتىپ بۇنى جەمئىيەت ئەخلاقىغا سىڭدۇرۇش، بۇ جەرياندا كۆپتۈرمىچىلىك ۋە يالغانچىلىق قىلىشتىن ساقلىنىش.

**5**. ئۇيغۇرلارنى ئۈمىدۋار بولۇشقا يېتەكلەپ مىللىتىمىز ئىچىدىكى ياتلارنىڭ جاسۇسلىرى تەرغىب قىلىۋاتقان «ئۇيغۇر تۈگەشتى» سەپسەتىسىگە قارشى تەشۋىقات جېڭى ئېلىپ بېرىش كېرەك.

**(11)** مەنمۇ ئۇيغۇرنىڭ ئۆزىنى ساقلاپ تەرەققىي قىلىشىنىڭ يوللىرىنى ساناپ باقاي.

**1**. ئېتىقادنى مۇستەھكەملەش كېرەك. مۇشۇ ئالدىنقى شەرتكە چۈشمىگەن ئالىم پەقەت شەيتان لەئىنىدۇر.

**2**. ئانا تىل مائارىپىدىن ۋاز كەچمەسلىك كېرەك. ئۇيغۇر بالىسى خەنزۇ تىلىدا قىلغان تەپەككۇر پەقەتلا سىياقى تەپەككۇر، ئەقلىي تەپەككۇر ئەمەس.

**3**. بايلارنى قوللاش، ئۇلار ئارقىلىق مىللەتنىڭ ياشلىرىغا خىزمەت پۇرستى هازىرلاپ بېرىش، ئۇلارنىڭ بىكارچىلىق ۋە نامراتلىقتىن چۈشكۈنلۈك، مەھكۇملۇق يولىنى تاللىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

**4**. دىن ۋە پەن جەھەتتىكى ھەقىقىي زىيالىيلارنى قوغداش كېرەك.

**(12)** رەھمەت. بىلىمخۇمار ئەپەندىم، سىزنىڭ يىللاردىن بېرىكى ئاتالمىش قوش تىللىق مائارىپ ھەققىدە يازغان يازمىلىرىڭىز پۈتكۈل ئۇيغۇر زېمىنىدا، بۇ خىل ئوقۇتۇشنىڭ ئاداققى مەقسىتىنى ئېچىپ بېرىش بىلەن، خەلقىمىزنىڭ سۆيىقەستتىن ساقلىنىش ۋە ئۆزىنى چۈشىنىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتتى. ئاللاتائالا ئۆز كىتابى قۇرئان كەرىمنىڭ **12** ــ سۈرە، يۇسۇپ **87** ــ ئايىتىدە «ئى ئوغۇللىرىم! بېرىڭلار، يۇسۇپ ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسىنى ئىزدەڭلار، ئاللانىڭ رەھمىتىدىن نا ئۈمىد بولماڭلار، شۈبھىسىزكى، پەقەت كاپىر قوۋملا ئاللانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ» دەپ ئىدا قىلدى . بىز پەقەت مانا شۇنداق ئۈمىد ئىچىدە ئۆزلۈكىمىزنى ساقلاش يولىدا ئىمكانىيەت يارىتىپ ھەرىكەت ئېلىپ بارساقلا ھەرقانداق خېيىم خەتەرنى يېڭىپ كېتىمىز. ئاللا ھەممىمىزنى مۇرات مەقسەتلىرىمىزگە يەتكۈزسۇن. سىزگە مەندىن دوستلۇق سالامىم خەۋەر بولسۇن.

**(13)** بۇ تېمىنى «ئانا ۋەتەن» دېگەن تورداشنىڭ يەنە بىر تېمىدا تىلغا ئالغانلىقىنى كۆرۈپ ئاچقان ئىدىم. بۇ تېمىنى كۆرمىگەن ئەمەس كۆرگەن، لېكىن تېمىدىكى «يەھۇدىي» سۆزىنى كۆرۈپلا، «يەھۇدىينى ماختاش هازىرغىچە قالماپتۇ ــ دە، قاچانغىچە خەقنى ماختامىز، خەقلەر بىزنى يوقايدۇ دەپ ئۆسەك تارقىتىپ بىزنى مەنئۇى جەھەتتىن سىرتماققا ئېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتسا» دېگەن خىيال بىلەن ئاچماپتىكەنمەن. چۈنكى بىر چاغلاردىكى يەھۇدىي دولقۇنى، يەھۇدىينى

كۆپتۈرۈپ ماختاش نىرۋامغا تەككەن مېنىڭ. بولمىسا بىلىمخۇمار دېگەن تور ئىسمىنى ئانچە مۇنچە كۆرگەن مۇنبەردە.

تېما مەزمۇنى ھەقىقەتەن مول ئىكەن. بىز بەزىدە مىللەت ئۈستىدە چوڭ جەھەتلەردىن ئويلىنىشقا ۋە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە ئېشىنغان ۋاقىتلىرىمىزدا كاللىمىزدا چاچما ھالەتتە، گاھ ــ گاھتا خۇددى ھەسەن ھۈسەندەك پەيدا بولۇپ يەنە تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى، بېسىم ۋە ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ئۇنتۇپ قالىدىغان ياكى بوشاپ قالىدىغان خىياللىرىمىز ۋە تەپەككۇرىمىزنى يىغىنچاقلاپ بېرىپتۇ.

بىلىمخۇمارنىڭ پىكىر ــ يەكۈن ئاساسلىرىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىيالىساق ئۇ چاغدا ئۇيغۇر دۇنياسىنىڭ كەلگۈسىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس، بۇنى يەھۇدىيدىلا ئەمەس، ھەرقانداق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بىر كوللېكتىپ ياكى شەخسنىڭ ۋۇجۇدىدا يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇچراتمىساقمۇ، مەلۇم بىر قىسىم ئالاھىدىلىكنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. گەپ بۇلارنى قاچان باشلاش ۋە قەتئىي باشلاش مەسىلىسى.

ئاللا سىزگە تېخىمۇ مول تەپەككۇر، ئىزدىنىشچان ئۇچۇن تېخىمۇ زور كۈچ ــ قۇۋۋەت ئاتا قىلسۇن. كۆزلەرنى نۇرلاندۇرۇپ، كاللىلارنى سەگەكلەشتۈرۈپ تەپەككۇرغا ۋە ئويغىنىشقا باشلايدىغان يازمىلىرىڭىز ئۈزۈلمىسۇن، رەھمەت!

**(14)** مېنىڭمۇ بۇ توغرىسىدا ئىككى ئېغىز گەپ قوشقۇم كېلىپ قالدى. مەيلى سالاھىيىتىم يار بەرسۇن بەرمىسۇن، بىلگىنىمنى دەپ باقاي. ئالدى بىلەن مىسرانىم تور بېتىدىكى تالاش تارتىشلار توغرىسىدا سۆزلىسەم. مۇنداق بىر مەسىلىنى دېمەي بولمايدۇ. چۈشىن ھەسەلگىمۇ، گەندىگىمۇ ئولۇشۇپ گىژىلدايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ تەم سەزگۈسى يوق خالاس! ئۇيغۇرلاردا دېگەن ماقالە ــ تەمسىل بەلكى مۇشۇ مەنىدە دېيىلگەن بولسا كېرەك. دۇنيا مەيلى قانداق قۇتۇپلاشسۇن پەقەت بىر مەركەزگە توپلىشىپ قالمايدۇ. بۇ ھەم مۇمكىن ئەمەس. ئىدىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىر ياخشى فانتازىيە لېكىن بۇ ھەم مۇمكىن بولمايدۇ! چۈنكى دۇنيانى تەرەققىي قىلدۇرۇۋاتقان سىزگە ئوخشاش ئىزدەنگۈچىلەر، ئىجابىي تەسەۋۋۇرلار، يېڭىلىققا تولغان ئىدىيىلەر ۋە خەلقىنىڭ ئادىتىدىن ئاشقان تەسەۋۋۇرلار. دۇنيا كۈندىلىك ئايلىنىش بىلەن ئىنسانىيەت دائىملىق ئادەت ۋە كۆز قاراشلار بىلەن مەڭگۈ تەرەققىي قىلالمايدۇ.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئادەمنى شۈركەندۈرگىدەك بۇ سوئال دىققىتىمنى تارتتى. يەنى «بىز بۆرىنىڭ كۈچىگىمۇ ياكى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىمۇ؟». نېمە دەي ئەمدى؟ يىغلايمۇ، ئۆلەيمۇ بىلمىدىم. ھەي، ئۇيغۇر بولمىش ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى! سەن ئۆزۈڭ كىم؟ مىللىتىڭ نېمە؟ تۇتىمىڭ نېمە؟ دىنىڭ نېمە؟ بۇلارنى بىلمەي نېمە ئۈچۈن ياشايسەن بۇ دۇنيادا؟ كېيىن مەن يەنە شۇنى ئويلاپ قالدىم. ئۇلاردا نېمە گۇناھ؟ ئۇلارنىڭ تەربىيىلىنىشى شۇنداق تۇرسا، بۇنى كىمدىن كۆرىمىز؟

دىن بىلەن پەننىڭ تالاش تارتىشى ياۋروپادا **17** ـ ئەسىر ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇندىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ، لېكىن ھېچقايسى تەرەپ ئۇتقىنى ياكى ئۇتتارغىنى يوق. بۇ مەسىلە ئۇيغۇرلارغا تېخى يېڭى. بىزنىڭ ئىسلام دىنىمىزدىن تېخىچە ئومۇمى خەلق ئورتاق سەۋىيىدە تەلىم ئالغىنىمىز يوق. قايسى بىر يازغۇچىمىز دېگەندەك «ئۆلىما باشقىلاردىن، چوقۇنۇش بىزدىن» بولۇپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. ئىسلام دىنىمىزنى قوغداش ئەلۋەتتە ھەر بىرىمىزنىڭ مەجبۇرىيىتى، لېكىن قايسى شەكىلدە قانداق قوغدايمىز بۇ بىر مەسىلە. مېنىڭ بىلىدىغىنىم پەننى سەۋىيىنىڭ قانچە ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ دىنغا بولغان كۆز ـ قاراش چوڭقۇرلىشىپ بېرىۋاتىدۇ. يۇقىرى سەۋىيەدىكى پەننى ئالىملىرىمىزنىڭمۇ پىكرى ھەم ئورتاق بولۇۋاتىدۇ. لېكىن ئىپادىلەشتە، ئۇسۇل ۋە تىلدا مەلۇم خاتالىقلار بولۇشى مۇمكىن. شەخسەن مەن ئۆزۈمنىڭ تەجرىبەمنى ئېلىپ ئېيتسام دېموكراتلار ياكى پەننى ئالىملار دىنى ئۆلىمالار بىلەن دىن توغرىسىدا مۇنازىرە ئۇيۇشتۇرماسلىق كېرەك. بەلكى ئۆز ـ ئارا ھۆرمەتلەشكەن ئاساستا بىر بىرىدىن ئۆگىنىش ۋە سوئال ـ جاۋاب مۇھاكىمىسى بولۇش كېرەك دەپ قارايمەن. چۈنكى دىن ھەر مىللەتكە مۇقەددەستۇر. ئۇنى بىلىپ تۇرۇپ دىن توغرۇلۇق مۇنازىرە قىلىش پەقەت سەلبىي تەسىر پەيدا قىلىدۇكى ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەيدۇ. بۇندىن باشقا مىللەتنىڭ ئىدىيىۋى تەربىيىسى مۇنازىرە ئارقىلىق ئەمەس بەلكى تەشۋىقات ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك دەپ ئويلايمەن. گىتلېر مىللەتنى مائارىپتا ئورتاق سەۋىيىدە تەربىيەلەشكە يىگىرمە يىلدىن يۇز يىلغىچە ۋاقىت كېتىدۇ دەپتىكەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا بىزگە ئوخشاش ئاسسىمىلياتسىيە مائارىپىنى خىتاي باشقۇرۇۋاتقان مۇستەملىكىدىكى بىر گۆدەك مىللەتكە ئورتاق كۆز ـ قاراش تۇرغۇزۇش ئۇزۇن مۇساپىلىك مۇشكۈل ۋەزىپە ھەم بۇنىڭ بىردىن بىر يولى ئەركىنلىكنى قولغا ئېلىش ھەم ئىنقىلابقا جۇرئەت قىلىش. شۇ چاغدا ئۇيغۇرنىڭ دېۋانىسىمۇ تۈگەيدۇ، ئوغرىسىمۇ تۈگەيدۇ، رادىكالىمۇ تۈگەيدۇ. ئۇيغۇرنى مۇشۇ دىشۋارچىلىقلارغا سېلىۋاتقان مەنبە نېمە؟ كېسەلنى يىلتىزىدىن

داۋالىماي قانداق ساقايتقىلى بولىدۇ؟ كاللىمىزنى سىلكىۋېتىپ تۇپ يىلتىزىدىن ئويلاپ باقايلى! بىز قاتتىق يەرگە تېگەلمەي يۈمشاق يەرگە ئۇسسۇۋاتىمىزمۇ قانداق؟ يۇمشاق يەر دەل ئۆزىمىز قانداق ئۇسسەك قان چىقمايدىغان ئۆز مىللىتىمىز، لېكىن كېسەلنىڭ مەنبەسى ئۆزىمىز ئەمەس بەلكى خىتاي ھەم ئۇنىڭ دىكتاتور تۈزۈمى.

سۆزۈمنى يىغىپ كەلسەم پىكرىم چۈۋالچاق ۋە مەلۇم مەقسەتنى ئىپادىلەپ بېرەلمىسىمۇ ھېس قىلغىنىم، بۇ قېرىنداشىمىزنىڭ پىكرى ناھايىتى ئورۇنلۇق بولسىمۇ بۇنى بىر ئىككى ماقالە ياكى كىتاب بىلەن ئورۇندىماق بەسى مۈشكۈل. شۇڭا مۇھىمى ئورتاق مىللىي ھېسسىيات ۋە مىللىي غۇرۇرنى تۇرغۇزۇش بۇ مەسىلىلەرنى ئۆزلۈكىدىن ھەل قىلىپ كېتىشى مۇمكىن دەپ ئويلايمەن. چۈنكى پەننى ئالىملىرىمىزنىڭ پەننى نۇقتىدا تۇرۇپ پىكىر قىلىشى بىلەن دىنى ئۆلىمالىرىمىزنىڭ دىنى نۇقتىدا پىكىر قىلىشى پەقەت بىر ئورتاق مىللىي ھېسسىيات ئاستىدا بىرلىشىشى مۇمكىن، ئەگەر قاراشلىرىم توغرا بولسا.

**(15) Western**: بىر يەھۇدىي مۇتەپەككۇرنىڭ: «يەھۇدىيلارنى ساقلاپ قالغان ئەڭ مۇھىم ئامىل ـ يەھۇدىي دىنى» دېگەندەك مەشھۇر بىر سۆزى بولىدىغان، ھازىرقى ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ بىر ئەندىشىسى بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ ئەندىشە قىلىدىغىنى ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنىڭ تەھدىتى ئەمەس، بەلكى ئىسرائىلىيەدە ياشاۋاتقان يېڭى بىر ئەۋلاد ياشلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ سۇسلىشىپ كېتىشى ياكى تامامەن دىنغا ئىشەنمەسلىكى ئىكەن. ئەگەر بۇنداق ئەھۋال ئېغىرلاشسا ئەتراپتىكى دۆلەتلەر تەھدىتى بىلەن قوشۇلۇپ ئىسرائىلىيەنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن. مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تەھلىللەردە ياخشى تۇرمۇش بولسىلا دۇنيانىڭ نەرىدە ياشىسام بولۇۋېرىدۇ دەپ قارايدىغان ئىسرائىلىيە سىرتىدىكى يەھۇدىيلار تىلغا ئېلىنغان. ئەگەر ئىسرائىلىيەدىكى دىنىي ئېتىقادى سۇس كىشىلەر مۇشۇنداق ئويغا كېلىپ قالسا مەۋجۇتلۇق تەھدىتى تېخىمۇ كۈچىيىدىكەن.

ئەمدى ئۆزىمىزگە كەلسەك بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىز تەھدىتكە ئۇچرىمىدى دەپ ئېيتالمايمىز. بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئېتىقادنى، ئەنئەنىنى كۈچەپ تەكىتلىشى بىلەن يۇقاردىكى ئەندىشە ئوخشاش، لېكىن چۈشىنىكسىز بىر ئىش بار يەھۇدىيلارغا ناھايىتى قول قويىدىغان بىر قىسىم كىشىلەر ئېتىقادقا، ئەنئەنىگە، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان يەھۇدىيلار مۇئامىلە قىلغان مۇئامىلىدە

بولمايۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەندىشىسى دەل بۇنىڭ ئەكسىچە. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ تەھلىل قىلىپ باققان، ئۇلارنىڭ تەھلىلىچە ئەتراپىمىزدا تەرەققىياتقا ئىنتىلىدىغان، لېكىن ئىشنىڭ ماھىيىتىنى تىلغا ئېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان زىيالىيلارنىڭ كۆز قارىشىنى تەھلىل قىلىپ ئۇلارنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ئۇلار شۇغۇللىنىۋاتقان خىزمەت (ياكى كەسىپ) بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغان، ھەم شەخسىي مەنپەئەتنى قوغداشنى نورمال ئىش دەپ چۈشەنگەن، لېكىن ئۇلارنىڭ مىللەت، خەلق دېگەن گەپنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەيدىغانلىقىنى چۈشىنەلمىگەن.

**(16)** جەمىلە**33**: يەھۇدىيلارنى ساقلاپ قالغان نېگىزلىك ئىدىيەنىڭ مەنبەسى تەۋرات ۋە تەلمۇد، تەلمۇدقا يەھۇدىيلارنىڭ ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرۈش، دۇنياغا خوجايىن بولۇش دېگەندەك ئەشەددىي ئىدىيەلىرى سىڭدۇرۇلگەن، يالغانچىلىقنى توغرا كۆرىدۇ، ئۆسۈم يېيىشنى ھالال ھېسابلايدۇ، ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ۋاستە تاللىماسلىق، قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن، باشقا مىللەتلەرنى بېسىپ چۈشۈپ دۇنياغا ئىگىدارچىلىق قىلىشنى ئاداققى مەقسەت قىلىدۇ. مىللەتچىلىك ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تارىخى ۋە بۈگۈنى ھەر قانداق مىللەتكە ئۆرنەك؛ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن، ئۇلارنى ئۇلگە قىلىش خاتا، پەقەت ئۇلارنىڭ مائارىپقا كۆڭۈل بۆلۈش دېگەندەك تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

**(17)** ئادولىف: **1700**ـ يىللاردىن ئىلگىرىكى دەۋردە ئەقىل جەھەتتە پەرق بولۇشى ناتايىن. سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىنكى دەۋردە بولسا، يەھۇدىيلار دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ياشىغان بولغاچقا، شۇ مۇھىتلاردىكى ئۈچۈر يەھۇدىيلارغا تەسىر كۆرسەتكەن.

بىرىنچى قەۋەتنى سالغاندۇ، ئىككىنچى قەۋەتنى قانداق ئالغاندۇ؟

دەل مانا مۇشۇ سەۋەب. بىر ئۆمۈر بىرلا رايوندا ياشىغان ۋە ئافرىقىلىقلاردەك ياۋايى ھايۋاناتلاردىن باشقىنى كۆرمىگەن ۋە ئوتتۇرا ئاسىيالىقلاردەك دېھقانچىلىقتىن باشقىسى بىلەن شۇغۇللانمىغانلار ئۇلارنىڭ كۆرگىنى دەل ئۆز مۇھىتىدىكى چەكلىك بولغان ئۈچۈرلار بولغاچ، ئۇلار ئىككىنچى قەۋەتنى قانداق ئالغانلىقىنى قىياس قىلالماي ھەيران قالغان.

ئەكسىچە بولسا لوندوندا نيۇتوننىڭ بېشىغا ئالما چۈشكەن بولسا بۇ خەۋەر بىزگە **20** ئەسىردە ئاران يېتىپ كەلگەن بولسا، بۇ خەۋەر ئەكسىچە شۇ دەۋرنىڭ ئۆزىدە لوندوندىن رۇسىيەدە ياشايدىغانلارنىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىپ كەلگەن. رۇسىيەدىكى فىيرباخنىڭ چۈشى ۋە بۇ چۈشىدىن ھاسىل بولغان قىياسمۇ لوندونغا يېتىپ بارغان.

ئەنە ئاشۇ مۇھىت دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشايدىغان يەھۇدىيلارغا بۇ ئۇچۇرلار بىلەن ئۇچرىشى پۇرسىتى يارىتىپ بەرگەن. شۇڭا ئۇلار ئېرىشكەن ئۇچۇر كۆپ بولغانلىقتىن، ئۇلار ئىككىنچى قەۋەتنى قانداق ئالغانلىقنى قىياس قىلىپ ئۇلگۇرگەن.

بۇ يەردە شۇنداق بىر نەرسە ئېنىقكى سانائەت ئىنقىلابى بولغان دەۋردە ئىلىم پەن يەنىلا پەنلەر ئاكادېمىيىسى دېگەندەك ئورۇنلار تەرىپىدىن پۈتۈن جەمئىيەتتىن مەخپىي تۇتۇلۇپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان. بۇنداق ئورۇنلارغا يەھۇدىيلارنىڭ تاللىنىشى ۋە بۇ ئۇچۇرلارنى ئۆز ئىچىدە يەتكۈزۈش ئارقىلىق بىر توپ كىشىلەرلا مونوپول قىلغان ئىلىم پەن بارلىققا كەلگەن.

بۇنىڭ مىسالى ئۇيغۇرلار ئاتوم يادرو فىزىكىسى دېگەندەك فىزىكىلارنى بىلمەمدۇ ياكى شۇنداق كەسپلەردە ئوقۇيالامدۇ ۋە ياكى جۇڭگو مائارىپى ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇنلىغان كەسپ ۋە ئىلىم پەن ئۇچۇرلىرى بىلەن ئۇچرىشىشىغا توسقۇنلۇق قىلدىمۇ.

رۇسلار جۇڭگولۇقلارغا ياردەم قىلمىغان بولسا بۇلار تېخىچە چوشقىسىنى بېقىپ يۈرگەن بولاتتى. ئىلىم ـ پەننىڭ مونوپول قىلىنىشى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىلىم ـ پەن ئۇچۇرلىرىدىن خەۋەرسىز قېلىشى يەھۇدىيلارنى ئەقىللىق ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كۆرسىتىپ قويغان.

ئالدىنقى ئەسىرلەردە ئىلىم ـ پەن مونوپوللۇقى ئاياغلىشىپ سەل دېموكراتىيەلەشتىمۇ دەيمەن.

**(18)** دەيدىغان گەپنىڭ ھەممىنى باغداشتا دەۋېتىپ ئىزدىنىشتە قىلىدىغانغا گەپ قالماپتۇ. بىر مىللەت كىشىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەسكى ياخشى دەپ ئايرىغىلى بولمايدىكەن، لېكىن يېتەكچى ئىدىيىسىنى تەتقىق قىلىشقا بولىدىكەن. شۇ مىللەت ئېتىقاد قىلىدىغان دىن، مۇقەددەس كىتابلىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق شۇ مىللەتنىڭ كۆپ قىسىم كىشىلەردىكى بەزى ئىدىيەلەرنى ئاز تولا چۈشەنگىلى بولىدۇ دەپ ئويلايمەن. مېنىڭ خۇلاسەم بويىچە «تەۋرات»

ئاساسلىقى يەھۇدىيلارنىڭ شەكىللىنىشى، دۆلەت قۇرۇش يولى، قەھرىمانلار قىسسىسى ۋە ئىبرەتلىك ۋەقەلەر توپلىمى، ئۇلارنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى تەڭرىنىڭ تاللانغان بەندىسى دەپ قاراش، باشقا مىللەتلەر بىلەن توي قىلىشنى چەكلەش، ئىسرائىلىيەنى تەڭرى ئۇلارغا ئەھدە قىلىپ بۆلۈپ بەرگەن زېمىن دەپ قاراش، تارىخىدىكى ۋەزچى قەلەمدار پەيلاسوپلىرى ۋە ئەلەمچى باتۇرلىرىنى ئادەتتىن تاشقىرى ئۇلۇغلاش، مىللەت ئۇقۇمى، زېمىن ئۇقۇمى، دىنىي ئۇقۇم چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن ئىدىيە. ئۇلار ئېتىقاد قىلىدىغان دىن تېگى تەكتىدىن ئېيتقاندا يەنە شۇ مىللىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان دىن.

**(19)** ھەقىقەتەن ئۇيغۇر مىللىتىمىز بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ تارىختىكى قىسمەتلىرى سېلىشتۇرما تەتقىق قىلىشقا بەك ئەرزىيدۇ، مەن بارغانچە مۇشۇنى ھېس قىلىۋاتىمەن:

ئەۋۋەلەن، يەھۇدىيلار ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىش سەۋەبىدىن **3000** يىل خارلىق سەرسانلىق قىرغىنلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان، ئۇلار تارىختا مەيلى قايسىلا يۇرتقا بارمىسۇن شۇ يۇرتتىكى مىللەتلەرگە ئالدى بىلەن ياخشىچاق بولۇپ تۇرالغۇغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلغانىيۇ كېيىن شۇ يۇرت خەلقى تەرىپىدىن ئېغىر خورلۇققا ئۇچرىغان. قەدىمىي مىسىر، بابىلۇن، پارىس، رىم ئىمپېرىيىلىرى تاكى يېقىنقى زامان ياۋروپادىكى ئالمانلارغىچە، يەھۇدىيلار شۇ مىللەتلەرنىڭ ئىنتايىن ئېغىر باسقۇنچىلىقىغا ئۇچرىغان.

ئۇيغۇرلار دەل بۇنىڭ ئەكسىچە. ئۇيغۇرلاردىن نۇرغۇن يۇرتلارنى سورىغان كىشىلەر چىققان، نۇرغۇن خەلق ئۇيغۇرلارنىڭ خۇلقى مىجەزى ھەتتا كىيىم ـ كېچەك كىيىش ئۇسۇللىرىغىچە ئۆگەنگەن. مەسىلەن جۇڭگو تارىخىدىكى ئەڭ كۈچلۈك تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە پايتەختتە ئۇيغۇرچە يۇرۇش مودا ئىدى، ئۇيغۇرلار ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئەۋزەل يىپەك يولىدا ئاپىرىدە قىلىنىپ بۇنىڭ ھالاۋىتىنى يەتكۈچە سۈرگەن، ئۇيغۇرلاردىن ھەتتا **3** چوڭ قىتئەدىكى ئوخشىمىغان دۆلەت مىللەتلەرگە پادىشاھلىق قىلغان ئەجدادلار چىققان، ئۇيغۇرلار ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن مەدەنىيەت ۋە ئىقتىساد جەھەتتە دۇنيادىكى ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىكى قوۋملاردىن بولغان. مۇشۇنىڭدىن بىلىندۇكى ئۇيغۇرلار ھىمايە قىلىنغان توغرا يولدىكى مىللەت ئىدى.

يەنە بىر جەھەتتىن ئۇيغۇرلار بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ يېقىنقى زامان ئۆزگىرىش ئەھۋالى تېخىمۇ روشەن سېلىشتۇرما، سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىنكى ئەھۋالى

بەكرەك روشەن، تاكى 1948 ـ 9 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇر ۋە يەھۇدىي قوۋملىرىنىڭ تەقدىرى قىزىقارلىق ھالدا سېلىشتۇرما بولالايدۇ.

ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان ئىسلام مىللىتى، ھىمايىگە ئېلىنغان مەدەنىيەتلىك مىللەت ئىدى. ھازىر بىز ئېتىقادقا تۇتقان پوزىتسىيەرىمىز جەھەتتە يەھۇدىيلاردىن ئۆگىنىشىمىز كېرەكلىكىنى ھېس قىلىۋاتىمىز، مانا بۇ تەقدىرنىڭ بىزگە ئۆتۈۋاتقان دەرسى.

لېكىن ماۋۇ ئىزدىنىشتىكى، ياكى تور دۇنياسىدىكى بىر قىسىم تورداشلارنىڭ قەلبىدىكى يەھۇدىي رىشتىسى ئۇلارنىڭ پەن ۋە ئىقتىساد جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىگە بولغان قايىللىقىنىڭ ئاشقۇن ئىپادىسى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ھەممىمىز مەسىلىنىڭ ماھىيىتىگە چوڭقۇرلاشقا تىرىشىپ بېقىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

**(20)** ھەممىنى يىغىپ كەلسەك، يەھۇدىي ـ ـ ـ ئىنتايىن شەخسىيەتچى، ئىنتايىن ئۆم ئىكەن. بۇ ئىككى خىل مىجەزنى پۈتۈن يازمىنىڭ ھەممە يېرىدىن تاپقىلى بولىدىكەن. بىز ئۇلارنىڭ رەزىللىكىنى (مەسىلەن مەنپەئىتى ئۈچۈن ھەرقانداق يامان ئىش قىلالايدىغانلىقىنى) تاشلاپ قويۇپ، قالغان پۈتۈن ئىشنى ئۆزىمىزگە مىزان قىلساق بولغۇدەك. مەسىلەن:

**1**. ئۆملۈك ـ ـ ـ دىن بىلەن مىللەتنى بىر ـ بىرىگە زىت قىلىۋالماي ئۆم بولۇش. ( ھازىر ئەڭ ئاددىيسى «مىللىي كىيىم كىيىش كېرەكمۇ ياكى قاپقارا ئابايى كىيىش كېرەكمۇ؟» دېگەن مەسىلىنىڭ ئۆزىلا بىزنى قاتتىق جەڭگە چىقىرىۋېتەلەيدۇ. ئىككىلا تەرەپ موملىرىنىڭ ئۈچىسىدىكى كىيىمنىڭ مىللىيلىكىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا ئىسلام دىنىغا مايىل ئىكەنلىكىنى ئويلاپ قويمايدۇ. بۇنى ئۇيغۇرچە توربەتتىكى جەڭگە ـ جېدەللەردە بەك كۆپ ئۇچرىتىمىز. يەھۇدىيلار ئەكسىچە دىن بىلەن مىللەتنى پۈتۈن بىر گەۋدە قىلىۋەتكەن.)

**2**. بىلىم ئېلىش ۋە تاكتىكا ـ ـ ـ يەھۇدىيلار بىلىم بولمىسا پۇل تاپقىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. دۇنيا ئىقتىسادىنى كونترول قىلالىغۇدەك ئىقتىساد بىلىمى ۋە تاكتىكىسى بولمىسا قانداق كونترول قىلالايدۇ؟ پۇل تېپىشنىڭ ئاچقۇچى ـ بىلىم ۋە ھەرقانداق زامان، مۇھىت ۋە ئىشقا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان تاكتىكا. (ئەلۋەتتە سىزنىڭ كەسپىڭىزگە قاراپ بىلىمىڭىزمۇ ھەرخىل بولىدۇ.)

**3**. تىل ۋە ئاخبارات ـ مېدىيا كۈچى ـ ـ ـ بۇنى ھوللىۋود كىنو شىركىتى، ئاخبارات ساھەسى، تور قاتارلىقلاردىن كۆرۈۋالالايمىز. ئۇلار بىر كىنو ـ ئېلان ياكى بىرەر خەۋەر، ياكى داڭلىق چولپانلارنىڭ بىرەر ئېغىز ئۆزىنىڭ **Facebook** بېتىگە

چىقىرىپ قويغان بىرەر ئىنكاسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ دېمەكچى بولغان مەقسىتىگە ۋە ئىدىيىنى بۇرمىلاش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. (ئەكسىچە بىزدە خەۋەر ئەمەس سۆز قىلىشتىمۇ مۇتلەق ھوقۇقىمىز يوق. ۋېيبو تورىدىكى بىرنەچچە داڭلىقنىڭ «يىتىپ كېتىشى» ۋە يېقىندا چىققان «ئۆسەك سۆزنى تارقىتىشنى چەكلەش قانۇنى» بۇنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ ئەلۋەتتە شەخسىي ئامىل ئەمەس. ئەمما توردىكى، كىتاب، تېلېۋىزورلاردىكى مىللىي جەھەتتىكى بىلىم ۋە جۇمە نامازدىكى ئىمامنىڭ قىلغان سۆزلىرى بىزنى بىر نىيەتتە قىلالايدۇ.)

يەنە نۇرغۇن ئامىللار بار ئىكەن، بىز ئۇلاردىن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك يەرلەرنى ئۆگىنىشىمىز كېرەككەن. ھەممىدىن مۇھىمى ـ ـ ـ ئۆملۈك.

**(21)** ئاللاھ سىزگە رەھمەت، ھەم كاتتا شەرەپلەرنى ئاتا قىلسۇن بىلىمخۇمار قېرىندىشىم! ھەقىقەتەن ئۇيغۇر خەلقىمىزنىڭ بەختى، تەقدىرى ھەققىدە كۆپ ئويلىنىپ نادىرلانغىدەك ئېسىل پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپسىز. دېگىنىڭىزدەك بىز ئىسلام ئېتىقادىنى يوقاتمىغان ھەم ھەقىقىي ئىسلام روھى، ۋە ئىلىم پەن بىلەن ئۆزىمىزنى قوراللاندۇرۇپ، كاپىر بولسىمۇ يەھۇدىيلاردەك ئىلغار مىللەتلەرنىڭ ئىلغارلىق تەرەپلىرىنى ئىسلام دىنىمىز روھىغا مۇخالىپ كەلمىگەن ئاساستا ئۆگىنىپ، ئۆزىمىزنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك! چۈنكى بۇ ئالەم سەۋەبلىك ئالەم! «سەۋەب قىلىپ، تەلەپ قىل»، دېگەن ھېكمەت بار! بىراق ئاخىرىدا دەيدىغىنىم، ئىسلامنىڭ ئەسلى روھىغا ھەقىقىي ئەمەل قىلىپ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئۈلگە قىلىپ ماڭالىساق ھەقىقىي بەختىمىزنى تاپالايمىز، دەپ قارايمەن! چۈنكى يەھۇدىيلارنىڭ كۆپىنچە ئۆزىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتىكى ئىلغارلىق تەرەپلىرى باشقىلارنىڭ ئازابىغا ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشكەن. بۇ ئىنسانىي ئەخلاققا خىلاپ قىلمىش.

**(22)** ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بىلىمخۇمار ئاكا:

سىزنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى ئاجرىتىپ مەنئۇيىتىمىزنى بېيىتىش ئۈچۈن ئېسىل يازمىلارنى ھۇزۇرىمىزغا سۇنغىنىڭىزغا كۆپتىن ـ كۆپ تەشەككۇر.

گېرمانىيە ناتسىستلىرى تەرىپىدىن قىرغىن قىلىنىپ، نوپۇسى ھازىرقى نوپۇسىنىڭ ئۈچتىن بىرىگە تەڭ كەلمەيدىغان يەھۇدىيلارنىڭ قۇدرەت تېپىپ،

كۈچلىنىپ، دۇنيانىڭ خوجىسىغا ئايلىنىشى دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەرنى، جۈملىدىن بىزنىمۇ چوڭقۇر ئويلاندۇرماقتا.

سانى شۇنچە ئاز، نۇرغۇن يىللارنى سۈرگۈنلۈكتە ئۆتكۈزگەن يەھۇدىيلارنىڭ بىر ئەسىرگە يەتمىگەن ۋاقىتتا بۇنچىلىك كۈچلىنىپ كېتىشىنىڭ سىرى زادى نەدە؟

جاۋابى شۇ يەردىكى ئۇلاردا ئۈملۈك بار، ئېتىقاد بار، تىرىشچانلىق بار.

بىزدىچۇ؟ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش تولىمۇ قىيىن. ھەقىقىي جاۋابنى بەرسەك ئاللىكىملەر تەرىپىدىن مۇناپىق، كاپىرغا چىقىرىلىپ ھاقارەتلىنىمىز. تاس قالدۇ بىزنىڭ جەمەتىمىزنى يەھۇدىيلار بىلەن باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلغىلى. يالغان جاۋابنى بېرىپ ساختا ئېتىقاد بىلەن مايلىنىپ يۈرسەك بىز ماختاشقا ئېرىشىمىز.

يەھۇدىيلار ئۆز ئېتىقادىدا چىڭ تۇرالىدى. گەرچە «تەۋرات» قا مەھكەم ئېسىلىپ ئىسلامغا تۈپتىن قارشى يول تۇتقان بولسىمۇ.

لېكىن بىزچۇ؟ دۇنيادىكى بارلىق بىلىملەرنىڭ جاكارچىسى، ئىلىم ـ ئىرپاننىڭ خەزىنىسى، ئىتتىپاقلىقنىڭ تۈگى بولغان «قۇرئان كەرىم» قولىمىزدا تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ توغرا يولدا ماڭالمىدۇق، قىسقىسى ئېتىقاد، ئىمان ئۇستىدە ئاغزىمىزدىن كۆپۈك چاچرىغۇدەك ۋالاقشىساقمۇ، ئېتىقادنىڭ توغرا يولىدا ماڭالمىدۇق. ئىلىم ـ ئىرپان ئۆگىنىش ئورنىغا «چاپاننى ئۇزۇن كەيسە ياخشىمۇ؟ قىسقا كەيسە ياخشىمۇ؟ كومپيۇتېر ھالالمۇ، ھارامامۇ؟» دېگەندەك ئايىغى چىقماس مۇنازىرىلەر بىلەن ئۆزىمىزنى گول قىلىپ يۈرۈۋاتىمىز. ئۈملۈك، ئىتتىپاقلىق توغرىسىدا گەپ ئېچىشقا تېخى بالدۇر.

شۇڭلاشقا باشقىلاردىن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ياخشى پەزىلەتلەر بولسا چوقۇم ئۆگىنىشىمىز كېرەك. يەھۇدىيلارنىڭ ئۈملۈك روھى، تىرىشچانلىق روھى بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

(23) «يەھۇدىيلارنى **3000** يىل ساقلاپ قالغان مۇھىم ئامىللار» دېگەن تېمىڭىزنىمۇ ئىزدەپ يۈرۈپ ئوقۇغانتىم، ئەمدى بۇ يازمىڭىز بىلەن تېخىمۇ تولۇقلىنىپتۇ. «دۈشمىنىڭنى يېڭەمەن دەيدىكەنسەن، دۈشمىنىڭنى چۈشىنىشنى بىل» دەيدىغاندەك بىر گەپلەر بولىدىغان. لېكىن ھازىر ھېچكىمنى ھېچكىمگە دۈشمەن سانىمايمىز جۇمۇڭلار.

كاللىسى ئۆتكۈر، ئىدىيىسى ئوچۇق، يىراقنى كۆرەر قېرىنداشلىرىمىز مەيلى قايسى ساھە بولسۇن رىقابەتلەشمەكچى بولسا، شۇ رىقابەت ئوبيېكتىنىڭ بارلىق

ئارتۇقچىلىق ۋە بارلىق كەمچىلىكلىرىنى تولۇق چۈشىنىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىمۇ تولۇقلاپ تۇرۇپ، رىقابەتلەششە، رىقابەتتە ئۇتۇق قازىنىشقا كاپالەتلىك قىلالايدۇ.

شۇڭا ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلارغا، دېڭىزدا ئۈزۈپ كېتىۋاتقانلارغا، ئۆچمەنلىك بىلەن قارىماستىن، ئۇلار نېمىشقا ئۇچالىدى، ئۇلار نېمىشقا ئۈزەلىدى، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى نەدە دەپ تۇرۇپ، بىزمۇ ئۇلاردەك ياكى ئۇلاردىن ئاشۇرۇپ قىلالامدۇق دەپ تۇرۇپ، تىرىشىپ ياشاپ باقىدىغان بولساق، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە، تەس ئىش يوق ئالەمدە بولاتتى.

**(24)** بىلىمخۇمار ئاكىغا كۆپتىن كۆپ تەشەككۇر! مىللەت ئۈچۈن كۆپ باش قاتۇرۇۋاتقان ئىلىم يولىدا توختىماي ئىزدىنىۋاتقان بىلىمخۇمار ئاكىمىزدەك مەرىپەت ئىگىلىرىگە ئاللاھ ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلغاي، ئارىمىزدىن مىللەت ئۈچۈن ھەقىقىي جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدىغان، ئىزدىنىدىغان، يىراقنى كۆرەر ئىستېدات ئىگىلىرى كۆپلەپ يېتىشىپ چىققاي، بارلىق قېرىنداشلار ئەڭ ئالدى بىلەن مىللىتىمىزنىڭ بىلىم ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان ئېسىل ئەنئەنىسى ئۇنتۇپ قالمىغاي، بەلكى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا تېخىمۇ كۈچىيىپ بارغاي!

يەھۇدىيلارنىڭ قانداق قىلىپ ئۆزىنى كۈچەيتكەنلىكى ھەققىدىكى بۇ بىلىملەرنى بىلىمخۇمار ئاكىمىزنىڭ نېمە ئۈچۈن ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن نوپۇزلۇق مۇنبەرلەرگە يوللاۋاتقانلىقى سەگەك كىشىلەرگە ئايان. مېنىڭچە، مۇشۇنداق نادىر تېمىلارنى يوللاپ، مىللەتنى قانداق قىلغاندا قۇدرەت تېپىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك يوللىرىنى تاپقىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئىزدىنىشكە، تەرەققىي قىلغان باشقا مىللەتلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆگىنىشكە دالالەت قىلىش ئەل غېمىنى يەيدىغان، ئۆز ئېلىنىڭ قۇدرەت تېپىشىغا ھەر ۋاقىت كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشىلەر، بىلىمخۇمار ئاكا، تاشپولات ئاكىغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. بىز ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىشىمىز، ئۇلارغا تېخىمۇ زور ئۇتۇقلار تىلىشىمىز زۆرۈر.

يەھۇدىيلارنىڭ ئارىدىن بىرى قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدىغانلىقى، ئۆملۈك ئىناقلىقنى تەكىتلەيدىغانلىقى، ئىلىم ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلەيدىغانلىقى بىزنىڭ ئۆرنەك قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

ئۆتكەندە شۇنداق بىر ۋەقەنى ئاڭلىدىم. مەلۇم بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە بىر ئوقۇغۇچى ئۆزلىرىگە دەرس بېرىدىغان بىر پراكتىكانت ئوقۇتقۇچىنى قاتتىق ئۇرغان. مەكتەپ رەھبەرلىكى ئوقۇغۇچىنىڭ ئاتا-ئانىسىنى چاقىرغاندا دادىسى كەلگەن. بۇ دادا خىجىل بولماقتا يوق، ھېچقانداق ئىپادىسىز تۇرغان.

ئوقۇتقۇچىنى ھۆرمەتلەشنى بىلمەيدىغان ھەتتا كەمسىتىدىغان مۇشۇنداق ئىشلار بىزدە كۆپ. بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ ئىلىم ئىگىلىرىگە ھۆرمەت قىلمايدىغان كىشىلەر بىلىمنى ھۆرمەت قىلارمۇ؟ بىلىم ئىگىلىرىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىش ئادىمىلىكمۇ؟ باللىرىنى ئوقۇتمايدىغان ئىشلار بىزدە ھېلىھەم مەۋجۇت. تېخى قايسى كۈنلا 10 ياشلار ئەتراپىدىكى بىر بالىنىڭ ھەپتە ئارىلىقىدا كوچىدا ئاياغ مايلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئىچىم ئاچچىق بولدى.
بەلكىم بۇنداق باللار بىزدە خېلى كۆپ بولسا كېرەك؟ 21 ـ ئەسىردىمۇ كەلگۈسىنىڭ ئۈمىدى بولغان باللىرىمىز ئوقۇشسىز قېلىۋاتسا بىزنىڭ تەقدىرىمىز قانداق بولار؟!

(25) ئالدى بىلەن بىلىمخۇمار ئالىمىمىزنىڭ بىز ئۈچۈن يەنە بىر سەرخىل تېمىدا ماتېرىيال كۆرۈپ، ئىزدىنىپ ۋە كەم قالغان يەرلىرىنى بىزنىڭ تولۇقلىشىمىزنى ئۈمىد قىلىپ، شۇنداقلا ئەسەر يېزىشتىن ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئاددىي مۇكەممەل بولمىغان ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپتۇ. بۇ قۇرلار بۇ يەدە: مېنىڭچە ئەسەرنىڭ ئاساسى مەقسىتى بىز قانداق قىلساق كۈچلۈك بولالايمىز، بەزى كۈچلۈك مىللەتلەردە مۇنداق، مۇنداق ئالاھىدىلىك باركەن، بۇلار ئۇلارنىڭ كۈچلۈك بولۇشىنىڭ مەنبەسى ئىكەن، بۇ ئالاھىدىلىكلەر نۇرغۇن بازىرى ئىتتىك كىتابلارنىڭ باش تېمىسى (ئىشەنمىسىڭىز يېنىڭىزدىكى شىنخۇا كىتابخانىسىغا ياكى تورغا چىقىپ ئىزدىنىپ بېقىڭ). بۇلارنى مەن كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە رەتلەپ كېلىۋاتىمەن، يەنە تولۇقلاپ مېڭىۋاتىمەن، ۋە ئانا تىلىمدا ئوقۇرمەنلىرىمگە سۇنۇۋاتىمەن، بۇ ئالاھىدىلىكى بار خەلقتىن نۇرغۇنلىغان قۇدرەت تېپىۋاتقان مىللەتلەر ئۆگىنىۋاتىدۇ، بىز ئوقۇپ بىلىپ قويساق زىيىنى يوق، مەن خەلقىمنى مۇشۇنداق بىلىم بىلەن مەنىۋىيىتىنى بېيىتىپ ئورتاق خۇشاللىق ئۈچۈن قولۇمغا قەلەم ئالدىم،سىزمۇ ئەسەرگە سۆز قالدۇرغاندا مەن ئويلىغان ئورتاق خۇشاللىقنى نىشانلاپ تۇرۇپ، سەل ئىزدىنىپ كۆرۈپ قولىڭىزغا قەلەم ئالسىڭىز خۇشاللىقلار ئاۋۇيدۇ. ئەگەر سىز تېخىمۇ كۆپ خۇشاللىقنى ۋە قۇدرەتلىك بولۇشىنىڭ يولىنى بىلسىڭىز، سىزمۇ ئۆز بىلىمىڭىزدىن قىزغانماي بىزنى تەڭ شېرىك قىلىڭ، ھەر بىرىمىز باشقىلارغا ئۇنى قىلىڭ بۇنى قىلىڭ دەپ يول كۆرسەتمەي، ئۆزىمىزدە بارنى ئوتتۇرىغا تۆكىلى، بىزگىمۇ خۇشاللىق ۋە قۇدرەتلىك بولۇش يارىشىدۇ. مەن ئوتتۇرىغا قويغان شۇ مىللەت پەقەتلا بىر مىسال، ئۇنى بۇ يەردە مۇنازىرە تېمىسى قىلىۋالماڭ، كۈچلۈك بولۇپ قۇدرەت تېپىش بۇ ئاساسى مەقسەت!!! مانا بۇ مېنىڭ

چۈشەنگىنىم، بولسا ئانا تىلدا مۇشۇنداق ئەسەرلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنىڭ ئۆزىلا خۇشاللىنارلىق ئىش. بۇ تېمىدا نۇرغۇن تىللاردا كىتابلار يېزىلدى ۋە تەرجىمە قىلىنىۋاتىدۇ، بىزدە تېخى يوق. مانا ئەمدى تەلىيىمىزگە شۇلارنىڭ نەق مېغىزىنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولدۇق، ئۇستاز ھارمىغايسىز!

**(26)** يەنە بىرى تەشكىلات. يەھۇدىيلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن بىرى. ئۇلارنىڭ تەشكىلاتچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك. بىرلا مەركەز تەشكىلات بولۇش ۋە باشقا يەھۇدىي بار رايونلاردا تارماق تەشكىلات بولۇش ۋە بارچە يەھۇدىي شۇ مەركەز تەشكىلاتنى ئۆزىنىڭ دۆلىتىنىڭ بىر تەركىبى قىسمى دەپ قاراش، ھەممە بىردەك شۇ تەشكىلات ۋە شۇ تەشكىلات رەئىسىنى ئېتىراپ قىلىش دېگەندەك.

گەرچە سەھىيە، مائارىپ ، پاراۋانلىق، خەير ـ ساخاۋەتكە ئالاقىدار **200** ـ **300** لەرچە تەشكىلات بولسىمۇ، بۇ ھەممىسى بىر مەركەز تەشكىلاتقا بويسۇنۇش. بۇ تەرىپىنى ئۇيغۇرلارغا سېلىشتۇرساق، ئۇيغۇرلاردا ھەممىسى ئۆزى بەگ ئۆزى خوجا ئىش تولا، قىلغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق. قارىسا بىر مەركەزنىڭ رەئىسلىكىنى تالىشىپ خەقنى باشقۇرۇشقا ئامراق بولۇش ياكى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تەشكىلاتچانلىققا ئىگە بولۇپ، كوللېكتىپ تەشكىلاتچانلىققا بىرىكمەسلىك دېگەندەك. ھەممىسى ئۆز ئالدىغا تەدبىر بەلگىلەش، بىر ئېنىق يەرشارى خاراكتېرلىك مەركەزى تەدبىر بولماسلىق دېگەندەك.

ئاددىيسى تور بولمىغان شۇ **1929** ـ يىللاردىمۇ يەھۇدىيلارنىڭ ئېنىق نوپۇس ستاتىستىكىسى ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى مائارىپ تەربىيەلىنىش ستاتىستىكىلىرى ئېنىقكەنتۇق. لېكىن ئۇيغۇرلارغا سېلىشتۇرساق تاكى بۈگۈنگىچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەشكىلاتلارمۇ ئۆزى تۇرغان يەردە ئېنىق قانچىلىك ئۇيغۇر بارلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ تەربىيەلىنىش ئەھۋالى دېگەندەكلەردە توغرىسىدا ئېنىق ستاتىكىلىق كۆڭۈل بۆلۈش يوق.

ئاددىيسى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى تەگدىن تولىسى ھۆرىيەتچى بولۇپ، ئاددىيسى خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا كېلىشىملەر ۋە خەلقئارا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئورۇنمۇ يوق. ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر دىيارى سىرتىدا يا چىن ھۆكۈمىتى ئىگە بولمايدۇ ياكى شۇ دۆلەت ئارىلىشىپ باشقۇرمايدۇ. بۇ يەردىكى مۇناسىۋەتلەرنى شۇ دۆلەت ھۆكۈمەت تارماقلىرى بىلەن كېلىشتۈرىدىغان ئورۇنلار يوق. ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر دىيارى سىرتىدا ئىگە چاقىسىز ھالدا يۈرىدۇ. تەشكىلاتلار كۆپ خىللىققا ئىگە ئەمەس. لېكىن يەھۇدىيلارنىڭ بولسا ئىسرائىلىيە يوق

ۋاقىتتىمۇ گەرچە دۇنيادا ئىرقى قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمەتلەر بىلەن بولغان خەلقئارا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش تەشكىلاتلىرى كۆپ ئىكەنتۇق. ئۇ تەشكىلاتلار ئىسرائىلىيەگە ياكى بىر ھۆكۈمەتكە تەڭداش رول ئويناپ، يەھۇدىيلارنىڭ يېتىم-يېسىر، ئىگە چاقىسىزدەك تۇيغۇ پەيدا قىلماپتىكەن. ھازىرمۇ ئامېرىكا نيۇ يوركنى **jewyork** دەپ قويىسىمۇ بولىكەن. ئۇلارنىڭ تەشكىلاتلىرى ئامېرىكىنىڭ ئىچىدە ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتىدەك رولنى ئۆتەيدىكەن.

ئىشقىلىپ يەھۇدىيلار ھۆكۈمەتسىز بولسىمۇ، بىر مەركەزلىك تەدبىر بەلگىلەش ئورنى بولۇپ شۇ مەركەز تەشكىلاتنى ئىسرائىلىيەگە تەڭداش دەپ قاراپ تارماق تەشكىلاتلار شۇ مەركەز تەدبىرنى ئىجرا قىلىپتىكەن. لېكىن ئۇيغۇرلاردا ھۆكۈمەتسىز بولسىمۇ مەركەز تەشكىلات يوق، ھەم مەركەزلىك تەدبىر يوق، ھەممىسى دېگۈدەك ئۆز ئالدىغا دېگۈدەك.

ۋېيزماندەك بىر خىمىيە ئالىمى، ئىسرائىلىيەنىڭ تۇنجى ئەلباشى، بۇ ئىلىم پەن بىلەن شۇغۇللىنىشتىن سىرت ئەنگلىيەنى ياقىلىغۇچى بولغان ۋە شۇ بويىچە تەدبىر بەلگىلىگەن، يەھۇدىيلارنى ئىسرائىلىيەگە قايتۇرۇش ۋە ئىسرائىلىيە قۇرۇش ھەرىكىتىگە رەئىسلىك قىلغان. ئىسرائىلىيەنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك قۇرۇلۇپ چىقىشىدىمۇ مۇشۇ خىمىك ۋېيزماننىڭ تۆھپىسىمۇ خېلى زور، شۇڭا ئېينىشتېين ئەلباشلىقنى رەت قىلىپ ۋېيزمان تۇنجى ئەلباش بولغان.

بۇرۇن تەشكىلات ھەققىدە يېزىپ چۈشەندۇرۇپ بولغان ئىدىڭىز. ئامېرىكىدا يەھۇدىيلارنىڭ **200** گە يېقىن تەشكىلاتى بولۇپ، بۇلار يەھۇدىي پەن مائارىپ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، پاراۋانلىق، سەھىيە، خەير ساخاۋەت دېگەندەك ھەممە ئىشلارغىچە چېتىلىدىغان تەشكىلاتلاركەن.

يەنى ئامېرىكىنىڭ ئىچىدىكى ئىسرائىلىيە ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىگە ئوخشاش رولغا ئىگە بولۇپ، ئامېرىكا تەۋەسىدىكى شۇنچە ئاز **6** مىليون يەھۇدىينىڭ ھەر بىرسىنىڭ تۇرمۇشى، داۋالىنىشى، پاراۋانلىقى، مائارىپ تەربىيىلىنىشى، خەير ساخاۋەت ئىشلىرىغىچە كۆڭۈل بۆلىدىكەن. بۇ يەھۇدىيلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى يەنە بىر ئامىل بولسا كېرەك.

بۇ خىل تەشكىلاتلىرى سوۋېت زامانىسىدىمۇ باركەنتۇق، دۇنيادىكى يەھۇدىي بارلىكى دۆلەتلەردە تەشكىلاتچانلىققا ئىگە ئىكەن.

ئاددىيسى چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇماقچى، لېكىن مۇشۇنداق توردا چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇسام قانداق قىلىمەن دەپ تېما يېزىپ، مەسلىھەت سوراشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەتلەرنى ئىلگىرى سۈرىدىغان تەشكىلاتلار يوق. ھەرقايسى

دۆلەتلەرنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەزگىلىدە، ھەممە ئادەم ئۆزى ئالدىغا ساۋاپ بولسۇن دېگەندەك ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئۇچۇرلىرى ۋە ئوقۇش مۇكاپات ئۇچۇرلىرىنى يوللاپ قويىدۇ.

بىر مۇنتىزىم ئۇيغۇر دىيارى سىرتىغا چىقىپ ئوقۇغۇچىلار ئۇچۇن كۆڭۈل بۆلۈش تەشكىلى ئاپپاراتى يوق. ۋېيىزمان، ئېينىشتېيندەك خىمىك، فىزىكلارمۇ بۇنداق تەشكىلاتقا قاتنىشىپ ھۆكۈمەتسىز يەھۇدىيلارنىڭ چەتئەللەردىكى ياشاشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپتىكەن. لېكىن ئۇيغۇرلاردا تەشكىلات دېگەن گەپنى ئاڭلىسا تۇرمە تەڭ ئېسىگە كېلەمدۇ، ئىشقىلىپ ئىشلارنىڭ كۆپى تەشكىلاتچانلىقتا ئىگە ئەمەس. تەشكىلسىز ھالدا، ھەممە ئۆز ئىختىيارلىقى ۋە تەشەببۇسى بىلەن ياكى ئايرىم كىچىك گۇرۇپپىلار بىلەن دېگەندەك.

**(27)** يەھۇدىيلارنىڭ ئۇيغۇرلاردەك ھون ئىمپېرىيىسى، ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى، قارا خانىلار دۆلتى ... دېگەنلەردەك شانلىق ئىمپېرىيە تارىخى بولمىغان. شۇ تارىختا سۇلايمان دۆلتى، داۋۇت دۆلتى قۇرۇلۇپ باققان. ئۇ دۆلەتلىرى پارچىلانغاندىن كېيىن **3000** يىلدىن بېرى بىر پەخىرلەنگۈدەك دۆلەت تارىخى بولمىغان، ئۇلارنىڭ تارىخى قان ياشلىق قىسمەت تارىخىدىن ئىبارەت.

يەھۇدىيلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىن بىرى، ئۆزىنىڭ تارىخىدىن ئېپتىخارلىنىش ئەمەس بەلكى ئۆزىنىڭ تارىخىنى راست بولسۇن يالغان بولسۇن كىشىلەرنىڭ مېڭىسىگە سىڭدۈرۈۋېتىش. ھەرقانداق سورۇن مىللەت، دۆلەت تاللىماي، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت، رايونلاردىكى مىللەتلەرنىڭ تىل يېزىقىدا يەھۇدىيلارنىڭ تارىخى ۋە يەھۇدىيلار توغرىسىدىكى كىتاب ماتېرىياللارنى تۆكمە قىلىپ تارقىتىپ، شۇ رايونلاردىكى كىشىلەردە يەھۇدىيلارغا بولغان تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئۆزىنى مەجبۇري ھالدا شۇ كىتابلارنى باشقىلارنىڭ قىزىقىپ ئوقۇپ بېقىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ تەشۋىق قىلىش ۋە تونۇتۇش.

مەسىلەن شاڭخەيدە بىر يەھۇدىي تەتقىقات مەركىزى قۇرۇلغان بولسا دەرھال بۇنى يەھۇدىي تەشكىلاتلىرى بۇ يەردە يەھۇدىيلارنى تەتقىق قىلغۇچى ئورۇن قۇرۇلغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان بولسا، دەرھال مۇشۇ رايون تىلىدا يەھۇدىيلارغا ئائىت كىتاب ماتېرىياللارنىڭ كۆپلەپ پەيدا بولۇشىغا ياردەم قىلىدىكەن، كىتابلارنى ھەقسىز سوۋغا قىلىش، تەرجىمە قىلىش ئىشلىرىغا ياردەملىشىش، تەرجىمىچىلىككە مەبلەغ تەمىنلەش دېگەندەك. ئەنە ئاشۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ قان ياشلىق قىسمەت تارىخىنى دۇنيانىڭ ھەربىر بۇلۇڭ پۇشقاقلىرىدىكى كىشىلەرگىچە

يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۆلارنىڭ يەھۇدىيلارغا بولغان ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە پايدىلىق شارائىت ھازىرلايدىكەن.

ئەكسىچە بىز ئۇيغۇرلار بولساق تارىخىمىزدىن شۇنداق پەخىرلىنىمىز. لېكىن بىر تەپسىلىي تارىخىمىزنى بىلمەيمىز. مۇقام ئۇيغۇرنىڭ ئەمەس، دوپپا ئۇيغۇرنىڭ ئەمەس، نەۋائىي ئۆزبېك، فارابى تاجىك دېسە قانلىرىمىزنى چاچىمىز. ئەمما لېكىن ئۆزىمىزنىڭ تارىخىمىزنى بىلمەيدىغانلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلماي، شۇ تارىخىمىزدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسىدا ھاياجان ئىچىدە ئەقىل كۆزىمىزنى ھېسسىيات كېسىۋېتىپ، شۇلارنىڭ بىر ئىلمىي بولغان تارىخى شەرھىسىنى ئىسپات پاكىت كەلتۈرەلمەيمىز. ھەممە نەرسە كىتابىي، يازمىچە ۋە ياكى باشقا شەكىلدىكى ئىلمىيلىكنى ئاساس قىلماستىن بەلكى شانلىق تارىختىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسىدىن ئىبارەت ھېسسىياتنى ئاساس قىلىدۇ.

شانلىق تارىختىن پەخىرلىنىش بىلەن ئۆز تارىخىمىزنى بىلمەيدىغانلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلمايمىز. تارىخىمىزنى پاكىتلىق بىلمىگەچ، باشقىلارغىمۇ ھەم ئۆزىمىزنى تونۇتالمايمىز. ئەكسىچە بولسا ئۆز تارىخىمىزنى بىلمىگىنىمىزدىن نومۇس ھېس قىلماي، ئۇيغۇر دىيارى سىرتىغا چىقساق، باشقىلار ئۇيغۇرنى تونۇمىسا، مەن كىملىكىمنى 2 سائەت سۆزلەپ بىر ئەرەبكە چۈشەندۈرەلمەي قىينىلىپ كەتتىم دەپ يەنە ئۆز تارىخىمىزدىن ئاز تولا خەۋەردار بولۇش، ئۆگىنىش ۋە شۇلارغا چۈشەندۈرۈشكە تىرىشماقتا يوق، ئەكسىچە بىر توقاي نەسىر بايان ئەيلەپ ھاياجىنىمىزنى ئىپادىلەيمىز. مانا بۇ پەرق.

«ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلايلى» دېگەن كىتابتا، مۇئەللىپنىڭ بىر مەسچىتكە دوپپا كىيىپ كىرگىنىنى تۇركلەر كۆرۈپ ئۇيغۇرنى قېرىنداشىمىز دېگەن بىلەن، ئەردوغان دوپپا كىيسە ھاياجانلانغىنىمىز بىلەن دەل شۇنداق بىرەر تۈرك بۇ يەردە دوپپىنى يەھۇدىي كىيىدۇ، بۇ دوپپا سىزنىڭ ئەمەسقۇ دېسە، يەنە شۇ چەتئەلدە تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر كىملىكىنى چۈشەندۈرەلمەي قىينالغاندەك، بىر ئىلمىي پاكىتلىق ھالدا تارىخ چۈشەندۈرۈش ئېگى بولمىغاچ، ھاياجاندا دوپپا ئۇيغۇرنىڭ بولماي ئۆزبېكنىڭكىمتى دەپ ئۇيغۇر دىيارىدىكى قېرىنداشىغا گورۇزلۇق قىلىپ ھاياجىنى بىلەن ئۇيغۇرغا تەۋە قىلغان بىلەن، ئەمما ئەنە ئاشۇنداق يەردە باشقىلارغا ئىلمىي ھالدا شۇ دوپپىنىڭ يەھۇدىينىڭ ئەمەس ئۇيغۇرنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەلمەيدۇ.

**(28)** يەھۇدىيلار مەيلى قايسىسى نېمە كەسىپ بىلەن شۇغۇللانسۇن، يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنى سىياسىي ئېڭى يۇقىرى بولغان بىر توپ كىشىلەر ھاسىل قىلغان بىر گەۋدە دېيىشكە بولغۇدەك.

دۇنيادا بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ يەھۇدىينىڭ مەنپەئىتىگە قانداق ئالاقىسى بارلىقىنى بىلىپ يېتەلەيدىغان، ئاندىن يەھۇدىينىڭ دۇنيالىق مەنپەئىتىگە پايدىلىق بولغان يۆنىلىشكە قانداق تەسىرى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيدىغان، شۇنىڭغا ھەر بىر ئەزاسى ئورتاق كۈچەيدىغانلار (نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئارىسىدا ياشاۋاتقان بولسىمۇ) بىر توپ بولۇپ شەكىللەنگەن ئىكەن. يەھۇدىيلار باشقىلارنىڭ ئارىسىدا بىر قىسىملىرى تەڭسىزلىككە، زۇلۇمغا ئۇچراپ قارشىلىق كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئاندىن كۈچلۈكلەر تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىنىپ بىر مۇنچە جىنايەتلەر بىلەن ئەيىبلىنىپ تەشۋىق قىلىنسا، قالغان يەھۇدىيلارمۇ شۇ خەۋەرلەردە دېيىلگەندەك بولۇشقا چىن پۈتۈپ، تەڭ ئەيىبلەمدىغاندۇ؟ يەھۇدىيلارمۇ بىزگە ئوخشاش مۇنبەرلەردە بىر ــ بىرىنى غاجاپ، تىللىشىپ، ئاق ــ تاغلىق قارا تاغلىق بولىشامدىغاندۇ؟

يەھۇدىيلاردىن بەزى رايونلاردا، ناۋادا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىدىغان دىنىنى (تەۋراتنى) بىر ــ بىرىگە ئۆگىتىدىغان ئىشلارغا چەك قويسا، قانۇن ــ بەلگىلىمە دەپ بەلگىلىمەلەرنى چىقىرىپ قويسا، مۇشۇ يەھۇدىيلاردىن بىر قىسىملىرى شۇنداق بەلگىلىمەلەرنى ئاڭلىق ــ ئاكتىپلىق بىلەن قوللاپ ئىجرا قىلامدىغاندۇ؟ يەنى، شۇ دىنغا بويسۇنغۇچىلارغا قارشى ھەرىكەت قىلامدىغاندۇ؟

دۇنيادىكى دۆلەتلەر، مىللەتلەر، خۇددى بىر شاھمات تاختىسىدىكى ئۇرۇقلارغا ئوخشاش ھەر بىر ئىشلار قالغانلىرىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ، يەنى بىر ــ بىرىگە ئالاقىسى بولىدۇ. يېقىنىنلا، بۇرنىنىڭ ئۇچىدىكىنىلا كۆرسە، بەزى ئىشلار ئۆزلىرى بىلەن ھېچ ئالاقىسى يوقتەك بىلىنىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە نەچچە قەدەم نېرىسىدىن باغلاپ تەھلىل قىلىپ كۆرگەندە، بەلكىم باغلىنىشى زىچ بولۇشى مۇمكىن. سىياسىي ئېڭى چوڭقۇرلار بۇنى چوقۇم بىلىپ تۇرىدۇ. دۇنيادىكى ھىيلە ــ مىكىرلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ، ھەم مىكىر ــ تاكتىكا، پەم ئىشلىتىدۇ. يىراق كەلگۈسىدە بولسىمۇ ئۆزلىرىگە پايدىلىق بولغان يۆنىلىشنى تونۇپ يېتىدۇ. يەھۇدىيلار مۇشۇ جەھەتتە بەلكىم ئەڭ ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

ھەر رايوندىكى ھەر بىر سىياسەت بەلگىلىمەلەر شۇ يەردىكى مىللەتلەر ئۈچۈن كۈچلۈكلۈككە يۈزلىنىشى ياكى ئاجىزلىققا قاراپ مېڭىشىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، ھەم چوڭ مۇھىتنىڭ قارارلىرى، بولۇۋاتقان ئىشلارمۇ دۇنيادىكى ھەر بىر توپقا ئالاقىسى بار.

يەھۇدىيلار ئۆملۈكنىڭ ھەر بىرى ئۇچۇن نەقەدەر مۇھىملىقىنى بىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆم بولۇشىغا يۈكسەك ئېتىبار بېرىدىكەن.

مۇسۇلمانلار ئەقىدىسىگە قوشۇلغان مىللەتچىلىك بىلەن، بىلىمسىزلىك بىلەن (نادان قالغاندا باشقىلارنىڭ زور توسقۇنلۇقى بولمىسىمۇ بىلىم ئېلىشىنىمۇ بىلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. بىلىم ئېلىش بىر ئادەتكە ئايلانمىغان مىللەتلەرنىڭ بىلىملىك مىللەت بولمىقىدىن قانچىلىك ئۈمىد بولسۇن؟)، ئىختىلاپ بولغان ئىشلار زىددىيەتكە كۆتۈرۈلۈشى بىلەن، ئەقىدىگە خۇراپىي نەرسىلەر قوشۇلۇشى بىلەن، ئىمانىنىڭ سۇسلۇقى بىلەن، دىنىي قېرىنداشلىق تۇيغۇسى ئاجىزلاپ، شەرىئەتكە بويسۇنۇشنىڭ ئورنىغا شەرىئەتنى نەپسىگە بويسۇندۇرۇش بىلەن، دۇنيالىق مەنپەئەتى ئۇچۇن ئۇممەتنىڭ مەنپەئەتىنى سېتىپ ئاندىن بۇ ئۇممەت ئۆملۈكتىن پارچىلانغان. پارچىلانغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى يۈكسەلدۈرىدىغان سىياسەت يۈرگۈزۈشتىن چەكلىنىپ مەھرۇم قالغان. يەھۇدىيلار مۇسۇلمان دۇنياسىنى بېشى يوق يىلان ھالىتىگە كەلتۈردۇق دەيدۇ. (باش تېمىدا بىرمۇنچە تەشكىلاتلىرىنى دەپتۇ، يەھۇدىيلارنىڭ يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىككە كېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇچۇن كۈچ چىقىرىدىغان تەشكىلاتلىرى بارلىقىنى بۇرۇن بىر خەنزۇچە بەتتىن كۆرگەن ئىدىم.)

باش تېمىدا دېيىلگەن ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، يەھۇدىيلار ئامېرىكىنىڭ دۇنيادا نېمە قىلىشىنى قارار قىلىشىنى بېكىتكۇدەك دەرىجىدە كونترول قىلغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. مەيلى ئافغانىستانغا قىلىنغان ئۇرۇش بولسۇن، ياكى تېررورلۇققا قارشى باھانىدە چىقىرىلغان سىياسەتلەر بولسۇن، ئىراققا قىلىنغان تاجاۋۇزچىلىقى بولسۇن، ئوتتۇرا شەرقتىكى ھەر قانداق ئىشلارغا ئامېرىكىنىڭ قانداق قىلىشى يەنىلا شۇ يەھۇدىيلار پەردە ئارقىسىدا (لوبو دەمدۇق) ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ پارچىلىنىشىدا، كۈچىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تاكتىكىلاردا يەھۇدىيلار رول ئويناۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. مۇسۇلمانلار بىخۇدلىشىپ، يېڭىلگەن. ئۇيغۇرلاردىن باشقىلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈۋاتقان چاغدا ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈۋاتقانلىقىنى نەچچىسى ھېس قىلىدۇ؟ ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇرغا ئالاقىدار ھەممە ئىشلار بىلەن مۇناسىۋىتى بار. ئۇيغۇرلاردىن يەنە مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارغا ئالاقىدار ھەممە ئىشلارنىڭ ئۇيغۇرنىڭ ئاجىزلىشىشى ياكى كۈچىيىشىگە ئالاقىسى بار. بۇرنۇڭنىڭ ئۇچىنى كۆرسەڭ ئەلۋەتتە مۇسۇلمان ئەللەرنىڭ نېمە بولۇشى ئۇيغۇر مۇسۇلمانغا ھېچ ئالاقىسى يوقتەك بىلىنىدۇ. (گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، كاللىسىدا مىللەتچىلىك ئېڭى ئۈستۈنلۈكتە بولغان كىشى

چوقۇم ئەرەب نېمە قىلىپ بېرىدۇ ئۇيغۇرغا!؟ دېگەن سۆز بىلەن رەددىيە بەرمەكچى بولىدۇ. مەيلى نىملا مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مۇسۇلمان بىر گەۋدە دېگەن ئاڭ شەكىللەنسە، ئاندىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆملۈكى شەكىللىنىشكە يۈزلىنىدۇ، ھەم كۈچىيىشكە يۈزلىنىدۇ. قارشى تەرەپتىكىلەرنىڭ تەشۋىقاتى بىلەن كاللىسىنىڭ يۇيۇلۇپ كېتىۋاتقىنىنى بىلمەيدىغان كىشىلەر، نەق شۇ قارشى تەرەپنىڭ دېپىغا ئۇسۇل ئوينىغان ھاماقەتلەردۇر. مۇسۇلمانلار دۇنيادا ئاق قىلىپتۇ، كۆك قىلىپتۇ دېگەن خەۋەرلەرنى مۇسۇلمانىنىڭ قارشى تەرىپىدىكىلەرنىڭ بەرگەن خەۋەرلىرى ئارقىلىق چىن پۈتۈپ، ئالدىراپ ھۆكۈم چىقىرىپ ئەيىبلەشنىڭ ئۆزىمۇ زالىملار بىلەن بىر مەيداندا تۇرغانلىق، شۇنىڭدەك بىر مىللەت توغرۇلۇق بەرگەن خەۋەرلەر بولسىمۇ، ھېچ بولمىسا شۇ مىللەتكە قانداق قارايدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن بېرىلگەن خەۋەر، دېگەننى بولسىمۇ ئويلاپ بېقىش لازىم.)

باش تېمىنىڭ مەزمۇنلىرىدىن، ھەر بىرىمىز ئۆزىمىزنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە (گەرچە ئادەم ئۆزىنى تەكشۈرمىكى قىيىنغا توختىسىمۇ، يەنى ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىنى كۆرمىكى تەس بولسىمۇ) ھەم خەقنى چۈشىنىپ قويۇشقا پايدىلىنىش قىممىتى يۇقىرى دېيىشكە بولىدۇ.

باش تېما يازغۇچىسىنىڭ «ھەر قانداق تورغا چىقارسىڭىز بولىۋېرىدۇ» دېگەن گېپى، «خالىغانچە كۆچۈرمەڭ، مەلۇم بەتكە مەنسۇپ، يازغۇچىنىڭ ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىڭ» دېگەندەك گەپلەرگە قارىغاندا، ئاپتورغا ئادەمنىڭ ھۆرمەت تۇيغۇسى تېخىمۇ قوزغىلىدىكەن.

**(29)** بالا تەربىيلەشنى ئاتا ـ ئانىدىن ئىبارەت يەككىلىك نۇقتىسىغا چۈشۈرۈپ ئويلىمىغان ياخشى.

يەھۇدىي بىر كوللېكتىپ ئىتىنىك، ئۇلارنىڭ ھەربىر پەرزەنتى كىچىكىدىن تەۋرات ئوقۇغان دېگەندەك پاراڭ بولۇنىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەربىر يەھۇدىي يۇقراسىنىڭ مائارىپ، تەربىيىلىنىش ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرىدىغان، ئۇلارغا ئەڭ ياخشى شارائىتلارنى ھازىرلايدىغان يەھۇدىي پەن ـ مائارىپ تەرەققىيات تەشكىلاتلىرى بار. بىر تىلەمچىدىن پەرقى يوق يەھۇدىي بولسا، ئۇ يەنىلا بالىسىنى باشقا يەھۇدىيدىن پەرقسىز ئوقۇتالايدۇ، بۇنى يەھۇدىي پەن مائارىپ تەرەققىيات تەشكىلاتلىرى ياردەمدە بولىدۇ.

يۇقىرىدىكى تېمىدىمۇ ئۇ گەپلەر دېيىلگەن.

يەھۇدىينىڭ كوللېكتىپچانلىقنى ئۇنى ئايرىۋېتىپ ئاتا ــ ئانا دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئۇيغۇرغا سىڭىشتۇرۇش مۇۋاپىق ئەمەس.

شۇنداق بىر ئەقىللىق ئۇيغۇر بالا بولسا، ئۇنىڭ ئاتا ئانىسىنىڭ قول ئىلكىدە بولمىسا، ئۇ بالىنىڭ ئوقۇش مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئۇيغۇر باللىرىنىڭ مائارىپ تەربىيىلىنىشىگە كۆڭۈل بۆلۈش تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇيغۇر پەن مائارىپ تەرەققىيات تەشكىلاتلىرى يوق. قول ئىلكىدە يوق بولسا خەلق ئىشلار ئىدارىسىگە بارىدۇ ياكى مۇشۇ توردا مۇراجىئەتنامە چىقىرىدۇ. ھېچقانداق بىر ئورۇن تەشكىللىك ھالدا بۇ ئىشلارنى بىرتەرەپ قىلمايدۇ. ئاددىيسى شۇ خەلق ئىشلار ئىدارىسىگە بېرىشنىمۇ بىلمەيدۇ ھەم شۇ يۈلنى قانداق ئىلتىماس قىلىشنىمۇ بىلمەيدۇ، نەتىجىدە يەنىلا توردا مۇراجىئەت قىلىپ خەلقنىڭ ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىدۇ.

يەھۇدىينى تەشكىلاتچانلىق، كوللېكتىپ ئېتىنىك ھالىتىدىن ئايرىۋەتمەڭلار. ئۇستىدىكىدەك زىنا قىلىشنىڭ گېپىنى قىلمىغان تۈزۈك. يەھۇدىيلاردا مەخسۇس دۇنياغا بۇزۇقچىلىق تارقىتىش پاھىشە قىلىش تەشكىلات گۇرۇھلىرى كۆپ. پاھىشە زىنا قىلىش دېگەندەك مەسىلە يەھۇدىيدىمۇ كۆپ. يەھۇدىيدىمۇ ناخشىچى، تەنھەرىكەتچى بار. ئۇ ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىدىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ.

نۇرغۇن دۆلەتلەر بەچچىۋازلىقتىن كىرىم قىلىدۇ. ھەتتا ئەرەب دۆلەتلىرىمۇ كېچىلىك كۇلۇبلاردىن كىرىم قىلىپ تۇرىدۇ، بۇمۇ ئىقتىساد تەرەققىياتىنىڭ بىر تەركىبى قىسمى، ئۇ تەرەققىي قىلالماسلىقتا ئاساس بولالمايدۇ.

تەرەققىي قىلىش دېگەنلىك چوقۇم ھەممە مۇسۇلمان بولۇپ ئۇيغۇرنىڭ ھاياجان ھېسسىياتىغا مايىللىشىش دېگەنلىك ئەمەس.

**( 30 )** جەملە

بۇ ماقالە يەھۇدىيلارنى تونۇشتۇرىدىغان، بىلىۋېلىش قىممىتى يۇقىرى ماقالە بوپتۇ. ئەمما ئوقۇش داۋامىدا بىر نەچچە يەر كۆڭلۈمنى غەش قىلدى.

**1**. «بايقۇت» دەپ كېلىشى كېرەك بولغان سۆز ئىزچىل ھالدا «بايقۇش» دەپلا ئېلىنغان.

**2**. بىر توپ ئادەم بىللە خەتمە ــ قورام قىلىش ۋە ئايەت ئوقۇش بىر ئادەمنى يالغۇزلۇقتىن قۇتۇلدۇرىدۇ. ئۆزىگە ئۆزىنىڭ يالغۇز ۋە تاشلىۋېتىلگەن بىرى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ھەر بىر ئادەمگە ئۆزىنىڭ بىر كەڭ ــ دائىرىلىك

رىئاللىقنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئۆزى يالغۇز تىرىشقان ۋاقىتتىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىدۇرىدۇ. ھەر بىر ئادەمگە تېخىمۇ كۆپ ئۈمىد، تېخىمۇ كۈچلۈك غەيرەت، ۋە تېخىمۇ ياخشى ئىستىقبال ئاتا قىلىدۇ. دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش، دۇئا قىلىش ۋە ناماز ئوقۇش ئاللاھنى تېپىش ئۈچۈن ئەمەس. بەلكى بىر جامائەت شەكىللەندۇرۇش، ئۆزىڭىز بىلەن ئورتاقلىقتا ئىگە ۋە ئۆزىڭىز ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بولغان بىر ئادەم توپى بىلەن بىللە بولۇش ئۈچۈندۇر. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سىزنىڭ دۇئايىڭىز تاشقى دۇنيادىكى بىرەر ئىشنى ئۆزگەرتمىگەن تەقدىردىمۇ، سىزگە ناھايىتى زور ياردەم قىلىدۇ. مانا بۇ يەھۇدىيلاردا يۇقىرىقىدەك بىر ئۆرۈپ ـ ئادەتنىڭ شەكىللىنىشىدىكى سەۋەبلىرىنىڭ بىرىدۇر.

يۇقىرىقى ئابزاستا «خەتمە ـ قۇران» دەپ خاتا كېتىپ قاپتۇ، «خەتمە قۇرئان» بولۇشى كېرەك.

«دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش، دۇئا قىلىش ۋە ناماز ئوقۇش ئاللاھنى تېپىش ئۈچۈن ئەمەس.» دېگەن يەر چېكىت بىلەن ئۈزۈۋېتىلگەن ـ دە، كېيىنكى جۈملە زادىلا باغلاشمىغان. «ئاللاھنى تېپىش ئۈچۈن» دېگەن گەپ تازا مۇۋاپىق ئەمەس، «ئاللاھنى زىكرى قىلىش ئۈچۈن» دېيىش كېرەك. ئاپتورنىڭ مەقستى مۇنۇ جۈملە بىلەن توغرا ئىپادىلەنسە كېرەك: «دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش، دۇئا قىلىش ۋە ناماز ئوقۇش ئاللاھنى زىكرى قىلىش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى بىر جامائەت شەكىللەندۇرۇش، ئۆزىڭىز بىلەن ئورتاقلىقتا ئىگە ۋە ئۆزىڭىز ئۈچۈن مۇھىم بولغان كىشىلەر بىلەن ئۈملۈك ھاسىل قىلىش ئۈچۈندۇر».

«سىزنىڭ دۇئايىڭىز تاشقى دۇنيادىكى بىرەر ئىشنى ئۆزگەرتمىگەن تەقدىردىمۇ، سىزگە ناھايىتى زور ياردەم قىلىدۇ» دېگەن گەپتىن ماددىيەتچىل پىكىر پۇراپ تۇرىدۇ. دۇئا ئىبادەت دېمەكتۇر. ھېچكىم پايدىسى يوق ئىشنى قىلمايدۇ. كىشى تاشقى دۇنيا (مۇشۇ دۇنيانى دېمەكچى بولسىڭىز كېرەك) دا ياخشى ئۆزگىرىشنىڭ بولۇشىنى تىلەپ، يەنى ساقلىق، بايلىق، بەختكە ئېرىشىشنى تىلەپمۇ دۇئا قىلىدۇ، ئاخىرەتلىكى ئۈچۈنمۇ دۇئا قىلىدۇ. ئاسماندا ئۇچۇشنى، سۇدا مېڭىشنى تەلەپ قىلىپ دۇئا قىلمىسىلا، باشقا نورمال مەقسەتلىرىنى تىلەپ دۇئا قىلسا بولىۋېرىدۇ. دۇئانىڭ ئەھمىيىتى زور، دۇئايىمىز بولمىسا ئادىمىيلىكىمىزنىڭ ھېچ قىممىتى بولمايدۇ، يەھۇدىيلارمۇ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشىدۇ، دۇئانىڭ تاشقى دۇنيا،

ئىچكى دۇنيا، بۇ دۇنيا ھەم ئۇ دۇنيادا غايەت زور رولى، مەنىۋى قۇدرىتى بارلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. تىلەيدۇ ھەم شۇنىڭغا لايىق ھەرىكەت قىلىدۇ. دۇئا بىلەن ئەمەلىيەتنى قانداق بىرلەشتۈرۈشنى يەھۇدىيلاردىن ئۆگىنىشىنىڭ ھاجىتى يوق، ئەنئەنىمىزدە ئەزەلدىن بار.

**3**. مۇسۇلمانلار ئىچىدە ھازىر باشقىلار تەرىپىدىن ئۇچراۋاتقان بوزەك قىلىنىش، ئادالەتسىزلىك قىلىنىش، يولسىز باستۇرۇلۇش ۋە يولسىز ئۆلتۈرۈلۈش ئىشلىرىغا نىسبەتەن، «بۇ دۇنيا بىر ئۆتكۈنچى دۇنيا. بۇنداق ئەھۋاللارغا نىسبەتەن، بىز ئۆزىمىزگە ـ ئۆزىمىز تەسەللى بېرىپ، ئۇ ئىشلارغا سەۋر قىلىپ ئۆتكۈزۈۋەتسەك، ھەمدە ئاللاھغا قاتتىق چوقۇنۇپ، دىنىي پەرزلەرنى تولۇق ۋە ياخشى ئادا قىلىپ ماڭساق، ئاللاھ بىزگە ياخشى كۈنلەرنى يەنە بىر دۇنيادا بېرىدۇ»، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل ئىدىيە خېلى كۆپ مۇسۇلمانلار ئۇچۇن بىر دىنىي ئىدېئولوگىيە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۆزلىرى ئۇچرىغان ئادالەتسىزلىكلەر ۋە ناچار تەقدىرلەرنىڭ ھەممىسىگە ئاشۇنداق بىر ئىدېئولوگىيە بىلەن سۈكۈت ۋە سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تاقابىل تۇرىدۇ. بۇ ھەقتە نەچچە مىڭ يەھۇدىينىڭ دىنىي ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىر ئامېرىكىلىق يەھۇدىي دىنى پوپى **(Rabbi Laureate)** مۇنداق دەپ يازغان: «بۇ دۇنيادا ئازاب ـ ئوقۇبەت چەككەن بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ ھەققى تۆلىنىپ بېرىلىدىغان يەنە بىر دۇنياغا ئىشىنىش، كىشىلەرنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئادالەتسىزلىكلەرنى ئۆز ئېتىقادىنى يوقاتمىغان ھالدا سەۋر ـ تاقەت قىلىپ ئۆتكۈزۈۋېتىشىگە ياردەم قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇ ئەتراپىمىزدىكى ئادالەتسىزلىكلەرگە راھەتسىزلەنمەي ياكى غەزەپلەنمەي، ھەمدە ئاللاھ ئاتا قىلغان ئەقلىمىزنى ئىشقا سېلىپ، ئاشۇ ئادالەتسىزلىكلەرگە قارشى بىرەر ئىش ـ ھەرىكەت قوللانماي ياشاۋېرىشىمىزگە بىر ئوبدان باھانە بولالايدۇ. ئەمەلىي ئىدراك ياكى ئەقىل ـ پاراسەت بىزگە ئوخشاش ئەھۋالدا ياشاۋاتقان كىشىلەردىن ئىنسانلار ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھاياتى مەلۇم بىر شەكىلدە، بىزنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەقلىمىز بىلەن تەپەككۇر قىلالمايدىغان بىرەر شەكىلدە داۋاملىشۋېرىش ئېھتىماللىقى بارلىقىغا ئىشىنىشنى تەلەپ قىلىشى مۇمكىن. ئەمما، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىز يەنە بىر ھاياتنىڭ چوقۇم بارلىقىنى تولۇق جەزملەشتۈرەلمەيدىغان بولغاچقا، بىز ھازىرقى ھاياتقا ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە كەسكىن مۇئامىلە قىلغىنىمىز ياخشى. چۈنكى مۇشۇ ھايات بىز ياشايدىغان بىردىن ـ بىر ھايات بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا مۇشۇ ھاياتىمىزنىڭ ئۆزىنىلا ئەھمىيەتلىك ھايات، ئادالەتلىك ئىچىدە ئۆتكۈزگەن ھايات قىلىشقا تىرىششىمىز كېرەك.»

مۇسۇلمانلار «...» دەپ قارايدۇ، دەپ كېسىپ ئېيتىمىغۇلۇق. مۇسۇلمانلار ئىچىدە «...» دەپ قارايدىغانلار بار دېگەن بولسىڭىز گېپىڭىز ئورۇنلۇق بولاتتى. دۇنيا بىلەن ئىشى يوق، پاسسىپ زاھىتلىق تونىغا كىرىۋالغان سوپىلاردىن باشقا مۇسۇلمانلار ئەزەلدىن ئادالەتسىزلىككە، تەڭسىزلىككە قاراپ تۇرغان ئەمەس، تەقدىرچىلىككە بويسۇنۇپ، نامىزىنى ئوقۇپلا يۈرگەن ئەمەس. قۇرئان كەرىمدە زۇلۇمغا ئۇچرىغاندا زالىمنىڭ ئەدىپىنى بېرىش (جىھاد قىلىش)، ناھەق ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ قىساسىنى ئېلىش پەرز قىلىنغان، قۇرئانغا بىنائەن ئىش قىلىدىغان مۇسۇلمانلار مۇشۇ پەرزگە ئەمەل قىلىپ كەلگەن. زۇلۇمدا قېلىش تەقدىر بولغانىكەن، بۇ زۇلۇمنى يوقىتىشمۇ تەقدىر دەپ چۈشىنىپ كەلگەن. بۇ نۇقتا ئايدىڭ بولۇپ كەتسۇن.

ھەمدە «ئاللاھقا چوقۇنۇپ» دېگەن گەپ پەقەت جايىغا چۈشمەپتۇ. «چوقۇنۇش» دېگەن سۆز بىزدە تولىراق «بۇتقا چوقۇنۇش، چولپانلارغا چوقۇنۇش» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ، شۇڭا بۇ يەردە «ئاللاھقا ئىبادەت قىلىپ ياكى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈپ» دەپ ئېلىش كېرەك.

ئاخىرقى ئابزاستا بىر يەھۇدىي رابىنىڭ سۆزى نەقىل كەلتۈرۈلۈپتۇ. ئەگەر ئاخىرەتكە ئىشەنمەي، مۇشۇ دۇنيالا بىردىنبىر دۇنيايىمىز بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، مىش ـ مىش. دەپ يۈرسەك ئۇنىڭ سۆزى توغرا. رابىنىڭ بۇ سۆزىدىن ئۇنىڭ ئۆلگەندىن كېيىنكى دۇنياغا قاپقارا گۇمان بىلەن قارايدىغانلىقى روشەن، گۇمانىتارلىق روھى يۈكسەك. ئارىمىزدىمۇ بۇنداق پىكىردىكى ئادەملەر كۆپ. قەلبىدە بىر ھۆكۈمران بار: چوقۇن، دۇنياغا چوقۇن، مال ـ دۇنياغا چوقۇن، سەتەڭلەرگە چوقۇن، نېمىلا قىلساڭ قىلىپ، مەقسىتىڭگە يەت، غالىب ياشا ... دەپ تۇرىدۇ.

يەھۇدىيلار قۇرئاندا ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنغان بىر قەۋم، ئۇلاردىن پەيغەمبەرلەر كۆپ چىققان، شۇڭلاشقىمىكىن، ئۇلار ئۆزلىرىنى دۇنيادا تاللانغان مىللەت، ئەڭ ئېسىل مىللەت، باشقا مىللەتلەرگە خوجايىن بولىدىغان مىللەت دەپ قارايدۇ، مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ رەزىل، بولمىغۇر تەرىپى. شۇڭا ئۇلار دۇنيادا مەجبۇرەن ھۆرمەتلىنىدۇ ھەم ئۆچ كۆرۈلىدۇ. ئۆز مىللىتىگە چوقۇنۇش ئۇلارنىڭ دىنىي ۋە دۇنيالىق غايىسى، دۇنيادا ھەممىدىن غالىپ كېلىش ئۈچۈن ۋاستە تاللىمايدۇ، دۇنياغا زىيادە بېرىلىپ كېتىش، ئۆسۈم يېيىش، قۇرئاننى ئىنكار قىلىش، ئەيسا ئەلەيھىسسالام ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئېتىراپ قىلماسلىق ئۇلارنىڭ ئۇدۇمغا ئايلىنىپ كەتكەن. دۇنياپەرەس خەنزۇلارلا ئەمەس، دۇنياپەرەس ھەر

قانداق قەۋم ۋە ھەر قانداق ئىنسان يەھۇدىيلارنى ئۈلگە قىلىدۇ. ماسونلارنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينايدۇ. مۇشۇ دۇنيانى تالان ـ تاراج قىلىپ، يەپ ـ ئىچىپ، ئويناپ ـ كۈلۈپ تۈگەتسە، ئاخىرەتتە نېمىلا بولۇشى بىلەن كارى يوق، زاتەن ئۇ دۇنيانىڭ بارلىقىغا بەك ئىشىنىپ كەتمەيدۇ. قىسقىسى، بۇ دۇنياغا خوجايىن بولىمەن، راۋۇرۇس ياشايمەن، ياتلارغا بوزەك بولمايمەن دېگەن ئىنساننىڭ ھەر قاندىقى يەھۇدىيلاردىن ئۈگەنسە بولىدۇ، يەھۇدىيلارنىڭ ئېسىل تەرەپلىرى شۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. نىيىتى يامان ئوغرىلاردىن قاتتىق تاياق يېگەن بالا نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر كۈچلۈك پالۋان بولۇشنى ئارزۇ قىلغاندەك، بىزمۇ شۇ يەھۇدىيلاردەك بولۇشنى ئارزۇ قىلىشۋاتقان بولۇشىمىز مۇمكىن. ئەمما ئارزۇيىمىز ئەگرى يول بىلەن ئەمەس، توغرا يول بىلەن ئىشقا ئېشىشى كېرەك. ئىمان دېمەك تاللاش دېمەكتۇر، بۇ دۇنيادا غالىپ بولۇش، ئۇ دۇنيادا سائادەتمەن بولۇشنىڭ يوللىرى يالغۇز يەھۇدىيلىق يولى ئەمەس. ھەر كىم ئۆز ئەقلى ۋە ئىمانىغا كۆرە ئىش قىلغىنى تۈزۈك.

**(31)** ئەنئەنىۋى جەمئىيەت زامانىۋى جەمئىيەتكە ئۆتكەندە نۇرغۇن كىرىزىسنىڭ تەمىنى تېتىغاچ يېڭى كۆزقاراشلار ۋە يېڭى چارە ئامالLAR بىلەن بۇرۇنقى كونۇپ قالغان ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا موھتاج بولىدۇ. نەزەرىيىلىك ئېيتىملار تارىخىي كرىزىستىن كېلىپ چىققان ئىنكاسلار، داۋالغۇپ تۇرغان ئىقتىساد ۋە تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئىنكاسى ھەمدە ئىلگىرىكى مۇقىم، كونۇپ قالغان تۇرمۇش ۋە تەپەككۇر شەكلىنىڭ بەربات بولۇشىدىن كېلىپ چىققان جەمئىيەت ۋە بىلىم قالايمىقانچىلىقىنىڭ ئىنكاسىنى تەھلىل قىلىپ يېشىپ بېرەلەيدۇ. يېڭى نەزەرىيە ۋە يېڭى كۆزقاراشلار يېڭى جەمئىيەتنىڭ تەجرىبىسىنى بايان قىلىدۇ. شۇڭا، يېڭىدىن گۈللەنگەن ئېيتىملارنىڭ تېز كۆپىيىشى جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ چوڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

يەر شارىلىشىش تېز سۈرئەتتە ھەممە يەرنى قاپلاپ ئىلگىرىلەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، مەيلى قايسى مەنىدىن ئېيتمايلى، بىز ئالدىقاچان ھېچقانداق تاللاش يولىمىز يوق ھالدا كېيىنكى دەۋردە تۇرۇۋاتىمىز. بۇ يەردىكى «كېيىنكى» ئىنگلىزچىدىكى **post** دېگەن بىلەن بىردەك مەنىدىكى گەپ بولۇپ ئىنگلىزچىدە ئۇ ئەڭ يېقىنقى يۈزلىنىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ناملارغا ئالدى قوشۇمچە سۈز بولۇپ كېلىپ مەزكۇر ناملارنىڭ ئەنئەنىۋى مەنىسىنى يېڭىلايدۇ: مەسىلەن، كېيىنكى زامانىۋىلىق/ مودېرنىزم ئىنگلىزچىدە **Post ـ modern** دېيىلىدۇ،

كېيىنكى مېتافىزىكا ئىنگلىزچىدە Post－metaphysics ، كېيىنكى پەلسەپىلىك كۇلتۇر Post－philosophical culture دېيىلىدۇ ، ھەمدە كېيىنكى ئىنقىلاب ، كېيىنكى تارىخ ، كېيىنكى تەرەققىيات دېگەنلەرگىمۇ post سۆزى ئالدى قوشۇمچە سۆز بولۇپ كېلىدۇ. دېمىسىمۇ بۇرۇنقى ئۇقۇملارنىڭ ھەممىسىگە ھازىر post سۆزى قېتىلىپ ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەنىسى ئاللىقاچان ئاغدۇرۇلۇپ پۈتۈنلەي يېڭىلىنىپ بولدى. نەزەرىيە جەھەتتىن قارىساقمۇ كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتى، تەپەككۇر ئۇسۇلى ھەمدە سۆزلەش ئادىتىدىمۇ غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتقىنىنى بايقىيالايمىز. بۈنى بىز ئوخشاش قىلىپ كېيىنكى نەزەرىيە (Post theory) دەپ ئاتىساق بولىۋېرىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بىز ئاللىقاچان كېيىنكى نەزەرىيە دەۋرىگە كىردۇق. ھازىر بۇ خىل يۈزلىنىش تەرەققىي قىلغان ئەللەردە ئادەتتىكى كۇندىلىك ئىستېمال شەكلىدە ئومۇملاشقان بولسا جۇڭگونىڭ چوڭ شەھەرلىرى ۋە يۇقىرى قاتلىمى كۇچلۇك غىدىقلىنىۋاتقان، ئاساسى قاتلىمى ۋە بىزدەك ياقىدىكىلەر ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز ھالدا ھېس قىلىۋاتىمىز. بۇ ھامان بىزدەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەل خەلقلىرىگە كېچىكىپ بولسىمۇ جەزمەن كېلىدىغان، بىز قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان بىر يول.

بىزنىڭ داڭلىق زىيالىيلىرىمىز ئاساسەن پىراگماتىزمچىلاردۇر. مەسىلەن ئابدۇقادىر جالالىدىن، يالقۇن روزى، ئۆزباش، ئابدۇرېھىم دۆلەت، ئابدۇۋەلى ئايۇپ قاتارلىقلار دىننىمۇ، پەننىمۇ ئېتىراپ قىلىدىغان، ھەر ئىككى خىل دۇنيا قاراشنى تەڭ سۆيىئىستېمال قىلىپ مىللەتنىڭ ساپاسىنى تېز سۈرئەتتە يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئۇمىد قىلىپ باش قاتۇرۇپ قەلەم تەۋرىتىۋاتقان، نۇتۇق سۆزلەۋاتقان سەرخىل زىيالىيلاردۇر. پەرھات تۇرسۇن ۋەكىللىكىدىكى يەنە بىر قىسىم زىيالىيلار بولسا زىيالىيلىقتىن بەكرەك سەنئەتكە ئۆزىنى بېغىشلىغان، تېز مەنپەئەتلىك ئىجتىمائىي ئۇنۇمگە قارىغاندا ئۇزاق مۇددەتلىك ئىچكى ساپانى تەربىيىلەشنى كۆزلىگەن ئىستېتىكچىلاردۇر. شۇڭا خەلقئارا مەنىدىن زىيالىيلىق سۆپىتىگە ئىگە بۇ خىل زىيالىيلار ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە زىيالىيلىق رولىنى ۋاقتىنچە ئالالمايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا زىيالىي سۈپىتى ئېتىراپقا ئېرىشەلمەيدۇ. لېكىن، ئۇيغۇر جەمئىيىتى دۇچ كەلگەن دۇنياۋى زامانىۋىلىققا قانداق كىرىش، قانداق تۇرۇش، تۇرلۇك مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشىدا تۇرلۇك قىينىچىلىقلارنى قانداق يېڭىش مەسىلىسى تېز ئۇنۇمنى قوغلىشىدىغان پىراگماتىزمچى زىيالىيلار ئالدىراپ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان نەرسە ئەمەس. ھەم بىردىن－بىر مۇمكىنچىلىك شۇكى، ئۇيغۇر جەمئىيىتى پەقەت پىراگماتىزمچىلارنىلا ئېتىراپ قىلىپ، زىيالىيلارنىڭ رەڭگارەڭ، كۆپ خىل

بولۇشنى ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلالمايدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى مودېرنىزم ۋە كېيىنكى نەزەرىيە دەۋرىگە كىرىشتىكى توسقۇنلۇقلىرى بەكمۇ چوڭ ۋە غەلىتە. ئۇلار دىن بالىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ھۆكۈمەت تەرەپتىن تىلى قىسىلىپ دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىدۇ، يەنە شۇنداقلا پەن بالىسى بولغانلىقى سەۋەبلىك نۇرغۇن ساپ دىنىي ھېسسىياتتىكى ئادەملىرىمىزنىڭ نازارىتىگە، ئېيتىم قورۇقچىلىقىغا ئۇچرايدۇ. شۇڭا، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇيغۇرلارغا زىيالىيلارمۇ ئانچە كېرەك ئەمەس بولۇپ، پەقەت ھۆكۈمەتنىڭ مەيلى ئىلغار بولسۇن، ياكى قالاق بولسۇن ھەرقانداق سۆرەپ مېڭىشىنىلا قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر ياكى ئادەتلەنگەن.

يېقىندا ئاكىمىز ناھايىتى ئېسىل بىر تېمىنى يېزىپ تەپەككۇر بۇلاقلىرىمىزنى ئېتىۋالغان مۇخلارنى بىر يۇلماق بوپتۇ. بۇ تولىمۇ ئېسىل ئەمگەك. ئىلگىرى ياپونلۇق بىر داڭلىق كارخانىچى زىيالىي يازغان «يەھۇدىيلارنىڭ تىجارەت دەستۇرى» دېگەن كىتابى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا خېلى بەس ـ مۇنازىرىلەرنى قوزغىغان ئىدى. بۇ ماقالىمۇ مەزمۇن جەھەتتىن شۇ كىتابتىكى مەزمۇنلار بىلەن ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، ئەمما يەھۇدىيلار ئۆزىمىزنىڭ نەزىرى بىلەن سېلىشتۇرۇلۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىمكانىيىتىدە ئۇلاردىن ئۆگىنىدىغان تەرەپلەر تەنقىدىي يوسۇندا ئوتتۇرىغا قويۇلغاچقا پۈتۈنلەي بىر ئىجادىي مۇھاكىمە بولالايدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپتور ئاكىمىز كېيىنكى زامانىۋى دەۋرنىڭ ئەڭ ئالدىنقى فرونتىدا تۇرۇپ مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان بولغاچقا بۇندىن **20** يىل بۇرۇن يېزىلغان كىتابتىن تېخىمۇ ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇرلار يەنىلا ئەقىللىق بىر خەلقمىز. ئاپتور كۆڭلىمىزنى ئاغرىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ناھايىتى ئاۋايلاپ گەپ قىلىشقا جىق كۈچەپتۇ ۋە ئەسكەرتىپتۇ. ئەسلىدە بۇنچىلىك ئاۋايلاپ كەتمىسىمۇ يەھۇدىينىڭ قانداق يېرىنى ئۆگىنىپ، قانداق يېرىدىن ئۆگەنمەسلىكنى بىلگۈدەك ئاڭ بىزدە بار ئىدى. ھېچبولمىسىمۇ بولۇشقا تېگىشلىك. شۇنداق بولغاندا، مەيلى ئەركىن ئاكىمىز بولسۇن، مەيلى گۈلەن بولسۇن، مەيلى باشقا كاللىسى ئوچۇق زىيالىيلار بولسۇن ئۇيغۇرغا تونۇشتۇرۇشقا تېگىشلىك بىلىم ۋە ئىدىيىلەر تاغدەك دۆۋىلىنىپ تۇرۇپتۇ، شۇلارنى بىمالال تونۇشتۇرساق بەكمۇ كاتتا ئىش بولاتتى. ئەپسۇس، بىزدە يەنە نۇرغۇن تەرەققىياتقا دائىر بىر يېڭى نەزەرىيە، بىر يېڭى ئىدىيە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ بولغۇچە پوسۇقدە بىر گەپلەرنى قىلىپ ئاپتورنى «بىرەر گەپنى خاتا قىلىپ قويغاندىمەنمۇ» ياكى «دىن تەرەپتىن كۈپرى سۆزلەپ قويغاندىمەنمۇ» دەپ

ساراسىمگە ياكى خىجالەتتە قويىدىغان بەزىبىر قاتمال ئادەملەرمۇ بار. مانا بۇ خىل ئەھۋالمۇ بىزنىڭ كېيىنكى مودېرنىزم ۋە كېيىنكى نەزەرىيە دەۋرىدە تۇرۇپمۇ ئەمىلى ھەرىكەتكە ئۆتۈشتە ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى زور ئارىلىق ساقلاپ كېتىۋاتقىنىمىزنىڭ دەلىلى.

(32) ماقالىنى ئىشتىياق بىلەن تولۇق ئوقۇپ چىقتىم. بىر مىللەتنىڭ كۈچلۈك بولۇشى ياكى ئاجىز ھالەتتە قېلىشىنى نۇرغۇن ئوبيېكتىپ سەۋەبلەرگە باغلاپ تەھلىل قىلساقمۇ يەنە بىز بىلمەيدىغان نۇرغۇن ئىنچىكە سەۋەبلىرىمۇ بولىشى مۇمكىن. مەسىلەن، تارىخ. تارىختىن بىرى كۈچ ۋە ئىلغارلىق ھېچقايسى بىر قەۋمنىڭ قولىدا ئۇزۇن تۇرۇپ باقماپتۇ. ئىمپېرىيە قۇرۇپ جاھان سوراپ ئۆتكەنلەردىن ئۇيغۇرلار، مايالار، يۇنانلار، روملار، تۈركلەر، فىرانسۇزلار، موڭغۇللار، ئەرەبلەر، ئىنگلىزلار. بۇلارنىڭ بەزىلىرى مەۋجۇت ئەمەس، بەزىلىرى بەك ئاجىز، بەزىلىرى ئۇنچە كۈچلۈك ئەمەس. دېمەكچى بولغىنىم، بىر توپلام قەۋمگە نىسبەتەن كۈچ نىسپىي ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇپتۇ. قايسى قەۋم كۈچلۈك بولۇپ دۇنياۋى ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقىتتا ئەتراپتىكى باشقا قەۋملەر، بولۇپمۇ ئاجىز ۋە ئۇششاقلىرىنى ياكى تالان تاراج قىلىپتۇ ياكى بويسۇندۇرۇپ ئىدېئولوگىيىسىنى ۋە مەدەنىيىتىنى يېيىپتۇ. دېمەك، كۈچ بىر قەۋمدە مەڭگۈ تۇرمايدىكەن.

ھېس قىلىشىمچە بىر قەۋمنى كۈچلەندۈرگەن ئورتاق بىر تەرەپ، ناھايىتى كۈچلۈك بولغان بىر توپلاش ۋە تارتىش كۈچى ئىكەن. بۇ بىر داھىي، بىر خىل ئېتىقاد ۋە ياكى ئورتاق پەن ـ مەدەنىيەت بولۇشى مۇمكىن ئىكەن. بۇلار ئايرىم ھالدا ياكى ئىككىسى ياكى ھەممىسى يادرو بولۇپ ئەتراپىغا قەۋم توپلايدىكەن. بۇنى فىزىكىغا تەتبىقلاپ باقسام، خۇددى بىر ئاتوم يادروسى ئەتراپىغا ئېلېكترونلارنى تارتىپ مۇقىم بىر ئاتومنى شەكىللەندۈرگەندەك، ياكى ئوخشاش ئاتوملار «ئۆز ـ ئارا قول تۇتۇشۇپ» رەتلىك رەتلىك ۋە سىستېمىلىق توپلىنىپ ناھايىتى چىرايلىق ۋە كۈچلۈك بولغان ئالماستەك قاتتىق كرىستاللارنى شەكىللەندۈرگەندەك. بۇ مىسالىم ئانچە توغرا كېلىپ كەتمىگەن بولسىمۇ دېمەكچى بولغىنىم شۇكى، قەۋملەر بىر داھىي، ئورتاق ئىدېئولوگىيە ۋە ياكى ئورتاق مەدەنىيەت تۈرتكىسىدە بىرلىشەلىگەندىلا كۈچلىنەلەيدىكەن. بۇنىڭ مىسالى سۈپىتىدە يۇقىرىدا سانىغان ئىمپېرىيىلەرگە قارىساق، داھىي، ئىدېئولوگىيە ۋە پەن ـ مەدەنىيەت مۇشۇ ئوخشاش يادرو تەسىرىدىكى ئايرىم ئايرىم قەۋم ئەزالىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر پۈتۈن كۈچلۈك قەۋمنى شەكىللەندۈرگەن. ھەر بىر ئايرىم

ئەزانىڭ ئورتاق يۆلىنىشكە قاراپ قىلغان كىچىككىنە ھەرىكىتى پۈتۈن توپقا نىسبەتەن ئاجايىپ زور كۈچ ئۇيۇشتۇرىدۇ. يەنە بىر مىسال ئېلىپ، قولچىراغ نۇرى بىلەن لازېر نۇرىنى سېلىشتۇرسام، لازېر نۇرىنىڭ قولچىراغ نۇرىغا قارىغاندا نەچچە مىليون ياكى مىليارد ھەسسە كۈچلۈك بولۇشىنىڭ سەۋەبى قولچىراغ نۇرى ھەرخىل چاستوتىدا، ھەرخىل ئامپىلتوتىدا تەۋرىنىدىغان فوتونلار بولسا؛ لازېر نۇرى ئورتاق چاستوتا ۋە ئورتاق ئامپىلتوتىدا تەۋرىنىدىغان فوتونلاردىن ئىبارەت. دەل مۇشۇ ئورتاقلىق ناھايىتى كۈچلۈك بولغان لازېر مەيدانىنى شەكىللەندۈرىدۇ. دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھەر بىر ئەزانى بىر فوتون دېسەك، ئەگەر ئۇلار ھەر تەرەپكە خالىغانچە ھەرىكەت قىلغاندا ئاجىز يورۇقلۇق مەيدانى؛ بىرخىل رىتىمدا ئوخشاش ھەرىكەت قىلسا كۈچلۈك يورۇقلۇق مەيدانى شەكىللەندۈرىدىكەن.

ئىقتىساد، ئىلىم ـ پەننى شوتىنىڭ ئىككى بالدىقىغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. ئىقتىساد، ئىلىم ـ پەننى شوتىنىڭ ئىككى بالدىقىغا ئوخشىتىشۋاتقانلارمۇ بار، بۇمۇ مەلۇم مەنىدىن توغرا. چۈنكى بىزدە ھەر ئىككىسى يوق. بىز ئۆزىمىزنى پوتېنسىئال قۇدۇقى ئىچىدە قورشىلىپ قالغان ئېنېرگىيىسى تۆۋەن زەررىچىلەرگە ئوخشاتساق، بۇ قۇدۇقتىن چىقىش ئۈچۈن يۇقىرىدا تىلغا ئالغان شوتىنى قويۇپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. ناھايىتى ئاز ساندىكىلەر بۇ شوتىنى ئۆزى ياساپ چىقىشقا تىرىشىۋاتقان ۋە چىققان بولسىمۇ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلەر بۇ شوتىنى ياساشنى بىلمەيدۇ، يەنە نۇرغۇنلىرى شوتا ياساشنىمۇ چىقىشنىمۇ خالىمايدۇ. ئەگەر ئورتاق كۈچ بولسا بۇ شوتىلار كۆپلەپ ياسىلىدۇ، كۆپلەپ ياسالالمىغان تەقدىردىمۇ بىر ـ بىرىمىزنىڭ مۈرىسىگە دەسسەپ بولسىمۇ قۇدۇقتىن چىقىپ كېتىمىز ۋە كۈچىمىز چەكلىنىپ قالماي، ئورتاقلىق ئىچىدە جارى قىلدۇرالايمىز.

بۇ ماقالىنى ئوقۇش ئارقىلىق ۋە باشقا كۈچلۈك بولغان ۋە كۈچلىنىۋاتقان قەۋملەردىن يۈزەكى ھالدا ھېس قىلغىنىمنى ئېيتسام، بىز بىلەن بىرمۇ بىر سېلىشتۇرۇشقا بولىدىغان تۆۋەندىكى ئۈچ ئامىل ئۇلارنىڭ كۈچلۈك، بىزنىڭ ئاجىز ھالەتتە قېلىشىمىزغا سەۋەب ئىكەن.

ئېتىقاد ۋە ئۆملۈك

تىرىشچانلىق ۋە ئەستايىدىللىق

ساددىلىقتىن خالىيلىق يەنى ھىيلىگەرلىك

يەھۇدىيلاردىن باشقا ھازىرقى دۇنيادا كۈچلۈك سانالغان ئىنگلىزلار، گېرمانلار، ياپونلار بار. ئىنگلىزلاردا بۇ ئۈچ ئامىل مەلۇم نىسبەتتە تېپىلىدۇ، گېرمانلاردا تىرىشچانلىق ۋە يۇكسەك دەرىجىدىكى ئەستايىدىللىق، ياپونلاردا بولسا ئەستايىدىللىق ۋە يۇكسەك دەرىجىدىكى تىرىشچانلىق. بۇلارنىڭ دىققەت قىلىشقا

ئەرزىيدىغان ئورتاق نوختىسى ھەممىسىنىڭ سادداا ئەمەسلىكى يەنى ھېسسىياتچان ئەمەسلىكى.

ئۇيغۇرلاردا ئېتىقاد يوق ئەمەس ئۇملۇك زور دەرىجىدە كەمچىل؛ تىرىشچانلىق يوق ئەمەس، ئەستايىدىللىق زور دەرىجىدە كەمچىل؛ ساددىلىق بولسا ئەڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقىمىز! بىزدە ئاق كۆڭۈللۈك ھەددىدىن ئېشىپ ساددىلىقتىن تۆۋەن دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن. بۇ جەھەتتە پۈتۈنلەي ئۆزگىرىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بۇ دېگىنىم ھەرگىز يەھۇدىيلاردەك ۋە باشقىلاردەك ۋاستە تاللىمايدىغان دەرىجىدىكى ھىيلىگەر بولۇش كېرەك دېگەنلىك بولماستىن، بەلكى ھېسسىيات قورشاۋلىرى ئىچىدىكى ساددا تەپەككۇر ئەندىزىسىنى، كۆڭۈلچەكلىكنى، ياق دېيەلمەسلىكنى، باشقىلارغا ئىشىنىپ كېتىشنى، پۈتۈنلەي چۆرۈپ تاشلاپ، ئۆزىمىزنىڭ مەنپەئەتىنى ۋە زىيىنىمىزنى مەركەز قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك دېگەنلىكتۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا بىزدە ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزىگە ئىشىنىش تۇيغۇسى كەمچىل! ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىزدىن پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك خۇرۇچلىرىمىز بىزدە تېپىلىدۇ. ئىلغار، تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرمۇ مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلەر جەھەتتە قولىمىزغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ. دۆلەت سىرتىغا چىقىپ ئايلىنىپ كۆرگەنلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى باشقا تەرەققىي قىلدى دېگەن ئەل خەلقلىرىنىڭ بىزگە ئوخشاشلا ئاددىي ئادەملىكىنى، يەنە ئۇلارنىڭ نۇرغۇن جەھەتتە بىزگە تېخى يېتەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىشىدۇ. بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىمىزگە سىڭىپ كەتكەن ئىسلام ھېچقانداق ئىسلام ئەللىرى خەلقلىرىدە يوق. بىزنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىز ئۇلار بىلەن سېلىشتۇرۇلغاندا ئېسىل سۈپەت ھېس قىلىنىدۇ. باشقا ئەللەرگە كۆچمەن بولۇپ ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار شۇ ئەل خەلقلىرىگە ئەڭ بولمىغاندا تەڭ دەرىجىدە بولسا بولىدۇكى ھەرگىز چېنىپ، تەمتىرەپ بويۇن قىسىپ قالمايدۇ، يەنى شۇ قەۋملەر بىلەن ئورتاق سەۋىيە ۋە ساپادا ھەتتا ئۇلاردىن يۇقىرى سەۋىيەدە بولالايدۇ.

شۇڭا يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئاجىز قېلىشىمىزنىڭ سەۋەبى ئالدى بىلەن تارىخ شۇنى بەلگىلەپ قويۇپتۇ (تەقدىر دەمدۇق؟)، ئاندىن بىزنى بىر ئارىغا كەلتۈرىدىغان يادرو يوقكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىقتىساد ۋە ئىلىم ـ پەننى ئىككى بالداق قىلغان شوتىمىز يوقكەن ۋە ئاخىرىدا ئەڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقىمىز ساددىلىق ئىكەن ئۇندىن قالسا بىزدە ئۇملۇك يوقكەن، ئۆزىمىزدە يېتەرلىك خۇرۇچلار تۇرۇپ ئۆزىمىزگە ئىشەنمەيدىكەنمىز.

**(33)** مېنىڭ چۈشىنىشىمچە بىلىمخۇمار ئاكىمىزنىڭ بىزگە دېمەكچى بولغىنى ھەرگىز يەھۇدىيلار توغرىسىدا ئەمەس، شۇڭا بىزنىڭ يەھۇدىيلار توغرىلىق ئارتۇق مۇنازىرە قىلىپ كېتىشىمىزنىڭ ئورنى يوق. بىز پەقەت ھازىرقى ئەھۋالىمىزدا ئۆزىمىزگە ماس كېلىدىغان مەۋجۇتلۇق ۋە تەرەققىيات يولى ئىزدەۋاتىمىز قايمۇقۇپ، ئۈمىدسىزلىنىپ نېمە قىلارىمىزنى بىلمەيۋاتىمىز. بىلىمخۇمار ئاكىمىزمۇ مۇشۇ مەقسەتتە يەھۇدىيلار توغرىسىدا ئىزدىنىۋاتىدۇ

چۈنكى بۇ دۇنيادا يەھۇدىيدەك كۆپ ئېزىلگەن، كۆپ قىرىلغان شۇنداق ئەھۋالدىمۇ ئۆزىگە تايىنىپ كۈچلۈك مىللەت بولالىغان بىرمۇ مىللەت يوق.

ئەھۋالىمىز ھەممەيلەنگە ئايان، ئۈمىدسىزلىنىشىنىڭ ئەھۋالنى تېخىمۇ يامانلاشتۇرۇشتىن باشقا رولى يوقلىغىنى ھەممىمىز بىلىمىز. لېكىن ئۈمىدسىزلىكتىن خالى بولالمايۋاتىمىز، توغرا يولغا موھتاج لېكىن تاپالمايۋاتىمىز، مۇشۇ خىل ئەھۋالدا ئاكىمىز بىزگە ئازراق بولسىمۇ ياردىمى بۇلىشى ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتىدۇ، ئەلۋەتتە ئىزدىنىۋاتقانلار خېلى كۆپ، ئىنشائاللا! ئىزدەنگەنلەر كۆپەيگەنچە يول ئېچىلىپمۇ قالىدۇ.

**(34)** بىر ئادەمنىڭ كۈچلىنىشىدىن باشلاپ باقايلى:

بىر ئادەم قانداق بولسا كۈچلۈك بولغان بولىدۇ؟

غايىۋى جەھەتتىن مۇنداقچە دەپ باقساق،

**1.** ئىقتىسادقا باغلىنىپ قالمىغان ھالەتتە بولۇش، يەنى باي بولسۇنكى پۇلنى تېپىپ ئۆزىنىڭ پۇل تېپىش ئۈچۈن بىۋاستە كۈچ چىقىرىش دەرىجىسىدىن ھالقىپ چىقىش بولسا دۇنياۋى باي بولۇش.

ياشاش ئۈچۈن ھاۋادىن باشقا كېرەكلىك بولىدىغان زۆرۈر شەرتلەر ئۈچۈن ئىقتىساد لازىم بولىدۇ. بۇ ئىقتىسادنى ھەرخىل يوللار بىلەن ھەل قىلىشىمىز مۇمكىن. كۆپىنچىمىز شۇنداق بىر ھالەتكە كىرىشىپ قالغانمىزكى، ماددىي ئېھتىياجدىن باشقا ھەممىنى دوغا تىكىپ تىنىم تاپماي، ھېرىپ ـ چارچاپ ئىشلەيدىغان ۋە مۇشۇنىڭ بەدىلىگە «ئۆلۈپ قالماي ھاياتنى داۋاملاشتۇرىدىغان» پۈتۈنلەي ئىقتىسادقا قۇل بولۇپ باغلىنىپ قالغان بولۇپ، ئىقتىسادى كاپالەتكە ئىگە بولغاندەك تۇرغان بىلەن كۈچلۈك سانالمايدۇ، بەلكى ئاجىز سانىلىدۇ.

ئىگىلىك تىكلەپ، پۇل تېپىپ مەلۇم دەرىجىگە بارغان كىشى ئۇچۇن ئىقتىساد توپلاش جانىنى بېقىش زۆرۈرىيىتى باسقۇچىدىن ھالقىپ كەتكەن بولىدۇ. ئۇ كىشى خالىسا پۇلغا ئىشتىياق باغلاپ شۇنىڭ پېيىدىلا يۈرىدۇ ۋە ئۆزى ئۇچۇن توپلاپ تىنىمسىز ئىشلەۋېرىدۇ ياكى بېكىنىۋېلىپ، شۇنچە كۆپ پۇلغا ئۆسۈم يېيىش، قورا جايلىرى ئۇچۇن ئىجارە يىغىشتەك ئاددىي ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. (مۇشۇنداق بېكىنىۋېلىپ ئۆسۈم يەپ ھاياتىنى داۋام قىلغانلار تۇيۇقسىز مەلۇم كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالسا بار پۇلىنىڭ كۆپ قىسمىنى ياكى تامامىنى دوختۇرخانىغا تاشلاپ بېرىشى مۇمكىن.) ياكى ئۆز زۆرۈرىيىتىدىن ھالقىپ ئۇلۇغۋار ئىشلار ئۇچۇن ئىنتىلمەيدۇ ياكى تاپقان پۇلنى زۆرۈرىيەتسىز ئىشلارغا ئىسراپ قىلىدۇ. خالىسا ئۆز زۆرۈرىيىتىدىن ئېشىنىپ، خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىغا ۋە باشقا ئۇلۇغۋار چوڭ ئىشلارغا سەرپ قىلىدۇ. ئىقتىسادى مەلۇم دەرىجىدىن ئاشقاندىن كېيىن ئۆزى بىۋاستە چارچاپ يۈرمەيدۇ، روھى كۆتۈرەڭگۈ ۋە تەمكىن بولىدۇ، دۇنياسىغا بەرىكەت ياغىدۇ، چىرايىغا نۇر.

دېمەك، پۇلنى بويسۇندۇرغانلار كۈچلۈك بولىدۇ، پۇلغا قۇل بولغانلار ئاجىز. لېكىن مۇھىم نوختا پۇلنى بويسۇندۇرالاش ئۇچۇن مەلۇم دەرىجىدە ئەقىل ۋە ئاڭ ساپا لازىم بولىدۇ.

**2**. بىلىم ساپاسى يېتىشكەن، زامانىۋى ئۇچۇر ۋە سانائەت ۋاستىلىرىنى قوللىنالايدىغان بولۇش. ئەڭ تۆۋەن بولغاندا ئالىي مەكتەپ سەۋىيىسىدىكى ئەقەللىي ساۋاتلارغا پىششىق بولۇش، يېڭى بىلىم ئىگىلەش ۋە پىششىقلاپ چىقىرىشقا ماھىر بولۇش. ئادەم ئىلىم ئېلىشقا، ئەقلىنى يۈكسەلدۈرۈشكە موھتاج بولىدۇ. ئەقىلسىز، ئىلىمسىز ئادەم ئەڭ زەئىپ ئادەم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىزدە «بىلىكى چوڭ بىرنى يېڭەر، بىلىمى چوڭ مىڭنى يېڭەر» دېگەن ماقال بار. دېمەك، بىلىكى يوغان مىڭ ئادەمگە تەڭداش كۈچلۈك بولۇش ئۇچۇن بىلىملىك بولۇش لازىم دېگەن گەپ. بىر ئادەمگە نىسبەتەن يۇقىرىسى پروفېسسور، ئىنژېنېر بولۇپ دۇنياۋى يۇقىرى سەۋىيىدىكى كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىش، ئىسمى ئەڭ بولمىغاندا ئۆز ساھەسىدىكى كەسىپداشلىرى تەرىپىدىن بىلىنگەن بولۇش، ئوتتۇرىسى دۇنياۋى ئىلمىي ژۇرناللاردا ماقالە ئېلان قىلغان بولۇش، ئىجادچان ۋە مول ھوسۇللۇق بولۇش، ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ ياكى چوڭ شىركەتلەرنىڭ يۇقىرى تېخنىكىلىق تەجرىبىخانىلىرىدا نورمال تەتقىقاتچى بولۇش، تۆۋىنى ئالىي مەكتەپتىن يۇقىرى ياكى ئالىي مەكتەپ سەۋىيىسىدىكى ئەقەللىي بىلىملەرگە پىششىق بولۇش. مانا بۇلار مەكتەپ مائارىپ سەۋىيىسى. بۇنىڭدىن باشقا قاتناش ۋاستىلىرىنى

قوللىنالايدىغان ۋە رېمونت قىلالايدىغان بولۇش، كومپيۇتېر، تېلېفون قاتارلىق ئۈچۈر ۋاستىلىرىنى تولۇق قوللىنالايدىغان بولۇش. ئەڭ ئەقەللىيسى ئائىلىسىدىكى توك يوللىرىنى تارتالايدىغان، ئۇنى بۇنى رېمونت قىلالايدىغان، يېڭى نەرسىلەرگە ھەيران قالماي چۈشىنەلەيدىغان بولۇش. يېڭى نەرسىلەرنى تەنقىدى ۋە ئىجادى يوسۇندا ئۆگىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇش. بۇلارنىڭ ھەممىسى غايىۋى جەھەتتىن بىر بىلىم جەھەتتە كۈچلۈك بولغان ئادەمنىڭ سۈپەتلىرىدۇر. لېكىن بولۇپمۇ ھازىرقى زاماندا ئۈچۈر ئالاقە ماھىرلىقى ۋە تىل بىلىم ئىگىلەشكە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**3.** كىشىلىك ئالاقە سەنئىتىنى ۋە پسىخىكىسىنى ئىگىلىگەن، دۇنياۋى تىللاردىن كەم دېگەندە بىرنى راۋان بىلگەن بولۇش. بىزدە يەنە: «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس» دېگەن ماقال بار. بۇ يەككە كىشىنىڭ ئۆز بېشىغا كۈچلىنەلمەيدىغانلىقىنى ئىشارەت قىلىدۇ. ئالاقىگە ماھىر بولغاندا پۇرسەت كۆپ، يول كەڭرى بولىدۇ. دېمىسىمۇ ئادەم ھامان باشقىلار بىلەن تەسىرلىشىپ ياشايدۇ. بەلگىلىك دەرىجىدە ئىقتىساد توپلىغان، مەلۇم سەۋىيىدە بىلىم ساھىبى بولغان بىر كىشى ئۇلارنى ئۆز ئالدىغىلا توپلىغان بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ئىقتىساد ۋە بىلىم باشقىلار بىلەن ئالماشتۇرۇلۇش ئارقىلىقلا قىممىتى مەۋجۇت بولىدۇ. ئالاقە سەنئىتىنى ۋە پسىخىكىسىنى ئىگىلىگەن كىشى بىلەن باشقا كىشىنى سېلىشتۇرساق ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىقى بولىدۇ. ئالاقىگە ماھىر بولغانلار تېخىمۇ كۈچىيىدۇ، كۈچىنى نامايان قىلالايدۇ، بۇ جەھەتتە بىلىمى بولمىغانلار ياكى سەل قارىغانلار ئۆزىنى قورشاپ تۇرغان جەمئىيەت ئىچىدە ياخشى باغلىنىش ھاسىل قىلالماي كۆپ كۈچ سەرپ قىلىدۇ ۋە زىيان تارتىدۇ. دېمەك، بىر ئادەم غايىۋى جەھەتتىن ئالاقىگە ماھىر، كۆپ تىل بىلگەن بولسا يولى كەڭرى پۇرستى كۆپ بولۇپ، ئاز كۈچ سەرپ قىلىپ كۆپ ئۈنۈمگە ئېرىشىدۇ.

يىغىنچاقلىغاندا، بىر ئادەم ئىقتىسادقا قۇل بولۇپ باغلىنىپ قالمىغاندا، ئىلىم ساھىبى بولۇپ ئەقلى ۋە ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندە ۋە ئۆزىنىڭ سىرتىدىكى دۇنيا بىلەن ياخشى باغلىنىش ھاسىل قىلالىغاندا ئۇنى غايىۋى جەھەتتىن يېتىشكەن كۈچلۈك بىر ئادەم دېيىشكە بولىدۇ.

ئەمدى مۇشۇنداق سۈپەتلەرنى ھاسىل قىلغانلارنىڭ سانى شۇ كىشىلەر تەۋە بولغان توپنىڭ كۈچلۈك بولۇشىنى بىۋاستە بەلگىلەپ قويىدۇ. مۇشۇنداق كۈچلۈك

دەپ قارالغان بىر ئەر ۋە بىر ئايال ياخشى باغلىنىش ھاسىل قىلغان مۇقىم بىر ئائىلە بەرپا قىلدى دېسەك، ئۇلاردىن كەسكىن ھالدا ئۇلاردەك ياكى ئۇلاردىنمۇ كۈچلۈك بىر پەرزەنت يېتىشىپ چىقىشى مۇمكىن. جەمئىيەتنىڭ ئەڭ كىچىك بىرلىكى بولغان مۇشۇنداق غايىۋى ئائىلىگە يېقىن ئائىلىلەر قانچە كۆپ بولسا شۇ كىشىلەردىن تەشكىل تاپقان جەمئىيەت شۇنچە ئىلغارلىققا قاراپ يۈزلەنگەن بولىدۇ. بىر مىللەت كىشىلىرى ئىچىدە ئالىي مائارىپ تەربىيىسى ئالغانلارنىڭ شۇ توپ ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى ئۇ مىللەتنىڭ ئىناۋىتى ۋە كۈچى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ. شۇڭا سۆزنىڭ ئاخىرىسى، بىر قەدەمدىن بىر قەدەمدىن بولسىمۇ يۇقىرىقى سۈپەتكە ئىگە ئادەم بولۇشقا تىرىشساق ئۆز قەۋمىمىز ئۈچۈن تىرىشقان بولىمىز بىر ھېسابتا. بۈنىگدىن باشقا ئۆز ـ ئارا قوللاش، ئورتاق بەھرىلىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك، بۇ جەھەتتە بىز خەنلەردىن ئۆگەنسەك بولىدۇ.

**(35)** ھازىر دىيارىمىزدا ھەقىقەتەن پىكىر ئىختىلاپى ئېغىر. ئەگەر بۇ پىكىر ئىختىلاپلىرىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە بىرلىككە كەلتۈرمىسەك كەلگۈسىمىز ھەقىقەتەن ياخشى يەردىن چىقماسلىقى مۇمكىن. مەن ئويلايمەن: ھازىرقى دەۋردە ياشاۋاتقان بىزلەر بىر ئۆتكۈنچى دەۋرگە قەدەم قويدۇق. ھازىر ئۇيغۇرلار مىللەتنىڭ ئومۇمى مەدەنىيەت ساپا قاتارلىق جەھەتلەردە قارا خانىلار دەۋرىدىن كېيىنكى ئەڭ جانلىنىش ھالىتىدە تۇرىۋاتىمىز. جۇڭگودىكى ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشتىن كېيىن زىيالىيلار قوشۇنىمىزمۇ خېلى كۆپەيدى. لېكىن بىز زىيالىيلارنىڭ كۆتۈرىدىغان يۈكىمىزمۇ ئاز ئەمەس (يەنى چۈمۈلىدەك ئۆزىدىن يۈز ھەسسە يۈكنى كۆتۈرىدىغان روھ بولۇشى كېرەك). ئىسلام دىنى بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە ناھايىتى چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن. بىزنىڭ گۈللىنىشىمىز ياكى خارابلىششىمىز ئىسلام دىنى ئېتىقادىمىز بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئىسلام بىزنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك روھى تۈۋرۈكىمىز! ئىسلام دىنىنى بۇ دۇنيادا بىزنى ياخشى كۈنگە، ئۇ دۇنيادا جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان توغرا يول دېسەك، ھازىرقى ئىسلام دۇنياسىدا مۇستاپا كامالىزىم تەرەپدارلىرىنى ئوڭچىلار، تالىبان ـ بازا تەشكىلاتى تەرەپدارلىرىنى سولچىلار دەپ قاراشقا بولىدۇ. دىيارىمىزدا نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان سولچىللىقنىڭ زىيىنى ھامان ئوڭچىللىقتىن كۆپ بولۇپ كەلدى. خوجىلارنىڭ دىيارىمىزدىكى سولچىل ئاشقۇن دىنىي ھۆكۈمرانلىقنىڭ خەلقىمىزگە كەلتۈرگەن زىيىنى بۇنىڭ بىر مىسالى. يەنە كېلىپ

دىنىي سولچىل كۈچلەر دىن ئىقابىغا ئۇرىنىۋالىدىغان بولغاچقا پەرقلەندۇرۇشمۇ قىيىن.

**(36)** تۇماق بۇرادەر، بۇ تەۋسىيەرىڭىزنى ۋە بىلىمخۇمار ئاكىمىزنىڭ ياسىر قازى ھەققىدىكى تەۋسىيىسىنى كۈچلۈك قوللايمەن. ياسىر قازى ئۆز تەبلىغىدە «ئى ئۇيغۇر مۇسۇلمان قېرىنداشلار، سىلەر ئاۋۋال سۇرىيە ـ پەلەستىندىكى قېرىندىشىڭلارنى ئويلىماي، ئۆز ئائىلەڭلاردىكى، ئۆز مەھەللەڭلاردىكى، قەشقەر ـ خوتەندىكى قېرىندىشىڭلارنى ئاۋۋال ئويلاڭلار، شۇلارغا ئاۋۋال ياردەم قىلىڭلار. ئاللاھ سۇبھانە ۋەتەئەلا سىلەردىن ـ نېمىشقا سۇرىيە ـ پەلەستىندىكى ئۇممەتلەرگە ياردەم بەرمىدىڭلار دەپ سوئال سورىمايدۇ، لېكىن نېمىشقا ئۆز يېنىڭلاردىكى قېرىنداشلىرىڭلارغا ياردەم قىلمىدىڭلار ـ دەپ سوئال سورايدۇ» دەپمۇ بىزگە كۆرسەتمە بېرىۋاتىدۇ.
ياسىر قازىنىڭ تەبلىغىنىڭ بۇنچىلىك ئىلمىي، كۈچلۈك بولۇشىدىكى بىر سەۋەب، مېنىڭ ئويلىشىمچە، ئۇ ئاۋۋال پەننىي مەكتەپتە باكالاۋۇرلۇققىچە ئوقۇپ، ئاندىن دىنىي بىلىم يۇرتلىرىدا باكالاۋۇر، ماگىستىرلىققىچە ئوقۇغان ۋە ئاخىرى يالىدا دىن كەسپىدە دوكتورلۇققىچە ئوقۇغان. بىز ئۇيغۇرلاردىكى ئوقۇمۇشلۇق زىيالىيلار توپىدىكى بىر بوشلۇق، دىنىي ساھەدىكىلەر پەندىن ساۋاتسىز، پەننىي ساھەدىكىلەر دىندىن ساۋاتسىز ئەھۋال ئېغىر بولۇۋاتىدۇ. ئالىم مۇھەممەدئىمىن بۇغرادىن بۇيان ھەر **2** ساھەدە تەڭ يېتىشكەن ئالىم بىزدە چىقىپ باقماپتۇ. (شەخسىي كۆز قارىشىم)

ئاخىرىدا سەل بىمەنە ۋە كۈلكىلىك بولسىمۇ كۆڭلۈمدىكىنى دەپ باقاي. ئاۋادا بىلىمخۇمار ئاكىمىز مەدىنە ياكى قاھىرەگە بېرىپ، ئىسلام دىنى بىلىملىرى بويىچە دوكتورلۇقتا ياكى كامىدا ماگىستىرلىققىچە بىلىم ئالسىدى، تېمىدىكى ياسىر قازىدىن نەچچە **10** نى قاتلىغۇدەك ئالىم بولۇپ چىقىشىدا قىلچە شۇبھە يوق ئىدى ۋە ئۇ ۋاقىتتا ھەم پۈتۈن ئۇيغۇرلارنىڭ «ياش غۇنچە گۈلىنىڭ ئېچىلىشى» دىمۇ ھېچ شۇبھە قالمايتتى.

**(37)** سالام بىلىمخۇمار ئاكا، ئەڭ ئاۋۋال ئۇلۇغ ئاللاھدىن ھەممەيلەنگە ئاسايىشلىق تىلەيمەن. گەرچە ئارىلىقىمىز شۇنچىلىك يىراق بولسىمۇ، دىل

يېقىنلىقى، تىلىمىزنىڭ بىر خىل ئاھاڭدا ياڭرىشى سەۋەبلىك ۋۇجۇدىمىزدا مىللەت دەپ سوقۇۋاتقان ساپ يۈرەكلەر بىر يەرگە جەم بولغىنىدىن ئاللاھقا ھەمدۇسانا ئېيتىمەن. مەن «مىسرانىم مۇنبىرى» قۇرۇلغاندىن بۇيان ئىزچىل شۇ مۇنبەردىن ئايرىلماي كېلىۋاتىمەن. بولۇپمۇ، يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيان سىز مۇنبەرلەرگە يوللاۋاتقان تېمىلىرىڭىزنى كۆرۈپ ئۆزۈمنىڭ تەپەككۇرۇمنى ئۇزلۇكسىز يېڭىلاۋاتىمەن.

بارلىق قېرىنداشلىرىمىزنى سۆيۈندۈرگۈدەك خىزمەت قىلىۋېتىپمۇ يەنە شۇ ئالدىراشچىلىقلار ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ مۇنبەرلەرگە تېما يېزىپ كېلىۋاتىسىز. بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سىزگە كۆپ تەشەككۇرلەر بولسۇن.
مىللەت دېگەن بىر ئېغىز سۆز بەلكىم ھەر بىر مىللىي ھېسسىياتقا ئىگە بولغۇچىنىڭ يۈرىكىدىن ئالاھىدە ئۇرغۇپ چىقىدىغاندۇ. مەنمۇ بىر ئۇيغۇر پەرزەنتى بولۇپ تۆرەلگىنىمدىن ئالەمچە پەخىرلىنىمەن.
يېقىندىن بۇيان مۇنبەرلەردىكى مىللەت، سىياسىي، جاھان ئۆزگىرىشلىرىگە ئائىت خەۋەرلەرنى قىزىقىپ كۆرۈپ ئۆزۈمنىڭ ئىدىيىلىرىنى يېڭىلاشقا تىرىشىۋاتىمەن. ئاللاھ خالىسا چوڭ ئىش قىلالمىساممۇ، قۇربىتىمنىڭ يېتىشىچە قېرىنداشلىرىمغا ئازراق بولسىمۇ ئىش قىلىپ بېرەلىسەم ئۆزۈمنى ھەقىقىي ئادەم بولۇپ ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن.
سىزنىڭ ئادەمنىڭ چاقىغان يەرلىرىگە بارىدىغان تېتىملىق يازمىلىرىڭىز ئادەمنى ھەقىقەتەن قايىل قىلىدۇ. ئاللاھ ھەممەيلەنگە ھىدايەت ئاتا قىلغاي.

مەن بىر ئاددىي خەلق ساقچىسى، خىزمەتتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىمدا ئۆيدە تور بولمىغان شارائىت ئاستىدىمۇ تورخانىدا ئولتۇرۇپ بىلىم ئېلىۋاتقىنىمدىن ئىنتايىن پەخىرلىنىمەن. ھەمدە سىزنىڭمۇ بىز بىلىشكە تېگىشلىك، ئۆگىنىش زۆرۈر بولغان نەرسىلەردىن بىزنىمۇ بەھرىلەندۈرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

يۇقىرىدىكى ئىنكاسلار ئەينى ۋاقىتتا تۆۋەندىكى تور بەتلىرىنىڭ بىر قىسمىدىن ساقلىۋېلىنغان:

http://bbs.kuyqi.com/forum.php?mod=viewthread&tid1755=
http://www.akademiye.org/ug/?p=1276
http://bbs.misranim.com/thread-98178-1-1.html

http://ilkan.biz/bbs.html
http://www.izdinix.com/ShowPost.aspx?ThreadID=52533
http://oyghaq.com/?p=843
http://www.yanghin.com/read.php?tid=5320
http://www.ilkan.biz/bbsbest.html
http://bbs.kuyqi.com/forum.php?mod=viewthread&tid1755=
http://www.mirxap.com/unwirsal/2013/0207/article_2616.html
http://bbs.basbas.cn/read.php?tid-63085.html
http://oguz.cc/?p=57

## ئەركىن سىدىقنىڭ قىسقىچە ئوقۇش ۋە خىزمەت تارىخى

- 1958: ئاقسۇدا تۇغۇلغان
- 1971ـ1965: ئاقسۇ شەھەرلىك 4ـ باشلانغۇچتا ئوقۇغان
- 1976ـ1971: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان
- 1978ـ1976: ئونسۇ ناھىيىسىدە «قايتا تەربىيە» ئالغان
- 1983ـ1978: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا باكلاۋۇرلۇقتا ئوقۇغان
- 1984ـ1983: شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان
- 1985ـ1984: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولغان
- 1988ـ1985: ياپونىيەدە ئوقۇپ، تەتقىقات ئېلىپ بارغان
- 1990ـ1988: ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماگىستىرلىقتا ئوقۇغان
- 1995ـ1990: كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى (Davis) تە دوكتورلۇقتا ئوقۇغان
- 1997ـ1995: كالىفورنىيەدىكى «ساندىئا دۆلەت تەجرىبىخانىسى» دا دوكتور ـ ئاشتى بولغان
- 2004ـ1997: كالىفورنىيە كىرىمنىي جىلغىسىدىكى ئۈچ شىركەتتە ئىشلىگەن
- 2004ـ ھازىرغىچە: كالىفورنىيە لوس ئانژېلىس رايونىدىكى NASA مەركىزى JPL دە ئىشلەۋاتىدۇ

Araf

ERKİN SİDİQ YAZILARI 5. KİTAP
GALİPLER´IN KAREKTERİ VE ÖĞÜTLERİ

**ERKİN SİDİQ (AMERİKA)**
erkinsidiq@gmail.com

**Editör:** Abdulaziz BESTOĞRAK
**Kapak & Mizanpaj:** Efvan & Pidakar
**İrtibat:** Tedbir Ltd. www.tedbirltd.com

**Baskı ve Mücellit:**
HAN BASIM YAYIN MATBAACILIK
SAN. ve TİC. A.Ş.

**ISBN:** 978-605-9078-78-8

Yayıncı Sertifika No: 12628

AĞAÇ KİTABEVİ YAY. İNŞ. TAAH.
GIDA VE MEDİKAL ARAÇLAR. SAN. TİC. LTD. ŞTİ
Fevzi Paşa Cad. Şehit Kubilay Sk. No: 6 Fatih/İstanbul

"Araf Yayınları" bir Ağaç Kitabevi" markasıdır
Kaynak gösterilerek alıntı yapılabilir
İzinsiz çoğaltılamaz, basılamaz.



مەن بۇ كىتابنى مىللەتنىڭ غېمىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ياخشىلاش يولىدا پاك يۈرەك بىلەن توختاۋسىز، ئۈن - تىنسىز ۋە ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ ئىزچىللىق كۆرسىتىۋاتقان بارلىق قېرىنداشلارغا بېغىشلايمەن.

——— ئەركىن سىدىق

ئامېرىكا كالىفورنىيە شىتاتى لوس ئانژېلىس شەھىرى

www.tedbirltd.com

ISBN 978-605-9078-78-8

9 786059 078788 >